ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

II



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

II

(II ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە)


مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇسالام توختى

تەھرىرى: قاسىم ئارشۇۋ



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

—— 1993 ——

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

## تۈزۈش - يېزىش كوللېكتىپىنىڭ ئەزالىرى

شېرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن (پروفېسسور)، ئابلەت ئۆمەر (پروفېسسور)، مۇھەممەد ئىمىن خۇدابەردى، ھاكىم جاپپار، ئابدۇرېشىت ئىسلامى، ئەھمەد زىيائى، ئىمىن تۇرسۇن، (ئالىي باش مۇھەررىر) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (تەتقىقاتچى)، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئىمىنوپ ھاشىم ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)، ئابدۇسالام توختى (ئالىي باش مۇھەررىر)، نۇرمۇھەممەد زامان (دوتسېنت)، ھېمىت مەخسۇت (دوتسېنت)، قاسىم ئارشوۋ (لېكتور)، ئابدۇرېھىم سابىت، ئىبراھىم سوپى، ئابلىمىت ئەھەد (دوتسېنت)، تۇنىياز ئابد، غەيرەتجان ئوسمان (دوتسېنت)، مۇھەممەدتۇرسۇن سادىق، تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت، ئابدۇقادىر تۇردى (لېكتور)، غاپپار روزى (لېكتور)، ئەشرەپ ئابدۇللا، مۇھەممەد تۇردى مىرزائەھمەد.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى تۈزۈش-يېزىش كوللېكتىپى

## كىرىش سۆز

بۇ كىتاب شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى تۈزۈش-يېزىش كوللېكتىپى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تۆت توملۇق كىتابنىڭ II تومى بولۇپ، بۇنىڭدا XI ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سۆزلىنىدۇ. كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىرىنچى قىسمى «موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئىككىنچى قىسمى «تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئۈچىنچى قىسمى «سەئىدىلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت.

بۇ تومنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ II، VI، VII، VIII، IX، XI بابلىرىنى ۋە ئۈچىنچى قىسمىنىڭ I، VII بابلىرىنى شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان، تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت ياردەملەشكەن. ئىككىنچى قىسمىنىڭ 2-§ ۋە II، IV، V، X بابلىرىنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان. ئىككىنچى قىسمىنىڭ I-بابىدىن 1-§ نى قاسىم ئارشۇۋ يازغان. بىرىنچى قىسمىنى غەيرەتجان ئوسمان يازغان، ئۈچىنچى قىسمىنىڭ I، II، IV، V، VI، VIII بابلىرىنى مۇھەممەتتۇرسۇن سادىق يازغان.

بىر قىسىم شېئىرلارنى نەشرگە تەييارلاشتا يولداش ئابلىمىت ئەھەت ياردەمدە بولدى.

شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى تۈزۈش-يېزىش كوللېكتىپى

1988-يىل، ئاپرېل. ئۈرۈمچى.

## مۇندەرىجە

### كىرىش سۆز

# بىرىنچى قىسىم

## موڭغۇل– يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر


ئەدەبىياتى.................................3

I باب. ئومۇمىي بايان.........................3

§-1. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى... 3

§-2. ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل–يۈەن سۇلالىسىگە قوشقان

تارىخىي تۆھپىسى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە... 4

§-3. موڭغۇل – يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى.........................12

II باب. تارىخىي قىسسە «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ

بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى.....................17

§-1. قىسقىچە چۈشەنچە..........................17

§-2. «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ بېشىدىن

كەچۈرگەنلىرى» دىن ئۆرنەك..................20

§-3. ئۇلۇغ ئىزگۇ.............................21

III باب. «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى»29

§-1. قىسقىچە چۈشەنچە..........................29

§-2. «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ

تېشى» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى...........31

§-3. «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ

تېشى»دىن ئۆرنەكلەر.........................33

IV باب. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ...... 37
1-§. قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 37
2-§. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى ........................ 39
3-§. سەۋىنچ قىيا ........................ 44
4-§. سەيدۇللا ........................ 59
5-§. شۈئاڭغۇ ........................ 78
6-§. مازۇچاڭ ........................ 81
7-§. نەي شەن ........................ 85
8-§. گاۋكېگوڭ ........................ 95
9-§. شيې يۈيلى ........................ 96

## ئىككىنچى قىسىم

تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى... 101
I باب. ئومۇمىي بايان ........................ 103
1-§. چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 103
2-§. چاغاتاي تىلى يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر قانچە نامايەندىلىرى ........................ 129
II باب. خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى ۋە چاغاتاي دۇنياۋى ئەدەبىياتى ........................ 136
1-§. سوفىزملىق پىكىر ئېقىمى ۋە خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى ........................ 136

2-§. نەقشۇەندى سوفىزمنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى.. 145
3-§. نەقشۇەندىچىلىكنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا
تەسىرى ........................................149

III باب. رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل رابغۇزى» ........ 154
1-§. رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل رابغۇزى» توغرىسىدا 154
2-§. «قىسسەسۇل رابغۇزى» نىڭ مەزمۇنى ......... 159
3-§. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ......... 174

IV باب. خارەزمى ۋە «مۇھەببەتنامە» ................ 187
1-§. «نامە» ژانىرى ۋە «مۇھەببەتنامە»نىڭ
مەيدانغا كېلىشى ................................ 187
2-§. «مۇھەببەتنامە»نىڭ نۇسخىلىرى ۋە تۈزۈلمىسى 192
3-§. «مۇھەببەتنامە»نىڭ مەنىۋى مەزمۇنلىرى ....... 189
4-§. «مۇھەببەتنامە»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى... 194
5-§. «مۇھەببەتنامە» نىڭ ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى تەسىرى ........................................ 199

V باب. ئابدۇرەھىم ھاپىز ۋە «دىۋانە ھاپىز تۈركى» ... 202
1-§. «دىۋان ھاپىز تۈركى» نىڭ تېپىلىشى... 202
2-§. ئابدۇرەھىم ھاپىز ھاياتىنىڭ دېتاللىرى ... 204
3-§. تۈركىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ نادىر يادىكارلىقى... 207

VI باب. ئاتايى ........................................ 210
1-§. ئاتايىنىڭ ھاياتى............................ 210
2-§. ئاتايىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى.................. 212

VII باب. مەۋلانە سەككاكى ............................ 243
1-§. مەۋلانە سەككاكىنىڭ ھايات پائالىيىتى ...... 243

2-§. مەۋلانە سەككاكىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى......249
3-§. مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي
ئالاھىدىلىكى......258

VIII باب. مەۋلانە لۇتفى......265
1-§. لۇتفىنىڭ ھاياتى......265
2-§. لۇتفىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى......68
3-§. «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى توغرىسىدا......289

IX باب. تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر
يازغان بىر قىسىم شائىرلار......335
1-§. ئەھمەد ھاجىبەگ......335
2-§. سۇلتان مالىك قەشقەرى......337
3-§. سەئىددىن قەشقەرى......338
4-§. شاھ قۇلى ئۇيغۇر......338

X باب. يۈسۈپ ئەمىرى، ئەھمەدى ۋە يەقىنىلەرنىڭ
بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى......341
1-§. يۈسۈپ ئەمىرى، ئەھمەدى ۋە يەقىنىلەرنىڭ
ياشىغان دەۋرى ھەم ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى......341
2-§. يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى......343
3-§. ئەھمەدىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى......345
4-§. يەقىنىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى......346

XI باب. ئەلىشىر نەۋائى......348
1-§. نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى......348
2-§. نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز زامانى-
سىدىكى تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن بولغان مۇ-

ناسىۋىتى .......... 365
3-§. نەۋائىنىڭ لىرىكىلىرى توغرىسىدا .......... 384
4-§. نەۋائىنىڭ داستانلىرى توغرىسىدا .......... 397
5-§. نەۋائىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى 487
6-§. نەۋائىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى .......... 511

## ئۈچىنچى قىسىم

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 519
I باب. ئومۇمىي بايان .......... 521
1-§. موغۇل دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى .......... 521
2-§. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا .......... 531

II باب. سەئىدخان .......... 536

III باب. ئابدۇرەشىدخان .......... 544
1-§. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاياتى .......... 544
2-§. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى .......... 548
3-§. ئابدۇرەشىدخان شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى .......... 552

IV باب. قىدىرخان يەركەندى .......... 559
1-§. شائىرنىڭ ھاياتى .......... 559

2-§. يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى...561

V باب. ئامانىساخان ...........................568
1-§. ئامانىساخاننىڭ هاياتى ..................568
2-§. ئامانىساخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى.........574

VI باب. ئايازبەگ قوشچى.........................578
1-§. شائىرنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى... 578
2-§. «جاهاننامە» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى...591
3-§. «جاهاننامە»داستانىنىڭ بەدىئىي ئالاهىدىلىكى593

VII باب مىرزا هەيدەر ...........................596
1-§. مىرزاهەيدەرنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى 596
2-§. «تارىخىي رەشىدى» توغرىسىدا ...............603

VIII باب. مىرزا مەهمۇد چوراس ...................635
1-§. مەهمۇد چوراسنىڭ هاياتى ...................635
2-§. مەهمۇد چوراسنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ...637
3-§. مەهمۇد چوراس شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى...................................642

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار...........................646

# بىرىنچى قىسىم

# موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

# I باب. ئومۇمىي بايان

## §-1. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

موڭغۇللار ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. مىلا-
دى XII ئەسىرلەردە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى، بايقال كۆ-
لىنىڭ جەنۇبى، شەرق تەرەپتە چوڭ ھىنگان (شىنئەنلىڭ)،
غەرب تەرەپتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايوندا نۇر-
غۇن موڭغۇل قەبىلىلىرى جايلاشقانىدى. XI ئەسىرنىڭ ئاخى-
رى XII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا بىرلىككە كېلىش موڭ-
غۇل قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن جىددىي مەسىلە بولۇپ
قالغانىدى.

بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇش جەريانىدا
چىڭگىزخان (1162 — 1227) مۇھىم رول ئوينىغان. 1206 -
يىلى موڭغۇللار چىڭگىزخان تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ،
موڭغۇل دۆلىتى قۇرۇلغان ۋە چىڭگىزخان بۇ دۆلەتكە ئۇلۇغ
خاقان بولغان.

چىڭگىزخان موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇش بىلەنلا قالماستىن،
بەلكى كېيىنچە ئاسىيادىكى كۆپ جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىغا ئالغان ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ جايلارنى تۆت ئوغلى-
غا بۆلۈپ بەرگەن.

چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئوغلى تولۇي (؟ — 1233) غا
ئەسلىدىكى موڭغۇل زېمىنلىرى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. ئۇ-
نىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى ئىستېلا قىلغان

تولۇينىڭ ئەۋلادلىرىدىن قۇبلاي (1260 — 1294) خانلىق تەختىگە چىقىپ، 1271 - يىلى دۆلەت نامىنى «يۈەن» (元) گە ئۆزگەرتكەن ۋە پايتەختنى خان بالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ) غا كۆچۈرۈپ كەلگەن. 1279 - يىلى موڭغۇللار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1127 — 1279) نى يوقاتقان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى يەنە چاۋشيەن ۋە ياپونىيىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋە جەنۇبتا بىرما، ھىندونېزىيە، گاۋاي قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. موڭغۇللار يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن.

## 2 - §. ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار — موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇلۇغ، ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان خەلقلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغاندى.

موڭغۇللار توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما مەلۇمات «تاڭنامە» (唐书) دە يېزىلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار «موغۇل شىرۋېي» (蒙兀室韦) دەپ ئاتالغان. ئۇلار شىرۋېي قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىدىكى ئېرگۇنا دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا خانلىق قۇرغاندا شىرۋېيلار ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىناتتى، ① مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن

① ليۇجزشاۋ: «چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىل، 2 - سان، 50 - بەت).

باشلاپلا ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل مۇناسىۋەت بارلىققا كەلگەن ۋە «ئىككى مىللەت خەلقى دائىم سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرغان، موڭغۇللار ناھايىتى بۇرۇنلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا قىزىققان» ئىدى.①

شىنجاڭ رايونى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈشتىن (1209 - يىلىدىن) بۇرۇنلا غەربىي لياۋ (قىتانلار) ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى (1211 — 1225) دا ئىدى. ئۇيغۇرلار مانا شۇ غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان، ئەمما ئۇلار باج - سېلىق ئېلىش بىلەنلا قانائەتلىنەتتى. نايمان قەبىلىسىمۇ غەربىي لياۋغا قارام ئىدى. غەربىي لياۋ (قىتان)مۇ، نايمانلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتەتتى. ئۇيغۇر زىيالىيسى «قارا ئىگەچ بۇيرۇق غەربىي لياۋ خاقانى ئوغلىنىڭ ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان، موڭغۇل ئىستىبلاسىدىن كېيىن يەنە شاھزادىلەرگە ئۇستاز بولغان، ئۇ موڭغۇلچە سۆزنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان» ② ئىدى.

«نايمان قەبىلىسى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى بىلەن خانگاي تېغى ئوتتۇرىسىدا ياشايتتى. ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ بولۇپمۇ شۇ ۋاقىتتا مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن موڭغۇل يايلىقىدا ھەممىدىن بۇرۇن يېزىق ئىشلەتكەنىدى، ئۇلار ئىشلەتكەن يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى» ③ نايمان خانى بارگاھىدا بىر قىسىم

---

① «موغۇل تارىخى خاتىرىلىرى» (蒙元儿史记)، 45 - جىلد، «تاتاتۇڭا قاتارلىقلار تەزكىرىسى»، خەنزۇچە نەشرى.

② «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى، جۇڭگو تارىخى، يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «中国大白科全书·中国历史·元史» خەنزۇچە نەشرى 110 - بەت.

③ ليۇجېنشاۋ، «چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىل 2 - سان، 9 - بەت.)

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خىزمەت قىلاتتى. مەسىلەن، تايان خان ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭا (塔塔统阿) نى دۆلەت ئۇستازى قىلغان ۋە ئوردىنىڭ چوڭ تامغىسىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئەلنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە تەيىنلىگەن. تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغىمۇ تەكلىپ قىلىنىپ، شاھزادە، بەگزادىلەرنى ئوقۇتقان.

جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىن قارا ئىگەچ بۇيرۇق (哈剌亦哈赤北鲁)، يۇرۇڭ تۆمۈر (岳璘帖木尔) سارىكمىس (撒吉思) سىبان (昔班) موڭگۇس (孟速思) قاتارلىقلارمۇ بەگ-تۆرىلەرنى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قاتناشقانىدى.①

موڭغۇللار چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىدىنلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ماھارىتى، قانۇن-قائىدە (ياساق) لىرىدىنمۇ پايدىلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىن قارا ئىگەچ بۇيرۇق ھەربىي ئىشلاردا دارۇغاچ② لىققا بەلگىلەنگەن. موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر ھەربىي ئالىمى يۇرۇڭ تۆمۈر③، سىياسىئون بورۇل قىيا④ لار مۇھىم رول ئوينىغان. يۇرۇڭ تۆمۈر، سىبان، موڭگۇس ۋە بورۇل قىيالار تېمۇچىن-ئوتچىگىن (1168—1246)، ئۆگدەي (1186—1241)، تولۇي (؟—1233) لارغا خىزمەت قىلغان، ئۇلار بەزىدە بەگزادىلەرنى تەربىيىلەش، بەزىدە باج ئىشلىرى ۋە نوپۇس ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن باشقا، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار خاقان

---

① «غەربىي شىمالنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى» («西北史地») ژۇرنىلى، 1984-يىل، 2-سان، 64-بەت.

② «يۈەن تارىخى»، 124-جىلد، «قارا ئىگەچ بۇيرۇق تەزكىرىسى».

③ «يۈەن تارىخى»، 136-جىلد، «يىلگە تۆمۈر تەزكىرىسى».

④ «يۈەن تارىخى»، 155-جىلد، «بورۇل قىيا تەزكىرىسى».

ۋە شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغان ۋە
ھەربىي، سىياسىي، مالىيە، ئەدلىيە، قاتارلىق ھەرقايسى ساھە-
لەرنىڭ يېزىق - كاتىبات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، بۇلارنىڭ
ئىچىدە بەزىلەر ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلغان؛ بەزى
ئۇيغۇرلار موڭغۇل، خەنزۇ، تىبەت، سانسكرىت تىلىنى پىششىق
بىلىدىغان تەرجىمانلاردىن ئىدى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ خەنلىن
ئاكادېمىيىسى ( 翰林院 ) نى باشقۇراتتى. ئۇلار ئاساسلىقى
خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىك - ئەللامەلىك قاتارلىق
خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇلار «جېنگۇەن
يىللىرى يېزىلغان مۇھىم تەدبىرلەر» (贞观政要)، «ئەلنى
ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» (资治通鉴) قاتارلىق خەنزۇچە
كىتابلارنى موڭغۇلچىغا، بەزى موڭغۇلچە «ياساق» (قانۇن) لار-
نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە ئۇيغۇر راھىپلىرى
سانسكرىت، تىبەت، خەنزۇ تىللىرىدىكى نوم - سۇترالارنى خەن-
زۇچىغا تەرجىمە قىلغان. «لياۋ تارىخى»، «جىن تارىخى»
( 金史 )، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخى قاتارلىقلارنى تۈز-
ۈش، تەھرىرلەش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇرلار قاتناش-
قان».①

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى ئەمەل كۆرسەتكۈچى-
لەر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»
داستانى بىلەن ئوبدان تونۇش ئىدى. يەنى «قۇتادغۇبىلىك»
نى «چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىدىكى مۇئەللىملىرىدىن
قوبۇل قىلغان. چىڭگىزخان «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىد قىلىپ،
«ياساق» (باساق) تۈزدۈرگەن ھەم بۇ «ياساق» تا بىرمۇنچە

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى، يۈەن سۇلالىسى تارىخى»
110 - بەت، 1985
(جۇڭگو بۈيۈك قامۇس نەشرىياتى 1985 - يىل، بېيجىڭ - شاڭخەي)

ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن①.

موڭغۇل شاھزادە - بەگزادىلىرىنى ئوقۇتقان مۇئەللىملەر، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش، خەلقنى تەرتىپكە سېلىشىغا ياردەملەشكەن ئەمەلدارلار يۇەن دەۋرىگە كەلگەندە ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە سىياسىي ساھەسى ۋە مەدەنىيەت ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت ساھەلىرىدە نام چىقارغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى. ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردىن «مۆتىۋەرلەر ۋە بىلىملىكلەر بەك كۆپ ئىدى»②.

موڭغۇللار بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەمەلدار، ئۆلىما - زىيالىيلىرى ئۇ يەرلەردە يەنە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

«ئۇيغۇرلاردىن ئورۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن زور بىر تۈركۈم كىشىلەر گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق يەرلەرگە كۆچۈپ بارغان. نەنياڭ، شياڭياڭ، ۋۇمىڭ قاتارلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى دېھقانچىلىق تۇرغان ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېۋەز، تاۋۇز، بېدە، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ھاراق ئېچىتىش تەجرىبىسى مانا شۇ يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە تارقالغان ھەم بۇ دەۋردە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان③.

ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا مەدەنىيەت - يېزىق جەھەتتىمۇ

---

① ۋ. ۋ. بارتولد: «ئۇيغۇرچە، ھۆججەتلەرنىڭ موڭغۇللارغا تەسىرى»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 1968 - يىلى، موسكۋا، پەن نەشرىياتى، خەنزۇچە («شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 1 - سان، 98 - بەت.

② يۇجى - 虞集 (1272 — 1348): «داۋيۇەن يادنامىلىرى»، («道园学古录»)گە قاراڭ.

③ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى، جۇڭگو تارىخى، يۇەن تارىخى: «ئۇيغۇر مىللىتى»، 111 - بەت. جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 1985.

ناھايىتى زور ياردەم كۆرسەتكەن. مەشھۇر ئۇيغۇر پېداگوكى ۋە يېزىقشۇناس ئالىمى تاتاتۇڭا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى.① بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللارنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى يوق ئىدى. بەزى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان غەربىي ئەلدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قەلەم خىزمىتىگە قويغانىدى. تاتاتۇڭا ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان «ئەقىللىق، سۆزمەن»② ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى موڭغۇل تىلىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا نايمان قەبىلىسى ئۇنى مۇھىم خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان. چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغاندا، تاتاتۇڭا چىڭگىزخانغا تەۋە بولغان ۋە تامغا تۇتقۇچى ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. شۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ چىڭگىزخاننىڭ ئىشەنچىسىگە تېخىمۇ ئېرىشكەن. چىڭگىزخان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ تاتاتۇڭادىن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇلار «ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆگىنىۋالغان.»③

شۇنداق قىلىپ، تاتاتۇڭا موڭغۇل مىللىتى ئۈچۈن تۇنجى تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن.

تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان موڭغۇل يېزىقى كېيىنكىلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. شۇڭا

---

① «تاتاتۇڭا ۋە موڭغۇل يېزىقى» («شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە، 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)

② «يۈەن تارىخى، تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمھالى» (جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 10- جىلد، 3048 - بەت)

③ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1957 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 183 - بەت)

ئۇ موڭغۇللار تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

دېمەك، تاتاتۇڭا موڭغۇللار ئۈچۈن ئەبەدىي ئۆچمەس، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. چىڭگىزخان موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە قانداق ئۇلۇغ ئەرباب بولغان بولسا، تاتاتۇڭا موڭغۇللار ئۈچۈن يېزىق يارىتىپ بېرىپ ئۇلارنى يېزىقتا ئىگە مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە شۇنداق ئۇلۇغ ئەربابتۇر.①

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «XIV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلاردىن دۆلەت ئۇستازى چوس گيىخود زېر (搠思吉斡节儿—chos - gyi - hod - zer) «شىنجا» (心箍) - گراممាتىكا؟) دېگەن بىر كىتابنى يازغان، ئۇنىڭدا موڭغۇل تىلىنىڭ گراممatikىسى بايان قىلىنغان. بۇ گراممatikا ئارقىلىق موڭغۇل ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزىنى توغرىلاش قائىدىسىگە ئاساس سېلىنغان. بۇ موڭغۇل يېزىق تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش ئىدى».②

چوس گىخودزېر يەنە ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن «كونا موڭغۇل يېزىقى» نى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىپ چىققان ۋە ئۇ تارىختا «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان.

---

① غ. ئوسمان: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى تاتاتۇڭا» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1984 - يىل 12 - سان).

② تاڭ شاۋنالىڭ: «يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى تۆرىنى ھەققىدە» («يېڭى جۇڭگو ماقالىلىرىدىن تاللانما» (新华文摘) ژۇرنىلى، 1985 - يىل 12 - سان، 60 - بەت)

چوس گىخودزېر (搠思吉斡节儿) — «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. يۈەن تارىخى» 110 - بەت «ئۇيغۇر» ماددىسىغا قارالسۇن.

بۇ موڭغۇل يېزىقى يېزىقى موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. بولۇپمۇ بۇ خىل يېزىق بىلەن مول مەدەنىيەت مىراسلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

چوس گىخود زېر موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە تىبەت تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ① ئۇ ئۆز كىتابىدا موڭغۇل گرامماتىكىسىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان، كېيىنكىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ كىتابتىن پايدىلانغان. ئەپسۇسكى مەزكۇر كىتاب ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس، ئەمما XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن لابۇجىنبا. دەنجىندىاگىبا (拉布金巴丹金达格巴) نىڭ «موڭغۇل ئېلىپبەسىگە شەرھى (蒙文启蒙译释) ۋە گېشى. بىلىگىندالاي (格西毕力根达赖) نىڭ «موڭغۇل ئېلىپبەسى» (蒙文启蒙) دېگەن ئەسەرلىرىدە چوس گىخودزېرنىڭ ئەسىرىدىكى مەزمۇنلاردىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ②

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى بارچۇق ئارت تېگىن 1211-يىلى چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت③ قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان، نەتىجىدە ئىككى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يېقىنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن تۈركۈم - تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى،

① «چوس گىخودزېر موڭغۇل تىل - ئەدەبىياتشۇناسى» شى خۇخۋاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان تارىخىي شەخسلەر تەزكىرىسى»، 1 - قىسىم، 83 - بەت خەنزۇچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983.

② «ئوكيانۇس» ( 辞海 ) يىغىنچاقلانغان نۇسخە. شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1980 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى 709 - بەت سەي مياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە 7 - قىسىم 353 - بەت.

③ بەيئەت — بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق.

ئاقىللىرى قومانىدان ۋە ئەسكەرلەر چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا قاتنىشىپ خىزمەت قىلغان. موڭغۇل دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى داۋاملىق راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى.

ئاكادېمىك بارتولد «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر موڭغۇللار» دېگەن بابىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھەققىدە توختىلىپ: «مەدەنىي خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن پەقەت مۇسۇلمانلار (ئاساسەن تاجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، ئىمپېرىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ چوڭ رول ئوينىدى، ئۇلارنىڭ خانلار ئالدىدا ئىناۋىتى بار ئىدى (باشقا تائىپىلەردىن بولغانلار ئاز ئۇچرايدۇ)» دەپ يازغان.

## 3 - §. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى

چىڭگىزخان ئاسىيا - ياۋروپادىكى كۆپ يەرلەرنى ئىگىلەپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەرلەرنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىرقانچە چوڭ خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، يۈەن سۇلالىسىنى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي قۇرغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ھازىرقى بېيجىڭ ئىدى. يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز رولىنى تېخىمۇ كۆپ جارى قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سىياسىي ساھەدە، مەدەنىيەت ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، ھەربىي ساھەلەردە نەتىجە قازانغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەشتە ئۇيغۇر سىياسىئونى لىيەن شىشەن (廉希宪) چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن

ئىدى. ئۇ قۇبلاينىڭ ئەڭ ئىھتىياجلىق كىشىلىرىدىن بولۇپ، 1279 - يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان.

ئۇيغۇر گېنېراللىرى ئارىق قايا (阿里海牙) چاغان تۆمۈر (察罕帖木儿)لەرنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئارىق قايا يۈەن قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ قوشۇنلىرىنى يەڭگەن ئۈچ چوڭ گېنېرالىنىڭ بىرى دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان. گېنېرال چاغان تۆمۈر يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتقۇچى ئەڭ ماھىر قوماندان ئىدى.

ئۇيغۇر ھەربىي قوماندانى ۋە دېڭىز قاتناش مۇتەخەسسىسى ئۇقمىش (亦黑迷失) كۆپ ئىشلارنى قىلغانىدى. ئۇقمىش جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلغان دېڭىزچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن تۆت قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلدى ۋە سىرىلانكىغىچە باردى (1284 - يىل). مەملىكىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنىتىشتا ۋە دېڭىز قاتناش تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى. خرىستىئان مۇرىتىدىن بولغان رابان ساۋما (列班扫马) ۋە ماركوسلار (马忽思) ئەڭ بۇرۇن ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. راببان ساۋما ئىلىخانىلار دۆلىتى تەرىپىدىن 1287 - يىلى پۈتۈن ياۋروپاغا باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن; ماركوس بولسا، 1281 - يىلى ئىلىخانىلار دۆلىتىدە خرىستىئان دىنىنىڭ باش كاھىنى بولۇپ سايلىنىپ، بۇ خىزمەتنى 37 يىل ئىشلىگەنىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەھمەد (阿合马) ۋە سانگگى (桑哥)قاتارلىق مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى چىققان. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مالىيە ۋەزىرلىرى بولغانىدى.

بىناكارلىق، يېزا ئىگىلىك، تىبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن بېيجىڭ

شەھەرىنى دەسلەپ لايىھەلەپ، ئۇنىڭ بىنا بولۇشىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسى ئەختەرىدىن (亦黑迭尔丁) ۋە جۇڭگودىكى يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان داڭلىق كىتاب «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» (农桑辑要) نىڭ ئاپتورى — ئۇيغۇر ئاگرونومى لۇمىڭشەن (鲁明善) قاتارلىقلار ئىنتايىن شۆھرەت قازانغانىدى.

تىبابەتچىلىك ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن يوچۇرىچ قىيا (月举连赤海牙)نىزەر (聂兴耳)، چاقاي (赤海牙) قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇيغۇر ئەمچى سادىمىش (萨德弥实) «رۇي جۇ مەھكىمىسىنىڭ رېتسېپلىرى» (瑞竹堂经验方) دىگەن ئەسەرنى يېزىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مېدىتسىنا ئىلمىگە تۆھپە قوشقان، ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناسى قۇسقۇي (忽思慧) جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى ۋە ئوزۇقشۇناسلىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەر — «تائام تەييارلاش دەستۇرى» (饮膳正要)نىڭ ئاپتورى ئىدى.

بېيەنلۇ — (边鲁) - ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى، بويان بۇقاتېگىن (伯颜不花的斤)، ليەن شىگۇڭ (廉希贡)، لۇلۇ (闾闾) شى سەن (喜山)، ۋېن يىنا شىل (隐也那失理) قاتارلىقلار بولسا كۆزگە كۆرۈنەرلىك خەتتاتلاردىن ئىدى. كۆچالىق چىڭ شىمىڭ (盛熙明) بولسا «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە»، «رەسساملىق ھەققىدە تەتقىقات»، «ئالتۇن خەتلىك بۇددا كىتابى»، «كۆيجاڭ راۋىقى ھەققىدە يېزىلغان كىتابقا يېزىلغان رەددىيە»، «كلاسسىك قامۇسنامە» ناملىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى ئىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئەنزاڭ (安藏)، «شاڭنامە» (尚书)، «جېنگۈەن يىللىرى يېزىلغان مۇھىم تەدبىرلەر» (贞观政要)، «ئۆرنەك» (申鉴)، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «كۆلپەتنامە» (难经)، «گىيانامە» (本草) قاتارلىق كىتابلارنىڭ

تەرجىمانى ئىدى. بىلاناشىل (必兰纳识里)، كاروناداس قاتارلىق ئۇيغۇر تەرجىمانلىرى يۈەن ئوردىسىغا سىرتتىن، چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ۋە تەرجىمانلىق ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

يۈەن دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭ ئىشلار قىلىنغان ئىدى. ئۇيغۇر تارىخچىسى ليەن خۇيشەن قىيا (廉惠山海牙) لياۋ، سۇڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە قاتناشقان، شۇنداقلا «لياۋ تارىخى» نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى بىرىنچى ئەمەلدار بولغانىدى. ئۇ يەنە «يىگىرۇك خاتىرىلىرى»، «شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان. خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ ( 翰林院 ) نىڭ مىرزا بېگى ئارون تۆمۈرنىڭ ئوغلى سارابان ( 沙剌班 ) يۈەن شۇندى - توقۇن تۆمۈر (1333 — 1370) نىڭ خان ئۇستازى بولغان. ئۇ «جىن تارىخى» نى تۈزۈپ، تەھرىرلەش ئىشىغا بىرىنچى ئەمەلدار بولۇپ قاتناشقان ئۇيغۇر تارىخچىسى ئىدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يۆجو ( 岳柱 )، چولپان سارىق (金普俺撒里) قاتارلىقلار «سۇڭ تارىخى» نى تۈزۈشكە، قارلۇق تارىخچىسى بويان «جىن تارىخى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان بولسا، قۇتلۇق دۇرمىش (忽都鲁都儿迷失) ۋە ئارۇن تۆمۈر قاتارلىقلار موڭغۇل ئوردىسىنىڭ خاتىرىسى «توبۇچىيان» (《脱卜赤颜儿》) نى تۈزۈش، تەھرىرلەش ئىشىغا قاتناشقان ئاساسلىق كىشىلەردىن ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى ئارغۇن سارىق (阿鲁深萨里) پۈتۈن يۈەن دەۋرىدىكى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە ئاجايىپ تۆھپە قوشقان كىشى ئىدى. ئۇ نوم - دەستۇرلەر، تارىخشۇناسلىق، ھۆنكىر - مۇنكىر ئىلمى (جىنس ئىلمى - 阴阳)، مۇنەججىم

لىك، سېھرىگەرلىك ۋە يەتتەنامەشۇناسلىق، دورىگەرلىك ۋە كۆتۈنۈش ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنى پىششىق ئىگىلىگەنىدى. ئارغۇن سارىق «دانىشمەنلەر يۇرتى» ( 集贤院 )، «دانىشمەنلەر سارىيى» (集贤馆)، «خانلىق مەدرىسىسى» (国子学) قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىش ھەققىدە تەشەببۇس چىقارغان پېداگوك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقىدەك ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنىپ، يۈەن دەۋرىدىكى پەن-مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەلگەن.

دېمەك، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 30 ئالىم بار ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن 28 مىللىي ئەدىبتىن 15 ئەدىب غەربىي ئەل — شىنجاڭلىق ئىدى. ئۇلاردىن سەۋىنچ قىيا (گۈەن يۈنشى)، سەيدۇللا، شۆئاڭفۇ، مازۇچاڭ، نەيشەن، گاۋكىگۇڭ، شىپ يۈلى قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىقلىرىدۇر.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ ( 辛文房 ) غەربىي ئەللىك ئىدى. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» (« 唐才子传 ») ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان، ۋەھالەنكى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» ۋە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» دا بولسا، 100 لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تۆھپىسى تارىختىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

# II باب. تارىخىي قىسسە ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى

## 1 - § قىسقىچە چۈشەنچە

«ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» (تۆۋەندە «قىسسە» دېيىلىدۇ) ناملىق بۇ تارىخىي قىسسىدىن پارچە چاررۇسىيە تاتارىستان ئۆلكىسىنىڭ قازان شەھىرىدە تاتار تىلىدا نەشر قىلىنغان ئىككى ھەپتىلىك ژۇرنال «شۇرا»[1] نىڭ 1910 - يىلى 11 - سانىغا «ئاي» تەخەللۇسلۇق بىر تاتار يازغۇچىسى تەرىپىدىن فرانسۇز تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان.[2]

---

① شۇرا — كېڭەش، مەسلىھەت.

② بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ: ئابلىمىت روزى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارىخىي قىسسە «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ۋە فرانسۇز تىلىدىكى رومان «كۆك موڭغۇلداكۆك بايراق»»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» «ئىجتىمائىي پەن قىسمى» 1983 - يىلى، 1 - سان ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»» (1980 — 1985) 169 - بەتلەر. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن - تەتقىقات باشقارمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 1985 - يىل)

ئەپسۇسكى، زور ھەجىملىك (863 بەت) مۇنداق چوڭ بىر ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمى بىلەن 1 - بابىلا تەرجىمە قىلىنىپ، ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «داۋامى بار» دېيىلىپ توختاپ قالغان.

1911 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ ژۇرنالنىڭ كەڭ مۇشتىرىلىرى تەھرىر بۆلۈمىگە ئارقا - ئارقىدىن خەت يېزىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ نېمە ئۈچۈن داۋاملىق ئېلان قىلىنماي توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى سورىغان ۋە ئاخىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى شۇ يىل ئاپرېل سانلىرىنىڭ بىرىدىكى «مۇشتىرىلار دىققىتىگە؟» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا: «خەتلىرىڭىزلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ‹ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى› ناملىق ئەسەرنىڭ تەرجىمە، ئاپتورى ئۇنىڭ داۋامىنى بىزگە ئەۋەتمەي، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە چىقىدىغان ‹تاخشام› ناملىق كۈنلۈك گېزىتكە ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇ گېزىتتە داۋاملاشماقتا. شۇ گېزىتنى ئوقۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يولداش ئابلىمىت روزى بۇ ئەسەر ھەققىدىكى ئۇچۇر ۋە ئالدىنقى بابنى 1946 - يىلى كۈز پەسلىدە قەشقەردە ئۇچراتقان (ھازىر بۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئاشۇ پارچىسى ساقلانماقتا). ئۇنىڭ كېيىنچە زادى قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق.

«قىسسە» نىڭ تاتار تەرجىمانى (ئاي تەخەللۇسلۇق) بۇ ئەسەر ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى سۆز بېشى سۈپىتىدە يازغان:

«بىرقانچە يىل بۇرۇن يېزىشقا باشلىغان بولساممۇ، ھېلىغىچە پۈتتۈرەلمەيۋاتقان بىر كىتابىم بار ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشى كۆرۈپ چىقىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە

كىتابلارنى ئۇچرىتالمايۋاتقانلىقىمدىن بولغانىدى. شۇڭا چوڭراق بىر شەھەردە تۇرۇشقا توغرا كەلسە، شۇ شەھەرنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ ھېلىقى كىتابلارنى ئىزدەرمەن، دەپ ئويلايتتىم.

تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ يىل قىش 3-، 4-ئاينى بېرلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، پروسىيە پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىغا خېلى ۋاقىتقىچە قاتناپ تۇردۇم. كۈنلەردىن بىر كۈنى كۇتۇپخانا شەرق بۆلۈمىنىڭ كىتابلار مۇندەرىجىسىنى ئاختۇرۇۋاتقىنىمدا [«ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» — ئەسلى ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، ئاخىرىدا فرانسۇزچە تەرجىمىسى بار، پارىژ، پادىشاھلىق مەتبەئەسى، 1783-يىلى، چوڭ قول، 863-بەت،] دەپ يېزىلغان بىر كىتابنىڭ تىزىمدىكى ئىسمىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالمىساممۇ، بەلكىم، فرانسۇزچىدىن بىرەر مەنە چىقىرىۋالغىلى بولار دېگەن ئۈمىدتە كىتابنى سورىدىم. كىتابنى ئالغاندىن كېيىن فرانسۇزچە قىسمىنى ئىككى ھەپتىدە ئوقۇپ چىقتىم. جانبەگ ناملىق بىر كىشى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، شۇ زاماندىكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىدىكەن. مەن بۇ كىتابنىڭ راستىنلا جانبەگ تەرىپىدىن يېزىلغىنىغا ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمىدىم. چۈنكى تەرجىمىنىڭ ئۇسلۇبى، ھېكايىچىلىقى 7 - 8 يۈز يىللار بۇرۇن يېزىلغان كىتابلارغا ئانچە ئوخشىمايتتى. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمى باشتىن-ئاياغ تۇتاش يېزىلغان بولۇپ، باب ۋە ماۋزۇلارغا بۆلۈنگەنلىكى بىلىنمەيتتى. ئەمما فرانسۇزچە قىسمى خۇددى يېڭى زامان كىتابلىرىغا ئوخشاش بابلارغا بۆلۈنۈپ، ھەر بابىغا بىرەر ماۋزۇ

قويۇلغانىدى. ئەگەر ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغان كىشى
تاپقان بولسام، ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇتۇپ كۆرمەكچى ئىدىم،
ئەپسۇسكى، تاپالمىدىم، بۇ كىتاب راست جانىبەگ تەرىپىدىن
يېزىلغان. گەرچە ئۇنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسىگە بىرقەدەر
بەدىئىي رەڭ كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنى تاتار كىتابخانىلىرى-
نىڭ ئوقۇپ كۆرۈشىنى پايدىلىقتەك ھېس قىلدىم. شۇڭا كىتاب-
نىڭ فرانسۇزچە قىسمىنى تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلماقچى بول-
دۇم. بىلمەيمەن، كىتابخانلار مېنىڭ مۇشۇ پىكرىمگە قوشۇلام-
دۇ - يوق.

جانىبەگ ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئەسىرىدىلا ئاز - تولا مەلۇمات
ساقلانغان. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئىسمى جانى. ئاتى-
سىنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇلۇسى (مىللىتى)
بايان ئاۋۇل ئورۇقىدىن كېلىپ چىققان.

ھىجرىيە 591 - يىلى (يولۋاس يىلىدا) خەيرلىك سەپەر
ئېيىنىڭ 5 - چارشەنبە كۈنى (مىلادى 1195 - يىل، 1 - ئاينىڭ
15 - كۈنى) 15 يېشىدا چىڭگىزخانغا ئەسكەر بولغان (قالغان
ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن كۆرىمىز).

## 2 - § «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈر-گەنلىرى» دىن ئۆرنەك

### ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

ھەمدۇ ۋە سەنا ئۇل تەڭرى تەئەلاغا بولسۇنكىم، ئۇنىڭ
ئەۋۋەلى - ئاخىرى ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر «كۈن!» بۇيرۇقى
بىلەن يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات زېمىننى ۋە 18

مېنىڭ ئالەمنى يارىتىپتۇ.

سالاۋات ۋە سالام ئول تەڭرىنىڭ سۆيۈملۈك ئەلچىسى مۇھەممەت مۇستەپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا بولسۇنكىم، ئۇ بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئاخىرقىسىدۇر. جىمىكى ئادەم ۋە ئىنسۇ - جىنلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر.

بەندىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى كەمىنە ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ دەيدۇركىم، دۇنيانى ئىستىلا قىلغان مەڭگۈلۈك سۈتۈ بۇغرا دايىمىغ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى ھېچبىر كىشى يازماپتۇ. مەن ئاجىز كەمىنە كۆپ يىللار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلى ئىبىزگوخان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ جەڭ قىلغانلىقىمدىن، بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى يازماقچى بولدۇم. تاكى ئۆز خەلقىمىز بۇلارنى ئوقۇپ، دۇنيانى ئېلىش ئۈچۈن قانداق تىرىشىپ، قانچە جاپالارنى چېكىپ، قانچە نۇرغۇن جەڭ قىلغانلىقىمىزنى ئۆگەنسۇن. بىز كۆرگەن يات ئەللەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ بىلسۇن، ئاللا ئۇنىڭغا ئىرىشتۇرسۇن.

## 3 - §. ئۇلۇغ ئىزگۈ

ئاللانىڭ ئىنايىتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ روھانىيىتى، چارىيالارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن 591 - ھىجرىيە يولۋاس يىلى خەيرلىك سەپەر ئېيىنىڭ 5 - كۈنى (چارشەنبە كۈنى) 15 يېشىمدا بارچە موڭغۇللارنىڭ قاغانى چىڭگىزخانغا ئەسكەر بولدۇم، مەن ئالمۇتا شەھىرىگە يېقىن ئىسسىقكۆل بويىدا تۇغۇلغانىدىم. ئۇرۇقداشلىرىم كۆچۈپ يۈرسىمۇ ئاتام مېنى بىر مولىلغا بېرىپ ئوقۇتقانىدى. ئۇن ياشقا كىرگىنىمدە ئۇرۇق-

مىزدىكى باللارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مەنمۇ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنگىنىمدەك ئەرەب يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تۈركچە، ئوقۇش ھەم يېزىشنىمۇ ئاز-تولا ئۆگەنگەنىدىم.

15 يېشىمغا كەلگىنىمدە، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرى ئاتامنىڭ دائىم مىنىدىغان بوز ئېتى يوقىلىپ كەتتى، بۇ بەكمۇ ياخشى ئات ئىدى. ئاتام يىلقىچىلارغا ئاتنى ئىزدەپ تېپىشنى بۇيرۇدى. قىش كۈنلىرى ئىدى. ئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغلار ئارىسىدا، مۇز بىلەن قاپلانغان كۆللەر ئۈستىدە، قويۇق ئورمانلار ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ، توشقان قوغلاپ يۈرۈش ماڭا ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. يىلقىچىلار بىلەن مەنمۇ بىللە باراي دەپ رۇخسەت سورىدىم. ئۇ ناھايىتى كۆپ يېلىندۇرغاندىن كېيىن تەسلىكتە ماقۇل بولدى ۋە بەش ياشلىق قارا تورۇق ئېتىنىمۇ بەردى. ئاتام مېنى باغرىغا بېسىپ، قايتا-قايتا قۇچاقلاپ يىغلىدى ۋە كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يىراق جايلارغا كېتىپ قالماسلىقىمنى جېكىلىدى. ئاتام ۋە ئانام 17 ياشلىق ئاكام، 13 ياشلىق سىڭلىم بىلەن يىغلىشىپ رازىلىق ئېلىشىپ قىشلاقتىن چىقىپ دالىغا قاراپ يول ئالدىم. ھاۋا تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. ئوق بىلەن توشقان ئېتىپ، قاپقان قويۇپ بۆرىلەرنى تۇتاتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈن ئۆتتى، 3-كۈنى بىر تاغ باغرىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئالدىمىزدا يول چارلاشقا ئەۋەتكەن كىشىمىز ئۇچقاندەك ئات سېلىپ كەلدى-دە، «تەكرىنلەر كېلىۋاتىدۇ!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئىگەردىن يىقىلىپ، تىن تارتماي جان بەردى. تەكرىن كاپىرلىرى بىزنىڭ ئۇلۇسىمىزدىن بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن بايلىقلارنى بۇلاپ-تالاپ ئارقىغا قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن مانا بىزمۇ شۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قاپ-

تىمىز. ئۇلار بىزنىڭ يول چارلاشقا ئەۋەتكەن ئادىمىمىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ھەر تەرەپتىن ئوق ئېتىپ ئۆلگۈدەك يارىدار قىپتۇ، ئۇلار قوغلىغان پېتى ھەر تەرەپتىن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئات سېلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن يىللىقچىلىرىمىزدىن ئەڭ قېرىلىرىدىن بىرى: «ھاي-جانى، — دەپ مېنى يېنىغا چاقىرىپ — سېنىڭ مىنگەن ئېتىڭ ياخشى. چاپسان قاچ! سەن قۇتۇلۇپ كەتكۈچە، ئۇلارنى كاشىلا قىلىپ تۇرىمىز. ئاۋۇ ئېقىن سۈيى بويلاپ، ئالدىڭغا قاراپ توغرا ئات سال، قىشلاقتا بېرىۋالالايسەن» — دېدى.

ھەمراھلىرىمنى تاشلاپ كېتىشكە زادىلا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، ھە، ھېلىقى قېرى يىللىقچى مېنىڭ قاچمايۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئىچى تىتىلداپ دەرھال ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ئۆزى ئېيتقان سۇ بويىغىچە يۈز قەدەمدەك تارتىپ يېتىلەپ باردى-دە، ئېتىمنى قامچىسى بىلەن قاتتىق بىر نەچچىنى ئۇرۇپ، ئۆزى تەكبىر ئېيتقان پېتى ھەمراھلىرىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. شۇ ئارىدا تەكرىنىلەرنىڭ ھەمراھلىرىمنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كەلگەن (چاغدىكى) ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم. ئېتىمنىڭ بېشىنى بۇراپ ياردەمگە بېرىشنى ئويلىسام‌مۇ، بايىقى قامچا زەربىسىدىن قاتتىق ھۈركىگەن ئېتىمنى توختىتىپ كەينىمگە بۇرىيالمىدىم. ئېتىم بىرھازا چاپقاندىن كېيىن قاتتىق تەرلىدى. مەنمۇ ئۇنى ئۆزى توختايدۇ، دەپ تىزگىنىنى قويۇۋەتتىم. قار بىلەن قاپلانغان ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ كەلدىم. ئوڭ تەرىپىمدە قېلىن ئورماننىڭ شاۋۇرلىشىدىن باشقا ھېچبىر ئاۋۇش ئاڭلانمايتتى. ھەممە ئەتراپ جىمجىت، «ئەمدى قۇتۇلدۇمغۇ» دەپ ئويلىدىم. تۇيۇقسىز ئورمان ئىچىدىن 30 دەك تەكرىنى ئۈستۈمگە ئات سېلىپ چىقىشتى. 20 قەدەمچە قالغاندا قالغانلىرى توختاپ

ئاردىن ئىككىسى يېنىمغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئېتىمنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ئۆتۈپ، نەيزىلىرىنى چاماقلاپ يەرگە سانجى-دى. ئېتىمنى قىسىپ توختاتتى. ئاندىن مېنى ئاتتىن چۈشۈ-رۈپ، بېلىگە باغلىۋالغان ئات يايلىسىنى يېشىپ قولۇمنى ئارقامغا باغلىدى. ئۆزلىرى مەن شۇ كۈنلەرگىچە ئاڭلاپ باقمىغان بىر تىلدا سۆزلەشتى. ياخشى تىكىلگەن قولاقچامنى تارتىۋېلىپ يەنە ئېتىمغا مىندۈرۈپ، ئورمان ئىچى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. خېلى-دىن كېيىن بىر تۈزلەڭ يەرگە چىقىشتۇق. نۇرغۇن تەكرىنلەر بۇ يەرگە توپلاشقانىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئارىسىدا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاتلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇيغۇر تىلى بىلەن «بۇ ئاتلارنىڭ ئىگىسى قېنى؟» دەپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەي، يۈزۈمگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈش-تى. كېيىن بۇ يەردىنمۇ قوزغىلىپ، كەچ كىرگىچە ماڭدۇق. كەچ كىرگەندە، ئىككى تاغ ئارىسىغا كېلىپ توختىدۇق. تەكرىنى-لەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قويۇق ئورماندىن قۇرۇق شاخ-ئوتۇن-لارنى يىغىپ كېلىپ گۈلخانلارنى ياقتى، قوي ئۆلتۈرۈپ قازان ئاستى. ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چۇشەۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ گۈلخان ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئارىدىن بىر تىلماچ (تەرجىمان) ئىسمىمنى، قايسى ئەلدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. جاۋاب بەرگىنىمدىن كېيىن باشلىقى مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قازاندىن بىر پارچە گۆش ئېلىپ ماڭا بەردى. بەك ھېرىپ-چارچىغانلىقىمدىن گۆشنى يەپ بولۇپلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، «ۋاھ! بۇ نېمە بولغىنى» دەپ ھەيران قالدىم. تەكرىنلەر ماللىرىنى ئېلىپ يوقىلىپتۇ. مۇنداق ئاتسىز، قورال-ياراقسىز، تونۇش ئە-مەس جايدا يالغۇز قالغىنىمدىن بەكمۇ قورقۇپ، ئوڭ، سولغا قاراپ تېپىرلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. شۇنداق يۈگۈرۈپ يۈرۈپ

ئىراق بىر جايدا تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم - دە، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. بىلسەم، تەكرىنىلەر چۈشكەن جايىنى ئالماشتۇرۇپ مەشەدە قونماقچى بولۇشۇپتۇ. تەرجىمانغا: «مېنى تاشلاپ كېتىشكە رازىكەنسىلەيۇ، نېمىشقا ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەرمەيسىلەر، يۇرتۇمنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، مەن قايتىپ كېتىمەن،— دېدىم. تىلماچ كۈلۈپ كەتتى. «هەي بالا، بىز بىرتال قىلىنىمۇ تاشلىۋەتمەيمىز، قولىمىزغا چۈشكەن يىڭنىنىمۇ، قوزى - پاخلاننىمۇ، كىچىك بالىنىمۇ تاشلىۋەتمەيمىز، سېنىڭ بىزنى ئىزدەپ تاپالايدىغانلىقىڭنى بىلىپ تاشلاپ كەتتۇق» دېدى. ئۇ كېيىنى تۈگىتىپ، مېنى بىرمۇنچە كىگىزلەر تاشلاقلىق تۇرغان يەرگە ئېلىپ بېرىپ: «ماۋۇ كىگىزلەردىن بىرنى ئالغىن، ئىككى قاتلاپ يېرىمىنى ئاستىڭغا، يېرىمىنى ئۈستۈڭگە يېپىنچە قىلارسەن» — دېدى. كىگىزدىن بىرنى ئالغىنىمدىن كېيىن، مېنى باشلاپ ئىگەر - جابدۇق يېنىغا بېرىپ: «ماۋۇ ئىگەرمۇ سېنىڭكى» دېدى. لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئېتىنى، ئىگەرلىرىمنى بەرمىدى. ئۇ تېخى چاپىنىمنىڭ كۈمۈش تۈگمىلىرىنىمۇ ئۈزۈۋالدى.

بىر ئاي يول مېڭىپ ئېرتىش بويىدىكى ئەللەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ خەلقلىرى قىشلاقتا تۇرىدىكەن. بۇ يەرگە كېلىپلا مېنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ كېڭەش — مەسلىھەت ئۈستىدە مەنمۇ بولدۇم. بىر ئايدەك بىللە بولغىنىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاز - تولا چۈشىنىپ قالغانىدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلى تۈركچىگە خېلى ئوخشاپ كېتىدىغانلىقتىن، ماڭا ئۇنى ئۆگىنىش ئانچە قىيىن بولمىدى. كېڭەش ئۈستىدە بىر قېرى بوۋاي «كۆكچە»، سۇتۇتۈرك تىلىنى بىلىدىغان، يېزىقىنىمۇ ئوقۇيالايدىغان ياخشىراق بىر ئادەم تېپىپ كېلىڭلار، دەپ تاپشۇرغانىدى. بۇ بالىنى كۆكچە سۇتۇ تەكرىنگە ئېلىپ بارايلى، — دېدى. يېنىمدا ئولتۇرغان-

لارنىڭ ھەممىسى بۇ بوۋاينىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇ كې-
چىسىلا سەككىز ئاتلىق ئادەمگە قوشۇپ مېنى كۆكچىگە ئەۋەتتى.
يېرىم ئايدەك قورقۇنچلۇق تاغلار، قېلىن ئورمانلار، ئادەمسىز
داللارنى كېزىپ، ئاخىرى قىش - سوغۇق كۈنلەردە چوڭ - چوڭ
تاشلار ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، چوڭ - چوڭ قارىغايلار ئۆسكەن بىر
تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ تاغ ئىچىدىن «ئۆك» ناملىق
بىر ئېقىن سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. تاغ باغرىغا يېقىنلاشقان
تەكرىنلەر خۇددى بىز مۇسۇلمانلار ناماز ۋاقتىدا باش قويۇپ
سەجدە قىلغىنىمىزغا ئوخشاش بېشىنى يەرگە تەككۈزۈپ سەجدە
قىلىشقا باشلىدى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتلىرىنى باغ-
لاپ قويۇپ، مېنى ئارىغا ئېلىپ جىمجىت، ئۈنسىز، قانداقتۇر
بىر ئۇلۇغ بەخت ئاتا قىلغۇچىنى ئىزدەۋاتقان، ئاجايىپ ئۇلۇغ-
لاۋاتقاندەك تاغقا يامىشىشقا باشلىدى. تاغ بېشىغا چىققۇچە
يول ئۈستىدە بىر تۆشۈك غارنىڭ ئاغزى كۆرۈندى. مېنى ئې-
لىپ چىقىۋاتقان تەكرىنلەر دەرھال يەنە سەجدە قىلىشقا باشلى-
دى. توققۇز قېتىم سەجدە قىلغاندىن كېيىن ئارىسىدىن قېرى-
راق بىرسى بوش ئاۋاز بىلەن «مانا بۇ — ئۇلۇغ ئىزگۈنىڭ ئۆ-
يى، كىم بىلسۇن، ئۇ نەدىدۇ؟ بەلكى ئاق ئاتقا مىنىپ، تەڭرى
بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەندۇ؟ يا بول-
مىسا، سوغۇق قار ئۈستىدە ئۇچلۇق تاشلارغا يالىڭاياق دەس-
سەپ يۈگۈرۈۋاتقاندۇ! يەرۋەردىگار!» دېدى. قېرى تەكرىن
سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، غار ئىچىدىن تۇيۇقسىز بىر
كىشى چىقىپ، ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. بۇ كىشىنىڭ يۈزى
قورقۇنچلۇق، ئۆزى پاكىزە يىگىت ئىدى. ئۇزۇن قارا چاچلىرى-
نى شامال يەلپۈپ ئارقىغا تاشلىغان، قارا كۆزلىرىدىن ھامان
ئوت چاقناپ تۇرغانىدى. ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولسىمۇ ئا-
يىغى، بېشى، قوللىرى، چېككىلىرى يالىڭاچ ئىدى. ئۈستىگە

ڭدىن توقۇلغان كۆڭلەكسىمان بىر نېمە كېيگەنىدى. تەك-
رىنلەر ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق تىترىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن سەجدە
قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن مەنمۇ قورقۇپ ئاللاغا سىغىنىپ،
روسۇلۇللانىڭ نامىنى تىلىمغا كەلتۈرۈپ پەس ئاۋاز بىلەن
تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدىم. تەكبىر قورقۇنچۇمنى يېنىكلەتتى.
بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆكچىنىڭ يۈزىگە قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ
چىرايى ۋە كۆزلىرىمۇ يۇمشاق بولۇپ، مېنى ياقتۇرغاندەك مۇ-
لايىم قاراپ: «بۇ بالا كىم؟ نېمىشقا ئۇنى ماڭا ئېلىپ كەلدىڭ-
لار؟» دەپ سورىدى.

«ھەي ئۇلۇغ ئېزگۈمىز، سەن خەت تونۇيدىغان ھەم يا-
زالايدىغان بىر تۈرك بالىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، دەپ تاپشۇر-
غان ئىكەنسەن. شۇڭا بۇ بالىنى ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدۇق» دەپ
جاۋاب بېرىشتى.

كۆكچە سۈتۈ مېنى يېنىغا چاقىرىپ، قولىنى بېشىمنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ مۇلايىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا «ئىسمىڭ كىم؟
ئاتاڭنىڭ ئىسمىچۇ؟» دەپ سورىدى. «ئىسمىم جانى، ئاتامنىڭ
ئىسمى ئۆگدۈلمىش، ئۇيغۇرلار ئۇلۇسى، بايان ئاۋۇل ئۇرۇقى-
دىنمەن» دېدىم. «قايسى دىندا سەن» دېدى.

«ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن» دېدىم.

كۆكچە سۈتۈ ناھايىتى سۈلەتلىك بىر ئاۋۇش بىلەن
«تەڭرى ھەر يەردە بىر، ھەر يەردە بار، مۇسۇلمان تۈركنىڭ
كۆڭلىدىمۇ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىمۇ، يېشىل بۇسلاردىمۇ،
ياغقان قاردىمۇ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ يۇرتى، جېنى. تەڭرى
سېنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. مەن سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ بولىمەن.
سەن مېنىڭ بالام بولىسەن» — دېدى. ئۇلۇغ ئېزگۈنىڭ
ئالدىدا مەنمۇ پۈكلىنىپ تازىم قىلدىم. ئۇ تەكرىنلەرنىڭ قايتىشىغا
رۇخسەت بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قىبرىراق بىرى تارتىنىپراق:

«ئېزگۇ، بىزگىچۇ؟ بىزگىمۇ ئېيتىدىغان بىرەر مەرھەمىتىڭ يوقمۇ ئۇلۇغ تەقسىر؟ بۇ بىر پاد بالىغا ئىلتىپات قىلدىڭ، ئۆز ئېلىڭدىن بولغان بىز بەندىلەرگىمۇ بىرەر سۆز ئايىتىڭنى ئاتا قىلمامسەن؟ تەقسىرىم» دەپ يېلىندى.

ئۇلۇغ ئېزگۇ تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان تەكرىنىلەرنىڭ بېشى ئۈستىگە قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇدى: «ئەي كۆكتىكى تەڭرى، ئوت-چۆپلەرنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىقىشىغا، گۆشنىڭ سۆڭەك ئۈستىدە بولۇشىغا، چاچنىڭ باش ئۈستىدە بولۇشىغا بۇيرۇغان، بارچە تۆركلەرنى تۆركلىگەن، بارچە تۆزۆكلەرنى تۆزۆكلىگەن ئۇلۇغ تەڭرىم، سەندىن ئۆتۈنىمەن. ساڭا باش ئېگىمەن، ساڭا تەلمۈرىمەن مەرھەمەت قىل ئىلاھىم... تەڭرى ئېلىمگە مال بەرسۇن. تەڭرى يۇرتتا باش بەرسۇن، يۇرتتا بېشىمغا مال — جانىمغا ياردەم قىل، ئالدىڭدا تىز پۈكۈيمەن. ئەي، بارچە تۆركلەرنى تۆركلىگەن. بارچە تۆزۆكلەرنى تۆزۆكلىگەن، ئۇلۇغ تەڭرىم مەرھەمەت قىل ئىلاھىم.» بۇ دۇئادىن كېيىن، تەكرىنىلەر باشلىرىنى سېلىپ، يەرگە قارىغان پېتى ئارقىلىرىغا بۇرۇلۇپ، ئىككىنچى كەينىگە قارىماي تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىشتى.

كۆكچى سۈتۈ بىلەن مەن يالغۇز قالغانىدىم. يۈرىكىمگە قاتتىق قورقۇنچ چۈشتى.

# III باب. قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى

## 1 - §. قىسقىچە چۈشەنچە

«قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ① (تۆۋەندە «مەڭگۈ تاش» دېيىلىدۇ) بىر تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىدىن بارجۇق ئارت تېگىن (Barjuk - art tgein) دىن تارتىپ تايىپىنغۇ (TaYipin) غىچە بولغان بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن. ②

---

① بۇ مەڭگۈ تاش ھەققىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن كۆرۈڭلار:

— قاھار بارات، لىيۇ يىڭشېڭ: «ئىدىقۇت (قوچو) خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1985 - يىل، 1 - سان، 89 - بەتلەر) مەزكۇر ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «جۇڭگو تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، 1984 - يىلى، 5 - ئاي، نومۇرى 4 - سان.

— گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرچە ئىدىقۇت قوچو خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات» («ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» («考吉学报»)، خەنزۇچە، 1983 - يىل، 3 - سان).

② بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇچىسىمۇ يېزىلغان بولۇپ، مۇشۇنىڭدىكى مەلۇماتلارنىمۇ ئاساس قىلىپ ئېلىنغان بارجۇق ئارت تېگىندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى شەجەرىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

«مەڭگۈ تاش» كۆپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ھازىر ئۈستۈنكى يېرىمى يوقالغان. بىراق تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ساقلىنىپ قالغان ئاستىنقى قىسمى تەمىنلەپ بەرگەن نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىمدىكى، بۇ قىسمىنىڭ قىممىتى ئۈستۈنكى قىسمىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ①




① «مەڭگۈ تاش» ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى 173 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 152 سانتىمېتىر. بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. خەنزۇچە تېكىستى يۈەن دەۋرىدىن تارتىپلا ئويۇلغان. «داۋيۈەن يادنامىلىرى» («道园学古录»)، «يۈەن دەۋرىدىكى ئەسەرلەر» («元文类») دە «قوچۇ خانى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» («高昌王世勋之碑»)، «ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (武威县志) دە «高昌王世勋碑» دېيىلگەن، «ئىدىقۇت قوچۇ خانى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» («都护高昌王世勋碑») دېيىلگەن. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ نامى ھازىر يوق بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئەتراپتىكى باشقا مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭمۇ مەزمۇنى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەڭگۈ تاشنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى بىلەن خەنزۇچە تېكىستى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا بىرى ئەسلى تېكىستى، يەنە بىرى قوشۇمچىسى ياكى تەرجىمىسى ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئىككى تېكىست بىر خىل مەزمۇن ئاساسىدا ئۆز ئالدىغا يېزىلغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇسلۇبىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت شېئىردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان. يەنە ئاياغ قاپىيە ماھارىتىمۇ كۆرسىتىلگەن. مىسرالار چېكىت بىلەن، كۇپلېتلار قوشماق تۆت چېكىت بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. دېمەك، بۇ مەڭگۈ تاشنى بىر تارىخىي داستان دەپ ئاتاش مۇمكىن.

مەڭگۈ تاشنى كى كى قۇرسا (Kiki Kursa) ئىچقۇ دېگەن ئادەم يېزىپ چىققان. ①

## § 2. «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

چىڭگىزخان موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى چىڭگىزخانغا ئەڭ دەسلەپ بەيئەت قىلدى (1211- يىلى)، بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىننى 5 - ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىپ②،

① كى كى — توخرى تىلىدىن كەلگەن بىر خىل لەقەم بولۇشى مۇمكىن. «قۇرسا» دېگىنى ئۆز ئىسمى ئېنىق. «ئىچقۇ» بولسا قوچۇ ئوردىسىدىكى مەلۇم ئىچكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنسەپ بولسا كېرەك. بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرىدىن T III M 252 (3 - قېتىملىق پرۇسسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، مۇرتۇق، 252 - ) نومۇرلۇق شېئىر پارچىسىنىڭ ئاپتورىمۇ «كى كى» دېيىلگەن. بىراق، تەتقىقاتچىلار ئەسەرنىڭ تىل ۋە يېزىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئاپتورى بىلەن شائىر كى كى بىر ئادەم ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلمەكتە، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەۋرگە مەنسۇپتۇر.

② سەي مېيياۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 1983 - يىلى نەشرى، 7 - قىسىم، 36 - بەت).

ئۆزىنىڭ قىزى ئەل ئالتۇننى ① ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى موڭغۇللار بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىززەتلىك ئورۇنغا چىققان. قۇبىلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، موڭغۇل دۆلىتى پارچىلىنىشقا باشلاپ، قۇبلاي شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۆگدەي خانلىقى شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار رايونى يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئۇزۇن جەڭلەر نەتىجىسىدە قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ ئائىلىسى تۇرپاندا تۇرالماي گەنسۇ يۇڭچاڭ (مەڭگۇ تاش ئورنىتىلغان يەر) گە كۆچۈپ بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى ھىمايىسىدىكى بىر يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى.

---

① ئەل ئالتۇن چىڭگىزخاننىڭ قىزى بولۇپ، بارچۇق ئارت تېكىنگە ياتلىق قىلىنغان. «مەڭگۇ تاش» نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدە: «چىڭگىزخان ئۇنى (بارچۇق ئارت تېكىننى) مۇكاپاتلاپ، ئەل ئالتۇن ئىسىملىك مەلىكىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەن» دېيىلگەن. «يۈەن تارىخى» دا: «قاغان — چىڭگىزخان (بارچۇقنىڭ) سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، مەلىكە ئەل ئالتۇننى بەرگەن ۋە ئوغۇللىرى قاتارىدا سانىغان» دېيىلگەن. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «چىڭگىزخان ئىدىقۇتقا شەپقەت بىلدۈرۈپ، ئەل ئالتۇننى بەرگەن» (238) دېيىلگەن. «تارىخىي جاھان گۇشاي» دا بۇ مۇبارەك تۆھپىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى بەرمەكچى بولغان. چىڭگىزخان ئۆلگەنلىكتىن قىز ياتلىق قىلىنماي قالغان. قاغان (تەيزۇڭ ئۆگدەي) تەختكە چىقىپ، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئالتۇن بەگىنى بەرگەن، ئوردىغا يېتىپ بارمايلا ئالتۇن بەگ ئۆلگەن. دېمەك، چىڭگىزخاننىڭ ئەل ئالتۇننى بېرىمەن، دېگەن ۋاقتى 1211 - يىللى بولمىغاندىمۇ، ئۇ ئۆلۈشتىن سەل بۇرۇن «تارىخىي جاھان گۇشاي» دا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەل ئالتۇن ئۆلۈپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قاغان (ئۆگدەي) ئالاجىن بەگىنى ئۇنىڭغا (بارچۇققا) بەرگەن. بىراق قىز ئىدىقۇتقا ئەۋەتىپ بېرىلگىچە ئىدىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەن. كېيىن ئوغلى كەسمەس ئوردىغا كېلىپ ئىدىقۇت بولغان ۋە ئالاجىن بېگى بىلەن توي قىلغان.» مەنبەلەردە ئالاجىننىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق.

بۇ چاغدا قوچۇ (تۇرپان)، بەشبالىق (جىمسار) لار چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرگە يەنە باشقا ئىدىقۇت تىكلەپ قويغان. «مەڭگۈ تاش» نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىدىقۇت ئائىلىسى بىلەن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى يۈەن سۇلالىسى بەرگەن تۇرلۇك مەنسەپ - دەرىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەن. شىنىڭ خالى ئىدىقۇت بەگزادىسى (西宁王忻都公) ئائىلىسى مانا شۇلارنىڭ بىرى.

خېشى كارىدورى ۋە ئىچكىرىگە كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە داۋاملىق ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ، ئۆز تارىخىنى يادلاپ كەلگەن. ئىدىقۇت «مەڭگۈ تېشى» مۇ شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. ئىچكىرىدىكى خەنزۇ يېرىگە كەلگەن ئۇيغۇرلار چاغاتاي خانلىقى مۇستەقىللىك خاھىشىنىڭ راۋاجى بويىچە ئۆز يۇرتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىپ، خەنزۇلار يېرىدە يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكى ۋە خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلار بارا - بارا خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. تۇرپان، جىمسار ئەتراپىدا قېپقالغان ئۇيغۇرلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

### 3 - § «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىن ئۆرنەكلەر

قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى تۇۋا (دۇۋا) بىلەن ئالتە ئاي قانلىق ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، قوچقار تېكىن ئۆز خەلقىنىڭ

تەقدىرنى ئويلاپ، توۋا بىلەن سۆلھ قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن قۇبلاينى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن خانىمالىق (بىھىچىك) غا ئەلچى ئەۋەتكەن:

24

42 ئۈرۈغۈمۈز ئاچىغى باشلاپ قوچقار تېگىن (93
43 ئۈلۈغ چەرىگ بىرلە ئۈترۈتىن (مادىن) يالىپ ئەرىپ (94
44 ئۈتلى بىلگۈ ئۈچۈن ئىدۇق... زىنىڭ ئەدگۈمىزكە (95
45 ئون ئىكى تۈمەن چ...ىك بىرلە سويۇرغادىپ ئىدتى (96

(ئۈرۈق ـ ئەۋلادىمىزنىڭ ھەدىيەسى قوچقار تېگىن باشچىلىقىدا
نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۇدۇل (توختىماي) قوچۇغا ياندى.
ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدۇق... ئىبسىلىمىزغا؟
ئون ئىككى تۈمەن... بىلەن سوۋغا قىلىپ، يولغا سالدى.)

25

46 ئەبۇ گەلەرىگىنىڭ ئەدگۇ ئات...داتمادىن. (97
47 ئەسەرلەرىڭ ئورۇنىگا تۈشمىش ئۆتلىمىن ئۈنىتمادىن. (98
48 ئەرتەگ ئىش قىلمىشسەن ئەدگۈگىنى تولپ بىلدىم. (99
49 ئەكسۈگسۈز ئون ئىكى تۈمەن ئۆك چاۋ ياستۇق بىرەيىن (100

(بوۋىلىرىڭنىڭ ياخشى نامىنى (يوقاتماي)
ئەجدادلىرىڭنىڭ ئورنىغا چۈشكەن (ھالاكەتنى) ئۇنۇتماي،
ئەردەك ئىش قىلىپسەن، ياخشىلىقىڭنى تولۇق بىلدىم.
كەمكۈتىسىز ئون ئىككى تۈمەن ياستۇق پۇل بېرەي.

26

101) 50 ئوقتا تۇرمىش بودۇنۇڭغا يولۇغ بولزۇن،
102) 51 ئۆترۈ تۇرۇپ سانجىشمىشىڭغا تانۇق بولزۇن،
103) 1 ئون ئىكى تۇمەن ياستۇق بۇرۇن بەلگۈ بولزۇن،
104) 2 ئوباسى بۇ ئوق ساقىنماغىل ئۆلۈگى كىن بولزۇن.

(ئوق ئالدىدا تۇرغان خەلقىڭگە قۇتقۇزۇش بولسۇن،
تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشقىنىڭغا گۇۋا بولسۇن،
ئون ئىككى تۇمەن پۇل ئاۋۋال بەلگە بولۇپ تۇرسۇن،
ئىنئامى بولا دەپ ئويلاپ قالما، نۇرغۇنى كېيىن بولسۇن.

105) 3 يارلىقانچۇچى كۆڭۈللۈگ تەڭرىكەنىمىز مۇنتەگ سويۇر
قادىپ،
106) 4 ياباقاماغ بەگ بەگىتى بىرلە قوجۇغا يانىپ،
107) 5 يادا مىش ئۇيغۇر ئېلىڭە ياستۇق تاۋار بىردۇرۇپ،
108) 6 ياۋرىمىش ئۆلۈسىن يانا بۇنتەگ تۇرغۇزدى.

(مېھرىبان كۆڭۈللۈك تەڭرىكەنىمىز مۇشۇنچىۋالا ئىنئامغا ئېرىشىپ،
ھەممە بەگ ئەمەلدارلىرى بىلەن قوچۇغا يېنىپ،
يارىغان ئۇيغۇر خەلقىگە پۇل، تاۋارلارنى تارقاتقۇزۇپ،
ئاجىزلاپ كەتكەن دۆلىتىنى قايتا بۇرۇنقىدەك تۇرغۇزدى.

96

......

148) 46 ك... قۇتلۇق بىچىن يىلىن ئىدۇق - قۇت ئاتانىپ
(قۇتلۇق مايمۇن يىلى ئىدىقۇت ئاتالدى)

37

149) 47 ئالقۇ ئۇيغۇر ئېلىن ئۇزاقى ياڭچا باشلايۇ ئولۇردى.
150) 48 ئانتا باسا يانا
151) 49 يوياندۇ قاغانقا سۇيۇر قادىپ،
152) 80 ئالتۇن تامغا كاۋچاك ئوك ئات بىردۇرۇپ.
153) 51 ئاشنۇقى ئەسەسى بارچۇق ئارت ئىدۇق - قۇت - تەگ ئۆك
154) 52 ئاباموقا تەكى ئۇرۇغ ئۇرۇغلارىڭا ئۇلاغ قىلىپ

(پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇپ ئولتۇردى.
ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە
بۇ يانتۇقاغان ھەدىيە قىلغان
ئالتۇن تامغا بىلەن كاۋچاك ۋاڭ دېگەن نامنى ئېلىپ
بۇرۇنقى ئەجدادى بارچۇق ئارت تېگىندەكلا
مەڭگۈگە ئەدلادتىن — ئەۋلادقا ئۇلاشتۇردى.)

61

254) 48 ئىت يىل ئونۇنچ ئاي قۇتلۇق ئەدگۇ كۈن ئۈزە
255) 49 تولپ تۈگەل بۈتۈرۈ تۇرغۇزۇلدى مەن جام بالىقلىق
256) 50 كى كى قۇرسا ئىچقۇ بىتىيۇ تەگىندىم لۇيەپ ساۋ...
257) 51 ئىتتۇرمىش ياڭ تىلىك سىردىيۇ تەگىندىم ساتۇ
(ئىت يىلى «1334» ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ياخشى كۈندە،
تولۇق تۈگەل پۈتۈپ تىكلەندى. مەن چانبالىقلىق
كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازدىم. ليۇشۇسى...
......
بۇيرۇتقان. مەن ياڭ تىلىك چەكتىم. ياخشى.)

ئىزاھ: مىسرالارنىڭ بېشىدىكى رەقەم ئەسەرنى نەشىرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان رەت نومۇرى.

## IV باب. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى

### 1 - §. قىسقىچە چۈشەنچە

يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن 28 مىللىي ئەدىب ئىچىدە 18 ئەدىب غەربىي ئەللىك ئىكەن. بۇنىڭدا كۆپچىلىكنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى.① يەنى بۇ چاغدا خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 30 ئالىم بار ئىدى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، شۇڭا يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان، شۇڭا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن شېئىر، نەزمىلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاپراق كېتىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەل ئەدىبلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر

① ياڭ ليەن: «مەۋزىنىڭ قاپانلىق قىسقىچە تەرجىمىھالى» 3 - بەت، خەنزۇچە.

ئەدەبىيلىرى شېئىر، بېيىت، نەزمە شەكىللىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ يۈەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان، بىر تالاي ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋان-ياساق، ھاشار ۋە خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن. جەمئىيەتنىڭ زۇلمى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ شەرمەندىلىكىنى پاش قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان، دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ كېتىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ گۈزەل تاغ-دەريالار ھەققىدە نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن سەۋىنچ قىيا، سەيدۇللا، شۇئاڭفۇ، مازۇچاڭ، نەيشەن، شې يۈلى، شې بەي لياۋ، شې جىدۇ، شيا شۆنۇبىك، لىيەنىرۇن، گاۋ كىڭگۈك، لىيەنشىشەن، مارۇن، ماشىدى، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ قاتارلىقلار بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن ئىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ غەربىي ئەللىك ئىدى. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان، ۋەھالەنكى، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «كونا تاڭنامە» دە 100 لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلغان①.

---

① شىنخۇبىن «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەل ئەدىبلىرى» «شىنجاڭ گېزىتى» 1986-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى سانى.

## 2 - §. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى

يۈەن سۇلالىسى ئادەملەرنى تۆت دەرىجىگە بۆلدى، موڭغۇللار ئەڭ قەدىرلىك، رەڭدار كۆزلۈكلەر (غەربىي ئەللىكلەر شىنجاڭلىقلار ۋە باشقىلار) ئۇنىڭدىن تۆۋەن، خەنزۇلار بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن، جەنۇبلۇقلار (جەنۇبلۇق خەنزۇلار) ھەممىدىن پەس ھېسابلانغان.

دۆلەتنىڭ ئارمىيىسىگە خەنزۇلار (جۈملىدىن جەنۇبلۇقلار) نىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا خەنزۇلاردىن ئاندا - ساندا قويۇلاتتى. يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا خەنزۇلاردىن قويۇلاتتى. ئەمما غەلىتە ئىسىملىكلەردىن بىرى ھەممىنى چاڭگىلىدا تۇتاتتى، خەنزۇلارنىڭ قورال - ياراق ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى①.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى يىللاردا موڭغۇل تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق تىل - يېزىق بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خېلى بۇرۇنلا «موڭغۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشتىن بۇرۇن دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ قوللىنىلغان. ۋەسىقىلار ھەم مۆھۈرلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋە ئويۇلغانىدى» دېيىلگەن.

---

① جيەن بوزەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 91 - بەت.

1260 - يىلى قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەت
ئۇستازى باسباغا موڭغۇلچە يېڭى يېزىق ئىجاد قىلىپ، ئۇنى
مەملىكەت بويىچە قوللىنىشنى بۇيرۇغان، لېكىن ئۇيغۇر يېزىقى
موڭغۇللارغا تونۇش بولغانلىقى ھەم ئۇلار بۇنى بۇرۇنراق ئۆز-
لەشتۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىسلاھ قىلىنمىغان. ئۇيغۇر يېزىقى
خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا قوللىنىدىغان
ئاساسلىق يېزىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋەرگەن.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت،
يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ داۋاملىشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. بىپا-
يان ئوتتۇرا ئۈزلەڭلىكتىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش، ئۇسۇلىغا،
قەدىمكى ۋە باي مەدەنىيەتكە ئىگە، سان جەھەتتە ناھايىتى
كۆپ بولغان خەنزۇ مىللىتى ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا
بولۇپ، ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلۋاتقان ئاز سانلىق كىشىلەر-
نى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىدى. چۈنكى
«ياۋايى ئىستېلاچىلار ئومۇمەن ئۆزلىرى ئىستېلا قىلغان مىللەت-
لەرنىڭ يۇقىرى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىپ كېتىدۇ.
بۇ بىر مەڭگۈلۈك تارىخىي قانۇنىيەت»① (ماركس) ئىدى.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەدەبىي ئىجادىي-
يەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار زور كۆپچىلىك ئوبيېكتلارنى نەزەر-
دە تۇتىمەن دەيدىكەن، ئەلۋەتتە خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن
ئىجاد قىلىش يولىنى تاللىۋېلىشى ئەقەللىي ساۋات ئىدى. ئىچ-
كىرىگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭمۇ
شۇنداق قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. يۈەن دەۋرىدىكى خەنزۇ
تىل-يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىب-
لىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۆئەييەن ئورۇنغا ئىگە، بۇنى
تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە II - توم، 75 - بەت.

## 1. تىل - يېزىق مەسىلىسى

ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى تىل. مىللىي ئەدەبىياتنى ئايرىيدىغان، ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى مىللىي تىل دەپ قارىلىدۇ.

ماركسىزم تارىختىكى زور ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۆتكەن تارىخىي دائىرىگە قويۇپ تۇرۇپ، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىلمىي ئۇسۇل بولۇپ، لېنىن بۇ ئۇسۇلنى ماركسىزمنىڭ ماھىيەتلىك نەرسىسى، جانلىق روھى دەپ قارىغان. تارىختىكى زور ۋەقەلەر بولسۇن ياكى مۇھىم تارىخىي شەخسلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ھەممىسى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ. شۇڭا ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. كونكرېت ئەھۋال بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ پەرقلىق جەھەتلەردە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ تەتقىقات خىزمىتىدىكى بىرتەرەپلىمىلىكتىن خالى بولغىلى بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسىنى موڭغۇللار قۇرغان. ئالىي سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇق موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قولىدا ئىدى. دەسلەپ موڭغۇل تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت تىلى ۋە يېزىقى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كونكرېت تارىخىي رېئاللىق ئەھۋالنىڭ بىر قېلىپتا داۋاملىشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەن. قىسقىسى، خەنزۇ تىل-يېزىقى يەنىلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئورتاق ئالاقە ۋاسىتىسى، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىل-يېزىقى بولۇپ

قالغانىدى. بۇ تىل - يېزىق بىلەن ئىجاد قىلسا پۈتۈن مەملىكەت- تىكى ھەممە مىللەت كىشىلىرى دېگۈدەك چۈشىنەتتى. يۈەن سۇلالىسى جۇڭگودا ئۆتكەن باشقا سۇلالىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ، يەنى باشقا سۇلالىلەردە ھاكىمىيەت ئاساسەن خەنزۇلارنىڭ قول- دا ئىدى. بۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتنى (خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن يارىتىلغان ئەسەرلەرنى) ئومۇمەن خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. يۈەن دەۋرىدە ھاكىمىيەت موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، بۇلاردىن چىققان ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئەلۋەتتە ئۆز خەلقى- نىڭ (مىللىتىنىڭ) ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى مۇقەررەر. دۇنيادىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال بولغان. مەسىلەن:

نوتتۇرا ئەسىردە ئىلمىي تىل غەربتە لاتىنچە، شەرقتە ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىدى. ئىنگلىزلاردىن نېۋتون (Nevton)، گوللاندىيىلىكلەردىن سپىزنوزا (SipizNozaa)، گېرمانلاردىن لېيپنىس (Lepnis) ئەسەرلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا لاتىنچە يازغان. لېكىن ئۇلارنى ھېچكىم لاتىن دېگەن ئەمەس. بەلكى شۇ ئادەم ئۆزى قايسى مىللەتكە تەۋە بولسا، شۇ مىللەت كىشىلىرى ئىگە- دارچىلىق قىلغان ۋە قىلماقتا. ئۇلۇغ تۇتقۇز ئوغۇز ئالىمى ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئەرەبچە يازغان. مەھ- مۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغاندا، ئۇيغۇرچە سۆزلەر ۋە باشقا ئەدەبىي پارچىلارنى ئۇيغۇرچە يېزىپ، ئەرەب- چە ئىزاھلىغان ياكى مەھمۇد قەشقەرى ئەسىرىنى ئەرەبچە يازغان. ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن لۇتفى، ناۋايى قاتارلىقلار بىر قىسىم شېئىرلىرىنى پارسچە يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا تا XX ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرى،

يازغۇچى، تارىخچىلىرى ئايرىم ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە ۋە پارسچە يازغان.

لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەھلىل قىلغاندا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ مۇتلەق تەلىپى: مەسىلىنى مەلۇم تارىخىي دائىرە ئىچىگە قويۇشتىن ئىبارەت①. ئۇ يەنە «ماركس دىئالېكتىكىسى ھەربىر ئالاھىدە تارىخىي ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن②. دېمەك، يۇەن دەۋرىدىكى خەنزۇ تىل - يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنى، ئاشۇ كونكرېت تارىخىي رېئاللىق بىلەن باغلاپ قارىغاندا، بولۇپمۇ بىر مەزكىل پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتىنىمۇ نەزەرگە ئالغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە، ئەلۋەتتە.

2. ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىسى

ئەدەبىياتشۇناسلىقتا، ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى مىللىي تۇرمۇش، دەپ قارىلىدۇ. يۇەن دەۋرىدە خەنزۇلار رايونىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشى پۈتۈنلەي خەنزۇلارنىڭلا تۇرمۇشى ئەمەس ئىدى. بۇ — جۇڭگو تارىخىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنىشلىك بولغان مەسىلە. يۇەن دەۋرىدىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يالغۇز مەلۇم نىسبەتتىكى ھۆكۈمران تەبىقە كىشىلىرى بېرىپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان تۆۋەن تەبىقە كىشىلىردىمۇ بارغان. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ھېچبولمىسا دېگەندىمۇ، يۇەن

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، II توم، 512 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 290 - بەت.

دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق قىلغان. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تار دائىرىدە بولسىمۇ ماﻟﺎ مۇشۇنداق مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئەمدى ئۇلارنىڭ خەنزۇلار تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئىچىدە مىللىي تۇرمۇش ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىرىمۇ بولغان. بولۇپمۇ بەزىلەر ئوردىنىڭ، جۈملىدىن ھۆكۈمران سىنىپلار سورۇنىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەلۋەتتە، ئوردا ھۆكۈمرانلار سورۇنى موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى.

بۇ يەرلەردە مۇشۇلارنىڭ تۇرمۇشى بازار تاپاتتى. ئەمدى بەزى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم خەنزۇ تۇرمۇشى، ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتكەن. بۇلار خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە بىرخىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى. شۇڭا، يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى رايونلاردا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىرلىكتە شەكىللەندۈرگەن، نوقۇل بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ھالىتى ئەمەس، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### 3-§. سەۋىنچ قىيا

1. سەۋىنچ قىيانىڭ ھاياتى

سەۋىنچ قىيا (1286 — 1324) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئەسىرىي غەزەل (散曲) يازغۇچىسى، ئاتاقلىق خەتتات، ئۇستا مۇزىكانت، ماھىر غەزەلچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەتكارى، جۈملىدىن جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

سەۋىنچ قىيا خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۈەن يۈنشى (贯云石)، گۈەن يۈنشى قىيا (贯云石海涯) دەپ يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى «كۆن سەۋىنچ»① نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى سەۋىنچ قىيا② (小云石海涯) بولۇپ، سۈەنجەي (酸斋) (قاڭسىق، ئاچچىق-چۈچۈك) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان. سەۋىنچ قىيانىڭ ئەسلى يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى جىمسار ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى ئارىق قىيا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق گېنېراللىرىدىن بولغان. دادىسى گۈەن جىگى (كۆن چېرىك) ئىچكىرىدە چوڭ ئەمەللەرنى تۇتقان ئۇيغۇرلاردىن ئىدى.

سەۋىنچ قىيا ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ كۈچلۈك، باتۇر ۋە جەڭ ماھارىتىگە پىششىق، ئەسكەر باشقۇرۇشقا كامىل، كەسكىن سەركەردە ئىدى.

سەۋىنچ قىيا گەرچە يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن چوڭ ئەمەلدارلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئىمتىيازغا بېرىلمەي، نام-ئابروي، ھاۋايى-ھەۋەس قوغلاشماي، ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاتىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا ۋارىسلىق

---

① سەۋىنچ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆيۈنۈش، خۇشاللىق دېگەن مەنىدە. «سەۋىنچ» نى خەنزۇچە شياۋ يۈنشى (小云石) دەپ يازغان. بۇ ھەقتە: ب. ئۆگېل: «سىنوتۈركىكا»، ئەنقەرە نەشرى، 1964، 141-بەتكە قاراڭ.

(B·OGEL :«SINO-TNRGCA» ƏNKARA)

② مەھمۇد قەشقەرى قىيا سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ «تولدۇرۇپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە ياكى تەركىبىدە (غ-Ol)، (ق-K) ھەرپلىرى بولغان سۆزلەردە قوللىنىلىدىغان كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى. ئوغۇلقىيا — ئوغۇلچىقىم» دەيدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم، 232-بەت.

قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆز ئورنىنى ئىنىسى قۇت قىيا (忽都海涯) غا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋە داڭلىق ئەسىر ئۇستىسى ياۋ سۈي (姚大英) نى ئۇستاز تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇغان.

سەۋىنچ قىيانىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەل ئورنىنى ئىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى (1312 — 1320) ئۇقۇپ، ئۇنى ماختاپ ئۇنۋان بەرمەكچى بولغاندا، سەۋىنچ قىيا خۇپىيانە هالدا هازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چيەنتاڭ رايونىغا قېچىپ بېرىپ، دورىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئەخلاقىي پەزىلىتى ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودالىق جەمئىيەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك پەزىلەت ئىدى.

سەۋىنچ قىيا 37 يېشىدا (1324 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) ۋاپات بولغان. ئۇ قىسقىغىنا هاياتىدا كۆپ تەرەپلىملىك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان.

ئۇ قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماهىر ئىدى، يەنى قابىل سەركەردىلا ئەمەس، يەنە تالانتلىق زىيالىي ۋە ئەسەرچى، غەزەلچى، ئۇستا خەتتات، مۇزىكانت، داڭلىق ناخشىچى ئىدى. ئۇ يەنە ئۇستا دورىگەر ئىدى. شۇنداقلا بۇددا پەلسەپىچىسى ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ناخشا مۇزىكىلىرىنى ئىچكىرىدىكى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا تۆھپە قوشقان①.

سەۋىنچ قىيانىڭ تالانتى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىق ئىجادىيىتى ئەدەبىيات ساهەسىدە كۆرۈلىدۇ.

سەۋىنچ قىيا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ تەرەپلىملىك

---

① «شىنجاڭ سىفەن داشۆسى مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى گۇەن يۈنشى (سەۋىنچ قىيا) ۋاپاتىنىڭ 660 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى» (خەۋەر) «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 1 - بەت.

مۇقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ شېئىر (诗)، غەزەل (曲)، بېيىت (词)، ماقالە (文) قاتارلىقلار جەھەتتە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ نەسرىي غەزەل (散曲) يېزىشتا مەشھۇر ئىدى.

نەسرىي غەزەللەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇملاشقان، قاپىيىلىك تۈس ئالغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى شېئىرىي شەكىل بولۇپ، قىتان (لياۋ) ۋە جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ غەربىي شىمال ۋە شىمالدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل، قىتان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا مۇزىكىلىرى بىلەن شىمالىي جۇڭگو خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە بىرىكىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. دۇنياغا مەشھۇر يۈەن سۇلالىسى دراماتۇرگىيىسىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىمۇ بۇنىڭ بىلەن زىچ باغلانغان. نەسرىي غەزەللەر كىچىك نەزمە (小令) ۋە يۈرۈشلۈك نەزمە (套数—套曲) دەپ بۆلۈنگەن بولۇپ، يۈەن دەۋرىدە بۇ ژانىرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغانلار 200 دىن ئاشاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سەۋىنچ قىيا ئەڭ داڭلىق بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى راۋان ھەم مەردانە، ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلق ناخشىلىرىنىڭ پۇراقى كۈچلۈك، كىشىلەرگە چوڭقۇر ھېسسىيات بېغىشلايتتى.

سەۋىنچ قىيانىڭ ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىلا زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. يۈەن دەۋرىدىكى ياڭ جاۋيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» (阳春白雪) ۋە «ئەمىنلىك مۇزىكىلار توپلىمى» (太平乐府) قاتارلىق كىتابلارغا سەۋىنچ قىيانىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن، ئۇ بۇ ئىككى كىتابقا ئەسىرى ئەڭ كۆپ كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، «باھار قارلىرى»غا ئۇنىڭ كىچىك نەزمىلىرىدىن 36 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلىرىدىن بىر پارچە كىرگۈزۈلگەن. «ئەمىنلىك

مۇزىكىلار توپلىمى» غا ئۇنىڭ كىچىك كۈيلىرىدىن 30 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلىرىدىن ئالتە پارچە كىرگۈزۈلگەن. سەۋىنچ قىيا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياڭ جاۋيىڭ ئۇنىڭ يېقىن دوستى شۈي زەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ «سۈەن تيەن مۇزىكىلىرى توپلىمى» (酸甜乐府) دېگەن نام بىلەن تار-قاتقان. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选) غا سەۋىنچ قىيانىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

سەۋىنچ قىيانىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى ھەم قايسى ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

## 2. سەۋىنچ قىيا ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

### 1. نەسرىي غەزەللەر

سەۋىنچ قىيا ئەسەرلىرىنىڭ كۆپرەك سالمىقىنى نەسرىي غەزەللەر ئىگىلىگەن بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن 78 كۇپلېت كىچىك كۈي، سەككىز پارچە پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈي بار. «ئومۇمىي يۈەن نەسرىي غەزەللىرى» (全元散曲) دە ئالتىنى-چى ئورۇنغا قويۇلغان.

يۈەن دەۋرىدىكى نەسرىي غەزەللەرنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرىنىڭ قولىدىن چىقاتتى. بۇ جەھەتتىن ئۇ دراممىلار (杂剧) دەك زور كۆپچىلىكى تۆۋەن قاتلام كىشى-لەر يازغانغا ئوخشىمايتتى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ نەسرىي غەزەل-لەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي سۈپىتىگە تەسىر كۆر-سىتىشى تەبىئىي ئىدى. يۈەن دەۋرى غەزەللىرىنىڭ ئەڭ گەۋ-دىلىك بىر تېمىسى دۇنيادىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىدى. مەسىلەن، «ئومۇمىي يۈەن نەسرىي ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ناھا-

يېتى كۆپ. سەۋىنچ قىيا ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق كۆز قارىشىنىڭ كېلىش مەنبەسى جەمئىيەتنىڭ بۇرۇقتۇملۇقى ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ چىرىتىشىدۇر. سەۋىنچ قىپا سەگەكلىك بىلەن «تۈنۈگۈنكى قاشتېشى سارىيىدىكى ۋەزىرلەر بۈگۈن يولۇقتى يوقسۇللۇق قىسمىتىگە» دېگەندەك ئەھۋالنى كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ «ماجىرادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، خاتىرجەم جايغا بېرىشقا نىيەت قىلغان».

ئاپتور ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئالدىشىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تالانتلىقلارنى تونۇماسلىق، باتۇرلارنى تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇ ھۆكۈمران گۇرۇھلارغا نىسبەتەن قاتتىق بىزار بولۇش پوزىتسىيەسىنى تۇتىدۇ.

سەۋىنچ قىيانىڭ ئەسىرىي غەزەللىرىنىڭ يەنە بىر تېمىسى ۋەتەنىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى كۈيلەش ۋە تەبىئىي مۇھىتنى پۇخادىن چىققۇچە تەسۋىرلەشتۇر. چۈنكى ئۇ خەتەرلىك سىياسىي كۈرەشتىن تىنچ گۈزەل مۇھىتقا يۈزلىنىپ، كۆڭلى ئالاھىدە خۇشاللىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ روشەن جانلىق كارتىنىلار بىلەن تولغان شېئىرلىرى كىشىلەرگە يېقىملىق ئىستېتىك ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

مەسىلەن: «شياگىلىن ئايىمىقى، تۆت ۋاقىت، تۆت پەسىل» دىكى بىر كۇپلېت شېئىرى مۇنداق:

توگمە گۈل كۆرۈنەر سۇنىڭ ئۈستىدە،
جۇخار گۈلى خۇش پۇراق چاچار.

نىلۇپەر سولىشىپ بولدۇ خازان،
كۆز قارىسى ئالغاندا جاھان،
ئاق قوتان ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ ياتار.

سەۋىنچ قىيانىڭ بەزى شېئىرلىرىدا تاغ - ئورمانلارنىڭ تەسكەي تەرەپلىرىگە بەدىئىي تۇس بېرىلگەن. بەزى شېئىرلىرىدا شۇ دەۋردىكى يېزىلارنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ شېئىرلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئەستېتىك قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

سەۋىنچ قىيانىڭ نەسرىي غەزەللىرى ئىچىدە ئوغۇل - قىزلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھەسرەتلىك ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن قىسمىمۇ خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھەببىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتتە جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ.

يۈەن دەۋرىدىن بۇرۇنقى فېئوداللىق ئەدەب - قائىدىلەر بەكمۇ قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇھەببەت يوشۇرۇن مەنىلىك، تارتىنچاق ئىپادىلىنەتتى. يۈەن دەۋرىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار دادىللىق بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىگەن. قەدىمكى كىشىلەردە بۇ خىل دادىللىق يوق ئىدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى بولسا موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى خەنزۇلار بىلەن ئوخشىماسلىقىدىن بولغان. موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ھال ئۇلاردا شىجائەتلىك، مەردانە خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. كۇڭزى، مىڭزىنىڭ بىر قىسىم ئەقىدىلىرى موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلاردا يوق ئىدى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇھەببەتنى ئاشكارا تەسۋىرلەش بۇ

مىللەتنىڭ قائىدىسىدە يولدىن چىققانلىق ھېسابلانمايتتى. شۇنداقلا ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغىمۇ ھېچقانداق تەسىرى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىمتىھان تۈزۈمى (科举) توختىتىلىپ قويۇلغان بولۇپ، كۆپلىگەن زىيالىيلار مەنسەپدار بولۇش يولىنى يوقىتىپ قويغان. ئۇلار سەرگەردان بولۇپ، مەدداھلىق قىلغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ يازىدىغىنى دىرامىلىق غەزەللەر (清唱的曲词)، ئوينايدىغىنى سەھنە ئەسەرلىرى ئىدى. بۇنداق يېڭى «ئۆلىما ۋە نازىنىنلار» نىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشى ئاجايىپ نازاكەتلىك ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتى. قەسرە راۋاقلاردىكى تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەدىبلەرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىدە پاھىشە ئاياللارنىڭ روھىي ھالىتىگە نىسبەتەن بىرقەدەر ئېنىق چۈشەنچە بار ئىدى. شۇڭا قىز- يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەرمۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەنىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ياشىغان سەۋىنچ قىيا گەرچە تۆۋەن قاتلام زىيالىيسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى بۇ خىل كەڭ ئورۇندا ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلامنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرگە قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تەبىئىي يوسۇندا بىر خىل ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى. سەۋىنچ قىيانىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدىن ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە نىسبەتەن دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش ھېسسىياتىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. سەۋىنچ قىيانىڭ قەلىمى ئاستىدا مۇھەببەت باغلىغان ياشلارنىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. ئەمما فېئوداللىق جەمئىيەتتە مۇھەببەتلەشكەنلەر دائىم بىر خىل تەڭسىزلىككە يولۇقاتتى. شائىر ۋاپاسىز ئوغۇللارغا نىسبەتەن قاتتىق نەپرەت بايان قىلاتتى. يۈەن دەۋ-

رىدىكى نەسرىي غەزەل يازغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى پومېشچىك-لار سىنىپىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەرنى ئېزىز كۆرۈش، ئاياللارنى پەس كۆرۈش چۈشەنچىسى بۇ دەۋر ئاپتور-لىرىنىڭ كاللىسىدا ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلانغان بولۇپ، بۇنداق غەزەللەر «ئومۇمىي يۈەن نەسرىي غەزەللىرى» دە خېلىلا كۆپ ئورۇندا كۆزگە چېلىقىدۇ. سەۋىنچ قىيانىڭ ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭ-دىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئەمما كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرى بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر-لىرىگە قارىغاندا ياخشىراق بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئو-قۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئەپسۇسكى بۇنداق ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس.

سەۋىنچ قىيا ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى خېلىلا كەڭ ئىدى. شۇنداقلا ئۇ بۇ تېمىلارنى ئېنىق، يارقىن، تەسىرلىك ئىپادىلەپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان.

سەۋىنچ قىيانىڭ شېئىرىيەتتىكى قابىلىيىتى ئۈستۈن ئىدى. شائىر خەلق لەھجىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن توپلىغانلىقى ۋە ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرنى يېقىملىق تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

نەسرىي غەزەللەر يۈەن دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئاساسىي ئېقىم بولۇپ، خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ ئوزۇقلىرىنى قوبۇل قىلغاچقا ساپ، جانلىق ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان. ئۇ ناھايى-تى يۇقىرى تىل سەۋىيىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. سەۋىنچ قىيا بىر ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىسى بولۇشىغا قارىماي، تىل ئىشلىتىش ۋە بەدىئىي ماھارەتتە يۇقىرى ئۆلچەم-گە يەتكەن. ئۇ يازغان نەسرىي غەزەللەر مەردانە، يارقىن ئىدى. شۇڭا ئۇ جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە تونۇلغان. سەۋىنچ قىيا گەرچە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كاتتا شۆھرەت

قازىنىپ، زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانغان. سەۋىنچ قىيانىڭ ماتېرىيال دائىرىسى بىرقەدەر تار ئىدى. ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يەرلىك تۇرمۇش ۋە قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. ئۇ بەزى چاغلاردا رېئاللىقتىن قېچىشتەك خاھىشنىمۇ ئىپادىلىگەن. زۇلمەتلىك، قاراڭغۇ جەمئىيەتنى پەردازلاپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇغان. شېئىرىيەتكە بېرىلىپ، ئۆيگە بېكىنىۋېلىشتەك پاسسىپ خاھىشتا بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە «بارلىق نەرسىلەر ئالدىن مۇقىملىشىپ بولغان، كەمبەغەل - نامراتلار ھەرقانداق ۋاقىتتا بولىدۇ» دېگەندەك تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى ئىپادىلىنەتتى. يەنە ئايرىم مەنىسىز، تېتىقسىز يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش سەۋىنچ قىيانىڭ نەسرىي غەزەللىرىدىكى شاكاللار ئىدى. بۇلار سۆزلۈك قاشتېشىدىكى كىچىك داغ بولۇپ، ئەلۋەتتە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. درامىلار

چىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك كومېدىيىلىرى ۋە تىياتىرلىرى پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، سۇي، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، بىرئاز قېلىپلاشتى. بولۇپمۇ خەنزۇلار رايونىدىكى دراما، تىياتىر ۋە ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ راۋاجلىنىشىدا غەربىي ئەللەرنىڭ مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇلى ۋە دراما قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، سىستېمىلاشقان درامىلار بارلىققا كەلدى ۋە پەيدىنپەي راۋاجلاندى. نەتىجىدە يۈەن دەۋرى دراماچىلىق سەنئىتى ئەينى زامان سەھنە سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ گۈزەل ئوبرازلىق بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇ مۇزىكىلىق رىتىم،

شېئىرىي تەپەككۇر ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

جۇشۇ يازغان «تەيخې تۈز ئاھاڭ نوتىسى» ناملىق ئەسەر بىلەن شۈۋېي يازغان «جەنۇب تېكىستلىرى بايان قىلىنغان خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، سەۋىنچ قىيا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر دراماتۇرگى بولۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن «دراماتۇرگ» دەپ نام ئالغان ئىكەن. يۇقىرىقى كىتابنىڭ ئاپتورى شۈۋېي يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر دراماتۇرگلاردىن ماجىيۈەن، يۈنشى، ماشىيۇ، گۈەن خەنياڭ قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلىغان ۋە ئۇلارغا باھا بەرگەن. سەۋىنچ بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە ئۆتكەن مەشھۇر قىزىقچى ئارتىس جۇيۇتۇن سەۋىنچ قىيانىڭ 31 پارچە دراما ئەسىرىنى سەھنىدە ئويناپ چىققان. ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى دراماتۇرگلارغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «شىڭچى يۈنخەن» ناملىق سەھنە ئەسىرى گەۋدىلىك ئوبرازغا ۋە مول تارىخىي مۇناسىۋەتلەرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى، دراما ۋە باشقا سەھنە ئەسەرلىرىدە مىللەتلەر ئارا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر سەھنە ئەسەرلىرىگە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ خەلقى بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. لياڭ يىجىن يازغان «يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى پارچە مۇقاملىرى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، سەۋىنچ قىيا بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇب تىياتىرلىرى ۋە جازۇي تىياتىرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولغان ئىكەن. ئۇ جەنۇب تىياتىرلىرىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭى بولغان خەييەنجاڭ ئاھاڭىنى ئىجاد قىلغان ۋە

ئۇنى ئاددىي نوتىغا سېلىپ، جەنۇب تىياتىرلىرىنىڭ ئاھاڭ
شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى رەسمىي سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ
بىلىم دائىرىسىگە ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ
شاگىرتى ماجۇيۈەنمۇ بۇ خىلدىكى بىر يۈرۈش ئاھاڭنى ئۆگەن-
گەن ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ، سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئۇنى
ئاھاڭغا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سىرت جايلارغا بېرىپ خەلق
ئاھاڭلىرىنى توپلاپ - رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان. جەنۇب تىياتىر-
لىرى ۋە دراممىلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بىر مەزگىل خېلى
روناق تاپقان. بۇ ۋاقىتتىكى دراما ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ
ئاھاڭىدىكى تۆت ئاساسلىق ئاھاڭنىڭ بىرى خەييەنچاڭ ئاھاڭى
تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئاھاڭلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى
ئىجاد قىلىشتا ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا سەۋىنچ قىيا ئالاھىدە كۈچ
سەرپ قىلغان. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەييەن
ئەتراپىدىكى ئەنچۈەن دېگەن جاي مەشھۇر خەلقئارا يۇرتقا
ئايلىنىپ قالغان. گۇئەنچۈەندىكى ياڭ جەمەتلىرى پۈتۈنلەي دېگىز
قاتنىشى بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ ياڭ جەمەتىدىن ياڭزى
ئىسىملىك بىرسى شۇ دەۋردىكى مەشھۇرلىرىدىن بولۇپ، ئۇ
دائىم خاڭجۇغا راھىپ ئەۋەتەتتى. ئۆزىمۇ سەھنە ئەسەرلىرىگە
ھەۋەسكار ئىدى. شۇڭا ئۇ سەۋىنچ قىيا بىلەن دوست بولۇشنى
ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغان. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن سەۋىنچ قىيا جايلاردىكى خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاپ-
رەتلەپ خەييەنچاڭ ئاھاڭىنى ئىجاد قىلغان. كىشىلەر بۇ ئاھاڭ-
نى «خەييەن كەنتى ئاھاڭى» دەپ ئاتاشقان. يۈەن دەۋرىدىكى
ياۋتۇڭشۇ (姚桐寿) ئۆزىنىڭ «乐郊私语» ناملىق ئەسىرىدە:
«بۇ خەييەن ئاھاڭى ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلىشتا مۇزىكا ماھى-
رى ۋە چامباشچى ئارق قىيانىڭ نەۋرىسى سەۋىنچ قىيا زور
كۈچ چىقارغان. مەيلى مۇزىكا مەھكىمىسى بولسۇن ياكى باشقىلار

بولسۇن، بۇ مۇزىكىسىز تاماشا كۆرسىتەلمىگەن...» دەپ يازىدۇ. يەن چەن يازغان «زۇلىگزاۋ» (徂林枣) ناملىق ئەسەر بىلەن «شياڭزۇ خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە خەييەن-چاڭ ئاھاڭى ئەسلى ياڭچۈەن ئايمىقىدىكى ياڭ ئەۋلادىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قېلىپقا سېلىش، رەتلەش يەنىلا سەۋىنچ قىيادىن باشلانغان. بۇنىڭدىن بىز سەۋىنچ قىيا-نىڭ جۇڭگو دراماتۇرگىيىسى ۋە باشقا سەھنە ئەسەرلىرى تارىخىغا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۈەن دەۋرىدىكى درامىلار ۋە زاجۈيلەر ئاساسەن مۇزىكا، سۆز (تېكىست) ۋە ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۆپلىگەن مۇزىكانتلار دراماتۇرگلاردىن ئىدى. سەۋىنچ قىيا دراما ئەسەرلىرىنى يېزىش، ئاھاڭغا سېلىش بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى داڭلىق تىياتىرچىلار، ئارتىس-لار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كۆپلىگەن يېڭى سەھنە ئەسەرلىرى-نى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر دراما ئارتىسى ياڭجۇ ئانا - بالا بىلەن سەۋىنچ قىيا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ بىر قىسىم درامىلارنى ئىشلىگەن. ياڭجۇ ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق دراما ئارتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەل-كى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازالايدىغان ئاددىي قەلەمكەش ئىدى. ئۇ سەۋىنچ قىيا بىلەن بىرلىشىپ «يۆفېيگە قىلىنغان سۇيىقەست» ناملىق چوڭ تىپتىكى تارىخىي درامىنى ئويناپ پۈتكۈل يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. بۇ ئەسلى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەينەن تارىخىي ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئوبرازلاشتۇرۇش، سەھنىلەشتۈرۈش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيت-تى. سەۋىنچ قىيا بىلەن ياڭجۇ خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئەركە قىزى ياڭ مەينۇلار يۈەن دەۋرى دراماتۇرگىيىچىلىكىدە تونۇلغان پېشىۋالاردىن ھېسابلانغان. بەزى ماتېرىياللاردا «سەۋىنچ قىيا

سەھنە ئەسىرى يېزىپ بەرسە، ياڭجۇ خانىم ئۇنى قىزى بىلەن سەھنىدە ئوينىغان...» دېيىلىدۇ. سەۋىنىچ قىيانىڭ خەلق ئارىسىدا ئارقىلىپ يۈرگەن «مۇھەببەت تېمىسى» ناملىق مەشھۇر درامىسى دەل ياڭجۇ خېنىمغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنى «ياڭجۇ خېنىمنىڭ ئىشق - پىراقىدا ئىجاد قىلغان» دېيىشكەن. سەۋىنىچ قىيانىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە «شىتى» ناملىق زاجۇي تېياتىرى مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپىنچە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار قايتا ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «گەمە بۇزۇش خاتىرىسى» دېگەن ئەمەلىي ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن ئىشلەنگەن.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەۋىنىچ قىيانىڭ كۆپلىگەن سەھنە ئەسەرلىرى فېئودالىق ئەدەب - ئەخلاق قائىدىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، زاماننىڭ شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. ئەمما ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تېمىسىغا كەلگەندە، شۇ دەۋردىكى فېئودالىق كۆزقاراشلارغا قارشى ئۆتكۈر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. مەسىلەن، ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار، ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقىدىنلا ئىبارەت دېگەندەك ئىنسانىيەتچىلىك قېلىپىدىن چىققان ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارغا يۈرەكلىك ھۇجۇم قىلالىغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، سەۋىنىچ قىيا ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت، چۆچەك ۋە جەڭنامىلەرنى توپلاپ، ئۇنى گۈزەل ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق سەھنىلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دراماتۇرگىيىچىلىك تارىخىغا زور

تۆھپىلەرنى قوشقانىدى①.

## 2. سەۋىنچ قىيانىڭ تەسىرى

سەۋىنچ قىيا — جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە مەشھۇر ئەدىب.

سەۋىنچ قىيا ئۆز دەۋرىدىلا كاتتا شۆھرەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە بولغانىدى. يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئۆلىما، ئالىملار، ئەدىبلەردىن ياۋسۇي، چېڭ چۈفۇ، دىڭ ۋېنيۈەن، ئوۋ ياڭشۈەن قاتارلىقلار ئۇنى ئالاھىدە ماختىغان.

سەۋىنچ قىيانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئوۋ ياڭشۈەن «گۈيجەي توپلىمى» (圭斋文集) دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ تۆھپىكار ئەدىبنىڭ قايغۇلۇق ۋاپاتى خاڭجۇدىكى ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرىنى چۆچۈتتۈۋەتتى... ئۇنىڭ قەلەمكەش، مۇزىكانت ۋە رەسسام دوستلىرى ئۇنىڭغا مەرسىيە ئوقۇغان ھەمدە ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، مەرھۇم ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنىدى» دېگەن بولسا، «گۈەن ھەزرەتلىرىنىڭ يادنامىسى» (贯公神道碑) دېگەن يەنە بىر ئەسىرىدە سەۋىنچ قىيا ۋاپات بولغاندا، «ئۆلىمالاردىن تارتىپ، ئوششاق باللار، پېقىرلارغىچە تەزىيە بىلدۈرمىگىنى قالمىغان» دەپ يازغان. ئۆز دەۋرىدە ۋە ھازىرمۇ خېلىلا تەسىرگە ئىگە بولغان «باھار قارلىرى» دېگەن مەجمۇئەگە يۈەن دەۋرىدىكى ياڭ جاۋيىڭ سەۋىنچ قىيانىڭ شېئىرلىرىنى ئالاھىدە كىرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان.

يۈەن دەۋرىدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە

① ئابلىز مۇھەممەت: «يۈەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارى گۈەن يۈنشى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىلى 9 - سان)

بولغان ئارلىقتا تۈزۈلگەن ئەدەبىي ئەسەر توپلاملىرى، مەجمۇئە-لەر، لۇغەت، قامۇسلار، دەپتەرلەرگە سەۋىنچ قىيانىڭ شېئىرلى-رى كىرگۈزۈلگەن.

يېقىنقى يىللاردا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەھرىرلىكىدە يېزىلغان «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن كىتابتا سەۋىنچ قىيانىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىلگەن. شۇ كىتابنىڭ 3 - قىسمىدا «ئۇنىڭ نەسرىي غەزەللىرى ئوچۇق، كۆتۈرەڭگۈ» دېيىلگەن بولسا، يۇۋگوئېن قاتارلىقلار تەھرىرلىكىدە چىققان «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ 3 - قىسمىدا «سەۋىنچ قىيانىڭ نەسرىي غەزەللىرى مەردانە، تەبىئىي ئىدى» دەپ باھا بېرىلگەن. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەۋىنچ قىيانىڭ نەسرىي غەزەللىرى جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا، بولۇپمۇ يۈەن دەۋرى نەسرىي غەزەللىرى ئىچىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چەت ئەللەردىكى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق خەنزۇشۇناس، دوكتۇر باچارد. جوخولون شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ سەۋىنچ قىيا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئامېرىكا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. 1980-يىلى ئامېرىكا بوستون تېخوئېن نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «سەۋىنچ قىيا» (گوەن يۈنشى) ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب بەش باب بولۇپ، لونىنىڭ بۇ ئەسىرى «تېخوئېن دۇنيا يازغۇچىلار مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلۈپ، دۇنيادىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

### 4 - §. سەيدۇللا

#### 1. سەيدۇللانىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

سەيدۇللا (1300 — ؟) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن

مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن يازغۇچى تاۋزۇڭيى (陶宗仪)نىڭ «پۇتۇكلەر جەۋھىرى» (书史会要) دېگەن ئەسىرىنىڭ 7 - جىلدىدا ئېنىق قىلىپ «سەيدۇللا، ئىسمى تيەن شى (天锡) بولۇپ، ئۇيغۇر 回纥人 ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى پروفېسسور چېن يۈەن (陈垣) ئەپەندى «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى» (元西域人体化考) ناملىق ماقالىسىدە «سەيدۇللا ئۇيغۇر 回纥人 ئىدى. ئۇنىڭ مىللىتى پامىرنىڭ شەرقىدىن، ئۇ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بەش سۇلالە دەۋرى (907 — 960 - يىللار) دە ئۇيغۇرلار ئاجىزلىشىپ تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان»① دەپ يازغان.

سەيدۇللا ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ ئۇنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

سەيدۇللا ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەيشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇرۇن ئۇنىڭ يۇرتى يەنمىن( 雁门 ) دەپ ئاتالغان. بوۋىسى سارى بۇقا (思兰不花萨拉布哈) دادىسى ئارۇچ (傲拉齐, 阿鲁赤) ھەربىي ئىشلارغا ماھارەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ، قۇبلاينىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇلار يۈەن دەۋرىدە ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەنلەردىن ئىدى. كېيىنچە يەنمىن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشەن ناھىيىسى) دە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

سەيدۇللانىڭ ياشلىق دەۋرىدە «قول ئىلكىدە يېرى ۋە ھېچبىر بىساتى يوق» بولۇپ جاڭنەن ( 江南 — جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمى — ئاساسەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى

---

① «يەنجىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» («燕京学报»)نىڭ 2 - سانىغا قارالسۇن (1929)

كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەييارە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغىچە تونۇشۇپ چىققان. ئۇ خىلمۇخىل قابىلىيەتكە ئىگە سەنئەتكار بولۇپ، شېئىر يېزىش، ماقالە يېزىش، رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن. 1327 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىمتىھاندا تاللىنىپ، جىنجاڭغا سەرمۇنشى (باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەنگەن، كېيىن فۇجيەندە تامۇژنا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولغان. يۈەنەن، خىبېي، داۋكاڭ قاتارلىق جايلاردا مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىلىرىنى بېجىرگەن. ئۇ ئەمەلدار بولغان 20 نەچچە يىل جەريانىدا جۇڭگونىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان بولۇپ، سەرگۈزەشتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى.

2. سەيدۇللا شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى

سەيدۇللا شېئىرلىرى مەيلى سان جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى — پۈتۈن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. چېن يۈەن: «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈەن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز سەيدۇللانى تىلغا ئالماي بولدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

سەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى — جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ رەت تەرتىپىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گەۋھەر.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىدە مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئالاھى-

دە ھالەتلەر بارلىقىقا كەلگەن بولۇپ، زىيالىيلار،بولۇپمۇ خەنزۇلار-
نىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرى پارچىلىنىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھ-
ۋال ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. خەنزۇ ئاپتورلىرىنىڭ
ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە
ئەمەس ئىدى. «تۆت چوڭ ئەدىب» دەپ ئاتالغان يۈ — 虞 (集)
ياڭ 扬 (载)، فەن 范 (梈)، جيې 揭 (傒斯)، قاتارلىقلار
خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى كۈيلەيدىغان مەشھۇر ئەدىبلەر بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيىتى زور بولمىغان.
قىسقىسى، شائىرلار ئەمەلىيەتتە ئاز، ياخشى ئەسەرلەر كۆپ
ئەمەس، تېما دائىرىسى تار، مەزمۇنلار پۇچەك ئىدى. بىراق
ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر ئى-
دى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان - كۆرگەنلىرى كۆپ، تەجرىبى-
سى مول بولغاچقا، ئۆزلىرىگە زامانداش بولغان خەنزۇ ئاپتور-
لىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستۈن
ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللانىڭ شېئىرى نەزمى-
لىرىنىڭ تېمىسى كەڭ بولۇپ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.
مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، ئۇسلۇبى يېڭى، جانلىق ئىدى.

سەيدۇللانىڭ «يەنمېن توپلىمى» (雁门集) دېگەن ئە-
سىرى بار. «تۆت قەسىردىكى كىتابلار» (回库全书) غا ئاشۇ
توپلامنىڭ ئۈچ قىسمى ۋە بۇنىڭدىن تاشقىرى بىر تۈركۈم
شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن «مۇسۇلمانلار مەجمۇئەسى» (回部丛刊)
گە «ساتيەنشى - سەيدۇللا شېئىرلىرى» نىڭ 2 - قىسمى
كىرگۈزۈلگەن.

«يەنمېن توپلىمى» — يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە
مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان كىشى-
لىرى يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلارنى تەتقىق قىلغاندا بۇ كىتاب-
نى دىققەتتىن يىراقلاشتۇرالمىغان.

شائىر ئۇزۇن مۇددەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغاچقا، خەنزۇ خەلقىنىڭ ماكانسىزلىق، ئاچ-زارلىق، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھەققانىي ھېس-تۇيغۇلار ئۆزلۈكسىز قوزغىلىپ، ئۇرغۇن مەشھۇر شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قوپال ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىگە چىن قەلبىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۇرگەن. ئەنە شۇ شېئىرلار ئىچىدە «تىلەمچى قىز قوشىقى» (鬻女谣)، «يۇڭگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش» (过居庸关)، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» (早发黄河即事) قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.

شائىرنىڭ «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ.

تاڭ چېغى قىلدىم سەپەر، قويدۇم قەدەم دەريا تامان،
نۇر بىلەن سۇدا قېيىقلار ئويناشار ئاشۇ زامان.
چۈشتى كۆزۈمگە يىراقتىن دەل-دەرەخلەر قارىسى،
ئاستا-ئاستا تارقىلىپ ئاق پەردىدەك شۇ چاغ تۇمان،
ئاڭلىنار ئىت ھاۋشۇشى ۋەيرانە مىسكىن يېزىدىن،
كەپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ تۈتۈن تىنماس ھامان.
كوچا بويلاپ پادا ئۆتەر قالدۇرۇپ چاڭ ۋە توزان،
كۈزگى شال قىردا تۇرار چەشلەر تېخى خاماندىدۇر،
تۆرىلەر ئاشلىق ئالار ھەم زورلۇقى شۇنچە يامان،
ۋەھىمە سالسا ھەركېچە قاراقچىلار ئەل-يۇرت تالاپ،
كۈندۈزى دەريا تېشىپ ئەلنى باسار كەلكۈن توپان.
ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتەر چاڭئەندىكى بەگزادىلەر،

ئۆمرىدە كۆرمەس ئۇلار قايغۇ بىلەن ھەسرەت-پىغان.
قاتمۇقات تونلار كىيىپ غەم-قايغۇدىن بىگانە بوپ،
بەيگىگە ئاتلار سالۇر بەگزادىلەر بەك شادىمان.
مەي ئىچىپ راۋاقلاردا كۆزىنى ئويىنىتار ھەر يان،
كېچىلەر ئۆتمەيدۇ مەيسىز ئەتلەس تۆشەكلەر ئىچىدە،
ھەمراھدۇر بېگىملەرگە خېنىملار ھەر كېچە خەندان.
سارايدا تۇرۇپ بەگلەر ھوسۇل غېمىنى نەبىلسۇن،
بىر پارچە قارا نانغا پېقىرلار يىغلىشار قان-قان.
كېچە-كۈندۈز شۇ مېھنەتتە يوقسۇل بالىلىرى تىنىماس،
ئېتىزدا، باغدا ھەم تاغدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋەيران.
تەگدىن تولىسى كېتىپ پۇلىنىڭ سەيىسىگە ئالۋاڭغا،
قالغىنىدا تەگرىگە ۋە ئەرۋاھلارغا شام ياققان.
ھاشار ئالغاندا ئۆتكەن يىل شۇ دەريا توسمىسى-قاشقا،
پۇقرالار چېكىپ ھەسرەت ھاشارغا ماڭدى قىيناپ جان.
ئاھۇ-زارقاپلىدى ئەلنى، خالايىق قالدى ئوقەتتىن،
دۆڭجۇ يېرى قايغۇدا چۆل بولدى خاراب-سەرسان.
بىگۇناھ كىشىلەرنى ئەزىم دەرياغا تاشلاشتى،
ئاچلىقتىن يىقىلغاندا، تەنلەردىن كېتىپ دەرمان.
دەريا ئىچى كۆز يەتمەس كۆز تىكسەڭ ئۇپۇقلارغا،
مېھنەت ئەجرىنى بۇزار توسۇن دەريا تېشىپ ھەريان.
ئۆتكەن كونىلار ھەرچاغ ئەقىل ئىدراكتا نام ئالغان،
لېكىن ئىش بۇزار ھەردەم بۇگۈنكى تۆرىلەر نادان.
ساراي ئەھلىنى بىلسۇن دەپ بۇ كۆرگەن نامۇ-ئەھۋالنى
شىجائەتتە نەزىم تىزدىم يۈرىكىمدىن ئېيتىپ بايان.
قومۇشلار سالار شاۋقۇن سوغۇق شامالدا قاقشال بوپ،
خالايىق كۆردى خارلىقنى ياشاشقا بارمىكىن ئىمكان.

بۇ شېئىردا شائىر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان خەلق-
قە چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
ئەمەل ۋە پايدا تالىشىپ ئۈزلۈكسىز قوزغىغان قىرغىنچىلىقلىرىغا
غەزەپلىك خىتاب قىلىدۇ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ كەيپ - ساپا،
ئىسراپخورلۇقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. «تىلەمچى قىز قوشىقى»
دېگەن شېئىرىدا شائىر يۈەن سۇلالىسى تيەنلى (天历) نىڭ
2 - يىلى (1329) دىكى «ھەممە يەر جۇتلىشىپ، ئاچ زېرىن-
پۇقرالار يامراپ كەتكەن» لىكىنى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاس-
تىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز خۇسۇسىي مەن-
پەئەتلىرى ئۈچۈن خەلقنىڭ قان تەرىنى شوراپ، ئەيش - ئىش-
رەت، كەيپ - ساپا بىلەن بەند بولۇپ، گۈل چېچەكلىگەن پۈزۈر
كېيىملەرنى، ئېسىل تىداپەكلەرنى كىيىشىپ بۇلبۇلغا ھېرىس
بولۇپ راۋاقلاردا بەزمە سۈرۈپ تۈزۈشۈپ «باھار شامىلىغا
چۆمگەن ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»غا شەيدا بولۇشقانلىقىنى، ھايات-
ماماتلىق تىركىشىشتە قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ بولسا،
بالا - چاقىلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن شە-
ھەرلەرگە كىرىپ نارەسىدە باللىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇش-
قانلىقىنى، بىراق باللىرىنى ساتالماستىن «توپىدىنمۇ خار» ھا-
لەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاچارچىلىق ئازابىدا ئۇزۇن مەنزىللەر-
نى نالە - پەرياد بىلەن بېسىپ ئۆتكەنلىكىدەك رېئاللىقنى ھەقىقىي
رەۋىشتە سۈرەتلىگەن. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەر شائىردا «جۇت
باسقان مەھەللىدە»، «كېزەر كۈندۈزدە ئىت قۇشلار، ۋەيرانە
كەپە - ساتمىلاردا كۈكۈمدا ھۆۋلار يىلپىزلار» دەيدىغان تەسىرات
پەيدا قىلغان. شائىر قەلبىدە لاۋۇلدىغان غەزەپلىك ئوت-
يالقۇنلىرى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا قاتتىق نەپرەت
بىلدۈرىدۇ؛

خۇاڭخې كەبى ئېقىپ كۆز ياش، قۇرىدى ئاخىر،
ئەجەب خۇش خۇي چىرايىڭلار نىچۇك بۇ تەخىر.
شاھى توندا يايرىشىدۇ مەسخۇش جانابلار،
پۇقرا ھالى ـ يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بىسەر.
شەرقىي جەنۇب دىيارىدىن سىرت باركەن ئەندىشە،
گۇەنشەندىنمۇ ئېشىتىلدى شۇنداق غەم ـ غۇسسە.
قۇمدا قالغان بېلىق ھەمدە چومغاق① نالىسى،
مۇڭلۇق كۆڭۈل ئوڭلىنىدۇ قايسى ۋاقىتچە.

شائىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قامچىلايدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ھالىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. شائىر «ئۆز ئەزرۇرى بىلەن شانۇ ـ شەۋكەتلىكلەرنى مەسخىرە قىلىپ، باھار شامىلىغا چۆمگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىغا كۆڭۈل بەرمەي» دېگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ «شاھى توندا يايرىغان مەسخۇش جاناپنىڭ، پۇقرا ھالى، يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بىسەر» ئىكەنلىكىگە بولغان نارازىلىقىنى، «مېيىپ خەلق ياشىسا ئاسايىشلىقتا، چۇرۇقلىشىپ ئۇينار ئۆسمۈر كوچىلاردا» دېگەندەك كەيپىياتقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان.

سەيدۇللا «مەنجاڭ خۇڭ. جىنلۇدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش» (满江红金陵怀古)ماۋزۇلۇق بېيىتىدە ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بۈگۈندىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئۇ ھەم ئىپتىخارلىنىدۇ، ھەم مەيۇسلىنىدۇ. ئۇ جىنلۇنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى جانلىق تەسۋىرلەش جەريانىدا تاغلارنىڭ داۋاملىق يېشىللىققا پۈركىنىپ تۇرۇشىنى، زۇمرەت سۇلارنىڭ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرۇشىنى ئاسايىشلىق-

① چومغاق ـ سۇدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش، ئۇ بۇ يەردە سۇدا ياشايدىغان قۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سەيدۇللا شېئىرلىرىدا ئۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك شېئىرلارمۇ بار. شائىر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم ھالەتنى ئۈمىد قىلىش ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن.

شائىر ئۇرۇش ئارقىلىق مەنسەپ - ئەمەلگە ئىگە بولغان ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقىدا ئازابقا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئىچىنىدۇ ۋە ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە خىتاب قىلىدۇ.

مەسىلەن: «يۇڭگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش» (过居庸关) دېگەن شېئىردا شائىر يۇڭگۇەندىن ئۆتكەن چاغدا كۆرگەن نەرسىلىرىنى ۋە ئالغان تەسىراتلىرىنى تەسۋىرلەپ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ۋە ئازاب - كۈلپەتلەرنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۇرۇشتا «تۆھپىكار»، «قاشتېشى تامغا ئاسقان» نويۇزلۇق مەنسەپدارلارغا نىسبەتەن غەزەپ نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، «روھى يېتىم» پالۋانلارغا نىسبەتەن نادامىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئەر ئىشلىسە ئېتىزدا، بۇز توقۇسا ئايالى،
تۈگەپ ئۇرۇش - نىزالار تىنچلانسا كەڭ جاھان.
جەڭلەردىن بولۇپ خالى، ئۆتسە ئۆمۈر شادىمان»

دەپ تىنىچ، ئاسايىشلىق جەمئىيەتكە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنى ئىزھار قىلىدۇ.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى يۇەن ئوردىسىدىكى ئىچكى نىزا، ھوقۇق تالىشىش، گۆش - سۆڭەكلەرنى قىيما - چىيما قىلىشتەك ئەھۋاللارمۇ پاش قىلىنغان.

شائىر خۇشامەتچى، بىكار تەلەپ ئەدىبلەرنى يامان كۆ-
رەتتى. ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ:
«شۇ ۋاقىتلاردا ماختانچاق ۋە خۇشامەتكويلار ناھايىتى كۆپ
ئىدى. ئۇلار ماقالىلىرىنى ئىلتىپات تىلەپ يۇقىرىغا سۇنۇشاتتى»
(«ماكانىم ئىلھامىم بىلەن» دېگەن شېئىر) چاكىنا ئەدىبلەر
ئۆتمۈشتىن قۇرۇق گەپ سېتىپ كۈن بويى ئەمەلدارلارغا خۇ-
شامەت قىلىپ يۈرەتتى» («فىڭخۇاڭتەي مۇنارىسىدا جانابى
گۇفېنىڭ تەلىپى بىلەن يېزىلغان شېئىر») بۇ شېئىردا بىرقانـ
چە ئىبغىز سۆز بىلەنلا بىكار تەلەپ ئەدىبلەرنىڭ روھىي قىيا-
پىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.
سەيدۇللا ئۆز ئۆمرىدە «خۇبېي، خۇنەن، خېبېي، گۇاڭدۇڭ،
جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا بارغان» شائىر ۋەتىنىمىز-
نىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرىدىن، قەدىمكى ئاسار ـ ئەتىقىلىرىدىن
چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان كۆپلىگەن ئە-
سەرلەرنى يازغان. ئۇ «مىنگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندە»(度关)
دېگەن شېئىرىدا:

تاڭ چېغى ئۆتتۈم داۋاندىن تاغقا مەن خۇشتار بولۇپ،
ئوينىشار ئاپئاق بۇلۇتلار مەن بىلەن دوست يار بولۇپ
ياڭرىدى ئاۋازلىرىم بىپايان تاغ باغرىدا،
قوللىرىم سوزسام يېتەر گەر كۆككە مەن خۇمار بولۇپ.
پەرىشتىلەر پەرۋازىدىن تاغ، جىلغىلار تىترەر شۇ دەم،
چاقسا چاقماقلار ساداسى ئاڭلىنار ئاشكار بولۇپ.
ھەر مىنۇت ئۆتكەي كۆزۈمدىن جىلمىيىپ بىر مەنزىرە،
گاھ ئۇچار قۇشلار شەرققە تەلمۈرۈپ خوپ زار بولۇپ
چوققىلار مەپتۇن بولۇپتۇ ئاق بۇلۇتلار قوينىغا،
ئالقىنىمدا جىلغا سايلار كۆرۈنەر قاتار بولۇپ.

سىلكىنىپ قاقسام كىيىمنى، رۇسلىسام قەددىم شۇچاغ،
دۇر قىلىپ سۇلار ئاقار بىر ئېقىن ئەنھار بولۇپ.
كۆككە باقسام كۆكتە ئاسمان، تاشلىسا پەسكە نىگاھ،
كۆرۈنەر غارلار كۆزۈمگە گاھىدا ئىزھار بولۇپ.
توڭلىدى ئۆتكەلنى ساقلاپ قانچە مىسكىن تاغ-ئارا،
مۇڭلىنىپ تاغلار تېگىدە قالدى جىسمى خار بولۇپ.
قەھرىتاندا سولسا مايسا ياز كېلىپ قايتا ئۆسەر،
ئۆلگۈچىگە ھېچقاچان كەلمەس ھاياتلىق يار بولۇپ.

شائىرنىڭ شىمال ۋە جەنۇب مەنزىللىرىنى تەسۋىرلىشى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىپقىزىل شەپەق نۇرىدا پادىلار يايلاپ يۈرەر،
بارچە يەردىن سۈت-قېتىقنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلەر.
قاپقارا بوران كېلىپلا ياغدى قۇملار قار بولۇپ،
كىگىز ئۆيلەر ئىشىكى ۋە تۈڭلۈكىنى ھەم ئېتەر.

ئۇ يەنە «گاۋيۇدىكى ياڭخۇ كۆلىدىن ئۆتكىنىمدە» («过高邮阳湖杂咏») دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بېلىق ئۇۋلاپ قېيىقتا شۇ كۆلنى كېزىپ،
كۈنى ئۆتەر شەھەردە بېلىقنى سېتىپ.
ئۆمرى ئۆتتى قېيىقتا چاچلار ئاقاردى،
ئىناق ياشاپ ئەر-خوتۇن كەتتى تەڭ قېرىپ.

سەيدۇللا تۇرمۇشقا بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ گەرچە ئۇزۇن زامانلار ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەمبەغەللىككە شۈكرى قىلىپ ئاددىي-ساددا تۇرمۇش

كۆچۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. شائىر «كەمبەغەللىكىمگە شۈكرى» («安贫») دېگەن شېئىرىدا:

خاتىرجەملىك خالايمەن پۇلغا يوق تاما،
ئاتاق - ئابروي، ھاقارەت نە كېرەك ماڭا.
باھار چېغى مەي ئىچىپ باغنى كېزىمەن،
قىشتا - قاردا سەيلىتىش ئادەتتۇر يانا.

دېگەن ئىدى.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرىدا كۈچلۈك مىللىيلىق ئەكس ئەتكەن.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ ياز - غۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلى بولۇپ، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئە - دەب مۇئەييەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، سىنىپىي ۋە مىللىي ئالا - ھىدىلىككە ئىگە بولغاندىلا مىللىي خاراكتېر بەلگىسىنى ئەسىرىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى كۆتۈرەڭگۈ، مەردانە، ساپ، تە - بىئىي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇستەقىل مىللىي سالاپەتكىمۇ ئىگە.

سەيدۇللا خەنزۇ شېئىر شەكلىنى ئۆزىنىڭكىدەك پىششىق ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى تەسۋىرلىرىنىڭ كۆپى ئىچكىرىنىڭ ئالاھىدە تاغ - دەريالىرىنىڭ مەنزىرىسىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ شېئىر - لىرى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قانداقلا بولمىسۇن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنە كۆتۈلمىگەندە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: ئۇنىڭ بىر شېئىرى «يەنمېن توپلىمى، قەھرىتان كېچىدە ئاڭلىغانلىرىم» (雁门集寒夜闻角)

دا كېسەل بولۇپ قالغان چاغدىكى چۈشىنى يازغان. بۇ شېئىردا قار، چېدىر، ئۆلۈكىنىڭ باش سۆڭىكىگە ھاراق توشقۇزۇپ ئىچىش، قامچا ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇش قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھېچبىر خەنزۇ شائىرى كۆرمەيدىغان چۈش، تەبىئىيكى، ھېچقانداق خەنزۇ شائىرى يازمايدىغان شېئىر.

سەيدۇللا جاڭنەننىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، شائىرنىڭ مىللىي خاراكتېر ۋە مۇستەقىل ئىپادىلەش شەكلى بولغاچقا شېئىرلىرىدا جاڭنەننىڭ مەنزىرىلىرىمۇ بىر خىل مەردانە قىياپەتكە ئىگە قىلىنىپ، بەكمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىلمىگەن. قىسقىسى، خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ تەسۋىرلىشىدىن پەرقلىنەتتى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ئۇسلۇب جەھەتتىكى پەرق بولغانلىقىدا.

سەيدۇللا شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، دائىم يىرىكلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئۇ ئايرىملىق، قىسمەنلىك، پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى تەسۋىرلىمەستىن، بىپايان ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ.

شەيئىلەر ۋە مەنزىرىلەرگە يايلاق ۋە يېزا ئىگىلىك ئارىلىشىپ كەتكەن يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆزى بىلەن قاراش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش سەيدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى مۇھىم ئامىلنى بەلگىلىگەن. بۇلار ئەلۋەتتە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن.

سەيدۇللا — شېئىر ژانىرى ئارقىلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ يۈەن دەۋرىدىكى يايلاق ۋە يېزا ئارىلاشقان ئىجتىمائىي مۇھىتنى شېئىرىيەت ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. دەۋرداش باشقا ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرى بىلەن بىللە شېئىر ئىجادىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەتكە نەزەر سالساق، يىرىمىدىن كۆپرەكىنى

ئەنە شۇنداق ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىگىلەيدۇ. شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك شېئىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزنى ياخشى ئىدى. ئۇلار گەرچە خەنزۇ تىلى شەكلى بويىچە بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن. مەسىلەن، «شېئىرنامە» (诗经) دە شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى بار. «چۇ نەزمىلىرى» (楚辞) گە جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نەزمە-قوشاقلىرى كىرگۈزۈلگەن. خەنزۇلارنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى شېئىرلىرىنىڭ ژانىر شەكىللىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇلار خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغاچقا، ئەلۋەتتە، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كەتكەن.

سەيدۇللا ئۇيغۇر شائىرى بولۇپ، ئۇ كۆك كۆزلۈك ئادەم ئىدى. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە شېئىر يېزىشى خەنزۇ شېئىرىيىتىگە يېڭى خۇسۇسىيەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. يېڭى قانۇنىيەتلەرنى قوشتى، ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەيدۇللا خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆگەندى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. شۇنداقلا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. لېنىن: «ھەرقايسى مىللەت پەقەت بىر دۆلەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئۇ ئىقتىسادىي، قانۇن، تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىن چەمبەرچاس باغلىنىشقا ئىگە بولالايدۇ»① دېگەنىدى.

ئۇ خىل مۇناسىۋەت، ئەلۋەتتە، مەدەنىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ. بىز سەيدۇللا ئىجادىيىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەش

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 19-توم، «مىللىي مەدەنىيەت ئاپتونومىيىسى توغرىسىدا» خەنزۇچە.

بىلەن بىللە ئۇنىڭ خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل
قىلغانلىقىنىمۇ سۆزلىشىمىز لازىم.

سەيدۇللا يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك مىللىي خاراكتېرى
خېلىلا كۈچلۈك شائىر. ئۇ ناھايىتى كەڭ قورساق، خۇش خۇي
بولۇپ، ئۆزگە بەكلا ئىشىنىدۇ. سەيدۇللا بىر كۆك كۆزلۈك
ئەمەلدار بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ مۇستەبىتلىك قىلىقلارنى
ياقىلمايدۇ. ئەكسىچە شېئىرلىرىدا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ساختى-
پەزلىكنى پاش قىلىدۇ. قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن ئەكسىيەتچى
سىياسەتنى تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ بىر ئۇيغۇر (كۆك كۆزلۈك) بولۇپ
تۇرۇقلۇق خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى چىقىرىپ تاشلى-
ماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ خىل مەدەنىيەت ئەدەبىي مىراس-
لىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق
قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇردى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈم-
رانلىرى بىر مەزگىل كۆك كۆزلۈكلەرنىڭ خەنزۇ ئۆرپ - ئادىتى-
گە كىرىشىگە قارشى تۇرغان، ھەتتا قانۇن - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ
قاتتىق چەكلىگەن، ئەمما مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈ-
شى تارىخنىڭ مۇقەررەر ئېقىمى ئىدى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق،
ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتى بىر ئىزدا توختاپ قالغان سىياسەت
بولۇپ، تارىخىي ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت ئىدى. شۇڭا ئۇ تا-
رىخ ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسىيالمىدى. ئەينى چاغدا ھەر-
قايسى مىللەتلەرنىڭ تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىش
بىلەنلا قالماستىن، بەلكى موڭغۇل، كۆك كۆز يۇقىرى قاتلام
كىشىلىرىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ كەتكەن.
بەزى زىيالىيلار خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەت-
قىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان.

سەيدۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا خەنزۇ زىيالىيلىرى بىلەن
ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ بۇ

خەلق ئەدىبىيىسى — كەمىتىشكە پەرۋاسىز قاراش ۋە غەيرىي مىللەتلەردىن ئۆگىنىش روھى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىي تۇرمۇشىغا سىڭگەنىدى.

سەيدۇللا ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەردىن ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى قەدىمكى كىشىلەردىنمۇ ئۆگەنگەن. تارىختىكى مەشھۇر شائىرلاردىن يۈەنمىن، لى بەي، دۇفۇ، بەي جۈيىي قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ياكى ئۇلارنىڭ بەزى شېئىرىي جۈملىلىرى سەيدۇللانىڭ «يەنمىن توپلىمى» دا كۆزگە چېلىقىدۇ.

سەيدۇللا خەلق ئەدەبىياتىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تۆھپىسى ئالاھىدە زور ئىدى.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى تېما، ماتېرىيال، ئۇسلۇب جەھەتتە بەكمۇ دىققەتكە سازاۋەر. ئۇنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتى بۇرۇنلا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان«يەنمىن توپلىمى» دا 800 كۆپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ـ نەزمە بولۇپ، ئۇ سەرمۇندە كىرىشتىن بۇرۇنقىلىرىنىڭ 43 كۆپلېت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شۇلىقتىن باشقا كۆپلېتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆ-

شىلىقا كىرىشتىن بۇرۇنقىلىرىنىڭ 43 كۆپلېت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ تەخمىنەن 5% ئەتراپىدا بولۇپ تېخى پىشمىغان ھالەتتە ئىدى. ئەلۋەتتە، يېشىنىڭ چوڭىيىشى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ شېئىرى كۆنسېرى پىشىپ، مەزمۇنى چوڭقۇرلىشىپ، كۆزىتىش ئىقتىدارى كېڭىيىپ، كاللىسى سەگەكلىشىپ قالغانىدى. سەيدۇللا شېئىر يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپلىگەن بېيىت ( 词 ) لارنىمۇ يازغان، ئۇنىڭ تارقىلىشى كەڭ بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «مەنجاڭخۇڭ، جىنلۇدا ئۆتمۇشنى ئەسلەش» دېگەن ئەسىرى شۇنداق.

سەيدۇللا شېئىر يېزىش بىلەنلا قالماي يەنە شېئىرىيەتكە ئائىت نەزەرىيىلەر ھەققىدىمۇ توختالغان. مەسىلەن، «ۋۇيى

شېئىرلار توپلىمى» (武夷诗集) نىڭ مۇقەددىمىسىنى يازغاندا شۇ ھەقتە توختالغان.

شائىر ئۇچرىتىشمىغان مەنزىرە تەسۋىرىنى مەسىلەن، تاغنى، ئاساق، ئۇنى ھەرخىل تەركىبتىكى كىشىلەر ھەرخىل مەيداندا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە كۆزىتىشى بويىچە ھەرخىل يازىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ ھەرخىل بولىدىغانلىقىنى، ھەر- قايسىغا كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا خاس تامغا بېسىلى- دىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. سەيدۇللا يەنە تۇرمۇش ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى پىششىق ئىگىلەش، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى يۇقى- رى كۆتۈرۈش، ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشتىكى مۇقەررەر شەرت دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە شېئىرنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى قايتا - قايتا تەكرار تەكىتلىگەن. يەنە ئۇ تاغ دەريا- لاردەك ئۇزۇن ساقلىنىدۇ، چەكسىز بولىدۇ.

مانا بۇلار مول شېئىرىيەت تەجرىبىسىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت قىممەتلىك يەكۈن.

شائىر سەيدۇللا ساپ دىللىق بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ: «ھەممە يەردە جۇت قۇترىغان، ئاسماننى قاغا - قۇزغۇنلار قاپلاپ كۈننى توسۇۋالغان، ئاي نۇرى كەچ كۈزدىكى شەبنەمنى غۇۋا يالتىراتقان، گىرىم ھۇجرىسىدا چېكەتكىلەر غەمكىن سايرىغان» چىرىك ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا «كېچىپ دېپەرىشانلىق ھەم غەمكەچ مىرمىشىپ چىقىش يولى تاپالماي باھار ئۇزۇن تۈندىن ھېچ سادا يوق» تەك ئازاب ئىچىدە قالىدۇ.

تارىختىن بېرى كۆپلىگەن داڭلىق كىشىلەر سەيدۇللانىڭ شېئىر نەزمىلىرىگە ياخشى باھا بېرىپ كەلگەن، سا (薩) ئۇرۇقى ھايات ۋاقتىدا نامى چىققان، ئەينى چاغدىكى ئاتاقلىق ئەدىبلەر بىلەن شېئىر ئوقۇشقان يۈي جى 虞集 (1272 — 1340)

«چېڭ جياڭ توپلىمىغا مۇقەددىمە» (清江集序) دە سەيدۇللا شېئىرلىرىنى «ھېسسىياتقا ئەڭ باي، راۋان ھەم جاراڭلىق» دەپ مۇقىملاشتۇرغان.

بەزىلەر سەيدۇللا بىلەن تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپمۇ كۆرگەن.

مەسىلەن، مىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بۇ شىرىن (潘是仁) «يەنمىن توپلىمىغا مۇقەددىمە» نى يازغاندا، سەيدۇللا بىلەن لى خې — 李贺 (ئىسمى جاڭ جى 790 — 816) نى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ.

يەنە مىڭ دەۋرىدىكى 胡应麟 (ئىسمى يۈەندەن — 元端، 1551 — 1602) «شېئىرلار توپلىمى» (诗薮) دېگەن ئەسىرىدە سەيدۇللا بىلەن لى بەينى (701 — 762) سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ 4 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن «پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇمۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە سەيدۇللانىڭ «شىتۇجىڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

شىتۇجىڭدىن نەزەر سالسام ۋۇ - چۇ ياققا،
ئۇچۇق تۇرار ۋۇ - چۇدىنمۇ تۆۋەن ياقتا.
قىلچە نەرسە كۆرۈنمەيدۇ ئۇندىن باشقا،
ساناپ باقسام مەشھۇر ليۇچاۋ ماكانىنى،
ئوخشاپ قاپتۇ يېشىل تاغلار سوقماق تامغا،
تۇغ ئەلەملەر تۇسۇۋالغان زەر قۇياشنى،
يەلكەنلەرمۇ ئاق بۇلۇتقا چىڭ تۇتاشقان.
ئاپئاق قاردەك ئۇستىخانلار دۆۋە بولغان.
چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب، شىمالىدا،
قانچە باتۇر مەرد يىگىتلەر بولدى خازان»

يۇقىرىقىلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ ئوبيېكتىپ بېرىلگەن باھا بولۇپ، شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، سەيدۇللا جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چوڭ يازغۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

سەيدۇللا خەتتات، رەسساملىق جەھەتتىمۇ خېلىلا ئىقتىدارلىق ئادەم ئىدى. بېيجىڭ گۇگۇڭ مۇزېيىدا ئۇنىڭ ئىككى پارچە رەسىمى ساقلىنىپ قالغان. چېن يۈەن ئەپەندى ئۇنىڭ رەسىملىرىنى «ناھايىتى يۇقىرى سۈپەتلىك»① دەپ باھالىغان.

ياپونىيىلىك داۋتيەن-خەن (乌田翰)نىڭ «مەڭگۈلۈككە ئويۇلۇپ، ئۆزىدەك بولۇپ كەتكەن ساتيەنشى (سەيدۇللا) شېئىرلىرى» (刻永和本萨天锡逸诗) دېگەن كىتابى ئارقىلىق سەيدۇللا شېئىرلىرى چەت ئەللەرگە تارقالغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئەدىب ئالىملاردا XI ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى مۇسۇلمان شائىرلارغا نىسبەتەن زور قىزىقىش قوزغالماقتا.

مىسىرلىق ئالىم رۇۋادى (鲁外德) «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا (《穆斯林在中国》) ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى سەيدۇللانىڭ ئىسمىغا نىسبەتەن يات تونۇشتا ئەمەس»② دەپ يازىدۇ.

سەيدۇللانىڭ شېئىر-نەزمىلىرىنى بەس-بەس بىلەن

---

① چېن يۈەن: «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەللەرنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» 17 باب، 3-پاراگراف، 1929-يىل.

② «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ئەرەبچە، 1981-يىلى كۇۋەيتتە نەشر قىلىنغان («جۇڭخۇا مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 84-يىلى 1-سان، 104-بەت).

تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بەزى ئەرەب شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشماقتا.

## 5 - §. شۆ ئاڭفۇ

شۆئاڭفۇ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىسى.

شۆئاڭفۇ ( 薛昂夫 ) نىڭ ئەسلى ئىسمى شۆچاۋۋۇ، تەخەللۇسى ئاڭفۇ (昂夫)، خەنزۇچە ما 马 خېتىنى فامىلە قىلىۋالغاچقا مائاڭفۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەنزۇ ئەدەبىياتىغا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغاچقا، كۆپلىگەن خەنزۇ ئەدىبلىرىگە ئوخشاش ئىسىل تەخەللۇس — جيۇگاۋ 九皋 دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. شۇڭا بەزى تارىخىي كىتابلاردا ماجيۇگاۋ دەپمۇ يېزىلغان. يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئەدەبىياتشۇناس تاۋزۇڭيى ( 陶宗仪 ) «پۇتۇكلەر جەۋھىرىگە تولۇقلىما» (书史会罗补遗) دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى «ئۇيغۇر ئىدى» 回纥人 دەپ ئىزاھلىغان.

شۆئاڭفۇنىڭ بوۋىسى خېلى بۇرۇنلا غەربىي ئەلدىن جۇڭگوغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئوردا باش تەپتىش بەگى (御史大夫) دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان، دادىسى ياردەمچى تەپتىش بەگ دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان. بوۋىسى، دادىسى ئىككى ئەۋلاد دۆلەتتە كىنەزلىك — گۇڭ (公) لۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۆئاڭفۇ ئىلگىرى - كېيىن جياڭشى ئۆلكىسى مۇلكى دىۋان ۋازارەتتە ھۆججەت - ماتېرىياللارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار (令史)، تەيپىڭ رايونى 太平路 (بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسى دائىتو 当涂)دا باش بوغ (总管)، چۇجوۋ رايونى 徽州路

(بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسى چۈشەن ناھىيىسى) دە باش بوغ بولغان، يەنى ئۇ 16 يېشىدىن باشلاپ ئەمەلدار بولغان ئىكەن. شۈئاڭفۇ بوۋىسىدىن تارتىپ لوئېنىڭ (汴梁) بۈگۈنكى جياڭشى (نەنچاڭ) دا ئولتۇراقلىشىپ پۈتۈن ئۆمرىنى خەنزۇ رايونىدا ئۆتكۈزگەن. شۈئاڭفۇ ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلار سورۇنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ - زۇلمەتلىكلىكى ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ چىرىكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇشتىن دائىم ھەسرەتلىنەتتى. مەنسەپ تۇتۇش يولىغا خاتا كىرىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنەتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەمەلدارلىقنى تاشلاپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان ۋە خاڭجۇنىڭ شىخۇ (西湖) كۆلىگە بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىۋالغانىدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە شۈئاڭفۇ خېلىلا زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن، ئىجادىيىتى خېلى كۆپ ئىدى. ئۇ خەنزۇ رايونلىرىدا كۆپلىگەن مەشھۇر نورۇنلارنى كۆرگەن، جياڭشىنىڭ كۈەيگې (快阁)، ئەنخۈينىڭ خۇئاڭشەن، جېجياڭنىڭ لەنكېشەن (烂柯山) ھەم نەنجىڭنىڭ شاڭ شىنزىڭ (赏心亭) قاتارلىق جايلىرىدا ئۇنىڭ ئىزلىرى بار، بۇ جايلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

شۈئاڭفۇنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدە نامى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە پەقەت بىر نەچچە شېئىرىلا ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما نەسرىي غەزەللىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، «ئومۇمىي يۈەن نەسرىي غەزەللىرى» (全元散曲) دە كىچىك كۈي (كىچىك نەغمە)دىن 65 غەزەل، پۈتۈن يۈرۈشلۈك نەغمىلەردىن ئۈچ غەزەل بار. شۈئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىدۇ، ئۇنىڭ شىجائىتىنىڭ تولۇپ - تاشقانلىقىدىن ئىلھاملىنىمىز. ئۇ نەسرىي غەزەلدەك ھەجمى كى-

چىنىك، جانلىق، تەسىرلىك ژانىردىن ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق پاي-
دىلىنىپ، قەلبىدىكى چەكسىز ھېسسىيات ۋە تۇرمۇش قارىشىنى
ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭ ھېسسىياتى كۈچلۈك، خاراكتېرى ئې-
نىق ئىدى.
يۈەن نەسرىي غەزەللىرى (元曲)، شېئىر (诗) بېيىت
(词)، قاپىيىلىك نەسر (赋) قاتارلىق شەكىللەردىن ناھايىتى
مول ئوزۇق ئالغان. ئۇنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، تەبىئىي
بولۇپ، تەسۋىرلىرى ئېنىق ئىدى. شۈئاڭفۇ بۇ خىل يېڭى ژا-
ئىرلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مۇستەقىل
قارىشىنى ئىپادىلىدى. ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى بايان قىلدى.
باشقا ئاپتورلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىنى كۆر-
سەتتى. شۈئاڭفۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ئەسەرلىرى
تارىخنى كۈيلەش، قەدىمكىنى ئەسلەش مەزمۇ-
نىدىكى ئەسەرلەر ياكى ئۆزى كۆرگەن تاغ-
دەريالارنىڭ مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر، قەدىمكى
ئىزلارنى، داڭلىق ئورۇنلارنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ
يازغان ئەسەرلەر ئىدى. بۇرۇقتۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ ئېگىز
تاغلار، ئەزىم دەريالاردەك ھەيۋەتلىك، مەردانە ھېسسىياتىنى
ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ تىلى گۈزەل بولۇپ، بىر خىل شىجائەت-
لىك، يۈكسەك ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇ بەزىدە
سىرتقى قىسىملارنى مەردانە سۆز بىلەن ئىپادىلەيتتى، لېكىن
كۆپ چاغلاردا ئۇنى ئىچكى قىسىم بىلەن بىر قويۇپ تەسۋىر-
لەيتتى، بۇ مەزمۇن بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىك بو-
لاتتى. شۈئاڭفۇ بەزى چاغلاردا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدى-
غان جەسۇرانە ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە، بەزىدە ئىدىيىسىنى
تەبىئىي، ئەركىن ئىپادىلەيتتى. كىشىلەرنى ئۇ تەسىرلەندۈرىدى-
غان مەردانە ھېسسىيات، ئەركىن، كەڭ، يۈكسەك ئىدىيە

ئارقىلىق گۈزەل شەكىلنى ئىپادىلەيتتى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى دائىم مەردانە كۆرۈنەتتى. بۇنى شۈئاڭفۇنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئاساسىي ئېقىم دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبىتىكى ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «جوڭ لۈي، تاغ باغرىدىكى قوي» («中吕 山坡羊»)، «شىخۇ كۆلىدىكى مەدھىيىلەر. باھار» («西湖杂咏春») ۋە ئالتە كۆپلىبىتلىق «قەسىر ئالدىدىكى خۇشاللىق» («殿前欢») قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇ خىلدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

## 6 - §. مازۇچاڭ

### 1. مازۇچاڭنىڭ ھاياتى

مازۇچاڭ (1278 — 1339) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبى.

مازۇچاڭ (马祖常) تەخەللۇسى بەي يۇڭ (伯庸) بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ توقسۇندا ئولتۇرۇشلۇق قەۋملىرىدىن ئىدى. «ما» (马) ئۇرۇقىنىڭ نەسەبنامىسىگە قارىغاندا، مازۇچاڭنىڭ ئەجدادى روسەيسىن 录采思 لياۋ سۇلالىسى خانى داۋزۇڭنىڭ شىنىيۇڭ يىللىرى (1065—1075) توقسۇندىن گەنسۇنىڭ لىنتياۋ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بارغان. ئىككىنچى بوۋىسى تۆمۈر يۇگ لياۋ سۇلالىسى ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بولغان. ئۈچىنچى بوۋىسى زاۋما بېلشو جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن لياۋدۇڭغىچە بارغان. ئۇ يەردىن بوشانغاندىن كېيىن توقسۇنغا قايتىپ كەلگەن. چوڭ بوۋىسى شىلجېمىن جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ يارغۇچى (判官) ئەمەلدارى بولغان. خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ ئەمەلدارلىق نامىدىكى «ما» خېتىنى (马) فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. كىچىك

بوۋىسى يۈخې ئەي ( 雅哈—月合乃 ) يۈەن سۇلالىسىدە يون دىۋانى باش مىرزىسى بولغان.

«يۈەننامە»دە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بار. بوۋىسى يۈەن سۇلالىسى ئوڭ-سول جۇجۇغىدا نۆۋكەر بەگ بولغان، دادىسى مارۇن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا بېگى بولغان. مازۇچاڭنىڭ نەسەپ تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى لياۋ، جىن، يۈەن ئۈچ سۇلالە دەۋرىدە ئەمەلدار بولغان كىشىلەردىن ئىدى. مازۇچاڭنىڭ ھاياتىنى ئىككى ۋاقىتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئەجداتلىرى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىچكىرىدە ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ كىچىك بوۋىسى يۈخېنەي (月合乃) خەنزۇ كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇش «بىلىمى زۇلۇغا① يېتىدىغان زىيالىي ئىدى»② دەپ تەرىپلەنگەن.

مازۇچاڭنىڭ دادىسى مارۇن خەنزۇچە شېئىر يېزىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ داڭلىق «ئوتۇن يوشۇرۇش توپلىمى»(樵隐集) (يوقىلىپ كەتكەن) بار ئىدى. مارۇننىڭ ئىنىسى ماشىدې (马世德) بولۇپ، ئۇنىڭمۇ شېئىر يېزىشتا نامى بار ئىدى. ئۇنىڭ «يوشۇرۇن ئىبادەتخانا» («灵隐寺») دېگەن ئىككى رۇبائىسى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مۇشۇنداق ئائىلىنىڭ تەربىيىسى بىلەن مازۇچاڭ بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا خەنزۇچە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. «يەتتە يېشىدا بىلىم ئېگىلەش ئۈچۈن بازاردىن كىتاب سېتىۋالغان» («يۈەن نامە، مازۇچاڭ تەزكىرىسى»). ياشلىق دەۋرىدە سىچۈەنلىك ئالىم (موللا) جاڭ

---

① زۇلۇ — 邹鲁 مىڭزى زۇ بەگلىكىدە، كۇڭزى لۇ بەگلىكىدە تۇغۇلغان. قەدىمدە «زۇلۇ» بىلىم گۈللەنگەن يەرلەرگە قارىتا ئىشلىتىلگەن.

② «يۈەن دىۋان مىرزىسى ماگۇڭنىڭ يادنامىسى» (故礼部尚书马公神道碑)

گۇڭشۇ شۇنى ئۇستاز تۇتقان. «يۇرتتا ئىمتىھاندا ھەممىدە بىرىنچى، ئوردىدا ئىككىنچى، ئەلدە تەڭداشسىز ئىدى»

مازۇچاڭنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى پوزىتسىيىسى بەكمۇ ئەستايىدىل بولغان.

ئىككىنچى مازۇچاڭ بىرقانچە ئەۋلاد ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە بىر مەزگىل يوقسۇزلۇقتا ياشىغان. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى تىرىكچىلىكى ۋە ئىجادىيىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن.

2. مازۇچاڭنىڭ ئىجادىيىتى

مازۇچاڭ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئەدەبىياتچىسى. ئۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى «لىي خۇجىن ئەينىكى» («列后金鉴»)، «يىللار خاتىرىسى» («千秋纪略»)، «قارىغايلىق ساراي خاتىرىسى» «本公厅事稿»، «شىتيەن توپلىمى»، («石田集») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مازۇچاڭ يەنە «يىڭ زۇڭ خاتىرىلىرى» (英宗实录) نى يېزىش، «پادىشاھ رەسىمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى» (皇园大洲) «چىڭ خۇانىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» (承华事略) تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشقان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «يۈەن ئەسەرلىرى» (元文类) گە مازۇچاڭنىڭ 21 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇ پۈتۈن توپلامدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

مازۇچاڭ ئەمەلدار بولۇشتىن بۇرۇن كۆپلىگەن يەرلەرنى كەزگەن، ئەمەلدار بولغاندىن كېيىنمۇ كۆپ يەرلەرگە بارغان، بۇلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول ماتېرىيال مەنبەسى بولغان.

مازۇچاڭ خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئېزىلگۈچى ئاممىغا نىسبەتەن ھېسداشلىق بار ئىدى، شۇڭا سىنىپىي زىددىيەتنى پاش قىلىپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ نۇقسانلىرىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن، ئوردىدىكى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشقا غەزەپ - نەپرەت ياغدۇرغان، ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قاتتىق شىكايەت قىلغانىدى. مازۇچاڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب - كۈلپەتلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەممە جايدا بار ئىكەنلىكىنى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈز يىللىق ھۆكۈمرانلىقى پۇقرالارغا ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلەتتى: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇنبەت يەرلەردىن ياخشى ھوسۇل چىقمىغان، سۇلۇق دەريا ساھىللىرى قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن، پۇقرالار ئارقان بىلەن ئىشكلىرىنى تورۇشۇپ، ناھايىتى ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئوردىدىن تارتىپ خەلق ئارىسىغىچە تىنچلىق، خۇشاللىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەنىدى.

مازۇچاڭ ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىگەن، بولۇپمۇ يېزىلار، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ يېزا تۇرمۇشىغا پىششىق تونۇش بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بۇلار ئىنچىكە، روشەن سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، تەبىئىي، راۋان ئىدى.

مازۇچاڭنىڭ «شىتيەن توپلىمى» (石田集) داڭلىق ئەسەر. بۇ ئەسەرگە ئۆز يۇرتى شىتيەنشەنفاڭ (石田山房)نىڭ نامىنى قويغان.

مازۇچاڭ شېئىرلىرى ئەينى چاغدىلا كىشىلەر ئارىسىدا

زور تەسىر قوزغىغان. سۇتيەنجۇ (苏天爵) «شىتيەن توپلىمى»غا يازغان مۇقەددىمىسىدە «ھەزرەتلىرى (مازۇچاڭ)نىڭ شېئىرلىرى بويلاپ كەلگەن ئىزنى سۈي ۋە تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىرەك سۈرسەك، خەن، ۋېي دەۋرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ» دەپ يازغان.

مازۇچاڭنىڭ «پايتەختتە رۇۋازىسىدىكى يۈز قاپىيە» (都门一百韵) دېگەن شېئىرى 1000 خەتلىك، «ئىرادىنى كۆزلىگەن 80 قاپىيە» (壮游人十部) دېگەن شېئىرى 800 خەتلىك بولۇپ، ئۇنى ئاتاقلىق شائىر دۇفۇنىڭ «شىمالغا سەپەر» (北征) دېگەن شېئىرىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ (ئۇ شېئىر 700 خەتلىك ئىدى). مازۇچاڭ يېزىقچىلىقتا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتاتتى. زور ئەمگەك سەرپ قىلاتتى. كىتاب ئوقۇشتا، يېزىقچىلىقتا توغرا پوزىتسىيىدە بولغاچقا، نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىغان.

## مازۇچاڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

### لىڭجۇدا①

مەن مۇشۇ خېشى دىيارىغا قەدەم قويغان زامان،
ياكى چۆش ياكى خىيالدەك يول ئېلىپ مەن يۇرت تامان؛
ئۇندا ئۈزۈم مەيلىرى قىلغاي كۆڭۈلنى خۇش كەيپ،
بېدىلىكلەر ئورنىنى قالغان بۇدەم ئاشلىق ماكان.
قىزلىرى ماھىر ئۇ يۇرتنىڭ ئاتتا جەۋلان قىلغىلى،
ياشىنىپ قالغانلىرىدا يوق ساۋاتسىز بىگۇمان.
ئۇردىمىز دېھقانچىلىقنى ئەتىۋار بىلگەچ بۇ چاغ،
تاڭ سەھەر ئېتىز بېشىدا كۆرۈنەر سۈرەم، ساپان.

① لىڭجۇ — ھازىر نىڭشادىكى لىڭۋۇ ناھىيىسى

### خىشى دىيارىدىكى نەزمە

تۇرىدۇ تىلمەن تىغى ئاستىدا خىشى مەۋج ئۇرۇپ،
يىشى ئون سەككىزدە قىزلار چىچىنى ئالغاي تۇرۇپ.
لالىدەك كۆركەم ئىگىنلەر يالتىرار گويا شەپەق،
جۇپ تاپار بۇددىست يىگىتلەر كەينىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ.
يول ئالار غەربىي دىياغا تۆگىگە دۇردۇن بىسىپ،
قايتىشار بايلىقتا ھەتتا تاقىغا زەر چەكتۈرۈپ.
ئالدىغا مومدىنمۇ ئاپئاق قوي يىغىنى قويۇشۇپ،
ئىچىشەر مەيزاپنى ئۇندا كاسىنى لىق تولدۇرۇپ.

### ئىران سودىگىرى

سودىگەر ئىرانلىقلار دەشتى-چۆللۈكتىن كىلەر،
تۇندە كولدۇرما ئۈنى يول يىراقىن ئەسلىتەر.
قاراقاش دەريا لىۋىدىن ئىپ كىلەر تاشنى تىرىپ،
شەرق ئىلىدە ئۇنى كەندىر ھەم يىپەككە تىگىشەر.

### شىدۇيىنخاڭنىڭ «خالتا قۇم دىۋانى»①غا مەدھىيە

ئاشۇ خالتا قۇمدا زادى قانچە ئالتۇن بار دىسەم،
ھەممىسى ئالتۇن بولۇپ چاقنايتتى كۆزۈمنى بۇ دەم.
سىز قەدىمدىن زەر بىلەن بوپسىز ئۇدا مەشغۇل مانا،
قىسقا-قىسقا نەزمىلەر قىممەت ئىكەن زەردىنمۇ ھەم.

بەزىسى جەڭچىگە تولغان قەھرىتان جەڭگاھ، يەنە
بەزىسىدە يۈز ئاچار پەدەزدە كۈلگەن قىز-سەنەم.

---

① شىن ۋىنخاڭ — غەربىي دىيارلىق شائىر، «خالتا قۇم» دىۋانىنىڭ ئاپتورى.

باشقا ئاق چۈشكۈنچە دىلدىن يازدىڭىز شۇنچە شېئىر،
ئەزمىڭىزدە ئاشۇ يىن جەن بىرلە خى سۇك① بوپتۇ جەم.

### چىڭيالىڭدا②

بىدىلەر كۆكلەر باھار، ئاتلارمۇ سەمرىيدۇ بۇ ئان.
بۇ ئۈچىنچى ئاي چېغى تاللار ھۆسىن قۇچقاي ھامان.
بۇ سەپەر ئۆتسەم بۇ يەردىن، چۆللىسىرەپ قاپتۇ راۋاق،
لەۋھىگە سالسام نەزەر، ئۈچتى ياۋا قۇشلار شۇئان.

### سەي ۋېنجى رەسىمىگە③

غۇز دىيارىدا بەئەينى خەن يېرىدەك ئاي تولار،
ئەجدىھا قۇملۇقتا④ سۇ مۇڭ تارىسىدەك ئاڭلىنار.
ئەگەر بوز ئۆيدە يېتىپ ۋېنجى كۆرۈپتۇ چۈش بۇ دەم،
قاي باھار ئۆز ئەينىكى ئالدىدا ئۇ پەرداز قىلار.

### ۋاڭ جاۋ جۈن⑤

مەپىلىك يۈز ھارۋا ماڭدى تەڭرىقۇت دىيارىغا،
يوق ئورۇن رەسسامغا پارا بەرمىگەنلىك زارىغا.

---

① ھەر ئىككىسى جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى مەشھۇر، ئۇسلۇبداش شائىرلار.
② چىڭيالىڭ — گەنسۇدىكى بىر ناھىيە.
③ سەي ۋېنجى — شەرقىي خەن دەۋرىدە ھونغا ياتلىق قىلىنغان شائىرە.
④ ئەجدىھا قۇملۇق — ئەسلى كۆمۈش، توقسۇن، لوپنۇر ئارىسىدىكى ئىلانلىق دەشت بولۇپ، كۆچۈرۈپ ئىشلىتىلگەن.
⑤ غەربىي خەن دەۋرىدە ھونغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە، ئۇ رەسسامغا پارا بېرىپ رەسىمىنى چىرايلىق سىزدۇرۇپ، خەن يۈەندىگە لايىق تېپىلمىغانلىقىغا زارلانمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

ئوخشىدىم تاغ قىزىغا قىسىپ قۇلاققا گۈل چىمەن،
يان تەرەپتە بار ئىدى بىر ئائىلە دېھقان يانا.

### ئانىشى سادۇل ھەزرەتكە①

ئايدا ئۈچ مىڭ تۈپ ئاشۇ گويىشۇ دەرىخى بار ئىمىش،
ھەممىسىنى شۇ گۈزەل چاڭ يې ئۆزى تىككەن ئىمىش.
كىممۇ ئۇندىن بىرسىنى ئۈزۈپ تىكەر بۇ ۋادىغا،
ئۇندىكى خىسلەت تومۇزنىڭ تەپتىسىزمۇ گۈل چېكىش.

### 7-§. نەي شەن

نەي شەن (乃贤)، ناشىن (纳新) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەخەللۇسى يىجى (易之)، ئايرىمچە تەخەللۇسى خىبىۋ. ۋەيشى (河朔外史) ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن. يۈەن دەۋرىدە قارلۇقلار خەنزۇچىغا «خىلو» (合鲁) دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا «ما» (马) دېگەن مەنىنى بېرەتتى، شۇڭا تارىخىي كىتابلاردا نەي شەن نەي يىجى (乃易之) گې يىجى (葛易之)، خىلۇ يىجى (合鲁易之)، قارلۇق نەي شەن (葛逻禄乃贤) نەي شەنىيىجى (乃贤易之) دەپ ئاتالغاندىن باشقا يەنە مايىجى (马易之) دەپمۇ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل خەنلىن ئاكادېمىيىسىگە تۈزگۈچىلىككە تونۇشتۇرۇلغان. شۇڭا ئۇنىڭ يەنە ماخەنلىن يىجى 马翰林易之

① بۇ يەردە ئۆزىدىن 21 ياش چوڭ شائىر سەيەۋللا نەزەردە تۇتۇلغان.

دېگەن ئىسمىمۇ بولغان.

«شىنجاڭ خەرىتىلىرى تەزكىرىسى» دە «ناشىن (نەي شەن)
غەربىي شىمالىدىكى گولولۇ — 郭罗路 (بۈگۈنكى تارباغاتاي) دا
تۇغۇلغان. «غەربىي ئەلنىڭ يەر ناملىرى» (西域地名) دا
«تارباغاتاي چىمىڭ دەۋرىدىكى تارباغاتاي ۋىلايىتى بولۇپ، ھا-
زىر قىسقارتىپ تاچىڭ ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن.
بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نەي شەننىڭ ئەسلى يۇرتى شىن-
جاڭنىڭ چۆچەك (تاچىڭ) ناھىيىسى. نەي شەننىڭ ئاتا-بوۋى-
لىرى چىڭگىزخان ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئەگىشىپ ئۇرۇش
قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ، نەنياڭ (بۈگۈنكى خې نەن
ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرى) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇڭا
نەي شەن نەنياڭ (南阳) نى ئىككىنچى يۇرتۇم دەپ قارىغاچ-
قا ئۆزىنى نەنياڭلىق ئۇرۇقلاردىن (南阳人氏) دەپ ئاتىغان.

نەي شەن دەسلەپتە جېجياڭ تەرەپلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ
كېيىنچە يىنشەن (بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھىرى
宁波) ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

نەي شەن بىر مەزگىل دۆڭخۇ كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى
بولۇپ، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ تۈزگۈچىلىكىگە تونۇشتۇرۇل-
غان، كېيىن ئەسكىرىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان، ئارمى-
يىدىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا يەن شەن-
لىنىڭ جېن يىداۋ (郑以道) نى ئۇستاز تۇتقان.

شېئىرىيەتنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن، ياش جەھەتتە چوڭايغان-
سېرى ھەسسىسى كۆپەيگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «نەقىشلەردەك
جەزىبىدار، ئاددىي-ساددا، يېقىملىق. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يېزى-
لىپ چىقىش بىلەنلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بەس-بەس بىلەن
ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىتىشىپ يۈرگەن». («يېڭى يۈەن تارىخى.
تەزكىرىلەر») نەي شەن ئۆز دەۋرىدىكى خەتتات خەن يۈيۈي

(韩与玉)، قەدىمكى ھۆسن خەتچى ۋاڭ زىلياڭ (王之涣) بىلەن بىرلىكتە «جاڭنەنلىك ئۈچ زات» (江南三绝) دەپ تەرىپلەنگەن.

يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئىچىدە نەي شەن يورۇق يۇلتۇز ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى رېئالىزملىق ۋە خەلقچىللىق جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىدىكى غەربىي ئەللىك مازۇچاڭ، سەيدۇللا، شۇئاڭفۇلاردىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالدىنقى ئېقىمدىكى خەنزۇ شائىرلىرىدىن ھېچقانداق قېلىشقۇچىلىك يېرى يوق ئىدى.

نەي شەن جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە.

نەي شەن گەرچە خەنلىن (ئاكادېمىيىسىنىڭ تۈزگۈچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما خىزمەت ۋاقتى بەك قىسقا بولغان، چۈنكى ئۇ «خاراكتېرىدىن ئەمەلدارلىقنى خالىمايدىغان» بەلكى «يىراقلارغا سەيلى-ساياھەت قىلىشقا ئىرادە قىلغان» ئىدى. ئۇ ئىككى قېتىم ئۇزۇن يوللۇق سەيلى-ساياھەت ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ جۇڭگونىڭ كۆپ يەرلىرىنى كەزگەن «سەرگەردان بولۇپ كۆپ يىل ياقا-يۇرتلاردا ئاچ-توق يۈرگەن» ئىدى.

سەپەر جەريانىدا شائىرنىڭ نەزەر دائىرىسى ئېچىلىپ، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئوردىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، ھۆكۈمرانلار سورۇنىنىڭ چىرىكلىكى، خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن بىرقەدەر چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولغان. شۇڭا بۇلار ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاھىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى بەلگىلىگەن. نەي شەننىڭ كۆپلىگەن ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ «دەريانىڭ شىمالىدىكى زىيارەتلەردىن كونا خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە جەم-

ئىمى 240 كۇپلېت شېئىر بار. ئۇنىڭ يەنە «ئالتۇن مۇنبەر»
(金台集) ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇنىڭدىن باشقا «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选) غا 145 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. نەي شەننىڭ شېئىرلىرى روشەن رېئاللىزملىق روھ ۋە قويۇق خەلقچىللىق خاھىشىغا ئىگە. ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، ئەينى چاغدىكى غەربىي ئەللىك شائىرلارنىڭ ئالدى ئىدى.

نەي شەننىڭ سەيلى-ساياھەتتىكى كۆرگەنلىرى، مەنسەپ تۇتۇش يولىدىن قايتىشى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ پىشىپ-يېتىلىشى ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتەك قايناق ھاياتى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ھاياتىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلدى. ئۇنىڭ «شىنشاڭلىق موماي» («新乡媪») دېگەن شېئىرىدا ئۇنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىك روھىي كەيپىياتى ۋە موھتاجلىق ئاستىدىكى دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

چېچى پاخماق شىنشاڭلىق موماي يۈرەر يالىڭاياق،
كەنت ئىچىدە ياشانغان ئۇ چاپىنى قۇراق.
كۈندۈزىدە ئوماچ ئىچىپ ئېتىزغا چاپسا،
تاڭ ئاتقۇچە يىپ ئېگىرەر غۇيۇلدىتىپ چاق.

بۆزنى سېتىپ چېرىك ھەققى① غەملەيدۇ بەزەن،
موپاك چۆرۈپ دان ئاقلايدۇ خانلىق ئۈچۈن ھەم.
كەلسە ئامبار چاپارمەنى ھەق ئېلىش ئۈچۈن،
بېرەلمىسەك، چاپان سېلىپ قامچا يەيدۇ تەن.

① چېرىك ھەققى — ئەسكىرىي سېلىق (ت)

بولدى ئۈچ ئاي ئىككى ئوغۇل قايتمىغانغىمۇ،
كۈندە غەم شۇ، ئاچ قورساقمۇ، توڭلىغانمىدۇ؟
ساراي ئىچرە ياغاچ توشار ئوغۇل تۇنجىسى،
ھاشارچى بوپ قاش سالاتتى ① كەنجى ئوغۇلمۇ.

ھۇشقىتىدۇ شۇۋرغان، پىلدىرلايدۇ شام،
چەكتى يەنە ئىشىكنى قەرز سۈيلەپ غوجام.
كۆپتە تالقان قالمىدى ھەم ياندا بىر يارماق،
قالدى پەقەت تەمىنلىگەن نەۋرە ـ كىچىك جان.

نەۋرىسىنى يېتىلەپ سەھەر ماڭدى شەھەرگە،
ئارىسىدىنىڭ باھاسىنى ئېيتتى بىچارە.
ئازابلاندى، بۇنى ئېيتىش ـ ئۆلمەكتىنمۇ تەس،
قەرز تۆلىمەك جاندىن زۆرۈر ئاڭا نە چارە؟

مارت ئېيىدا چوكانتالنىڭ ۋاقتىمۇ② كەلدى،
قەرز پۇل ئۈچۈن ئانىجاندا دەرمان قالمىدى.
تۇپراق بېشى ئوت چۆپلەرگە سەپتى سوغ ئاداپ③،
مىسكىن موماي ئاھۇ ـ زارى كۆكنى قاپلىدى.

سەن خەننۇي ئارزۇسىدىن بۇ مىسكىن يىراق،
ساندۇقىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇنىڭ يوق بىراق.

① دەرياغا قاش سېلىش ـــ ت.

② تۇپراق بېشىغا چىقىش ۋاقتى دېمەكچى ـــ ت.

③ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە تۇپراق بېشىغا چىققاندا، ئېسىل مەي، سەي، تاماق ئېلىپ بېرىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قويۇپ قويىدۇ. بۇ يەردە كەمبەغەل مومايىنىڭ تۇپراق بېشىغا سوغ ئاداپ (ئوماچ) ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كومۈش جامدا شاراپ ئىچەر ئىسىل زادىلەر،
سارايلاردا بەزمە پەيزى، ئۆچمەيدۇ چىراغ.

قولدا ئالتۇن بىلەيزۈك، باشتا زەر ئۈنچە،
يېشىل تونغا كەشتىلەنگەن قوشماق ئۆردەكلەر.
ھۆرى — غىلمان ئەدەپ بىلەن قايرىيدۇ پەردە،
تۆشەك ئالدى چوغدان، چاچار ئىپارلىق ھىدلەر.

شېئىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دېھقانىنىڭ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان كىرىمى ھۆكۈمەتنىڭ باج سېلىقىنى تۆلەشكە يەتمىگەنلىكى شۇ سەۋەبتىن تاياق-دەشنام يېگەنلىكى، تۇل موماينىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھاشارغا — سەيسىگە ئىشلەپ، ئايلاپ ئۆيىگە قايتالمىغانلىقى، ئاچلىق ۋە قەھرىتان سوغۇقنىڭ بىردەك ئازابلىغانلىقى، قەرز تۆلەش ئۈچۈن نەۋرىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىنكى قىسمىدا بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ رەڭمۇرەڭ بىمەنە تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلىدۇ. نەي شەنىنىڭ «شىنشاڭلىق موماي» ناملىق شېئىرى رېئالىزملىق روھقا ۋە باي خەلقچىللىق ئىلغار خاھىشقا ئىگە ئەسەر، ئۇ ئەينى چاغدىلا كەڭ ماختالغان ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

نەي شەنىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «يېڭى قاش غەزىلى»، «يۈفى قەبرىسىگە زىيارەت»، «قورۇل ئۆستىدىكى نەغمە» قاتارلىقلار بار. «يېڭى قاش غەزىلى» دە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇاڭخې دەرياسى تاشقىنىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن ھەم خۇاڭخېنى تىزگىنلەشنى سۇيىئىستېمال قىلىپ خەلقنى ئەزگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىل-

غان خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ زوراۋانلىقى قاتتىق قامچىلانغان. ئەنە شۇ ئاپەتنى سۈيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزۈشتەك زۇلمەتلىك رېئاللىقنى پاش قىلىش بىلەن بىللە، شائىر خۇاڭخې ۋادىسىدا كەلكۈن يامراپ تۇرىدىغان رايونلاردىكى خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. شائىر «يۆفى① قەبرىسىگە زىيارەت» ناملىق شېئىرىدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي قەھرىمانى يۆفىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ ھەم تەسلىم بولۇش تەرەپدارى چىڭ گۈينىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلمىشلىرىنى قامچىلايدۇ.

شائىر جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كىچىك ××× ئوردىسىدىكى «قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ ياتقۇچىلار②» غا ئاچچىق مەسخىرىلىك كىنايە قىلىپ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «قورۇل ئۈستىدىكى نەغمە» دېگەن شېئىردا مىللىي ئالاھىدىلىككە باي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە چېگرا مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا چېگرىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭلىكى، مەردانىلىقى ۋە مەغرۇر، باتۇر، ئەمگەكچانلىقى، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شېئىرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كونكرېت ۋە تەسىرلىك بولۇپ جانلىق يېزىلغان. نەي شەننىڭ شېئىرلىرى تارىختىن بېرى يۇقىرى ئابرويغا ۋە ياخشى باھاغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

نەي شەن شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇستا رەسسام ئىدى، ئۇنىڭ «يىن دەرياسى بىلەن خوشلىشىش سۈرىتى» («鄞江送别图» يىنمىڭنىڭ تاغ-دەريالىرى رەسمى

① يۆفى — سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مىللىي قەھرىمان — ت.

② فېئودال خاندانلىقلار زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، قالغان قىسمىغا شۈكرى قىلىپ ياتقۇچىلار — ت.

(« 元游卷 ») يىراقـقا سەپەر خـاتىرىسى («四明山水图») قاتارلىق تاغ مەنزىرىسىگە ئائىت رەسىملىرى كەڭ تارقالغان.
لەي شەن ئۆز يۇرتى چۆچەك ناھىيىسىگە ناھايىتى تەلپۈنگەن.

## 8-§. گاۋكېگۇڭ

گاۋكېگۇڭ (高克恭 1248 — 1310) يەنە بىر ئىسمى يەنجىڭ (彦敬)، تەخەللۇسى فاڭشەن (房山) بولۇپ، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە رەسسامى. ئۇنىڭ بوۋىلىرى شىنجاڭدىن شەنشىنىڭ داتۇڭ دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بوۋىسىنىڭ ئىسمى گاۋ يۈداۋ (高乐道)، دادىسىنىڭ ئىسمى خېڭ (亨)، يەنە بىر ئىسمى جىيافۇ (嘉甫) ئىدى، جىيافۇ نومشۇناسلىق (经学) ئىلمىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئەينى چاغدا شۆھرەت قازانغان ھەم قۇبلەيخاننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. كېيىن ئۇ خانبالىق (بېيجىڭ) نىڭ فاڭشەن دېگەن يېرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. گاۋكېگۇڭ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. گاۋكېگۇڭ ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ كىچىكىدىن دادىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى ئالغان. 27 يېشىدىن باشلاپ ئەمەل تۇتۇشقا باشلىغان ھەم بۇ خىزمەتنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن.

گاۋكېگۇڭ رەسساملىق سەنئىتى جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەندىن باشقا، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ «فاڭشەن توپلىمى» («房山集») دېگەن شېئىرىي دىۋانى بار. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» («元诗选») دېگەن مەجمۇئەگە 20 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

گاۋكېگۇڭ شېئىرلىرى يۈەن دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى مەلۇم
تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ياخشى ئەسەرلەردۇر.

## 8-. شيې يۈيلى

شيې يۈيلى (偰玉立) نىڭ يەنە بىر ئىسمى شى يۈي
(世玉) بولۇپ، شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. «يۈەن
ئەزىمىلىرىدىن تاللانما. شيې يۈيلى توپلىمى» دېگەن كىتابىنىڭ
مۇقەددىمىسىدە «ئۇنىڭ بوۋىسى ئۇيغۇر (回纥人) ئىدى، ئۇي-
غۇرلار قوچۇدىن بولۇپ، قوچۇلۇقلار ئۇيغۇر (回鹘) لاردۇر.» دې-
يىلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى قوچۇدىكى شېنيەن ① دېگەن
دەريانىڭ بويىدا بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ دەريا نامىنىڭ بىرىنچى سۆزى
شيې (偰) نى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلغان. شيې يۈيلىنىڭ بوۋى-
سى قارا بۇقا ئىچكىرىدە چوڭ ئەمەللەرنى تۇتقان.

شيې يۈيلى كىچىكىدىن كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى.
ئۇ 1318-يىلدىن باشلاپ ئىلمىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرنى
ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا كۆپ جايلارنى كېزىپ چىققان ھەم شۇ
يەرلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، خەلق ھېكمەتلىرىنى، شېئىر
ئەزىمىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كى-
تاب يېزىپ چىقىشنى پىلانلىغان. ئۇ چۈەنجۇ (泉州) مەھكى-
مىسىدە دارۇغاچلىق② قىلىپ تۇرغان مەزگىللىرىدە شۇ يەر-
دىكى زىيالىيلارنى تەكلىپ قىلىپ «سۈزۈك بۇلاق (چىڭ چۈەن)
تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» («清泉续志») دېگەن 20 جىلدلىق
كىتابنى يېزىپ چىققان. شيې يۈيلىنىڭ «شىيۈي توپلىمى» («世玉
集») دېگەن ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ

① بۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بىر دەريانىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولسا كېرەك.
② دارۇغاچ — ئەمەل نامى.

شېئىرىدىكى جۈملىلەر نەپىس، چىرايلىق، كارتىنىلار ھەقىقىي جەزىبىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ تارىخىي ھېكمەتلىك جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە، ئامراق ئىدى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ كىشىلەرنى ھاياجانغا كەلتۈرىدۇ.

شى يۈيلىنىڭ ئىنىسى شى جىدۇ (偰哲笃) نىڭ ئۈچ كۆپ-لېت شېئىرىمۇ «شى يۈي توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

(1) موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى قايسى دەۋردىن باشلانغان. بۇ خىل مۇناسىۋەت قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى؟

(2) تاتاتۇڭانىڭ تۆھپىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار.

(3) چوسگخودزېر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭلار؟

(4) چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا كۆرسەتكەن مەدەنىيەت تەسىرىنى قايسى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە بولىدۇ؟

(5) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ تۆھپىسى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

(6) «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» قانداق ئەسەر؟ قىسقىچە تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

(7) جانىبەگ كىم؟

(8) «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» قانداق ئەسەر؟ قەيەرگە ئورنىتىلغان؟ ئۇنىڭدا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟

ھازىر قەيەردە؟

(9) قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى نېمە ئۈچۈن خەنزۇ رايونلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن؟ سەۋەبىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

(10) سەۋىنچ قىيا ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭلار؟

(11) سەۋىنچ قىيا ئەدەبىياتىنىڭ قانداق تۈر ۋە ژانىرلىرىدا ئەسەر يازغان؟

(12) سەۋىنچ قىيانىڭ جۇڭگو دراماتۇرگىيىسىگە قانداق تۆھپە قوشقانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

(13) سەيدۇللانىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار.

(14) سەيدۇللا شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى قانداق؟

(15) سەيدۇللا شېئىرلىرىنىڭ قانداق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

(16) سەيدۇللانىڭ «مىنگۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندە» دېگەن شېئىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار.

(17) سەيدۇللانىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى قايسى تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرەلەيسىلەر؟

(18) شۈئاگفۇ ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭلار؟

(19) شۈئاگفۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن؟

(20) مازۇچاڭ قانداق ئادەم؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلغان؟

(21) مازۇچاڭنىڭ ئەسەرلىرىدە قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن؟

(22) نەي شەن يەنە قانداق ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ؟

(23) نەي شەننىڭ ئەسلى يۇرتى قەيەر؟ نېمە ئۈچۈن

خەنزۇ رايونىغا كۆچۈپ كەتكەن؟ قەيەرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان؟

(24) نەي شەئىنىڭ «ئالتۇن مۇنبەر توپلىمى» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار.

(25) نەي شەئىنىڭ «شىنشاڭلىق مۇماي» دېگەن شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭلار.

(26) گاۋكېگۇڭ توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلمۇالدىڭلار؟

(27) شيې يۈيلى نېمىلەرنى قىلغان ئادەم، بىلگەنلىرىڭ-لارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

(28) يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان؟

(29) يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي ئە-سەرلىرىدە تېما ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدە قان-داق سەۋەب بار ئىدى؟

(30) يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن ئىجادى-يەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تا-رىخىغا كىرگۈزۈپ سۆزلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟

(31) يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تە-رەققىي قىلغانلىقىنى قايسى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ؟

(32) «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىس-قىچە بايان» دېگەن تېمىدا بىر پارچە كىچىك ماقالە يېزىپ كېلىڭلار.

# ئىككىنچى قىسىم

# تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى



## I• باب. ئوتتۇرا ئەسىر ئاخىرىدىكى ئاسىيا

### 1 - §. چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

XI ئەسىردە ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇر-
مۇش كەچۈرىدىغان موڭغۇللار ھاياتىدا ئورۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى
يىمىرىلىشكە باشلاپ، سىنىپىي تەبىقىلىنىش جەريانى تېزلەشتى.
پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدە-
نىي ھاياتىدا ئەڭ قالاق ھېسابلانغان موڭغۇل ئورۇق ۋە قەبى-
لىلىرى ئىچىدە فېئودال مۇناسىۋەتلىرى ۋە سىنىپىي كۈرەشلەر-
نىڭ ئۆسۈشى بىلەن بىر قاتاردا ھەربىي فېئودال دۆلەت پەيـ-
دا بولۇشقا باشلىدى. موڭغۇل جەمئىيىتى بېشىدا قۇدرەتلىك
كۆچمە ئورۇق ئاقسۆڭەكلىرى تۇراتتى. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە
ئۆزئارا كۈرەشلەر بولاتتى.

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مانا شۇ كۈرەشلەردە چىڭگىزخان
غالىب چىقتى. ئۇ 1204 - 1205 - يىللىرى موڭغۇل ئورۇقلىرى-
نى بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

چىڭگىزخان رەھبەرلىكىدىكى بۇ كەلگۈسى موڭغۇل ئىمپېر-
ىيىسى شەرقتىن غەربكە قاراپ خۇددى كەلكۈندەك ئېقىپ
ھازىرقى پۈتكۈل تارىم، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-
نى باستى. يەنىمۇ كېڭىيىپ، 1206 - يىلدىن ھېسابلىغاندا،
20 يىل ئىچىدە دېڭىزدەك ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئۈچ باراۋەر
چوڭايدى. شەرقتە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا جۇر-

جىنلار (جىن)سۇلالىسى موڭغۇل دالاسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. غەربتە كاسپىي دېڭىزى شىمالىي ۋە غەربتىكى قىپچاق دالاسى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىند دەرياسى غەربى، غەزنە شەھىرى شەرقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە شەرقتىكى ئىران ئېگىزلىكى موڭغۇللارغا قارام بولدى.

چىڭگىزخان ئۆزى ئېگىلىگەن بۇ كەڭ رايوننى ئوغۇللىرى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئۇيغۇر رايونلىرىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلار چاغاتايغا بېرىلدى؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقتىن، ئۇ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى ساقلاپ قالدى.

XII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئوغۇللىرىنىڭ، ئەۋلادلىرى ھەممىسى دېگۈدەك تارىخ سەھنىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر مەلۇم مەزگىل مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

چوڭ ئوغلى جوجى خاننىڭ ئوغلى باتۇ ياۋروپاغا بولغان ھەربىي يۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى قۇردى؛ ئىككىنچى ئوغلى ئۆگدەي چوڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ سەردارى بولدى؛ تۆتىنچى ئوغلى تولۇي بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مۆڭكې، قۇبىلاي، ھولاكۇ، ئارىق بۇقالار ئىدى. ئىران ئېگىزلىكىدە ئېلخانلار دۆلىتىنى مانا شۇ تولۇينىڭ ئەۋلادلىرى قۇردى.

چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بېرىلگەن تارىم ئويمانلىقى، جەنۇبىي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرەئۇننەھىر، ئامۇ

دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار① چىڭگىز ئىمپېرىيىسى ئىچىدە ئەڭ باي رايونلار ئىدى. چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى XIV ئەسىرگە كەلگەندە، مانا شۇ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردا ئاساسىي كۈچكە ئايلىنىپ چاغاتاي خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ چېگرىسى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ماۋارەئۇننەھر رايونلىرى، ھەتتا ئىران ئېگىزلىكىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەردە دېھقانچىلىق مىلادىدىن ئىلگىرى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن باشلانغانىدى. ئۇ ئاسىيا، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش لىنيىسى ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، يىپەك يولى مانا شۇ رايونلاردىن ئۆتەتتى. شۇڭا بۇ جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخ ۋە كەڭ مىقياسقا ئىگە ئىدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ يەرلەرنىڭ باي ۋە غايەت زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن. ئارىق بۇقا قالايمىقانچىلىقى ئىمپېرىيە قورغىنىنى بۇزۇپ تاشلىدى، قايدۇ قالايمىقانچىلىقى بولسا، ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ، تارىم ئويمانلىقى جەنۇبىدىكى رايونلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن دۇۋا قايدۇنىڭ قۇبلاي بىلەن بولغان تەخت تالىشىش كۈرىشىنى قوللاپ، قايدۇ بايرىقى ئاستىدا، قۇبلاي باشچىلىقىدىكى تولۇي ئەۋلادلىرى بىلەن قارشىلاشتى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يۈەن سۇلالىسى ھەربىي كۈچلىرىنى تارمار قىلىش جەريانىدا دۇۋا چوڭ رول ئوينىدى. 1275 - يىلى 120 مىڭ چوڭ قوشۇن بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى قاراخوجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان مانا شۇ

① جۇۋەينى: «تارىخىي جاھان گۇشەي»، 1 - كىتاب.

دۇۋا ئىدى.①
بۇ مەزگىلدە قۇبلايغا قارشى كۈرەش ئۆگدەي — چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بىرلەشمە كۈرىشىگە ئايلانغانىدى.
تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قۇبلايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەش كۆزلەنگەن مەقسەتكە ئېرىشەلمىدى. قۇبلاي ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە بىرلىككە كەلگەن يۈەن سۇلالىسىنى بەرپا قىلدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئىمپېرىيىنىڭ بۆلۈنۈشىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان چوڭ پاكىت ئىدى. قايدۇ چوڭ خانلىق ئورنىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەسلىدىكى ئۆگدەي-چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال يېرى دائىرىسىدە خانلىق تەسىس قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى.
1301 - يىلى قايدۇ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى جەپەرخان بىلەن دۇۋا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ، 1304 - يىلى دۇۋا جەپەرخاننى تارمار كەلتۈردى. شۇ غەلىبە نەتىجىسىدە دۇۋا قايدۇ دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇۋا ئۆزىنىڭ ئەجدادى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال يېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆگدەينىڭ سۇيۇرغال يېرىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالدى، ھەتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلاردىن سىقىپ چىقاردى، ئەسلىدىكى قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى قارىمىقىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىمۇ قولغا كىرگۈزدى ۋە ئۇ يەرلەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. كېيىن بۇ رەسمىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى.
چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرىسى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 - جىلد.

دىكى ئەڭ مۇھىم دېھقانچىلىق رايونلىرى، مەسىلەن، تارىم ئويـ
مانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋارەئۇننـ
ئەھىر رايونى بوستانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭ بىلـ
لەن بىرلىكتە، ئۇ يەنە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ
دالا، مەسىلەن، يارىش يازىقى (كېيىنكى تۇرپان تۇڭغۇت، ھا-
زىرقى جۇڭغار ئويمانلىقى)، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇ-
بى ھەممە يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1306 - يىلى دۇۋا ئۆلدى. ئورنىغا تالىقۇ خان بولدى.
بىر قىتىملىق زىياپەتتە دۇۋانىڭ كىچىك ئوغلى كەبەك تالىقۇنى
ئۆلتۈرۈپ خانلىقنى تارتىۋالدى. ئادەت قائىدىسى بويىچە دۇۋا-
نىڭ چوڭ ئوغلى ئىسەنبۇقا تەخت ۋارىسى بولۇشى كېرەك ئى-
دى. مانا شۇ قائىدىنىڭ تەسىر كۈچىدىن بولسا كېرەك، ئۇزۇن
ئۆتمەي ئېسەن بۇقا خانلىق تەختىگە چىقىرىلدى①. كەبەك
تەختكە قانداق تېز ئىگە بولغان بولسا، تەختتىن شۇنداق تېز
ئايرىلىپ قالدى. بۇمۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي جەھەتتە
پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

XII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن، ئۆگدەي بىلەن
چاغاتاي ئەۋلادلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆچمە چارۋىچى-
لىق تۇرمۇشىدا ياشىدى. تولىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھىلاكۇ ئىران
ئېگىزلىكىدە، قۇبلاي خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ ۋادىلىرىدا دېھقانچى-
لىق رايونلىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش شەكلى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىدا بىر قاتار ئۆزگىرىش-
لەر يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇبلاي چاڭجياڭ ۋادىسىنىڭ
شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۆگدەي - چاغاتاي
ئەۋلادلىرىنىڭ بىرلەشمە كۈچىنى تارمار كەلتۈردى. قازان خان

① پازىل ئابدۇللا: «ۋاسافنامە».

ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىلىخانلار خانلىقى بولسا چاغاتاي قوشۇنلىرىنى خۇراساندىن قوغلاپ چىقاردى. بۇلا ئەمەس ئىلىخان خانلىقى يەنە شىمالدا ئارمېنىيە ۋە گرۇزىيىنى قايتا بويسۇندۇردى؛ غەربتە مىسىر قاتارلىق جايلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇش قىلدى.

يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئىلىخانلار دۆلىتىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغاندىلا ھەربىي كۈچ - قۇدرەتنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، بۇ ھال چاغاتاي خانلىقى ئىچىدە سىياسىي جەھەتتە بۆلۈنۈش ئامىللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تەختكە تېزلا ئىگە بولۇپ ۋە تېزلا ئايرىلىپ قالغان كېبەك پايتەختنى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچۈرۈش تەشەببۇسىنى قوللاپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، XIV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى، چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى يەتتىسۇدىن ماۋارەئۇننەھرگە يۆتكەپ، ھازىرقى قارشى شەھىرىدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى تەسىس قىلدى. بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە قارشى تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار خانلىق مەركىزىنىڭ ئۆزلىرىدىن يىراق بولۇپ قالغانلىقىغا؛ بۇنىڭدىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق رايونىدىكى فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا بولۇپ قېلىشىغا قارشى ئىدى.

بۇ ئەھۋاللارمۇ خانلىقنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىسەن بۇقاخاننىڭ پايتەختنى ئالمىلىققا (ھازىرقى شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىگە) يۆتكەشنى قوللىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسەن بۇقاخان ۋە

كەبەك باشچىلىقىدا ئىككى چاغاتاي خانلىقى ۋۇجۇدقا كەلدى. كەبەك باشچىلىقىدىكى چاغاتاي خانلىقى غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى، ئىسەن بۇقاخان باشچىلىقىدىكى چاغاتاي خانلىقى بولسا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى.①

ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانىنىڭ قىسمەن رايونلىرى، شۇنىڭدەك ئافغانىستانىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار غەربىي چاغاتاي خانلىقى چېگرىسى ئىچىدە قالدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، سوۋېت يەتتە سۇ ۋادىسى، شۇنىڭدەك ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى رايونلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقى چېگرىسى تەۋەسىدە بولدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى «مۇغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالدى.

ئېسەن بۇقاخان پايتەختنى ئالمىلىققا يۆتكىگەندىن كېيىن، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلار يەنە داۋاملىق دوغلات جەمەتىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. چاغاتاي خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېسەن بۇقاخان غەربىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي خانلىقىغا سىياسىي جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسى چوڭ خانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇردى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ بۇ ئورنىنى ساقلاپ قالدى. كەبەكمۇ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئېسەن بۇقاخانىنىڭ ئورنىنى تونۇدى. 1340 - يىلى ئېسەن بۇقاخان ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈر (1347—1365) تەختكە چىقتى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىككى چوڭ ئىش قىلدى: بىرى، ماۋارەئۇننەھر بىلەن ئافغانىستانىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ يەنە بىرسى،

① سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇم تارىخى»، 37 - باب.

ئىسلام دىنىغا كىردى ۋە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

1363 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلدى. تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ۋەزىيەت بىرقەدەر تىنچ ھالەتتە تۇردى. ئۇدا نەچچە ئون يىللاپ ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبى مانا شۇ بىر مەزگىلدە چوڭ ئارامچىلىق ھالىتىدە تۇردى. بۇ — تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان ئىشلىرىنىڭ مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان تەرىپى.

تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس سەمەرقەنددىن قايتىپ كېلىپ ئالمىلىقتا تەختكە چىقتى. تۇغلۇق تۆمۈر بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغاتاي خانلىقى ئىلياس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەنە پارچىلاندى. چاغاتاي خانلىقىنى پارچىلىغۇچى ئاساسىي كۈچ ئاقساق تۆمۈر ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ھايات ۋاقتىدا تۆمۈر ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشالماي قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەمەرقەنددىن چىقىپ كەتكەن، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئەسكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دەل مانا شۇ ۋاقىتتا بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇنىڭ سول پۇتى زەخىملىنىپ ئاقساق بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاقساق تۆمۈر ياكى تۆمۈر لەڭ دەپ ئاتالغان ئىدى.

1370 - يىلى تۆمۈر بەلخ شەھىرىنى ھەربىي بازا قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان ئەمىر ھۆسەيىننى مەغلۇپ قىلدى. ھۆسەيىن ئۆلتۈرۈلدى. تۆمۈر پۈتكۈل ماۋارەئۈننەھر، شاش (تاشكەنت) ۋە فەرغانە ۋىلايەتلىرىدە ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قۇدرەتلىك ئارمىيە تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى.

ئۇ چىڭگىز ئەۋلادىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى خان
دەپ ئاتاشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەمىر دەپ ئېلان قىلدى ۋە
ئاتاقتا چىڭگىزلاردىن خان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن
ئەمەلىي ھوقۇق ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆز قولىدا بولدى.

تۆمۈر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىرىنچى يىلىلا ئوتتۇرا ئا-
سىيانىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىپ،
موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن يېرىم خارابىغا ئايلانغان بۇ شە-
ھەردە ئوردا ۋە ئەتراپىغا قورغان، دەرۋازىلارنى سالدۇردى ۋە
ئۇنى ھەرقانداق ئىسيانلارغا قارشى مۇستەھكەم قەلئەگە
ئايلاندۇردى.

بۇ دەۋردە ماۋارەئۈننەھردە ۋۇجۇدقا كەلگەن تۆمۈر
دۆلىتىنىڭ شىمالىدا ۋە غەربىي شىمالىدا، شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆ-
زاق ياشىغان ئالتۇن ئوردا دۆلىتى ۋە XIV ئەسىرنىڭ 60-يىل-
لىرى بۇ دۆلەتتىن مۇستەقىل ھالدا ئايرىلىپ چىققان خارەزىم
دۆلىتى بار ئىدى. ئالتۇن ئوردا دۆلىتى تۆمۈرنىڭ ياش دۆلى-
تى ئۈچۈن چوڭ خەۋپ ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈر ئاۋۋال
خارەزىمنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش خىيالىغا كەلدى ۋە 1372-يى-
لى خارەزىمگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمى-
دى. كېيىن ئارقا-ئارقىدىن بەش قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ناھا-
يەت 1388-يىلى خارەزىمنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشقا مۇۋاپپەق
بولدى.

تۆمۈرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى فېئودال تارقاقلىققا ۋە فېئو-
داللارنىڭ خەلق خوجىلىقىنى يېمىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋات-
قان ئۆزئارا نىزالىرىغا كەسكىن زەربە بېرىشى، سىر دەريا ۋا-
دىسىدىن باشلاپ، ئارال دېڭىزىغا يېقىن تېررىتورىيىنى ۋە بۇ
تېررىتورىيىدە ياشىغۇچى خەلقنى بىر مەركەز ئاستىغا بىرلەشتۈ-
رۈشى ئىلغار ھەرىكەت ئىدى. لېكىن تۆمۈرنىڭ ھەرىكىتى بۇ-

نىڭ بىلەن چەكلەنمىدى، ئۇ تېز ئارىدا باشقا قوشنا دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاھانغا ھۆكۈمران بولۇشنى مەقسەت قىلدى. تۆمۈر ھەرىكىتىدىكى بۇ ئىككى قارىمۇقارشى مەقسەت توغرىسىدا ك. ماركس: «تۆمۈر ئۆز خانلىقىغا دۆلەت تۈزۈمى ئورناتتى ۋە قانۇنلار چىقاردى، بۇلار ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن تاتار باسقۇنچىلىرى ئېلىپ بارغان يىرتقۇچلۇقلار ۋە ۋەھشىيانە خارابىلىقلارغا قارىمۇقارشى ئىدى»① دەپ يازىدۇ.

تۆمۈرنىڭ ئالتۇن ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆز دۆلىتىگە شىمالىي غەرب تەرەپتىن خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇرغان ئالتۇن ئوردىنى زەئىپلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ئۆز تەسىرى ئاستىدىكى خانلىقلارغا بېقىندۇرۇپ بېرىش ئىدى. بۇ ۋاقىتتا جۇجى ئۇلۇسى ئىككى قىسىمغا — ئالتۇن ئوردا ۋە ئاق ئوردىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك نىزالار داۋام قىلماقتا ئىدى.

ئاق ئوردا خانزادىلىرىدىن ئاق ئوردىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ياردەم سوراپ، تۆمۈر ئالدىغا كەلگەن توختامىشقا ئۇ ناھايىتى چوڭ ۋە جىددىي ياردەم بەردى. لېكىن توختامىش ئاق ئوردا ۋە كېيىنرەك ئالتۇن ئوردىنى قولىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، تۆمۈر كۈتكەندەك ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولماي، بەلكى تۆمۈرگە قارشى ئىش كۆرۈشكە باشلايدۇ. تۆمۈر 1389 — 1391 ۋە 1394 — 1395 - يىللىرى 200 مىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن توختامىشقا يۈرۈش قىلىدۇ. 1395 - يىلى شىمالىي كاۋكازدا تېرىك دەرياسى ۋادىسىدا ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم قاقشاتقۇچ

① «ماركس ۋە ئېنگېلس ئارخىپى»، رۇسچە 6 - توم، 1939 - يىل، 184 - بەت.

زەربە بەردى.

ئالتۇن ئوردا ۋە خارەزىم دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي بازىـ سىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ چوڭ سودا، ھۈنەرۋەنچىلىك ئەھمىيىتى بولغان شەھەرلەرنى ۋە سودا يولىنى خانىۋەيران قىلدى. 1381 - يىلى خۇراسان ئىستىلا قىلىنغاندىن كېيىن تۆمۈر ئىراننىڭ ئىچكىرى ۋىلايەتلىرىگە ئەسكەر تاشلىدى.

ئىران ئۈستىگە ئۈچ قېتىم (1386، 1392، 1399) يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئىستىلا قىلدى. تۆمۈر ئالتۇن ئوردا بىلەن كۆرەش قىلىپ ۋە ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ يۈرگەن دەۋرلەردە يەنە (1392 - يىلى) كاۋكازغا يۈرۈش قىلىپ، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە ۋە گرۇزىيىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قايتتى.

1398 - 1399 - يىللىرى شىمالىي ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ باش شەھىرى دېھلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 1402 - يىلى، ئەنقەرە يېنىدا بولغان 400 مىڭ ئەسكەر قاتناشقان مەشھۇر جەڭدە تۈركىيە سۇلتانى بايازىنى تارمار قىلدى. كېيىن 1404 - يىل ئاخىرىدا جۇڭگوغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، 1405 - يىل بېشىدا سىر دەريا بويىدىكى ئوترار شەھىرىدە ئۆلدى.

تۆمۈرنىڭ باسقۇنچىلىق ھۇجۇملىرى ئىستىلا قىلىنغان مەملىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرى بېشىغا كۆپ ئېغىر پالاكەت ۋە كۈلپەتلەرنى كەلتۈردى. ئىستىلا قىلىنغان مەملىكەتلەر خاراب قىلىندى، شەھەرلەر ۋە يېزا - قىشلاقلار يەر بىلەن يەكسان بولدى. ئاھالىلەر، بالا - چاقىلار، خوتۇن - قىزلار، قېرى - چۆرىلەر قىرىپ تاشلاندى. ئىسپىھان (خۇراسان) نى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ 2000 ئادەمنى تىرىك پېتىچە لاي ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇنارە تۇرغۇزدى. كىچىك ئاسىيادىكى سېۋاس شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسىر ئېلىنغان 4000 كى-

شىنى يەرگە تىرىك كۆمۈۋەتتى.

تۆمۈرنىڭ ئىستىبلا قىلىنغان مەملىكەتلەردە ئېلىپ بارغان زۇلمىغا قارشى كۆپ خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. لېكىن بۇ قوزغىلاڭلار قوراللىق كۈچ بىلەن شەپقەتسىز تۈردە باستۇرۇلدى. مەسىلەن، 1383 - يىلى، سەبزەۋار ۋە ھېرات شەھرىدە، 1387 - يىلى ئىسپاھاندا، 1401 - يىلى باغداتتا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ مانا شۇنداق باستۇرۇلغان.

تۆمۈرنىڭ ئوبرازى خەلقنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا يارىتىلىپ، ئۇنىڭ ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرى خەلق چۆچەكلىرىدە ئەسىرلەر بويى ئېيتىلىپ كەلدى. بۇ چۆچەكلەردىن بىرىدە تۆمۈرنىڭ ئەپەندىدىن «مەن ئۆلسەم، جايىم نەدە بولاركىن: جەننەتمۇ ياكى دوزاختىمۇ؟» دەپ سورىغانلىقى ۋە ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا «بىگۇناھ مۆمىنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېرىپ جەننەتنىمۇ تولدۇرۇپ بولدىڭىز، سىزگە جەننەتتە جاي قالمىغاندۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ.

تۆمۈر ئېمپېرىيىسى شىمالدا دەشت قىپچاق (قىپچاق دالاسى) چۆللىرىدىن باشلاپ، جەنۇبتا ئېران قولتۇقىغا قەدەر، شەرقتە ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىلىرىدىن باشلاپ، غەربتە جەنۇبىي كاۋكاز ۋە كىچىك ئاسىياغا قەدەر بولغان تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تۆمۈر ئاسىيانىڭ جەنۇبىي، غەربىي تەرەپلىرى، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، مىسىر ۋە شىمالىي غەربتە ۋولگا، دون ۋادىلىرى، قارا دېڭىز بويلىرىغا قەدەر، شىمالىي شەرقتە بالقاش كۆلى، ئىلى دەريا بويلىرى ھەمدە جەنۇبىي شەرقتە شىمالىي ھىندىستانغا قەدەر بولغان جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. تۆمۈر ئىستىبلا قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ پەقەت بايلىقىنىلا بۇلاپ - تالاپ ئېلىپ كەلمىدى، بەلكى ئىنتايىن كۆپ ھۈنەرۋەنلەر، ئارخىتېكتورلار، رەسساملار، ئالىملار ۋە باشقا كې-

رەكلىك كىشىلەرنى ئەسىر ئېلىپ ماۋارەئۇننەھرگە ئەۋەتتى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارچىلىقتا بۇلارنى زورلاپ ئىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر دەۋرىدە ماۋارەئۇننەھردە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كۆچەيدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرى خېلى ئۆستى ۋە تىكلەندى.

پايتەخت ئەتراپىدا يېڭى قىشلاقلار ۋۇجۇدقا كېلىپ، بۇلار شەرقنىڭ بۈيۈك شەھەرلىرى: دەمەشق، شىراز، مىسىر، باغداد نامى بىلەن ئاتالدى. ماۋارەئۇننەھر شەھەرلىرىدە، بولۇپمۇ سەمەرقەنتتە سودا ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك غايەت زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

ئىستىلا قىلىنغان مەملىكەتلەردىن مەجبۇرى ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك كەسىپ ۋە ھۈنەر ئەھلى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ كۆچىدىن تەڭ پايدىلىنىش شۈبھىسىز ماۋارەئۇننەھرنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئايرىم ساھەلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولدى.

تۆمۈر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند، شەھرىسەبز ۋە تۈركىستانغا ئوخشاش جايلاردا قۇرۇلغان كۆپلىگەن كۆركەم ۋە يىرىك بىنالار ئارخىتېكتورا تارىخىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

گەرچە تۆمۈر دەۋرىدە پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن جىددى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەدەبىيات بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىق مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانغاندى. بۇ دەۋر بەدىئىي ئەدەبىياتى تارىخىدا ھاپىز ۋە كامال خوجەندى مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ. تۆمۈر تارىخچىلىرىدىن ئىبنى ئاراباشاھنىڭ «ئاژۇيىبۇل-ماقدۇرفى ئاخبارى تۆمۈر» ناملىق ئەسىرى، نىزامىددىن شامىينىڭ «زەپەرنامەئى تۆمۈر»

نامىلىق ئەسىرى ۋە باشقىلار مۇھىم تارىخىي ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

1409 - يىلى سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرغان ئۇلۇغبەگ بۇۋىسى تۆمۈرگە ئەكس ھالدا قوشنا مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئۇيۇشتۇرمىدى. پەقەت ئۇلار تەرىپىدىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە ھەرىكەت قىلدى، پەقەت پەرغانە ھاكىمى ئەھمەدنىڭ تەۋەلىكتىن باش تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ 1414 - يىلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن باشلاپ ئۇنى قايتا بويسۇندۇردى.

ئۇلۇغبەگ دۆلىتى جەنۇبتا ئامۇ دەريا ۋادىسى، غەربتە بۇخارانىڭ غەربىدىكى قۇملار، شىمالدا سىر دەريا ۋادىسىدىكى سىغناق ۋە ئوترار شەھەرلىرى، شەرق ۋە شىمالىي شەرقتە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) بىلەن چېگرىلىناتتى.

تۆمۈر دۆلىتىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندتە مەملىكەتنىڭ ئالىملىرى، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇستىلار ۋە سەنئەت ئەربابلىرى توپلانغانىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تۆمۈر ئىستېلا قىلىنغان مەملىكەتلەردىن ناھايىتى كۆپ ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلىلىرىنى پايتەختكە مەجبۇرىي ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۇلۇغبەگ ياش ۋاقتىدا پەقەت سەمەرقەند شەھىرىدىلا تۇرماستىن ھېرات ۋە باشقا مەدەنىي شەھەرلەردىمۇ بولدى، ئۇ كۆپ يازغۇچى، ئالىملار بىلەن ئۇچراشتى، مەدەنىي مۇھىتتا تەربىيەلەندى. ئاتىسى شاھرۇھنىڭ كىتابخانىسى ۋە باشقا كىتابخانىلاردا ساقلانغان ئۆتكەن زامان ئالىملىرىنىڭ قىممەتباھا ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلاردىن پايدىلاندى. «ئۇلۇغبەگ

گرېك ئالىملىرى — ئافلاتون (پلاتون) ئارستوتېل، گىپپارىخ،
پتولېمېينىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن شۇبھىسىز تونۇش
ئىدى ۋە ئۆز ۋەتەنداشلىرى ئەل پەرغانى، فارابىي، ئابۇئەلى
ئىبنىسىنا ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەنىدى.①

ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە باشقا شەرق مەملىكەتلىرىدە بولغانغا
ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ سوفىزم كەڭ تارقالغانىدى ۋە
ئۇنىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرى بار ئىدى. ئايرىم ۋاقىتلاردا بۇ ئې-
قىملارنىڭ تەلىماتىدا قارىمۇ قارشىلىق كۆرۈلەتتى. XV ئەسىردە
ماۋارەئۇننەھر ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ۋىلايەتلەردە ئەكسىيەتچى
دەرۋىش يولى غايەت دەرىجىدە كۈچەيدى. دەرۋىشلەر تۆمۈر
دەۋرىدىمۇ بولدى، لېكىن تۆمۈرنىڭ ئالدىدا ئاكتىپ باش كۆتۈ-
رەلمىدى، چۈنكى تۆمۈر روھانىيلارغا قارىتا مەخسۇس سىيا-
سەت يۈرگۈزگەنىدى. لېكىن V ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن
باشلاپ ئەكسىيەتچى نەقشىبەندىلەر جەمئىيەتنى ئىجتىمائىي ۋە
مەدەنىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتىغا قارشى ئاكتىپ كۈرەش ئې-
لىپ باردى.

ئۇلۇغبەگ ماۋارەئۇننەھردە ئەكسىيەتچى دەرۋىش مۇ-
ھىتى ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان بىر دەۋردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،
پۈتكۈل ماۋارەئۇننەھرنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە تونۇلدى.

ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە تارىخشۇناسلىقمۇ
زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ دەۋرىدىن خېلى بۇرۇن،
يەنى XIV ئەسىردە ئايرىم ئورىگىنال ئەسەرلەر يارىتىلدى. جۈملىدىن
ئۇنىڭ دۆلىتىگە تەسىر بولغان رابغۇزىنىڭ 1310 - يىلى يې-

---

①پروفېسسور كورىنيوزوۋ «ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە مەكتىپى»
كىتابى، رۇسچە، 50 - بەت.

زىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا («ئەۋلىيالار ھەققىدە قىسسە»)
دىكەن ئەسىرى مەيدانغا كېلىپ بولغانىدى. ئەزەربەيجان ۋە
ئىراندا ئۆتكەن بىر قىسىم يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ بەزى ئە-
سەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى.

XIV ئەسىر ئاخىرى ۋە XV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، يەنى ئۇ-
لۇغبەگ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دۇنياۋى ئېقىم كۆچەي-
دى. بۇ ئېقىمنىڭ ئاتايى، سەككاكى ۋە لۇتفى قاتارلىق ۋە-
كىللىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئىشق ۋە مۇھەببەتنى كۈي-
لەش ۋاستىسى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيانىڭ لەززەت ۋە ھالاۋى-
تىدىن ۋاز كېچىشنى تەرغىپ قىلغۇچى سوفىزم ۋە مىستىك
ئەدەبىياتقا قارىمۇقارشى ھالدا ئۆز ئەسەرلىرىدە ھاياتنى سۆ-
يۈش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى ئىپادىلىدى.

بۇ دەۋر ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىچىدە لۇتفى (1365—1464)
ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ناۋايىغا قەدەر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىدە لۇتفى
دەرىجىسىگە يېتىدىغان شائىر يوق ئىدى. لۇتفى ئوقۇمۇشلۇق،
بىلىمدان، كۆپ مەملىكەتلەرنى كۆرگەن، ھايات بىلەن ياخشى
تونۇشقان ۋە ئاددىي تۇرمۇش كۆچۈرگەن شائىر ئىدى. لۇتفى
بىزگە يېتىپ كەلگەن بىر چوڭ دىۋانىنىڭ ئاپتورىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر
تىلىدىلا ئەسەرلەر يېزىپ قالماستىن، بەلكى تاجىك تىلىدىمۇ
تاجىك شائىرلىرىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە قەسىدىلەر يازدى.
لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ غايىۋى تەرىپى ۋە بەدىئىيلىكى ئۇ دەۋر-
نىڭ باشقا دۇنياۋى تېمىلاردا يازىدىغان شائىرلىرىدىن خوپ
ئۈستۈن تۇرىدۇ. لۇتفى ئىجادىدا ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى سۆ-
يۈش، شەپقەت ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشنى تەرغىپ قىلىش، ئى-
لىم ۋە سەنئەتنى سۆيۈش قاتارلىق پىكىرلەر چوڭ ئورۇن ئال-
غان ئۇ زامانىنىڭ پېشقەدەم شائىرلىرىدىن بولۇپ، ساراي شائىرلىرى-
دەك ساراينىڭ كىردىكارلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۇنى ماخ-

تاش بىلەن كۆن كۆچۈرگەن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆز زامانىغا نىسبەتەن كۆپ ئىلغار غايىلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن دۇنياۋى ئېقىمنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن نامايەندىلىرى، شۇ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ لۇتفىغا ئوخشاش كلاسسىك ۋەكىلىنىڭ ئىجادىي مەلۇم مەسىلىلەر بىلەن چېكىرلىنىپ، چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. بۇنداق مەسىلىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچتا ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇنىڭدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى، مۇتەپەككۇر نەۋائىي چوڭ رول ئوينىدى. ناۋائىدىن ئىلگىرىكى يازما ئەدەبىياتتا ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئەمگەكچىلەرنىڭ تەلەپلىرى، ئۇلارنىڭ ھاكىم سىنىپقا قارشى كۈرىشى قاتارلىق تېمىلار يوق ئىدى. بۇ تېما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخى داۋامىدا، جۈملىدىن شۇ دەۋردىمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلدى، كېيىنرەك نەۋائىغا ئوخشاش شائىرلار يازما ئەدەبىياتتا خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ تېمىلاردىن كەڭ پايدىلاندى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساۋاتسىز ئەمگەكچى ئامما داستانلار، لەتىپىلەر، چۆچەكلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر ياراتقان. بۇلاردا خەلق ئۆز ئىستەك ۋە تىلەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئۇلۇغبەگ ئەدەبىياتنى، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ نامايەندىلىرىنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان. لۇتفى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۇلۇغبەگ خان بىلۇر لۇتفى كامالىن،
كى رەڭگىن شېئىرى سالماقتىن قالىشماس.

844 يىلى، موڭغۇل دالىسىدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ۋە

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (北史) دا تېلې (铁勒) لارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تېلېلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلار كاسپىي دېڭىزىدىن تارتىپ تاغ - جىلغىلارنى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئاخىرى ئۈزۈلمەيدۇ... ئىبۇرغولنىڭ غەربى، قارا شەھەرنىڭ شىمالىدا، تەڭرى تاغلىرى (ئاق تاغ)دا چىبىنىي (契弊) لار، مولو (薄落)، چىگىل (职乙咥)، سۇپو (苏婆)، ناغ (那曷)، ئۇغۇز (乌护)، قىرغىز (纥骨)، يېمەك (也咥)، ئىنغۇر (于尼护) لار بار... ئالتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىبىر - تاردۇش (薛延陀)، جالايىر (咥勒儿)، سىپان (十槃)، داچ (达契) قاتارلىقلار بار...سەمەرقەندنىڭ شىمالىي ۋە ئىدىل بويىدا ئادىز (河咥)، قاسار (曷萨)، بۇلغار (拔忽)، پىنچىنەك (比千)، ئۆيقاي (具海)، كەبىش (曷比悉)، خىچاد (何嵯苏—向娑)، بايىرقۇ (拔也末)، گىرتا (渴达) قاتارلىقلار بار...كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدە سارۇغۇر (苏路羯)، ساكسىن ياغما (咽蔑).(三索)، سولۇنغۇ (促萨忽) قاتارلىقلار بار...» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى قەبىلىلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەردىن ئوغۇز چىبىنىي، سىبىر - تاردۇش قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاللىقاچان پەيدا بولغان ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ساكسىن، ياغما، قاسار قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، 844 - يىلى موڭغۇل دالىسىدىكى ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداش ئۇرۇقلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تارقىلىپ ياشايتتى.

تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى موڭغۇل دالىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلدى، بۇ چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەش بولماستىن،

بەلكى ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا ئىدى. ئۇ
چاغلاردا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا باش-
تىن ـ ئاخىر مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر يۇقىرى خەلق
بولۇپ كەلگەنىدى. VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركەشلەر ئاشىنا
تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن،
ئەمەلىيەتتە غەربىي تۈركلەر نامى بار جىسمى يوق بولۇپ قالغان
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركەشلەر كۈچىيىپ، يەنە ئاجىزلىغان-
دىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا قارلۇقلار بىلەن ياغما① ـ ئۇيغۇرلار-
نىڭ رىقابەت مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. كۈرەشنىڭ نەتىجىسى-
دە ياغما① ـ ئۇيغۇرلار غەلىبە قىلدى. ئۇلار قارلۇق ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇردى. مانا شۇ جەرياندا، قار-
لۇقلار ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ ـ سىڭىپ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب
بولدى. ئۇيغۇرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادى-
كى ئاساسىي مىللەتكە ئايلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشىنى تېخىمۇ ئېنىق بايان
قىلىدىغان جۇڭگونىڭ بىر نەچچە ساياھەت خاتىرىلىرىدە ئىلى دەرياسى-
دىن غەربكە قاراپ ماڭسا، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بارىدۇ دېيىل-
گەن. جۇڭگولۇق ۋۇگۇسۇڭجوڭدۇەن 吾古孙仲端 (1220 - 1221)
ئۆزىنىڭ «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» (北使记) ناملىق ئەس-
رىدە: «يەنە بىر نەچچە مىڭ چاقىرىم ماڭسا، ئۇيغۇر ئىلى شەھىرىگە
يەنى ئۇيغۇر خانلىقى مەركىزىگە بارىدۇ... قاراقىتان ياللۇغ تا-
شىن مانا شۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە» دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان
«ئىلى شەھىرى» «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيىلىك مەلۇ-
مات. غەربىي شىمالدىكى يەرلەر توغرىسىدا قوشۇمچە خاتىرىلەر»
(元史 • 地理志 • 西北地附录) دېگەن كىتابتىكى ئىلبالىق بولۇپ،

① «خۇدۇدۇلئالەم» دە: ياغمىلار توققۇز ئوغۇز، قەۋمىدىن ياغما خانى توققۇز
ئوغۇز خانلىقى بىلەن بىر ئۇرۇق، دېيىلىدۇ.

«بۈيۈك مۇراسىمخەرىتىسى» «大典图»گە قارىغاندا، ئۇئالمىلىقنىڭ
غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.① مۇشۇ يەردە ئىلى دەرياسىدىن
ئۆتۈپ، ئۇدۇل چۇ دەرياسى ۋادىسىغا بارسا، ياللۇ تاشىن تۇرغان
قاراقىتان خانلىقىنىڭ قۇز ئوردا شەھىرىگە بارىدۇ. بۇ شەھەرنى
ئەسلى ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان. شۇڭا «شىمالغا ئەلچىلىك خاتى-
رىسى» دە: «...ئۇيغۇرلار ئىچىگە بارغان، ئۇلارنىڭ يېرىنى تار-
تىۋېلىپ، خانلىق قۇرغان» دېيىلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا قارا-
قىتان خانلىقى قۇرۇلۇپ، قاراقىتانلار ئۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى بەك ئاز ئىدى. ئەينى زاماندا
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسىي خەلقى ئۇيغۇرلار ئىدى. شۇڭا ۋۇگۇسۇڭ-
جۇڭدۇەن: «رىن زۇڭ خاننىڭ بالىسى تەختكە چىقتى، ئۇ كېرەك-
سىز ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ چىرىكلەشتى ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپى-
دىن يوقىتىلدى. ھازىر ئۇلارنىڭ خەلقى يوق، ئۇيغۇرچەكىيىنىپ، ئۇي-
غۇرلىشىپ كەتتى. ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ، ئۇ-
نىڭ غەربى چېگرىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ» دېگەن. بۇ خاتىرە شۇنى
ئۇقتۇرىدۇكى، غەربكە كۆچكەن قاراقىتانلار ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلات-
سىيە بولۇپ تۈگىگەن. قاراقىتان خانلىقى ئۇيغۇرلار ئاساسىي
ئورۇندا تۇرىدىغان رايوندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئۇ-
لارنىڭ زۇلمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قاتتىق ئۇچراپ ئۈز-
لۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئۇلارغا قارشى باتۇرلارچە كۈ-
رەش قىلغان. «ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان» دېگەن سۆز
شۇ كۈرەشنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك. لېكىن قارا-
قىتان خانلىقىنى ئۇيغۇرلار ئەمەس، چىڭگىزخان يوقاتقان.

غەربىي لياۋخانلىقىنىڭ پايتەختى قۇزئوردا (kuzorda) دىن

---

① جاڭ شىڭلاڭ تۈزگەن: «جۇڭگو ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» 5 - جىلد، 1978 - يىل، جۇڭخۇا نەشرىياتى نەشرى، 20- بەت.

يەنىمۇ جەنۇبقا ماڭسا، تالاسە ۋە سايرامغا بارىدۇ. چاڭ دې (常德—1259) ئۆزىنىڭ غەربكە ئەلچىلىك خاتىرىسى»دە: «... 28 - كۈنى تالاستىن ئۆتتۇم، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سايرامدىن ئۆتتۇم. ئۇ يەردە ئىبادەتخانا بار ئىكەن...» دەيدۇ. ئەۋلىيا چاڭ چۈن چيۇچۇجى (长春真人邱处机 1221—1223) ئۆزىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (西游论)دە «يەنە تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتتۇق، غەربىي - جەنۇبىي تاغ بىلەن 5 چاقىرىم ماڭسا، سايرام شەھىرىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە كىچىك مۇنار بار، ئۇيغۇرلار خانى ئالدىمىزغا چىقتى...» دەيدۇ. سايرام شەھىرى شىمىسكەندنىڭ 13 ئىنگلىز چاقىرىم شەرقىگە جايلاشقان. بۇ ئەۋلىيا ئاتادىن تاشكەنتكە بارىدىغان بېكەت بۇ يەردىن سەمەرقەند يولىنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. شىمىسكەند Ximiskənd كېيىنكى مەشھۇر سەمەرقەند شۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، تالاستىن سەمەرقەندكە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى يېزا - كەنت ۋە شەھەرلەر ئاساسەن ئۇيغۇر يېزا - كەنت ۋە شەھەرلىرى ئىدى.

ئەۋلىيا چاڭ چۈننىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىن قارىغاندا، سەمەرقەندنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ئېنىق. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە، «دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئىككى دەريادىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىدۇ...شەھەردە 100 مىڭدىن ئوشۇق ئاھالە ياشايدۇ...بۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار» دېيىلگەن.

ئەۋلىيا چاڭ چۈن نەزىم بىلەن: «2 - ئايدا ماڭسا، 10 - ئايدا غەربتىكى بۈيۈك ئۇيغۇر شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ» دېگەنىدى. ئەۋلىيا چاڭ چۈن سەمەرقەندنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى بۈيۈك ئۇيغۇر شەھىرى دەپ ئاتىغان، شۇڭا ئۇ سەمەرقەند توغرىسىدا ئالاھىدە خاتىرە قال-

دۇرغان. ئۇنىڭدا «ھاۋا ۋە دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن (جۇڭگودىن) پەرق قىلىدۇ. ئاھالىسى قاشتېشى ۋە مىس جابدۇق ئىشلىتىدۇ... تىللا خەجلەيدۇ... تىللانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان...» دېگەن.

سەمەرقەند شەھىرىدىن جەنۇبقا ماڭسا، تۆمۈر قاپقىدىن ئارتىپ، ئامۇ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان جايلارنىڭمۇ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار جايلاشقان رايون ئىدى. ئۇ تۆمۈر قاپقىدىن ئۆتكەندە، «...تاغلىرىدا خۇددى تاشتەك قىزىل تۇزلار بار، ئۇيغۇرلار كۆپىنچە قوتۇرماچ يەيدۇ. تۇز ئىستېمال قىلىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچىدۇ. قىش كۈنلىرى كەمبەغەللەر قاچىلاردا تۇز ئېلىپ كېلىپ ساتىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، تۆمۈر قاپقا ئەتراپلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار ياشايتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئامۇ دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇرلار① ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا دەۋرىدىكى ئاھالىلەر ئۇچۇن «ئۇيغۇر» سۆزى ئومۇم نام بولغان. شۇڭا چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى ئۇيغۇر رايونى دەپ ئاتىغانىدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتاپ 151- بۆلۈمىدە: «ۋاڭقان... قاراقىتانلار خانى گورخان تەرەپكە قاچتى. ئۇ يەنە گورخان بىلەن چىقىشالماي ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار شەھىرى ئارقىلىق تاڭغۇتلار ئىچىگە كەتتى»② دېيىلگەن. 198 - بۆلۈمىدە: «كالا يىلى (1205) باھاردا نايمان خانى كۈچلۈك ئۇيغۇر قارلۇق قەبى-

---

① ژۇگۇسۇگېجوگدۇەن: «شىمالىي ئەللەرنىڭ تارىخى»

② شى زەيشەن تەرجىمە قىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 1957 - يىلى خەلق زۆچە نەشرى، 129 - 187 - بەت.

لىسى يېرىدىن ئۆتۈپ... قاراقىتان خانى گورخان تەرىپىگە كەتتى.① دېيىلگەن. بۇ يەردە چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇر رايونلىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قارلۇقلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئەۋلىيا چاڭچۈن مۇشۇ يول توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىدە «غەربىي جەنۇبقا قاراپ يەنە ئۈچ كۈن ماڭسا يەنە بىر شەھەرگە بارىدۇ. ئۇنىڭمۇ خانى ئۇيغۇر. ياشانغان ئادەم، ئۇ بىزنى قارشى ئېلىپ، سوۋغا تەقدىم قىلدى... يەنە بىر شەھەرگە باردۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىبېشى قارشى ئالدى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا غىزالاندۇردى، ئۈزۈم شارابى تەقدىم قىلدى. بىر كىچىك بالا دوما ياغاچقا چىقىپ پىچاق ئويۇنى ② كۆرسەتتى» دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمى شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆپ خاتىرە يوق. لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى تارىخىدا پەقەت شەرقىي ئۇيغۇرلار (شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى) ھەققىدىلا مەلۇمات بېرىلگەن. پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى. مەسىلەن، «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»، «غەربكە ئەلچىلىك خاتىرىسى»، «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە ئېيتىلغان ئۇيغۇرلارنى كېيىنكى زاماندىكى ئالىملار تۈركىي خەلقلەر خاتا ھالدا ئۇيغۇرلار دەپ يېزىلىپ قالغان دەپ قارايدۇ. كېيىنكى غەرب ئالىملىرىنىڭ

---

① يۇقىرىقى كىتاب.

② دارۋازلىق ئويۇنى بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى ئۇنىڭ غەرب خاتىرىلىرى بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«تاڭنامە» «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلار قىرغىزلار قەبىلىسىدىن مەغلۇپ بولۇپ، «كەيپىڭ 4 - يىلى (839)... پان تېگىننىڭ رەھبەرلىكىدە 15 قەبىلە قارلۇقلار ئارىسىغا كەتتى» دېيىلىدۇ. قارلۇقلار بۇ ۋاقىتتا پامىرنىڭ غەربىدە ئىدى. دېمەك بۇ خاتىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى پامىرنىڭ غەربىگە كەتكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

«تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قارلۇقلار ماددىسى» دە: «قارلۇقلار تۈرك قەۋمى ئىدى. جۈدې (至德) يىللىرىدىن كېيىن (756 - 757) قارلۇقلار كۆچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن پۇت تېپىشىپ ئون ئوق قاغانى — (十性可汗) يېرىگە كۆچتى ۋە توقماق (碎叶) تالاس — (慢罗斯) شەھەرلىرىنى ئىگىلىدى» دېيىلگەن. ئون قاغانى دېيىلگەن بۇ سۆز غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئۇرۇق قاغانىغا قارىتا ئېيتىلغان. يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر تەزكىرىسى» دە، ئون ئۇرۇق قاغانى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «قاغان ئۆز دۆلىتىنى ئون قەبىلىگە بۆلگەن، بۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلار ئون شار دېيىلەتتى، ئون قەبىلە بولسا، ئون ئوق دېيىلىپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتە تۇراتتى. سول تەرەپتىكىلەر بەش ئوغلۇق (咄陆部) قەبىلە بولۇپ، بەش چۇر (بەگ) قويۇلغان. ئۇلار توقماقنىڭ غەربىدە تۇراتتى. بۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئوق بىر قەبىلە ھېسابلىناتتى. ھەممىسى ئون ئوق ياكى ئون قەبىلە دېيىلەتتى». يۇقىرىقى ماتېرىيالدىن قارىغاندا ئون ئۇرۇق قاغانىنىڭ قەدىمكى يېرى توقماقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىدى. «تاڭنامە. قارلۇقلار ماددىسى» دىكى، توقماق، تالاس شەھەرلىرىنى ئىگىلىدى، دېگەن سۆز ئىلگىرى - ئاخىر غەرب تارىخىدىكى مەز-

مۇنلار بىلەن ماس كېلىدۇ. تالاس ھازىرقى تالاس دەرياسى يېنىدا، توقماق ھازىرقى چۇ دەرياسى يېنىدا. بۇ ھەر ئىككى شەھەر پامىرنىڭ غەربىدىكى مۇھىم شەھەرلەردۇر.

غەرب تارىخچىلىرى ئېيتقان «Taghazghuz» مانا شۇ ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ چېگرىسى غەربتە خارازمغىچە قەدەر باراتتى. بۇ ئۇيغۇرلار غەربكە بارغاندىن كېيىن قارلۇقلار يېرىنى ئىگىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ غەربتە مەزمۇت قەد كۆتەرگەن چوڭ ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئايلانغان.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، قوچۇ خانلىقى جەنۇبتا خوتەنگە، غەربىي جەنۇبتا ئەرەب، پارسلارغا قەدەر بارىدۇ ... دېگەن. «جىن تارىخى» (金史) دا خاتىرىلىنىشىچە پامىرنىڭ غەربىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۆزلىرى تۇرغان يەرلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرەئۇننەھر رايونىغىچە بولغان مەشھۇر ساياھەت، ۋە ئەلچىلىك خاتىرىلىرىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ خاتىرىلەردە چىتەي (گۇچۇڭ) دىن ئىلى شەھىرىگە قەدەر بولغان جايلاردا ئۇيغۇرلار ياشايدىغانلىقى، ئىلىدىن غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، سەمەرقەند ئەتراپىغىچە بولغان جايلاردىمۇ ئۇيغۇرلار ياشىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ خاتىرىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا تۈركلەر تىلغا ئېلىنغان ئەمەس، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.

«يۈەن تارىخى» (元史) ۋە «يۈەن — سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» (新元史) دا ئەينى ۋاقىتتا تارىم ئويمانلىقىدىكى

خەلقلەر تۈركلەر بولماستىن، ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈ-
ستىلگەن. «يۈەن تارىخى 1-جىلد، تەيزۇخان تەرجىمى-
ھالى» دا: «1209-يىلى خۇيخۇر (辉和尔) دۆلىتى بې-
قىندى؛ 1211-يىلى باھاردا خۇيخۇر دۆلىتى خانى كېلىپ
بەيئەت قىلدى؛ 1221-يىلى كۈزدە جىن (金) سۇلالىسى
يەنە ۋۇگۇ سۇگجۇگدۇەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ سۇلھى تە-
لەپ قىلدى. ئۇ خۇيخۇ (回鹘) دۆلىتىدە ئىمپېراتور بىلەن
كۆرۈشتى.» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان خۇيخۇر (辉和 )
دۆلىتى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ — ئۇگوسۇڭ-
جۇگدۇەن ئىمپېراتور چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن يەر تارىم
ئويمانلىقى ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، بۇ ئىمپېراتور بى-
لەن «خۇيخۇ دۆلىتى» دە كۆرۈشكەن. بۇ خۇيخۇ (回鹘) دۆ-
لىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

«يۈەن تارىخى 7-جىلد، شىزۇخان تەرجىمىھالى» دا
«جىيۈەن (至元) 8-يىلى (1271) 2-ئايدا» باشقۇرۇش
تەرتىپى ھەققىدە — يارلىق چۈشۈرۈلگەن. يارلىق ئۇيغۇر رايون-
لىرىغىمۇ يەتكۈزۈلگەن. «يۈەن تارىخى 63-جىلد، غەربىي شىمال-
دىكى يەرلەر ئۈستىدە قوشۇمچە» (《元史卷63西北地附录》)
بابىدا ئۇيغۇر (畏兀儿) لارنىڭ تارقالغان جايلىرى ناھايىتى
كەڭ رايونلار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا: غەزنە
(哥疾宁)، كابۇل (可不里)، بەدەخشان (巴达哈伤)، تۇس
(途思)، تېرمىز (忒耳迷)، بۇخارا (不花剌)، نەخشاپ
(那黑沙不)، دىرىستان (的里安)، سەمەرقەند (撒麻耳干
)، خوجەند (忽毡)، مەرغىلان (麻耳亦囊)، قەشقەر
(可失哈耳)، خوتەن (忽炭)، كات (柯提)، ئوترار
(无提拉耳)، پاب (巴补)، ئۆزكەنت (讹迹邗)، ۋەسىج
(倭赤)، كۇچا (苦叉)، كاسان (柯散)، ئاتباش (阿忒八失)،

ياروان (八里茫)، شاش - چاچ (察赤)، يېيونچ (也云赤)،
ئىلبالىق (亦剌八里)، بۆرتالا (普剌)، يېمىش (也迷失)، ئالمىلىق
(阿里麻里)، قارا قوچو (哈剌火者)، كۈچۈك (鲁古尘)،
بەشبالىق (别失八里)، ترقسۇن (他古新)، يېڭىبالىق
(仰古八里)، قۇتۇقباي (古塔巴)، جانبالىق (彰八里) قا-
تارلىق شەھەرلەر بار. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يۈەن
دەۋرىدە ئىپتىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىرى ھازىرقى شىنجاڭدىكى
تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىلا ئۆز
ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
سىر دەريا ۋادىسى بىلەن ئامۇ دەريا ۋادىسى ئارىسىدىكى ماۋارە-
ئۇننەھر ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالى ھەمدە پامىر ئېتراپلىرىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسى جەھەتتە تىنچ بولۇش شارائىتىدا
بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە
قول سانائىتى جەھەتتە زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. يەنە بىر
جەھەتتىن ئىلىم - پەن جەھەتتىمۇ تېز راۋاجلاندى. مانا شۇ
ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شارائىتىدا فارابى، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە سەككاكى، لۇتفى، ئەلىشىر
نەۋائى قاتارلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىملىرى، ئەدىب ۋە شائىر-
لىرى مەيدانغا كەلدى. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»
نامىلىق نادىر ئەسەرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇت-
تى ۋە دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلدى.

### 2 - §. چاغاتاي تىلى يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر قانچە نامايەندىلىرى

كارل ماركس: مەدەنىيەتلىك مىللەتنى ئىستېلا قىلغۇچى
مىللەت ئاخىرقى ھېسابتا مەدەنىيەتلىك مىللەت تەرىپىدىن مە-

دەنسيەت جەھەتتە ئىستېلا قىلىندۇ، دېگەندى. چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئاۋانگارتى بولغان يازما ئەدەبىيات بۇ قانۇنىيەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك نامايەندىلىرى ئەبەيدۇللا لۇتفي شەيخزادە ئاتاي، مەۋلانە سەككاكى، ئەھمەد خوجامالىك قەشقەرى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق سەنئەت ئۇستىكارلىرىدىن. تاشقىرى يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار ھەتتا ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئېتنىك ۋە تارىخىي جەھەتتىن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار سەنئەتكارلارنىڭ ئومۇمىي چاغاتاي كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئېتىبارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇلار قاتارىغا ئەڭ مۇھىمى ئەلىشىر ناۋايىغىچە قۇتب، دۇربېك، ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىن زوھورىدىن مۇھەممەد بابۇر، ھۇۋەيدا، تۇردى فەراغى، نىشاتى، مۇنىس، گۈلخانى، مەخمۇر، ئاگاھى، كېيىنچە مۇقىمى بىلەن فۇرقەتتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئەدىبلەر كىرىدۇ.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان مۇئەللىپلەرنىڭ ئەدەبىيات تەزكىرىسى ئۆز ئالدىغا خاس تېما، ئەلۋەتتە، پەقەت چاغاتاي تىلى يازما ئەدەبىياتىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئۆزئارا تەسىر تۇپەيلىدىنلا بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

قۇتب خارەزمى ئەدەبىي مىراسلىرىدىن ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى 1330 — 1336 - يىللىرى دۇنياغا كەلگەن «خىسراۋ ۋە شىرىن» داستانىدىن ئىبارەت، قۇتب نىزامى گەنجىۋىنىڭ شۇ ناملىق داستانىنى چاغاتاي تىلىدا قايتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالتۇن ئوردا خانى ئۆزبېكخان (1320 — 1340 - يىللىرى خانلىق قىلغان) نىڭ شاھزادىسى تېنىبېكنىڭ ئاق ئوردىدىكى

ئايپلىق بارىگاھىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاغىچىسىنىڭ ۋاستىسى ۋە ھامىيلىقىدا بۇ داستاننى قايتا ئىشلەپ چىقىدۇ. قۇتب خارازمى-نىڭ چاغاتاي — تۈركىي تىلى خارەزم شىۋىسىدە قايتا ئىشلە-گەن بۇ داستانى نىزامى داستانىنىڭ ئاددىي تەرجىمىسى ياكى تونۇشتۇرۇلۇشى بولماي، بەلكى XIV — ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا فې-ئودال مۇھىتىنى تەنقىد قىلغۇچى ۋە ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە ئىنسابلىق ۋە ئادالەتلىك بولۇش ئىدىيىلىرىنى تەشەببۇس قىل-غۇچى ئورىگىنال ئەسەر بولۇپ چىققان.

«يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا» داستانى ئۇلۇغبېكنىڭ ئوغلى شاھ-رۇخ 1409 - يىلى 7 - 9 - ئايلاردا بەلىخ شەھىرىنى قامال قىل-غان ۋاقىتتا دۇربېك تەرىپىدىن شۇ بەلىخ شەھىرىدە يېزىلغان. ئەسلى يۈسۈپ پەيغەمبەر ھەققىدىكى رىۋايەت مىلادىدىن تولى-مۇ ئىلگىرىكى يەھۇدى ئەپسانىلىرى ۋە يەھۇدىزمدا مەۋجۇت ئىدى. كېيىنچىرەك «تەۋرات» ۋە «قۇرئان» ھېكايەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ تېما ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەبەدۇلمۇ-ئەييات بەلىخ، بەختىيارى، فىردەۋسى، بۇخارالىق شەھابىد-دىن ئەمەق قاتارلىقلار تەرىپىدىن گۈزەل بەدىئىي داستان شەك-لىگە كىرگۈزۈلگەن. 1233- يىلى شائىر ئەلى تۈركىي ئوغۇز تىلىدا «قىسسەئى يۈسۈپ» داستانىنى يازغان. 1311 - يىلى رابغۇزى «قى-سەسۇل ئەنبىيا» دا «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا» نامىلىق خاس ھېكايە ئىشلىگەن. يەھۇدى شائىرى ھامىن شىرازى XV ئەسىردە شۇ نامدا فارس تىلىدا خاس داستان ياراتقان. دۇربېك داستانى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بۇ تېمىدىكى مۇھىم شېئىرى نامايەندىسى بولۇش بىلەن بىللە قەدىمكى رىۋايەت رومانتىكىسى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇش پۇرىقىنى ئىپادىلىگەن.

زوھورىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) نىڭ ئاتى-سى تۆمۈرىلەردىن ئۆمەر شەيخ مىرزا، ئانىسى بولسا تۇرپان خانى

يۈنۈسخاننىڭ قىزى—قۇتلۇق نىگار خانىم بولۇپ، ئۇ مەشھۇر ھەربىي سەركەردە، ئۇلۇغ موغۇل - بابۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب ئىدى. ئۇنى جەۋاھەرلال نېھرو «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» ناملىق كىتابىدا: «دىلبەر شەخس ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تىپىك ھۆكۈمدارى، مەرد ۋە تەدبىرلىك كىشى» دەپ تەرىپلىگەنىدى، بابۇر كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى، مەشھۇر تارىخىي - بەدىئىي ئەسەر «بابۇر نامە»نى، ئارۇز ھەققىدىكى «مۇفەسسەل» ناملىق ئەسەر، «مۇسىقى ئىلمى» ناملىق ئەسەر، «ھەربىي ئىش» ناملىق ھەربىي ئىلمىي ئەسەر ۋە ئوغلى ھۇمايۇنغا ئاتالغان «مۇبەييان» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «بابۇرنامە» دەسلەپكى نامى «ۋاقىئەنامە» غايەت زور دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان.

خوجا نەزەر غايىبنەزەر ھۇۋەيدا (؟—1780) سوپى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. فەرغانىنىڭ چىمىيان دېگەن يېرىدە ۋە قەشقەر ئاپپاق خوجا ھۇزۇرىدا ئوقۇپ كەلگەن. غايىبنەزەر بۇ جايغا كېلىپ مەسچىت، خانىقالار قۇرغۇزغان. ئۇ ئوغلىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاپپاق خوجا قويغان. ھۇۋەيدا «تۈركىي خانى» تىلىدا، ئېنىقى قەشقەر - فەرغان تەلەپپۇزىدىكى چاغاتاي تىلىدا، لىرىك شېئىرلار يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىككى قۇتۇپ—دىنىي ۋە ئىنسانىي قۇتۇپ بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ئىنسان، زۇلۇم، زالىم، ئادالەت، جاھالەت تېمىلىرى ئۈستىدە كەڭ توختالغان. ئۇ زۇلۇمغا، ھەتتا دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە قارشى كۆپلىگەن گۇمانىستىك ئەسەرلەرنى يازغان. مۇتەپەككۇر شائىر كامالەتكە يەتكەن شېئىردىي پىكىرلىرى بىلەن خەلقنىڭ غايەت زور ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ:

كابابى دۇدى باغرىمدىن خوتەن سەھراسىغا چۈشتى...
«ئۇشالدى قەدرى مۇشكىم دەپ كىيىك باغرىدا قان كۆيگەي»

دەپ يازغانىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەينى زامانىنىڭ تە-
رەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى، روھىيىتى ناھايىتى ئەپچىل شەكىل
بىلەن ئىپادىلەنگەن.

تۇردى فەراغى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا سىياسىي - ئىجتىما-
ئىي تېماتىكىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان؛ تەكرار ئىشقى تېمىلارنى
يېزىشتىن ۋە ساراي شائىرلىقىدىن خەلقنىڭ رېئال ھاياتىنى يېزىشقا
قاراپ يۈزلەنگەن شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئەلىشىر نەۋائى ھەجۋىلىرى-
نى كەڭ راۋاجلاندۇرۇپ زالىملار، پادىشاھلار، ناھەق ئۇرۇشلار، دىنىي
نىقابقا ئورۇنۇۋېلىپ، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورىغۇچى جىنايەتكار-
لارنى پاش قىلىدۇ. XVII ئەسىردە ئابدۇلئەزىزخان بىلەن سۇب-
ھان قۇلى خان ئوتتۇرىسىدا 37 يىل داۋام قىلغان قانلىق ئۇ-
رۇشنى پاش قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ «سۇبھانقۇلنامە» ناملىق
ئەسىرىدە بۇ خاننى پاش قىلىپ، خەلق قوزغىلاڭلىرىغا خەيرىخاھلىق
بىلدۈرىدۇ.

مۇھەممەد نىياز نىشاتى خارەزىمدە تۇغۇلۇپ، بۇخارادا
ياشايدۇ. ئۇنىڭ XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى يازغان «ھۆسنۇ-
دىل» ناملىق داستانى ئەقىل، فۇئاد، نەزەر، ئىشق، ھۆسن،
ھىممەت، قامەت، خىيال، غەمزە، ئىشۋە، كەرەشمە قاتارلىق ئىجابىي
ئوبرازلار ۋە ۋەھىم، رەقىب، فاخىر، زەرق قاتارلىق سەلبىي
ئوبرازلار ئارقىلىق ئەينى زاماندىكى تىنىچ ۋە ئاسايىشلىق ھا-
يات توغرىسىدا ئالىيجاناب پىكىر يۈرگۈزىدۇ، بۇزۇلغان ھاياتنى
ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شىر مۇھەممەد مۇنىس (1778—1829) خىۋە شەھىرىگە يېقىن

قىيات ناملىق يېزىندىكى ئەۋەز مىراب نامىلىق كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇنىس شائىر سۇپىتىدە «مۇنىسۇل ئۇششاق» دىۋانىنى، پېداگوك سۈپىتىدە «رىسالەئى سەۋاد»نى، تارىخچى سۈپىتىدە «فىردەۋسۇل ئىقبالى» ئەسىرىنى يازغان ۋە مىرخەن-دىنىڭ «رەۋزەتۇسسافا» نامىلىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان. مۇنىس XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئەينى زاماندىكى رېئال مەسىلىلەرنى، ئىلىم - مەرىپەت، ھەقىقىي ئىشقى ۋاپا ۋە خەلقپەرۋەر-لىكنى كۈيلەپ ئەقلىي تەپەككۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆرۈنگەن ۋەكى-لى بولغان.

قوقانلىق مۇھەممەد شەرىپ گۇلخانى (جۇرئىتى) XVII ئە-سىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ بېشىدا چاغاتاي تىلى يازما ئەدەبىياتىنى مەسەلچىلىك ئۇتۇقلىرى بىلەن بېيىتتى. شا-ئىر بارلىق ئىجتىمائىي چىرىكلىكلەرنى «زەربۇلمەسەل» نامىلىق ئەسىرى ئارقىلىق پاش قىلغان.

مۇھەممەد مەخمۇد XVII - XIX ئەسىر ئارىسىدا قوقان شە-ھىرىدە ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دىۋانىدا 3417 مىسرالىق ۋە پارچە ساتىرىك ۋە يۇمۇرلۇق ئەسىرى بىلەن ئەينى زامان ئۆزبېك دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىكىسىنى كېڭەيتكەن ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرگەن.

مۇقىمى (1850 — 1903) بىلەن زاكىرجان فۇرقەت (1859 — 1909) ئۆزبېكىستان روسىيىگە قوشۇلغاندىن كېيىنكى دەۋردىكى دېموكراتىك ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ تالانتلىق ۋە-كىللىرى ئىدى، فۇرقەت قوقاندا تۇغۇلۇپ، 1889 - يىلى تاشكەنت كۆكۆلتاش مەدرىسىدە ئوقۇپ، 1891 - يىلى سەمەرقەندكە بارىدۇ. كېيىن تۈركىيە، گرېتسىيە، بۇلغارىيە، مىسرلارنى ساياھەت قىلىپ، 1892 - يىلى ئەرەبىستانغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىگە كېلىدۇ. فۇرقەت 1893 - يىلى 35 يېشىدا

كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كېلىدۇ، كېيىنچە يەركەندە ياشايدۇ. فۇرقەت شىنجاڭدا 16 يىل ياشىغان ۋە 1909 - يىلى يەركەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىگە مەنسۇپ بولغان يەنە كۆپلىگەن ئەدىبلەر، ئەدەبىي تەرجىمانلار چاغاتاي تىلى ۋە ئارۇز ئۇسلۇبىدىكى يازما ئەدەبىياتقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇلارنى ھەم ئايرىم، ھەم بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي تىلى يازما ئەدەبىياتى خەزىنىسى بىلەن كەڭ تونۇشۇشنىڭ زۆرۈرىي شەرتىدۇر.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈرىلەر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇڭلار. قىسقىچە بايان قىلىڭلار.

2. ئۇلۇغبېك دەۋرىدىكى دۇنياۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى كىملەر ئىدى؟ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قانداق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن؟

3. چاغاتاي تىلى يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي نامايەندىلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىلەر؟ ئېيتىپ بېقىڭلار.

## II باب. خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى ۋە چاغاتاي دۇنياۋى ئەدەبىياتى

تەرىقى نەقشىۋەندى ئاڭلادىم زىبارەۋىشلىكدۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.
زەلىلى يار ئىلە خوبلاشقانىدا تۇرفە يىغلايدۇ،
نەقاتتىق كۈن ئىكەن بىر ياخشىدىن ئۆلمەي جۇدا بولماق.
— مۇھەممەت سىدىق زەلىلى

### §-1. سوفىزملىق پىكىر ئېقىمى ۋە خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى

سوفىزىم (تەسەۋۋۇپ) ئالەمشۇمۇل پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە قول ئىگىلىك تۈزۈمىدىكى قەدىمكى گرېتسىيە روھانىيەتچىلىك قاراشلىرى بىلەن ھىندىستاندا شەكىللەنگەن بۇددىزم ئىدىيىلەرىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى. بىز پلاتون ئىدىئالىزمى بولۇپمۇ يېڭى پلاتونىزم نامايەندىلىرىنىڭ «ئىدىئال چۈشەنچە»، «مۇتلەق ئالەم روھى»، «رېئال دۇنيانىڭ ئىدىئال دۇنيادىن جۇش ئۇرۇپ چىققانلىقى» توغرىسىدىكى روھانىيەتچىل مۇنەستىك قاراشلىرىدىن، ئارىستوتېلنىڭ (گەرچە ئۇ قەدىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى بولسىمۇ) ئالەم ئەقلى ۋە ئىنتىلىش («ئېنتېلېخىيە») قاراشلىرىدىن، بولۇپمۇ بۇددىزملىق «ئادەم» (يوقلۇق) — سونياتا قاراشلىرىدىن سوفىزم-

لىق پىكىر ئىپقىمىغا مۇجەسسەملەنگەن دۇئالىزملىق (ئىككى مەۋ-جۇدىيەت، ئىككى دۇنيا، ئىككى ھەقىقەت)، تەركىدۇنياچىلىق، روھانىيەتكە سىغىنىش ئالامەتلىرىنى تولىمۇ روشەن سېزىمىز.

قەدىمكى كۇسەنىنىڭ مەشھۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىرا-جىۋا (344 — 413) ئۆزىنىڭ «ئون تەمسىل» ناملىق شېئىرىدا «قۇرۇق — يوقلۇق» (سونياتا) سوفىزمىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«تۈنجى تەمسىلنى قۇرۇقتىن ئېيلەدىم مەن ئېيتىدا،
تەبىرى ئالەم ئۈچۈن تەمسىل قۇرۇقلۇق جايىدا.
سۆز بىلەن ھەرمەننى قىلسامۇ ئىزھار قانچىلىك،
مەنىمۇ چەكسىز ئەمەس، ئۇمۇ توگەر بىر ۋاقتىدا.
ئەۋلىيالىق تون كىيىپ، دەرۋىش بولۇپ باساڭ قەدەم،
كۆرۈنۈپ تۇرغان قونالغۇ بولماغاي دەرگاھ ساڭا.
جىلۋەلىك تۇرغان جەھانىڭ تەكتىگە سالساڭ نەزەر،
ھادىسى ئالەمدە يوق بەربات ۋەيا بولماق بىنا»

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ تەسەۋۋۇپ خاراكتېرىگە ئىگە قاراشلىرىنى 3341، 3344، 3380، 3386، 3394، 3520، 3521، 3522، 3525، 3540، 3586، 3793، 4739، 4839، 5189 - بېيىتلاردا تىلغا ئالىدۇ ۋە 3417، 3419، 3793، 3739، 4839، 5189 - بېيىتلار ئار-قىلىق بۇ خىل قاراشقا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«ئىشەنچسىز ئېرۇر بۇ جەفاچى جەھان،
ۋەفاسىزۇ گۇستاخۇ پەيلى يامان (4839 - بېيىت)
«ئۇ دۇنيانى بىلگىل بىر مەڭگۇ مەكان،

يۈزۈڭنى ئاڭا قىل، قويۇپ بۇ جەھان،
قويۇپ ئارزۇ، ھوزۇر، تىلە مەڭگۈلۈك،
بۇ مەڭگۈ ھۇزۇرچۇن جەفا چەككۈلۈك» (5189، 5190-بېيىت)

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سوفىزم ئىسلامىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە VI — X ئەسىر ئىچىدە رەسمىي ئىدىيەۋى ئېقىم بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاتار نامايەندىلىرىنى ياراتتى.

سوفىزم ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى تۆت ئاساسىي پاكىتنى — يەنى شەرق - غەرب روھانىيەتچىل ئىدىيىلىرىنىڭ سېنكرېتىك — ئارىلاشما ھالەتكە كەلگەنلىكىنى؛ ئىسلام كالامىزمىنىڭ دەسلەپكى پارچىلىنىشى، مۇتەززىلىزم ۋە بىرقەدەر ئەركىن پىكىر ئىنتىلىشلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى؛ فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ۋە گۇمانىستىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ، ئىلغار تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۆزىنى تەسەۋۋۇپ نىقابىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ ئىسلام ئېتىقادىنى قايتىباشتىن تەرتىپكە سېلىش، ئۇنى مەنتىقىلەشتۈرۈش، پەلسەپىلەشتۈرۈش ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھال سۇفىزمنىڭ رەڭگارەڭ تەلىماتلار ۋە كۆز قاراشلاردىن تەركىب تاپقانلىقىدىن ئىبارەت تولىمۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتچان راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. ئەگەر سوفىزمنى نوقۇل «سوفىزم» ئاتالمىسى ۋە ئۇنىڭ بىرقەدەر ئورتاق ئاتالمىلىرى، ئاتمىلىرى ئاساسىدا ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي مەزمۇنىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىكەنمىز، سوفىزمدىن ئىبارەت مۇرەككەپ مەنىۋى ھادىسىنى توغرا چۈشەندۈرەلمەيمىز.

دەرۋەقە، «سوفىزم» ئاتالمىسى «سوفى» سۆزىنى ئۆزەك

قىلغان بولۇپ، مەيلى «ئۆچكە تېرىسى» دېگەن ئەرەبچە سۆزگە، مەيلى دەسلەپكى سوپىلار قوي تېرىسى ياكى تىۋىتتە ئىشلەنگەن تون كىيىشنى رەسىم قىلغان بولۇشىغا قارىماي، بىرىنچى نۇۋۋەتتە گىرېك تىلىدىكى «سوفىيە» (soφia) — «ئېقىل» دېگەن ئىبارىگە ئاساسلانغانلىقى شۈبھىسىز. بىز سوفىزملىق پىكىر ئېقىمى «سوفى»، «سوفىزم» ئاتالغۇسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن دەپ قارىمايمىز. شۇنداقتىمۇ «سوفى» ئىبارىسى «ئاللا»، «خۇدا»، «يازدان»، «بايات»، «تەڭرى» ئاتالمىسىغا قارىغاندا «ئالەم ئەقلى» ۋە ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسان بىلەن ئىلاھ، كونكرېت دۇنيا بىلەن «ئابستراكت دۇنيا» نىڭ زىددىيەتلىك قۇتۇپلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئىسلام كالامىزمىغا پەلسەپىلىك سېھرى تۈس كىرگۈزدى. ئۇ ئىسلام كالامىزمىنىڭ شۇنداق كاتتا بىرلىك سېپىنى شەكىللەندۈردىكى، بىر تەرەپتىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئۆزىگە رام قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، كالامىزملىق رەسمىي ئەقىدىگە مۇخالىپ كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەر ئۇنى مۇدھىش ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۇنىڭغا قارشى يالقۇنلۇق پىكىرنىڭ نىقابى قىلىۋالدى. ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان تارىخ دولقۇنلىرىدا سوفىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا راۋاجلىنىش يولى يوق ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوفىزملىق قاراشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى ئايال رۇپەش رابىيە — لەبىر ئەدۋىيە (717—801) بولۇپ، ئۇ چۈشىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرگەن ۋە ئاللا بىلەن «ئەل ۋىسال» (قوشۇلۇش) ھالىتىدە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئىبىن ئەدھەم بىلەن جۇنەيدى باغدادى سوفىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى بولۇپ تونۇلغان.

سوفىزم تارىخىدا ئەبۇل مۇخسىن ئەل ھۈسەيىن ئىبىن

مەنسۇر ئىبنى مۇھەممەد ئەل بەيداۋى ئەل ھەللاجى (858—922) ئالاھىدە تەسىرلىك ئورۇن تۇتقان. ئىسيانكار مۇتەپەككۇر تەسەۋۋۇپچى مەنسۇر ھەللاجى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 873 — 879 - يىللىرى ئارىسىدا باغدادا جۇنەيدى باغدادىنىڭ سوفىلىق گۇرۇھىغا قاتنىشقان. ئۇ كېيىن دەرۋىش - جاھانكەش سۈپىتىدە ئىران، ھىندىستان، خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ، ئاخىرى 908 - يىلى مەككە ئارقىلىق باغدادقا قايتقان. ئۇ ھىندىستاندا مەشھۇر پەيلاسوپ بەررازى بىلەن كۆرۈشۈپ، گرېك پەلسەپىسى بىلەن تونۇشقان. شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىزىم ئېقىمى رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ خەلىپە مۇقتەدىر (908 — 932) زامانىدىكى باغداتتا ئۆزىنىڭ ئىنسان بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكى تەلىماتىنى سۆزلەپ، غايەت زور نوپۇز تىكلىگەن. ئۇ دىنسىزلىقتا ئەيىبلىنىپ 922-يىلى 26-مارت خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ ئەمرى بىلەن باغدات چوڭ مەيدانىدا دارغا ئېسىلىپ، ئۆلۈكى كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى تۇزۇتۇۋېتىلگەن. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇنداق تەقدىر سوفىزم تەرەپدارلىرىدىن بايازىد، تەيفۇر ئەل بەستانى، بابا رەھىم مەشرەپ بېشىغىمۇ چۈشكەن. ئىمادىدىن نەسىمىنىڭ بەدىنىدىن تېرىسى سويۇپ ئېلىنغان.

مەنسۇر ھەللاجى ئىسلام شەرقىدە ئىسيانكار سوفىزملىق پىكىرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نامى ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ماھىرلىرى ئەسەرلىرىدە تەكرارلىنىپ، ئەسلىدىكى ھەللاجى قاراشلىرىدىن يارقىن ئوبراز ۋە ياڭراق ئەكس سادا پەيدا قىلدى. مەنسۇر ھەللاجىدىن كېيىن باباكۇھى (؟ — 1050)، ئابدۇللا ئەنسارى (1002—1088)، زەينىددىن مۇھەممەت غەززالى (1058 — 1111)، ئابدۇلمەجىد سانائى (؟ — 1150)، خوجا ئەھمەد يەسسەۋى (؟ — 1166)، پەرىدىددىن ئەتتار (1148 — 1222)، ئىبنى ئەل ئەرەبى (1165 — 1240) شەمسىددىن

تەبرىزى، جالالىدىن رۇمى (1207 — 1273)، شەيخ سەئدى (1202 — 1291) قاتارلىق سوفىزم پىكىر ئېقىمى ۋە سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئوخشىمىغان مايىللىقا ۋە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتى.

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ بىردەكلىك (ۋەھدەت) قاراشلىرى بويىچە بارلىقنى تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت، دۇنيانى پانى ۋە باقى دەپ ئىككىگە بۆلمەسلىك، ئەكس ھالدا ئۇنى تەڭرى ئاساسىدا بىر پۈتۈن دەپ قاراش ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم قاراشلىرى پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىدىن رۇمى، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىقلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ ئېقىمدا رۇمىنىڭ سوفىزملىق قامۇسى ھېسابلانغان «مەسنەۋى رۇمى» دىۋانى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئېقىم شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ۋەھدەت قاراشلىرىدا ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن بىر پۈتۈنلۈكىنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئۇنىڭچە، ئۆزىنىڭ تەڭرى بىلەن بىر ماھىيەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىش مەرىپەت بولۇپ، مۇنداق مەرىپەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەرىقەت- تەركىدۇنياچىلىق ياكى خىلۋەت ياشاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپا چېكىش لازىم ئىدى. جالالىدىن رۇمى «ئىنجىل ۋە قۇرئان مەنمەن»، «ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق مەنمەن»، «مەن شاھىنىڭ قولى ۋە دۇنيانىڭ شاھى»، «مەن بىرلىك ۋە كۆپلۈكمەن»، «مەن چۈشەنگۈچى (سۇبيېكت) ۋە چۈشىنىلگۈچى — چۈشىنىلىۋاتقان (ئوبيېكت) نەرسە»، «مېنىڭ بەلگەم نىشانسىز، مېنىڭ جايىم ماكانسىز»، «ئىككى دۇنيا بىر دەۋر» دېگەن قاراش بىلەن ئىدېئالىستىك، ئېنىقراقى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئالەم بىر پۈتۈنلۈكى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. ئۇ «تەڭرى مەركەز» قاراشلىرى بىلەن «ئىنسان مەركەز» قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىلاھىيەتچىل،

دۇم كۆمتۈرۈلگەن ئانتروپولوگىزملىق پىكىرلى گەۋدىلەندۈرىدۇ.
بۇ ئىنساننى خارلاشنى نۇقتا قىلغان دىنى ئىلاھىيەتچىلىك ۋە
فېئودال ھاكىم مۇتلەقچىلىق قاراشلىرىغا نىسبەتەن ئىنساننى ئىـ
لاھ سايىسى ۋە ئالەم بىرلىكى قاراشلىرى ئاساسىدا قوغدىغانلىق
بولۇپ، مۇئەييەن گۇمانىستىك ئامىلغا ئىگە ئىدى. ئەمما بۇ
ئىقىمدىكىلەر تەركىدۇنياچىلىقنى، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ خىلۋەتـ
تە ئىستىقامەت قىلىشنى تەكىتلەپ، ئىنساننى ئىلاھىي شەرىئەتـ
نىڭ قۇربانى قىلىۋەتكەنىدى. ①

زەينىددىن مۇھەممەد ئىمام غەززالى سوفىزىم بىلەن كالاـ
مىزمنى بىرلەشتۈرۈش، سوفىزمنى كالامىزمغا خىزمەت قىلدۇرۇش
يولىدا كۆچەپ تۇرۇنغان يەنە بىر خىل ئىقىمغا ۋەكىللىك قىلـ
دى. غەززالى ئالەمنىڭ مونىستىك ـ پانتېئىستىك بىردەكلىكى
ھەققىدىكى قاراشقا قارشى ھالدا تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى، جان
بىلەن بەدەننى بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانى بىر ـ بىرىدىن ئايـ
رىپ، بىر ـ بىرىگە زىت قىلىپ ئىزاھلىدى. ئۇ خۇدا «ۋاجىبۇل
ۋۇجۇد» (مۇتلەق مەۋجۇدىيىتى)، تەبىئەت «مۇمكىنۇل ۋۇجۇد»
(مۇمكىنلىك مەۋجۇدىيىتى)، جان تەڭرىدىن قىسقا ۋاقىت ئايرىلىپ
چىققان مۇتلەق تەركىب بولۇپ، بەدەن جاننىڭ قەپىزى، قۇلـ
لۇق زەنجىرى دەپ تەرغىپ قىلدى. غەززالى جان مەڭگۈ روـ
ھىيەتكە بىرلەشكەندىلا، ئالەم ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن
دىن يولىغا بېرىلىش، «ئىلمىي زاھىر» (تەبىئەت ئىلىملىرى) نى
مەرىپەتنىڭ دۈشمىنى، تەسەۋۋۇپنىڭ تۇرالغۇسى دەپ بىلىپ،
«تىرىكلىكتە ئۆلۈپ»، مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ يولىنى تېپىش
لازىم، دەپ قارايدۇ. غەززالىنىڭ ئۇچىغا چىققان سونىياتا ـ ماھاـ
يانا بۇددىزمىغا ئوخشاپ كەتكەن بۇ خىل قاراشلىرىدا ئىنسان

① بۇ ھەققە كىمكىلىنىڭ «پەلسەپە قامۇسى»، كيوتېنىڭ «شەرق ـ غەرب دىۋانى»
ناملىق ئەسەرلىرىدە خاراكتېرىستىكا بېرىلگەن.

ھاقارەتلەنگەن ۋە كەمسىتىلگەن، ئىلاھىيەتچىلىك ۋە دەرۋىشلىك (ئاسكىتىزىم) دەۋەت قىلىنغان.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ جەھرىيە - قادىرىيە دەپ ئاتالغان يەسسەۋىچىلىك سوفىزمى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە شېئىرىي شەكىلگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا غەززالى سوفىزمىغا ئوخشاش رېئال دۇنيا خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ، كەلگۈسى — باقى دۇنيا گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ئۇ خۇنۇك، زۇلمەتلىك، ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى، جىنايى دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي ئازادلىق يولى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە تەگرىگە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭچە رېئال دۇنيادىكى گۈزەللىك ۋە بەخت - سائادەت كىشىنى «ئىشقى ئىلاھىيە» دىن ئازدۇرىدىغان قاباھەتتىن ئىبارەت. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ غەززالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەركىدۇنياچىلىق، ئىلاھىيەتچىلىك، سوفىزملىق قاراشلىرى ئۇنىڭ رېئاللىققا قارشى ئەسەبىيلىكلىرىنى قوزغىغان. ئۇ مۇنداق يازغان:

«دۇنيا پەرەس ناچىنىسلاردىن بويۇن تاۋلا،
بويۇن تاۋلاپ دەريا بولۇپ تاشتىم مانا»

ئەلۋەتتە، خوجا ئەھمەد يەسسەۋى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ۋە دىنىي تون كىيىۋالغان تەييارتاپلارنىڭ بىر قىسمىنى پاش قىلغانلىقى، بەزىدە ئۆزىنى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ مۇرىتى دەپ جاكارلىغانلىقى، راۋان ئۇيغۇر تىلىدا يالقۇنلۇق سوفىزملىق ھۆكمەت يازغانلىقى بىلەن غەززالىدىن قىسمەنلىك جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇراتتى. يەسسەۋى سوفىزمىنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى — سۇلايمان بەقىرغانى، سەئىد ئاتا، باباماچىن قاتارلىقلار ئىزچىللاشتۇردى.

خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى (1314—1388) سوفىزم-

لىق پىكىر ئېقىمى تەرەققىياتىغا يېڭى تۈس كىرگۈزگەن روھانىيەتچىل مۇتەپەككۇر ئىدى. «نەقشۋەندى» (نەقىش سالغۇچى) تەخەللۇسى «بالاگەردان» (ئاپەت يوقاتقۇچى) نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئەسلى ئىسمى سەئىد مۇھەممەد ئىبنى جالالىددىن مۇھەممەد فازىل بۇخارى بولۇپ، بۇخارا يېنىدىكى قەسرى ئارىفان دېگەن جايدا تۇغۇلغان ۋە شۇ جايدا ۋاپات بولغان. خوجا باھاۋىددىن نەقشۋەندى مەشھۇر سوپى مىر سەئىد ئەمىر كۇلالىددىن تەلىم ئالغان.

خوجا باھاۋىددىن نەقشۋەندى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى — كېپەكخان (1318 — 1326)، تارمارشىرىنخان (1326 — 1334)، ئەمىرخازاغان (1346 — 1358) دەۋرىدە، تۆمۈرلەڭ تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ماۋارەئۈننەھردىكى ئەمىرى بولغان ۋە تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ياشىغان. بۇ ئۆزگىرىشچان يىللار بولۇپ كېپەكخان غايەت زور مەمۇرىي ۋە مالىيە-پۇل ئىسلاھاتچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋارەئۈننەھرنى ھاكىمىيەت تالاشلىرى قاپلاپ كەتكەن. نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدىن قوشۇن باشلاپ، 1360-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تىنچىتىپ، قەشقەردەريا ۋادىسىغىچە يېتىپ بېرىپ، خوجا بارلاس ئورنىغا تۆمۈرلەڭنى (1336 — 1405) ئەمىرلىككە كۆتۈرگەندى. تۆمۈرلەڭ 1369-يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندا باھاۋىددىن نەقشۋەندى 50 ياشتىن ھالقىغان ئىدى.

خوجا باھاۋىددىن نەقشۋەندى زامانىدىكى خوجا ھاپىز شىرازى (1320—1389) بىلەن بىللە ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا-يېقىن شەرقتە مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاخىرقى فېئوداللىق مەدەنىيەت گۈللىنىشى-كەنجى رېنېسسانس ھادىسىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانىدى. مۇتەپەككۇر

سۈپىتىدە. باھاۋۇددىن نەقشىۋەندىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرى چاغاتاي دۇنياۋى ئەدەبىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

## §-2. نەقشىۋەندى سوفىزمىنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى

خوجا باھاۋۇددىن نەقشىۋەندىنىڭ سوفىزملىق قاراشلىرى نوقۇل سوفىزملىق پىكىر تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي - تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ، پانتېئىزملىق ئىدېئولوگىيىسىنىڭ، بىر قاتار گۇمانىستىك پىكىرلەرنىڭ مۇجەسسەم تەسىرىنىڭ نەتىجىسى بولدى. بىز نەقشىۋەندى قاراشلىرىدىن ئىبن سىنانىڭ پانتېئىزملىق ۋە تىبابەتچىلىك قاراشلىرى تەسىرىنى، «قۇتادغۇبىلىك»تە سۆزلەنگەن ئۆگدۈلمىش ئوبرازىدىكى رېئال دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت قاراشلىرى تەسىرىنى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 — 1020) ئۆمەر ھەييام (1040 — 1122)، نىزامىي گەنجەۋى (1141—1203)، شەيخ سەئدى (1202—1291) قاتارلىق گۇمانىزم نامايەندىلىرىنىڭ پانتېئىزملىق قاراشلىرى تەسىرىنى، ئەينى زاماندىكى ئىسلاھات، ئەمگەك ۋە تەرەققىياتقا بولغان ئىجتىمائىي ئىنتىلىشلەر تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خوجا باھاۋۇددىن نەقشىۋەندى ئالدى بىلەن سوفىزمىنىڭ مەنسۇر ھەللاجىي ۋە جالالىددىن رۇمىي تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدېئالىستىك مونىزملىق - روھانىيەتچىل پانتېئىزملىق پرىنسىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەڭرىنىڭ - تەبىئەتنىڭ بىردەكلىكىنى، تەڭرىنىڭ تەبىئەت ۋە كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى، دۇنيانىڭ بىرلا رېئال دۇنيا ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا بىرلا ھايات بارلىقنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

خوجا باھاۋۇددىن نەقشىۋەندى ئۆز پېشىۋالىرىدىن تېخىمۇ

ئىلگىرلىگەن ھالدا تەركىدۇنياچىلىقنى، رىيازەت چېكىش ۋە خىلۋەتتە سۈلۈك تۇتۇش ۋاستىلىرىنى ئىنساننىڭ تەڭرى بىلەن «ۋەسلى ئىلاھىيە» كۆرۈشىگە يېتىشىنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى، ھەتتا ئاساسلىق ۋاستىسى دەپ قارىمايدۇ. ئۇ خۇددى نەۋائى «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق سوفىزم تەزكىرىسىگە بېغىشلانغان كىتابىدا تىلغا ئالغىنىدەك، ئادەم سىلسىلە ① ھېچ يەرگە بارالمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

خوجا باھاۋىددىن نەقشىۋەندى سوفىزم قائىدىلىرىنى ئىنسانىيەتكە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە (ئەنجۇمەن)، رېئال دۇنيادىكى ئىنسانى ھاياتقا يۆتكەپ، گۇمانىستىك ۋە رېئالىستىك (دۇنياۋى) پىكىرنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشكە مەنپەئەت يەتكۈردى. ئۇ خۇددى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفەھەتۇل ئۇنس»، نەۋائىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغىنىدەك «باتىندا (ئىچكى كۆڭۈلدە) ھەق (تەڭرى) بىلەن»، «زاھىردا (سىرتقى جەھەتتە، ئەمەلىيەتتە) خەلق بىلەن» بولماقنى شەرت قىلىدۇ.

خوجا باھاۋىددىن نەقشىۋەندىنىڭ سوفىزملىق تەشەببۇسلىرى يۇقىرىقى پەلسەپىۋى - پانتېئىزملىق قاراش ئاساسىدا تۆۋەندىكى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» (جەمئىيەتتە، ئادەملەر ئارىسىدا خىلۋەت سۈرمەك).

باھاۋىددىن نەقشىۋەندىچە، جەمئىيەت — خەيرىيەتلىكتۇر. ئۇ ئىنسانلار بىلەن جەمئىيەت بولۇپ ياشاشنى، ئىنسانلارنى تەرك ئېتىپ، تەركىدۇنيادا خىلۋەت سۈرمەككە قارشى قويىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش

---

① سىلسىلە — زەنجىر، ئىزچىللىق، تەرتىپ. بۇ يەردە ئىستىقامەت كۆرسىتىلگەن.

قا قىلغان نەسىھەتلىرىدە تەكىتلەنگەن پىكىرنى تەكىتلەيدۇ.

باھاۋىدىن نەقشىۋەندىچە كىشى، بولۇپمۇ سوپى ھالال ئەمگەك مېۋىسىگە يۆلىنىپ ياشىمىقى لازىم. ئۇ خۇددى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد باقىربىننى مۇھەممەد ئەلىنىڭ «مەقاماتى نەق- شىۋەندى» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئىبادەتنىڭ توققۇزى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال ھايات كۆچۈرۈش دېگەنىدى. ئۇ «دىل بەيارۇ، دەست بەكار» (كۆڭۈل يار بىلەن، قول ئىش بىلەن بولسۇن) دېگەن. ئۇ يەر تېرىپ، مېتالغا نەقىش چېكىش (چىكا - نىكا) بىلەن شۇغۇللانغان. ھېكايە قىلىنىشىچە، ھىرات پادىشاھى مالىك ھۇسەيىن ئۇنى ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرغاندا، ئىلاجىسىز بارغان بولسىمۇ، ھېچنەرسە يېمىگەنمىش. پادىشاھ بۇ ھەقتە سورىغىنىدا، بۇ يەردىكى يېمەكلىكلەر ھەقسىزلىق بىلەن كەلتۈرۈلگەچكە ھالال ئەمگەك مېۋىسى ئەمەس دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ پەقەت ئىلاجىسىز قالغان مۇھتاجلىقلارغىلا ياردەم بېرىش، ساخاۋەت قىلىش يوللۇق دەپ بىلگەن. ئۇ دېھقانچىلىق- تىكى ھالال ھەمكارلىق، لاپقۇتلاشماقنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى «سەفەردەر ۋەتەن» (ۋەتەننى زىيارەت قىلماق)

باھاۋىدىن نەقشىۋەندىچە، بىر يەرنى خىلۋەتگاھ قىلىۋېلىپ، ئۆزلەتتە ① ئولتۇرۇۋېلىش پايدىسىز بولۇپ، ساياھەت قىلىش، ھايات ئالىمىگە كەڭ ۋە تېرەن چۆكۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەي- تىش لازىم. ئۇ تەبىئەت گۈزەل، ئۇندا كىشى لەززەتلىنىدىغان ئۇرغۇن نەرسىلەر بار؛ دۇنيا غۇربەتخانا، غەمخانا ئەمەس. گۈ- زەل دۇنيادا غەمدە، ئەلەمدە، خىلۋەت - يالغۇزلۇقتا، بىرلا ئۆز- لەتتە ياشاش خۇدا ئالدىدا نان كورلۇق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

---

① ئۆزلەت—كىشىلەردىن چەتنەپ ئىستىقامەت قىلماق.

نەقىشىۋەندىچە، پەقەت سەپەر ـ زىيارەت بىلەن دۇنيادىن خەۋەر-
دار بولغاندىلا، دۇنيانىڭ قەدرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى پرىنسىپى «نەزەر دەرقەدەم» (ھەربىر
قەدەم، ھەربىر ئىشنى تەپەككۇر بىلەن ئورۇندىماق)

باھائۇددىن نەقىشىۋەندىچە، دۇنيا پۈتۈنلەي ئازاب دېڭىزى
ئەمەس، ھەرخىل سەۋەنلىك، يېڭىلىش ۋە بەختسىزلىكتىن خالى
بولۇش ئۈچۈن ھەربىر قەدەمنى پۇختا ئويلاپ باسماق لازىم.
ئۇ، ئومۇمەن، ئىنسانغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، خۇشاللىق يەت-
كۈزىدىغان قەدەمنى توغرا قەدەم دەپ، ئەكس نەتىجە بېرىدىغان
قەدەمنى ناتوغرا قەدەم دەپ، قاراپ، ئىنساننىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىنى
ئۆلچەم قىلغان. ئۇ ھەر قانداق مەنپەئەتلىك قەدەم مۇمكىنلىك-
لىرىنى غەنىيمەتلىك دەپ قارىغان. ئۇ تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشنىڭ
مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭ تۆتىنچى پرىنسىپى «خۇش دەردەم» (ھاياتنى
كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكلىك)

باھائۇددىن نەقىشىۋەندىچە، تەبىئەت ۋە رېئال دۇنيا نازۇ-
نېمەت، گۈزەللىك ۋە لەززەت ماكانى بولۇش بىلەن بىللە ھەر
بىر شەخسنىڭ بۇندىكى ھاياتى ۋاقىتلىق، چەكلىك، ئىنسان
ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ۋە شۇ سەۋەبلىك يارىتىل-
غان. نەۋائىي سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەندە، «تەڭرى جەزبەسىدىن
بىر جەزبە ئىنسان بۇ سائادەتكە مۇشەررەفتۇر».

باھائۇددىن نەقىشىۋەندىچە، تەبىئەت ناز قىلىدۇ، چاقچاق
قىلىدۇ، قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئىنسان بۇنىڭغا ئۆز قانىتىنى سۇن-
دۇرماي، كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشى كېرەك.
نەقىشىۋەندى ھەر نەپەس غەنىيمەتلىك، ئۇنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈز-
مەسلىك، غەمكىن قىلىۋېتىش نادانلىقتۇر، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى
چۈشەنمەسلىك، ھەرقانداق ھاياتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە

قارشى بولغان زىت سۆز، تەلىمگە، ھەتتا ئۇ پەيغەمبەر سۆزىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قولاق سالماسلىق لازىم.

باھاۋىددىن نەقشىۋەندى بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشنى، ھەرخىل زەئىپلەندۇرىدىغان ھەرىكەتتىن چەتلىشىشنى ۋە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ھاياتنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلۈشىدىكى ئالدىنقى ھاياتىي شەرت دەپ كۆرسەتكەن.

خوجا باھاۋىددىن ئۆزىنىڭ يوقىرىقى تۆت پىرىنسىپى بىلەن سوفىزمنى كۇمانىزملىق ۋە راتسىئونالىزملىق قاراشلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ، دۇنياغا ۋە رېئال ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق ھاياتنى پاك نىيەت، ھالال ئەمگەك، ئارتۇقچە بولمىغان يېتەرلىك روزىغار بىلەن ئۆتكۈزۈش، ئادىل بولۇپ خەلقنى سۆيۈش قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈردى. نەقشىۋەندى روھانىلار تەرپىدىن تەقىپ قىلىنىپ، يۇرتىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ھەتتا ئۇ ھەققە تۆھمەتلەر (مەسىلەن، قايسى پادىشاھ سارىيىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپتۇ، دېگەندەك) تارقالدى.

باھاۋىددىن نەقشىۋەندى روھانىيەتچىلىكنىڭ، مۇنىستىك سوفىزملىق ئىدېئالىزمدىن، سوفىلىق قائىدىلىرىدىن خالاس بولغان ئەمەس. ئۇ يەنىلا ئىلاھىيەت، ئىلاھىيەت ئىرپانچىلىقى، ئىشقى ئىلاھىيە ۋە مۇرىتچىلىق قاراشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى مۇھەممەد غەززالى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەسسەۋىچىلىك سوفىزمىغا خاتىمە بېرىپ، ئەركىن پىكىر ۋە دۇنياۋى رېئاللىقنىڭ ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

### 3 - §. نەقشىۋەندىچىلىكنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا تەسىرى

نەقشىۋەندىچىلىك سوفىزمى تېز ئارىدا كەڭ تارقالدى. تېز قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئەينى زامان روھىيىتىدە كالامىزم ۋە

يەسەۋىيچىلىك كىشىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاشقا پايدىلىق بولغانىدى. بولۇپمۇ تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە يېڭىدىن ھاسىل قىلىنغان ئارىلاشمىچىلىق مەدەنىيىتى تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشى مۇھىتىدا بۇخىل پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇخلىسلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ھەتتا خوجا باھاۋىددىن نەقشىۋەندى ئۇلۇغ ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ھەج ساۋابى بىلەن باراۋەر دېگەن قاراش شەكىللەندى. كەمبەغەل ئاھالە ئارىسىدا نەقشىۋەندىنى پىر تۇتۇش ئۇدۇمى مەيدانغا چىقتى.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نەقشىۋەندىچىلىك ئوتتۇرا ئاسىيانى، ئېنىقراقى سەمەرقەند، ھىرات، ئەندىجان ۋە يەركەنتنى مەركەز قىلغان كەنجى فېئوداللىق رېنېسسانس ھادىسىسىنى، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگىنى يوق، بەلكى بۇ ھادىسە ۋە ئۇتۇقلارغا رېئالىزملىق، گۇمانىزملىق ھۆسن قوشتى، خالاس.

بۇ ئىنساننىڭ خارلىنىش ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا، تەرىقەت جەبرۇ - جاپاسىنى تارتقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىشقنى تەڭرىگە ۋە ئىنسانغا (ئىشقى مەجازى) بېغىشلىدى، زاھىد - خۇدبىنلىك نامىدا مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، مەرىپەت ھەم ئىلاھىيەتلىك مەنىگە ھەم بىلىش خاراكتېرلىك مەنىگە ئېرىشتى.

خوجا باھاۋىددىن نەقشىۋەندىنىڭ مەۋلانەنىزامىددىن، سەئدىددىن قەشقەرى، مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق سوفىزملىق ئالىپتا مۇرىد - ۋارىسلىرى بولغان. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدە ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد ئەلىنىڭ «مەقاماتى نەقشىۋەندى»، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفەھاتول ئۇنس»،

ئەۋائىنىڭ «ئەسمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلدى.

چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ (كېيىنچە ئۇيغۇر - ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ) مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولغان مۇھەممەد خارازىمىنىڭ «نامە» ژانىرىدىكى «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانى يەسسەۋىچىلىك تەسىرىنى يېڭىپ، نەقشىۋەندى قاراشلىرىغا مۇۋاپىق ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلىگەن مۇھىم نەتىجە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ:

«ئەيانا مېھرىبان، ئەھلى ۋەفاسىز،
جەھان يەلدەك، ئۆمۈر گۈلدەك بەقاسىز»
«تالىم گۈلچېھرە نەرگىس كۆزلىرىڭ بار،
شەكەردۇر داغى شىرىن سۆزلىرىڭ بار»
«قەدەم دەرنەھ، كى دەر ئىشقى مەجازى،
بەمەقسۇدى رەسى، گەر پاكبازى»
(مەجازى مۇھەببەتكە قەدەم قوي! پاك ۋە سادىق بولساڭ بۇ يولدا مەقسەتكە يېتىسەن)

دېگەن مىسرالىرى يېڭى دۇنياۋى يۈزلىنىشنى گەۋدىلەندۈرگەن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىلىك كۈيىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەبەيدۇللا لۇتپىنىڭ:
«ئابى ھەيات دۇنيادا بار ئۇلسا، لەئلىڭ ئۇل»
«بۇرقەنى① كۆتەر، تەگرى ئۈچۈن، ئەل سېنى كۆرسۇن.
بۇ ھۆسنى مەلاھەت② يەنە قايسى كۈن ئۈچۈندۇر»

---

① بۇرقە — پەردە، نىقاب.
② مەلاھەت — گۈزەللىك.

مەۋلانە گەدائىينىڭ:

«كىرەكمەس تەگلەغى پىردەۋسى رىزۋان،
سىنىڭدەك چۈن، بىگىم دىلخاھىمىز بار»
ئاتايىنىڭ:
«ئۇل سەنەمكىم، سۇ ياقاسىندا پەرىدەك ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلىقىدىن سۇ بىلەن يۇتسە بولۇر»
سەككاكىنىڭ:
«ئىشق ئىشىن سەككاكى ئەۋۋەل بىلمەدى ئاسان كۆرۈپ،
ئاخىرى ئۆز جانىنىڭ ئىشىنى دىشۋار ئەيلەدى»

دېگەن مىسرالىرى مۇشۇ يىگى يۈزلىنىشنىڭ مىسال قەترىسىدۇر، خالاس.

ئابدۇراخمان جامى مەۋلانە سەددىدىن مۇھەممەد قەشقەرى تەسىرىدە نەقشىۋەندىچىلىك قاراشلىرىنى تىكلىدى. ئۇ ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، سەددىدىن قەشقەرىنىڭ مەشھەتتىكى قەبرىسىگە شەيخلىق قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ شۇ جايغا دەفىن قىلىندى.

ئەلىشىر نەۋائى ياشلىقىدا پەرىدىددىن ئەتتارىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» داستانى تەسىرىدە سوفىزملىق كۆز قارىشىغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئابدۇراخمان جامىنىڭ تەسىرىدە تېزلا نەقشىۋەندى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى قاراشلىرى ئەلىشىر نەۋائى قاراشلىرى بىلەن تەڭداش ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، نەقشىۋەندىچىلىك سوفىزمىنىڭ نەۋائى لىرىكىسىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ:

«مۇساپىر بول، ئەمما ۋەتەن ئىچىدە بول،
تىلە خىلۋەتۇ، ئەنجۇمەن ئىچرە بول»

دەپ يازغاندى.

بىز سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرىشىتخان غەزەللىرىدىن، بابارەھىم مەشرەپ. بولۇپمۇ مۇھەممەد سىدىق زەلىلى شېئىرىيىتىدىكى ماجازى مەزمۇنلاردىن نەقشىۋەندىچىلىك تەسىرىنى، ھەتتا نەقشىۋەندى نامىغا بېغىشلانغان جۈملىلەرنى كۆرەلەيمىز. مەلۇم مەنىدە بۇ خىل تەسىر تاكى چاغاتاي ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىگىچە داۋام قىلغان دېيىش مۇمكىن. زەلىلى مۇنداق يازغاندى:

«كوھنەلەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئېلىپ ئۆتەر بىردەم، سەن بۇدەم غەنىيمەت تۇت»
«سەن ئۆزۈڭگە بۇگۈن تاماشاھ قىل،
ھەر ئەجايىپكى باردۇر ئادەمدە.
ئەقلى كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نەتىلەرسەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەرغۇنۇنىڭ سەداسىدىن كۆيدۇم،
شۇئلە تاشلايدۇ زىرئىلە بومدە.
قايدا ئېساكەبى مەسىھايى.
كۆرگەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە....»

خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى سوفىزمى ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىيات تارىخىغا سالماقلىق تەسىر قىلغان. ئۇنى ھەر تەرەپلىمە مۇلاھىزە قىلماي ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت تارىخىنىڭ مۇرەككەپ مەنزىرىسىنى روشەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. سوفىزم توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسلەر؟
2. نەقشىۋەندى سوفىزمىنىڭ ئاساسى ئالامەتلىرى قانداق؟
3. نەقشىۋەندىچىلىكنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىغا تەسىرى قانداق بولغان؟

## III باب. رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل رابغۇزى»

### 1-§. رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇل رابغۇزى» توغرىسىدا

رابغۇزى يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، «رابات»، «ئوغۇز» دېگەن ئىككى ئىسمىنىڭ بىرلەشمىسىدىن كېلىپ چىققان. ئېھتىمال يازغۇچى ئەنە شۇ «رابات»، «ئوغۇز» دېگەن خارازىمگە قاراشلىق جايدا ئۆزاق ياشاپ، شۇ جايلاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە شۇ جايلارنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلغان بولسا كېرەك.

يازغۇچىنىڭ ئىسمى پروفېسسور كوفورلۇزادە مۇھەممەد پۇئاتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بورھانىددىن ئوغلى قادى ناسىر دەپ ئاتىلىدۇ. ناسىر بورھانىددىن ئوغلى رابغۇزى بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1279 — 1281 - يىللار ئارىسىدا تۇغۇلغانلىقى تەخمىن قىلىنىماقتا. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى توغرىلىق ھازىرغىچە بىرەر ئېنىق ئىلمىي ھۆججەت بولمىغىنىدەك، ھاياتى توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي ۋە ئىلمىي مەلۇماتلار يوق. شۇنداق بولسىمۇ بورھانىددىن ئوغلى ناسىر رابغۇزى XIII - XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ، ئۇ تامۇشۇ كۈنگىچە ئالتە ئەسىردىن بېرى شەرق دۇنياسىدا ئالقىشلىنىپ كېلىۋاتقان قىسسەسۇل رابغۇزى ياكى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن دىنىي - فانتاستىك قىسسە (رومان) بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

ئۇنىڭ رابغۇزى دېگەن تەخەللۇسىدىن ئۆمرىنىڭ كۆپ
قىسمىنى خارەزىمنىڭ «رابات - ئوغۇز» دېگەن يەرلىرىدە ئۆتكۈز-
گەنلىكى مەلۇم. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ «رابات - ئو-
غۇز» نىڭ قازى كالان لاۋازىمىدە بولغان، ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك
يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيسى ئىكەنلىكى مەلۇم. تارىختىن بىزگە
مەلۇمكى خارەزىم شەھىرى چاغاتاي دەۋرىدە چاغاتاي تىررىتو-
رىيەسىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تارىخچى ئە-
بىن ۋاتتۇتانىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خارەزىمنى ئىدارە قىلغان
چاغاتاي خانلىرىنىڭ بىرى شاھابىدىن ئەمىر قۇتلۇق تۆمۈر شۇ
چاغ دۇنياغا مەشھۇر بولغان «مەدرىسى بودنانى» ناملىق ئىلىم
ئوچىقىنى تەسىس قىلغانلىقى، بۇ ئوچاقنى مەركەز قىلغان ھالدا
ئىسلام ئىلمى ۋە دۇنياۋى ئىلىم تەرەققىي قىلىپ، تۈركىي تىل-
دا ئەسەر يازغۇچى مۇھەممەد بىننى مەھمۇد ئالاھىدىن ئابدىرىھىم،
تاجىدىن قىردارى ۋە ئەھمەد يەسەۋى تەلىماتلىرىنىڭ يىرىك
ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان نەجمىدىن قوبرا ۋە ئۇنىڭ سانسىز
مۇرىتلىرى مەيدانغا كەلگەننى بايان قىلىدۇ. جۈملىدىن، مۇھەممەد
پۇئات كوفورلىزادىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇشۇ مەزگىلدە خارە-
زىمدە مەيدانغا كەلگەن «قۇرئان» نىڭ خارەزىم شىۋىسى ئارىلاش-
قان تۈركچە تەرجىمىسى ھازىر ھەكىم ئوغلى كۈتۈپخانىسىدا
951 = √ بىلەن ساقلانماقتا. ئەدەبىي تىل تەرەققىيات نۇقتىسى-
دىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك «خاقانىيە»
تىلىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ بىر تارمىقى قار-
لۇق - خارەزىم تارمىقىغا مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى-
نىڭ بىر نۇقتىسىمۇ ئەنە شۇ خارەزىمنى مەركەز قىلغان.

يۇقىرىدىقى پاكىتلار بۇ چاغدىكى خارەزىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
يۇقىرىدىكى ئەنە شۇ مەدەنىي مۇھىت ناسىر بورھانىدىن ئوغلى

رابغۇزىنىڭ ئىلمىي نەپەس ئالغان مۇھىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆ-
سۈپ يېتىلىشىنى ئەنە شۇ مۇھىتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.
ئۇ ئەسىرىنىڭ نامى توغرىسىدا توختىلىپ: «مەقسۇدۇمۇندا
پەيغەمبەرلەر قىسسىسى ئەردى ۋە لېكىن ئادەمدىن بۇرۇن يارال-
غانلار بار ئۈچۈن ئاندىن ئاغاز قىلدىم، ئىستەكلىككە ئاسان بول-
سۇن تېپ ‹قىسسەئى رابغۇزى› ئات قويدۇم» دەيدۇ. ئەمما ئە-
سەردە ئاساسەن پەيغەمبەرلەر تارىخىنى، دىنىي ئىدېئاللاشتۇرۇپ
تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى ئاتىلىشى
«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇنداق ئاتاشتا ئۇنىڭ
مەزمۇنى ئاساس قىلىنغان بولسا كېرەك.
ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلىنى ئاپتورنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن
ئېنىقلىغىلى بولىدۇ: «يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلىغا كەم، بىتىل-
دى بۇ كىتاب. تۇغمىش ئەسەردى ئۇل ئۇغۇردا ھوت سائادەت
يۇلتۇزى» دەيدۇ. يەنى بۇ كىتاب ھىجرىيىنىڭ 710-يىلى
ھوت ئېيىنىڭ بېشىدا — مىلادى 1311-يىل 3-ئايدا يېزىلغان.
يازغۇچى بۇ ئەسەرنى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بىرى —
1326-يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرىپ ئۆزىگە
«ئالائىددىن» دېگەن دىنىي ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان، ھاكىمىيەت
ئىشلىرىدا چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ شەرىئەت
كالاملىرىنى يېتەكچى قىلغان تار-مارشىن خاننىڭ ئوردا كاھ-
لىرىنىڭ بىرسىدە ئىشلىگەن «توق بوغاخان»غا تەقدىم قىلغان.
ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «يازىپ ئىلتىتىم ناسىر-
دىن توكبۇغا تەبۇغمىنە، تىلەيۈرمۇ تىلەمەسمۇ بىلگۈلۈك، بىلسۇن
ئۆزى». ئەمما «رابغۇزى بۇ كىتابىنى ئەسلى موڭغۇل بولۇپ،
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئىسلام ئىبادىتى بىلەن كېچە-
كۈندۈز شۇغۇللانغان ئەمىرى ئەسىلىل تاسول-ئومبىرگە، مۇخ-

بۇل ئۇلىما بەگلەر ئۇلۇغى نەسىردىن توق بۇغادىن ئالدىنقى-
ئەمىر ھوزورىگە بېغىشلاپ يېزىشقا باشلىغان. بۇ كىتابنى ھىجىـ
رىيە 710 - يىلى، مىلادى 1311 - يىلى يېزىپ تاماملىغان ①»
دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ پاكىتقا قارىغاندا، كىتابنىڭ يېزىلىشىغا خېـ
لى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىنغانلىقىنى، كىتاب يېزىلىپ پۈتكەنـ
دىن كېيىن ئىسلام نوپۇزى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈ-
رەش قىلغۇچى «تار - مارشىن» سارىيىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگـ
لىگۈچى ئىمانى كامىل بولغان «ناسىردىن توق بۇغا» غا تەقدىم
قىلىنغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا چاغاتاي ئۇلۇ-
سىدىكى ھەممە خانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، تۈركلىشىپ
بولغان ئىدى. جۈملىدىن دۆلەت ئىشلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يې-
زىقى ۋە كېيىنرەك ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقىنى،
تىلدا تۈرك تىلىنى ئىشلىتەتتى.

رابغۇزىنى ئەمىر توق بۇغا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ
ئەمىردىن چارەك ئەسىر ئاۋۋال ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقى
مەلۇم. بۇ پاكىتقا قارىغاندا، ئاپتورنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»
نى يېشى خېلى چوڭايغان ۋاقىتتا يازغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەسەر سيۇژىت دائىرىسىگە ئالەمنىڭ يارىلىشىدىن باشلاپ،
ئىنسانلارنىڭ جامائە بولۇپ تەشكىللىنىشى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى،
خىلمۇخىل دىنىي ئېتىقادلارنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆرۈشى، ئىسـ
لام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن
بۇرۇنقى ھەر قايسى دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ تارىخى ۋە
ئىسلامىيەتنىڭ ئىجادچىسى بولغان مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ چارـ
يارلىرى، ھەسەن ۋە ھۈسەن تەزكىرىلىرى، ھەتتا ئاج ئىبنى

① مۇھەممەد فۇئات كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» تۈركچە نەشرى
286 — 287 - بەتلەر.

ئۇنۇق، ھاروت ـ مارۇت، «ئەسھابۇل كەھف» قىسسىلىرىگە ئوخشاش ئەپسانىلەر كىرگۈزۈلگەن.

يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە داۋاملىق دىگۈدەك ئايەت، سۈرىلەرگە مۇراجىئەت قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىنى پۇختا بىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە پارس تىلىنىمۇ بىلسە كېرەك.

ئۇنىڭ ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى بىلىشى ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن يېرىك يازغۇچىلار ۋە ئىسلام مەنبەلىرىدىن ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن. ئەسەردىكى «نوھ» ئەپسانىسى بۇرۇنقى ئەرەب يازغۇچىسى گولد زىمىر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، جۈملىدىن ئۆز ئەسىرىدە ئەبۇ ئىسھاق نەشۇرىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» سىدەك ئەدىبلەرگە مۇراجىئەت قىلىشى يۇقىرىقى پىكىرىمىزگە ئىسپات بولالايدۇ. ئاپتور ئەسلى ئۆز قولى بىلەن يازغان «قىسسەسۇل رابغۇزى» نۇسخىسى تېخىچە دۇنياغا مەلۇم ئەمەس.

پروفېسسور مۇھەممەد فوئات كوپورلونىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، لوندون ۋە لېنىنگرادتىكى كۆچۈرمە نۇسخىلىرى 1859 - يىلدىن كېيىن دۇنياغا مەلۇم بولغان بولۇپ، شۇندىن بۇيان ئۇنى تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ھازىرقى تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخىسى «لوندىرا» نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ھەقتە تەتقىقاتچى رېئو (Rieu) نىڭ يازغان شەرھىسى ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ يارلىق ھەققىدە چەتئەل ئاپتورلىرى خەۋەر قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ بىر قەدەر كونا نۇسخىلىرى ھازىر لوندون، لېنىنگراد موزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

ئەسەر بۇرۇنلا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ XIX ئەسىردە قازان، تاشكەنت، بۇخارا،

ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان ھەر خىل نۇسخىلىرىمۇ شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، بۇنىڭ XIX ئەسىر ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر، خوتەندە كۆچۈرۈلگەن بەزى نۇسخىلىرى خەلق قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ نۇسخىلىرى يېقىندىن بېرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ داشۆ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن باشقا ئاسار ـ ئەتىقىلەر قاتارىدا توپلانماقتا. بۇ كىتاب 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقىتىلدى.

## 2 - §. «قىسسەسۇل رابغۇزى» نىڭ مەزمۇنى

بۇ قىسسە 44 بابتىن ئىبارەت بولۇپ، باش قىسمىدىكى ۋەقەلەر ئەسلى يەھۇدىلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە «تەۋرات» تا تىلغا ئېلىنغان. بۇلار كېيىنچە ئەرەبلەرگە ئۆتۈپ بەزىلىرى ئەرەب فولكلورىغا ئايلانغان ۋە «قۇرئان» غا كىرىپ «قۇرئان» ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇلغان. جۈملىدىن بەزى ئوبرازلار «قۇرئان» كۆز قارىشى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئىسلاملاشقان ئىلاھىي روھلۇق ئوبرازلاردىن بولۇپ قالغان. ھەتتا جاھانغا مەشھۇر تارىخىي شەخس ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ (36 ـ بابتا) ئىسلامىيلاشقان ئىسلام قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. قالغان سەككىز بابى ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ چارىيارلىرىنىڭ ھايات ـ پائالىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بەزى ۋەقەلەر ئىسلام روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەنى ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. يۇقىرىقى بابلار ئىچىدە يەنىلا ئىسلامىيەتنىڭ ئى-

جادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوبرازى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

قىسسەنىڭ ۋەقەلىكى تارىخىي (خرونولوگىيىلىك) تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بولۇپ شەكىللىنىشى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەمئىيەتتە سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇشى، دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن زوروئاستىرئىزىم (ئاتەشپەرەستلىك)، يەھۇدى دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى، ئاخىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ دىنىنى ئۆزىگە قورال قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئىسلام ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى چاھارىيارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئۇماۋىيلار دەۋرىگىچە، بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ ئەھۋالى دىنىي روھتىكى كارتىنا ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

ھەر قانداق يازغۇچى ئىجادىيىتىدە ئىستېتىك غايە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، يازغۇچى شۇ ئىستېتىك غايىگە تايىنىپ تۇرۇپ، دۇنيانى كۆزىتىدۇ، يازماقچى بولغان تېمىسىنى تاللايدۇ. تېمىنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشى، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تىپىك شارائىتتىكى بەلگىلىك ھەرىكىتى، ئەسەرنىڭ سيۇژېت، قۇرۇلما ـ لىنىيىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، سيۇژېت، لىنىيە قۇرۇلمىسىنىڭ جېنى بولغان توقۇنۇشلار ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان كومپوزىتسىيىسىنى قۇراشتۇرىدۇ. بۇ كومپوزىتسىيە ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىتابخانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان تىندىبىسىيىلىك ئىدىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياكى بۇنى باشقىچىرەك

قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئاخىرى تىپىك بەدىئىي كارتىنا، بەدىئىي ئوبرازلاردا تۈپلىنىپ، گەۋدىلەندۈرۈلۈپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنىدۇ. رابغۇزى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل ۋە نۇقتىنەزەر بىلەن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قىسسىسىنى يېزىپ چىققان.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» (تۆۋەندە قىسسە دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ دەسلەپكى ۋەقەلىكى «زەبۇر»①، «تەۋرات»② تىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن «قۇرئان» غا ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭدا ئىسلاملاشتۇرۇلغان ھەم بەزىلىرى ئەرەب فولكلورىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەپسانە، رىۋايەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەقەلىكلەرنىڭ زىددىيەت تەرەققىياتى رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە خاس ئىلاھىيەتلىك دىنىي روھتىكى تەپەككۇر لوگىكىسى بويىچە قانات يايغان. ئەمما بۇ ئەسەردىكى توقۇنۇشلار ۋە زىددىيەتلەر باشقا خەلقلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەر پەقەت بىر «ئاللاھ» نىڭ «قۇدرىتى» بىلەنلا بولىدۇ. شۇڭا ئەسەردىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جېنى بولغان توقۇنۇش (كومپلېكت) سۇ ئىسلاملاشقان بىر «ئاللاھ» نىڭ «قۇدرىتى» بىلەن مەيدانغا چىقىرىلىپ، سيۇژېتلار دىنىي فانتاستىكىلىق يول بىلەن قانات يايىدۇ. مەسىلەن:

---

① زەبۇر — رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئاللاتائالا تەرىپىدىن داۋۇتقا ئەۋەتىلگەن كىتاب ئىمىش. («قىسسەسۇل ئەنبىيا» 15 ـ بەت).

② تەۋرات — يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بۇ ئاللاتائالا تەرىپىدىن مۇساغا ئەۋەتىلگەن كىتاب ئىمىش (يۇقىرىقى كىتاب — 15 ـ بەت).

«ئادەم» (ئەلەيھىسسالام) تۇپراقتىن يارىتىلغان،① ئۇ ئەرشكە چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر «ئاللا» نىڭ ھۆكمى بىلەن سەجـدە قىلىدۇ. ئەمما شەيتان «ئوت» تىن يارالغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆ- زىنى تۇپراقتىن يارالغان «ئادەم» دىن ئۈستۈن تۇتۇپ، سەجدە قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ (ئۇ ئەسـلى پەرىشتە ئىدى) پەرىشتىلىك سۈپىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، شەيتانغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ قىسسىدە ئادەمگە قارشى كومپلېكتىنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىسسىدە سيۇژىتلار قانات يايىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان زىددىـيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شەيتان قىسسىدە دىنلار پەيدا بولغىچە بولغان ئارىلىقتىچە كومپلېكتىنىڭ ئاساسىي زىددىيەت تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ دىنـلار پەيدا بولغاندىن كېيىن، غەيرىي دىنلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ ئارقا تىرىكى تۈسىنى ئالىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدىن قارىغاندا ئوتمۇ، ئادەممۇ تەبىئەتـنىڭ مەھسۇلى، ئوتنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن ئىگىلىنىشى ئىنسانىـيەت تەرەققىياتىغا زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىنـسان ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈرلۈكى قەدىمكى گرېك ئەپسانىسى «پرومېتى» نىڭ ئوت ئوغرىلىشىدا بەدىئىي ھالدا تىپىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى.

قىسسىدىكى «تۇپراق» تىن يارالغان «ئادەم» بىلەن «ئوت» تىن يارالغان «شەيتان» ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى قارىمـۇ قارشىلىق، ئادەمنىڭ ئوتنى ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەر- يانىدىكى كۆرەشلەر ئەسىرنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن سېھىرلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىسسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلىدۇ. ھاۋا

① «قىسسە سۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى، 10 - بەت.

ئانا ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلىدۇ.① داغدۇغىلىق توي بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە تۇرىدۇ. جەننەتتە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بۇغداي يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستاننىڭ سەرەندىب تېغىغا، ھاۋا ئانا جىددى تېغىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ.② 300 يىل ئازاب چېكىدۇ. ئادەمنىڭ كۆز ياشلىرىدىن گىياھلار ئۈنىدۇ. كېيىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئادەمدىن ھال سورايدۇ.... ھەم ئاللا ئۈچ تال بۇغداي ئەۋەتىدۇ. ئاللانىڭ بېھىشتىن ئات، قوي، تۆگە، چىقىرىپ بېرىشى، ئادەمنىڭ «ئۈچ تال بۇغداي» نى كۆپەيتىشى، ئۆكۈزلەرنى قوشقا قوشۇپ يەر ھەيدىشى، قوچقارنى يەپ، ساغلىقلارنى بېقىشى، يۇڭىدىن كىيىم توقۇپ كىيىشى ۋە باشقىلار ③ ..... سۆزلىنىدۇ.

مانا بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئالدىدا چارۋىچىلىق، كېيىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى. بولۇپمۇ شەرقتە دېھقانچىلىق، بۇغداي تېرىپ ئۆستۈرۈش ئەمگىكىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىسسىدە دىنىي تۈس بىلەن كەڭ تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى كارتىنىلاردىن جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى بېسىپ ئۆتكەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

2- قىسسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ پەيدابولۇشىدىن ئىبارەت دەسلەپكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ كارتىنىسى بېرىلگەن. مەسىلەن:

جەبرائىل بېھىشتىن بىر چاڭگال ئالتۇن كەلتۈرۈپ، بىر تاغقا چاچىدۇ.... ④ تاغ ئالتۇن كانىغا ئايلىنىدۇ... ئادەم بالىلىرى

---

① «قىسەسۇل ئەنبىيا» 18 — 20 - بەت

② «قىسەسۇل ئەنبىيا» 24-، 28- بەت

③ «يۇقىرىقى كىتاب» 29- بەت

④ «يۇقىرىقى كىتاب» 39- بەت

ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ.... ھەم ھەربىرى بىردىن ھۆلەر ئىگىلەيدۇ. بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە باشلايدۇ.

مانا بۇ كارتىنىلاردىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك پەيدا بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدىكى مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

قىسسىدە ئادەم 500 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، نەسلى كۆپىيىپ «ئاللا» ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.① بۇ جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيۇشقانلىقىغا سەۋۇل قىلىنسا، ئارىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەردىن ئادەم ئۆزىنىڭ بىرىنچى پادىشاھ ئىكەنلىكىمۇ بايقىلىدۇ. چۈنكى، پادىشاھلار ئۆزىگە تەۋە يەرلەرنى باللىرىغا بۆلۈپ بېرەلەيدۇ. قىسسىدە نۇھ ئەلەيھىسسالام يەرلەرنى باللىرىغا مۇنداق تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ:

قىسسىدە: «ھەزرىتى نۇھ دۇنيانىڭ يېرىمىنى — ئۇمۇد دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى، بەلىخ، بۇخارا، ئىراق، شام، خۇراسان، سامان، رۇم، باغداد، مىسىر، مەككە-مەدىنە، يەمەن، ئەدەن، ئانتاكىيە، قۇستەنتىنە..... قاتارلىق ئۇلۇغ مەملىكەتلەرنى سامغا بەردى.

ئەندىجان، سەمەرقەند، ئۆرگەنچ، قىرغىز، قازاق، قالماق، موغۇل زېمىنلىرىنى خىتايغىچە يافەسكە بەردى.

كونجال، تۇبۇت، بالتى، بولۇر، كەشمىر، ھىندىستانلارنى ھامغا بەردى» دېيىلىدۇ.②

بۇلارنى گەرچە ھېچقايسىسى ئىمپېرىيىگە تەقمۇ تەق تەققاسلىقلى بولمىسىمۇ، لېكىن يەرلەرنى مۇنداق چېگرىلارغا بۆلۈش

① «قىسسۇل ئەنبىيا» 398-بەت.

② «يۇقىرىقى كىتاب» («نۇھ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى»)، «بۇلاق» 1988-يىل، 4-سان 11-بەت.

بىزگە يېرىك دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ۋەقەلەر يەنە ئەرەب يەرلىرىدىكى فىرئەۋن-لار بىلەن بولغان كۆرەشكە مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈز بېرىدۇ.

يازغۇچى ئېستېتىك غايە جەھەتتە ئىسلام تېئولوگىيىسىگە ياندىشقانلىقى ئۈچۈن قىسسىدىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» ① نىڭ پەيغەمبەرلىرى (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پائالىيىتى تەسۋىر-لىنىدىغان ياكى ئىسلام ئېتىقادى تەسۋىرلىنىشكە باشلىنىدىغان 38 - قىسىمغىچە) نىڭ ھەممىسى ئىسلامىيەت ئۈچۈن كۆرەشكەن «قەھرىمانلار» قىلىپ تەسۋىرلىنىشتىن قەتئىينەزەر، قىسسە سيۇ-ژىت لىنىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋەقەلەردىن ئەرەبىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئېتىقاد قىلىپ بېشىدىن كەچۈرگەن دىنلار تارىخىنى، بەزىلىرىنى غىل - پال، بەزىلىرىنى (بولۇپمۇ قىسسىدىكى ۋەقەلىكلەر ئاساسەن يەھۇدى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ماكانى سۈرىيە، پەلەستىن، مىسر... ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن) خېلىلا تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

نەمرۇدنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، كۆك خۇداسىغا ئوق ئېتىشى② ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ ئىسلاملاشقان تۈستە بېرىلىشى دېيىلسە (9 - قىسىمدە) قىسسىنىڭ يەنە بىر يېرى (1 - قىسىمە)دە، قابىلنىڭ ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ھابىلنىڭ قويىنى ئاسماندىن چۈشكەن ئوت يېشۇرۇپ بەرگەن-لىكى تەسۋىرلىنىدۇ. 9 - قىسىمدە بولسا پادىشاھ نەمرۇدنىڭ ئائىبراھىم پەيغەمبەرنى تۇتۇپ كېلىپ تۆت ئاي ئوتتۇن دۆۋىلەپ

---

① ئىنجىل — خرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. بۇنى ئاللا تائالا ئەيساغا ئەۋەتكەن ئىمىش. («قىسسۇل ئەنبىيا»، 15 - بەت)

② يۇقىرىقى كىتاب، 76 - بەت.

ئۇنى ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوت ياقىدۇ. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئوت دەرھال سۇۋۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا راھەت بېغىشلايدۇ. ئىبراھىم ئىككى رەكەئەت ناماز ئوقۇيدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچ كۈن ئولتۇرىدۇ.① پادىشاھ نەمرۇدنىڭ قىزى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ «لائىلاھە ئىللەللا، ئىبراھىم خەلىلۇللا!» دەپ ئوتقا كىرىدۇ.② ئۇنىڭغا ئوت ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. نەمرۇدنىڭ ئادەملىرى قىزنى ئۆلتۈرمەك بولغاندا، ئاسماندىن شامال بىلەن بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ قىزنى كۆيەقاپقا ئېلىپ كېتىدۇ... ③ بۇ زوروئاستىمىردىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

قىسسەدە خرىستىيان دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى پەرىقلەندۇرۇلمەيدۇ. ھەر ئىككىلىسى بۇد پەرەسلىكنىڭ پەيدا بولۇش يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ 5 - قىسسىدە ئادەمدىن كېيىنكى ئىنسانلانىڭ بوۋىسى نوھ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ زامانىدا ئادەم ناھايىتى كۆپەيدى. بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە تۇتاش ئۆيلەرنىڭ تېمىنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ بارغىلى بولاتتى.④ ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باللىرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، تاشتىن بۇت ياساپ، ئادەمنىڭ سىماسىغا ۋەكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا باللىرىنى چوقۇندۇرىدۇ. ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇتقا چوقۇنۇش كېلىپ چىققانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ⑤

يۇقىرىدىكى تەسۋىردىن بىرىنچى خرىستىيان مۇناستىرىنى

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 31 - بەت.

②، ③، ④ - «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 72 -، 73، 74 - بەت.

⑤ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 48 - بەت.

⑥ يۇقىرىدىقى كىتاب 49 - بەت

كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئەمدى 7 - قىسىمدە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ بۆتپەرەس بولۇپ ① كەتتى، دېگەن تەسۋىرلەردىن، تۈركىستان ۋە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەمرۇد دەۋرىدە بۆتپەرەسلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلاردىن ② بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى غەربتە سۈرىيە، مېسوپوتامىيىلەر يەھۇدى ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ پەيدا بولغان ماكانلىرىنىڭ بىرى بولغان بولسا، مۇسۇلمان شەرقىدە ھىندىستان، تۈركىستان، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان (يەنى، ھازىرقى شىنجاڭ) بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىپ، گۈللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا غەرب - شەرققە تارقالغان ماكانلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ ئەسەر ھەققىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن سوفىزىم ھەققىدە قىسقىچە تەكرارلاش قىلىپ ئۆتەيلى. سوفىستىك - تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى جانلىق ئورگانىزمنىڭ يۈكسەك چوققىسى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ھەم ئىجادىيىتىنىڭ ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدا قالدۇرغان ئىلغار ئىزىمۇ مۇشۇ نۇقتىدىن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك غايىسىدە ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغلىنىدۇكى، ئۇنىڭدا ئاللانىڭ پۈتۈن خىسلەتلىرى مۇجەسسەملىنىپ تەجەللى قىلىنغاندۇر. بۇ نۇقتا «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قىسىمىدە باشتىن ئاخىر كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنياغا

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 58 - بەت

② يۇقىرىقى كىتاب 68 - بەت

كەلگەندىن كېيىن، ھاۋا ئانا بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا توي قىلىدۇ. بۇ چاغدا پەرىشتىلەر بىر-بىرى بىلەن ۋە ئادەملەر بىلەن سوئال قويۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. يېشىلمىگەن سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم جاۋاب بېرىدۇ. بۇ بابتا ئادەم ئەلەيھىسسالام ناھايىتى چوڭ بىلىم ئىگىسى، ئالىم سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ① جۈملىدىن ئۇنىڭغا ئىبلىس نامىنى ئېلىپ، بويىنىغا «تەۋقەلەنەت» چۈشكەن ھازازۇلدىن باشقا ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلىدۇ. ②

نوھ توپان بالاسىدا كېمە ياساپ ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدۇ. ھەتتا ئىبراھىم ئوتتىمۇ كۆيمەيدۇ. پەرىشتىلەر ئادەم بولۇش ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ھارۇت، مارۇت دەپ ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ئادەملەرچە ھايات كەچۈرىدۇ. ③ جۈملىدىن قىسسەدە ئادەم نەسلىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قانداق كۆرەشتە ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن مەغرۇر، ھىيلىگەر شەيتانلاردىن غالىب كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى يېڭىپ چىقىدۇ.

بىلىم ۋە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى قىسسەدە ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، بولۇپمۇ لوقمان ھاكىم ئوبرازلىرىدا نۇقتىلىق مەدھىيىلىنىدۇ. نادان ئىستىبدات فېئودال پادىشاھلار باشتىن ئاخىر يازغۇچى قەلىمى ئاستىدا پاش قىلىنىپ، نەپرەت نەيزىسىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىدۇ.

رابغۇزىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا فارابى ئوتتۇرىغا قويغان ئوتوپىك «غايىۋى ئىدىئال شاھ» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان «بىلىملىك غايىۋى ئادىل شاھ» ئىدىيىسى ۋارىسلىق قىلىنغان ھالدا دىنىي پانتاستىك نەزەردە

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 22-بەت.

② «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 15-26-بەت.

③ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 45-بەت

ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتنى ئۇ تەسۋىرلىگەن ئورغۇل-
لىغان پەيغەمبەر، پادىشاھلار ئوبرازىدىن كۆرىمىز.

ئەسەرلىكنىڭ 20 - قىسسىدىكى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى بۇنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. قىسسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئۇ ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر قەھرىمان بولۇپ، باشقا ئەجايىپ پېرسوناژلارغا ئوخشاش تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ۋە كۆرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن.

داۋۇت — ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمان. ئۇ قىسسىدە قوي باققانلىقى، شىرنى مىنىپ قارشىلىق قىلمايدىغانلىقى، تاغلار-دا قولىدىكى تەسبىھىنى تارتىپ ماڭسا، تاغلار ۋە ئېدىرلار ئۇ-نىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ① داۋۇتنىڭ شاھلىق تەختىگە چىقىشىمۇ قەھرىمانلىقىنىڭ تۈپەيلىدىن بولىدۇ.

قىسسىدە بايان قىلىنىشىچە، داۋۇت زامانىدا تالۇت، جالۇت دېگەن ئىككى زالىم پادىشاھ بولۇپ، ئىككىسى تىنىماي ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. تالۇت جالۇتنى يېڭىش ئۈچۈن ئەشمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا بارىدۇ. شۇ ئەسنادا بىر نىدا كېلىپ، ئى تالۇت، ئاۋۇ شاختىكى ياغنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ باق، ئۇ ياغ كىمنىڭ ئالدىدا قايناسا جالۇتنىڭ كۈشەندىسى شۇ ئادەم بولغاي، دېيىلىدۇ. تالۇت ياغنى كىشىلەر ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بىر - بىرلەپ قويىدۇ، ياغ قايىنىمايدۇ......

داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، ياغ قايىنايدۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت جالۇت بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن،

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 261 - 262 - بەتلەر.

جەڭگە ئاتلىنىدۇ. «جالۇتنىڭ بويى 60 گەز، توغرىسى 20 گەز»① بولسىمۇ، داۋۇت ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا جالۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۇپارلارنى تېرە - پېرەن قىلىۋېتىدۇ. ② داۋۇت تالۇتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ۋەدىسىدە تۇرماي، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىگە قارشى بولغان تاغدىكى دۈشمەننى مۇسۇلمان قىلىپ، خەتنىسىنى قىلدۇرۇپ كەلگىن، دەيدۇ. داۋۇت مەردلىك بىلەن ئۇنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئامالسىز قالغان تالۇت ئاخىرى ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ ئۇنى پادىشاھلىقىغا شېرىك قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلق داۋۇتقا مايىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن تالۇتنىڭ رەشكى قوزغىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. داۋۇت ئەمدى قەھرىمانلا ئەمەس، بەلكى سەزگۈر، ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. داۋۇتنىڭ خوتۇنى بىر تۇلۇم سۇ ئېلىپ چىقىپ، سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ئۈستىگە داۋۇتنىڭ تونىنى ياپىدۇ - دە، ئۆزى يېنىدا ياتىدۇ، داۋۇت پەستە ياتىدۇ. كېچىسى تالۇت كىرىپ ھېلىقى تۇلۇمغا شەمشەر ئۇرىدۇ.... داۋۇت ئۆلدى دەپ خۇشال بولىدۇ. ئەمما ئەتىسى داۋۇتنىڭ تىرىكلىكىنى ئاڭلايدۇ. تالۇت ناھايىتى ئۇسال ھالەتكە چۈشۈپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە قاتتىق ئەندىشە، ئازاب ئوتى ئىچىدە قالىدۇ. بىر كۈنى داۋۇت تالۇتنىڭ تەختىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تال ئوقنى قىستۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەتىسى بۇنى كۆرگەن تالۇت «بۇ يەرگە داۋۇت كىرىپتۇ، ماڭا زىيان يەتكۈزمەي چىقىپ كېتىپتۇ، ئەگەر يامان خىيالى بولىدىغان بولسا مېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى» دەپ پەرەز قىلىپ، قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلىدۇ. ③ شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نۇرغۇن گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما گۇناھىدىن

---

① ② «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 262 -، 263 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 264 - بەت

قورقۇپ، كېچىسى گۆرىستانلىققا بېرىپ، يىغلاپ پەريات قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى بىر ياخشى ئايالنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەشمۇئىل ئەلەيھىسسالامدىن: ئۆز گۇناھىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئوغۇللىرى بىلەن بېرىپ «كاپىرلار» بىلەن جەڭ قىلىش لازىملىقىنى ئۇقىدۇ ھەم جەڭگە كىرىپ، جەڭدە ئۆلىدۇ. ① داۋۇت بۇ يۇرتقا شاھ بولىدۇ. ②

قىسسىدە داۋۇت دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. ئۇ ئادىل سوتچى، كېچىسى يوقراچە ياسىنىپ ئەل- يۇرتنى كېزىپ ئۆزئىشىنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرىدىغان ئادىل دېموكرات، ئەمگەكنى سۆيىدى- غان، تۆمۈرچىلىكنى كەسىپ قىلغان ئۇستا كاسىپ (شۇڭا تۆمۈر- چىلەرمۇ ھازىرغىچە داۋۇتنى پىردەيدۇ) سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن قىسسىدە «ئۇ «زەبۇر» نى ئوقۇسا، پۈتۈن جانۇ - جانۋارلار جەم بولۇپ كېلىپ، تاقەت قىلالماي، بىھوش بولۇپ يىغلايتتى، ھەتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ توختايتتى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ③ قىسسىدە يەنە داۋۇت خاتالىقىنى سەزگەن ھامان تۆزىتىشكە قەتئىي بەل باغلايدىغان قىلىپ كۆرسىتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقتىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر ھەسسىنى ئىبادەت، ئىككىنچى ھەسسىنى پادىشاھلىق، ئۈچىنچى ھەسسىنى تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ.④

قىسسىدە تەسۋىرلەنگەن داۋۇتنىڭ يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان مەرد قەھرىمان، خەلق ئىشلىرىغا قارىتا ئادىل پادىشاھ ھەم ئەمگەكچى ھەم ھۈنەرۋەن، ھەم ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنى- دىغان ھەقىقىي ئىنسان خىسلەتلىرىگە ئىگە ئادەم، خەلق سۆيى- دىغان شاھ سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

① ② ③ «قىسەسۇلئەنبىيا» 265 - بەت

④ يۇقىرىقى كىتاب، 266 - بەت

يازغۇچىنىڭ ئادىل شاھ توغرىسىدىكى قارىشى داۋۇتنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى سۇلايمان ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل قاراش «يۇسۇپ زۇلەيخا» قىسسىسىدىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا ئىبغىر سالماقنى مۇھەببەت تېمىسى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز بولمىغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئوبرازلىرى يارىتىلىدۇ.

قىسسىنىڭ ناھايىتى كەڭ لىنىيىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت ۋەقەلىرىنىڭ مەزمۇنى ئېتىبارى بىلەن مۇھىم راقلىرى «ئادەم بىلەن ھاۋا»، «يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا»، «ئايۇپ بىلەن رەيىم بانۇ» لارنى مىسال قىلغىلى بولىدۇ.

مۇئەللىپ دۇنيا قاراش جەھەتتە «بىر ئاللا سىنتىرىزىم» دىن ئوزۇقلانغان سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ «تەجەللى» ئېستېتىك پرىنسىپىغا تايانغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن قارشى قىلىپ قويمايدۇ. جۈملىدىن ئىنساننىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىنسانىي مۇھەببىتىنى «ئاللا» غا بولغان مۇھەببىتى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمايدۇ. ئەمما ئۇنى ئىلاھىي كۈچ بىلەن چەكسىز مۇبالىغە قىلىپ، غايىۋىيلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاللا ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىپ، ھاۋانى ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ نۇرىدىن بىر زەررە ئېلىپ، ئۇنى 100 گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ %99 نى ھاۋاغا بېرىدۇ. ① دېمەك ئۇ دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەللەردىن بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتە ھەشەمەتلىك توي قىلىدۇ. ئۇلار جەبرائىل، پەرىشتە ۋە شەيتانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 20 - بەت

ئادەم بىلەن ھاۋا ۋىسالىغا يېتىشىپ، جەننەتتە ياشايدۇ. ئەمما جەننەتتە يېيىشتىن مەنئى قىلىنغان بۇغداينى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، ئاللا ئۇلارنى جازالايدۇ ۋە ئادەمنى ھىندىستانغا، ھاۋانى «جىددى» تېغىغا تاشلايدۇ... ئادەمنىڭ بۇ دەردى پىراق ئىچىدە تۆككەن كۆز ياشلىرى سۇ بولۇپ ئاقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاچچىق چۈچۈك دورا پەيدا بولىدۇ. ① .... 300 يىل سادىقلىق بىلەن بىر-بىرىنى كۈتۈپ، قاتتىق مۇشەققەتتە ھايات كۆچۈرىدۇ. ئەمما ئاللا بۇ 300 يىل جەريانىدا بۇ ئەزىز بەندىلىرىگە جەبرائىل، پەرىشتىلەر ئارقىلىق شەپقەت كۆرسىتىپ ۋە 18 خاسىيەتنى ئاتا قىلىپ، ② قايتىدىن مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. ئىنسانىيەت ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ رىۋايەت «تەۋرات» تىن، «ئىنجىل» غا، ئاندىن «قۇرئان» غا ئۆتكەن ۋە ئەرەب رىۋايىتىگە ئايلىنىپ، ئىسلام تۈسىنى ئېلىپ، ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان.

دېمەك: «قىسسەسۇل رابغۇزى» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ناھايىتى كەڭ، مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل. ئاجايىپ-غارايىپ، ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىغا رېئاللىق ئارىلاشقانلىقى ئادەم، بىلىم، مۇھەببەت، ئەمگەك، باتۇرلۇق، ئادىللىق، گۈزەل غايە مەدھىيىلەنگەنلىكى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. بىر قىسىم مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ شاكىلىغا تەڭ، خالاس.

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 25-بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 41-بەت.

## 3 - §. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

بەدىئىيلىك چۈشەنچىسى سەنئەتكە خاس كاتېگورىيىلىك تۈس ئالغان چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ باشقا ئىدېئولوگىيىلىك پائالىيەتلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىدە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى، يەنى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

كەڭ مەنىدىن ئالغاندا بەدىئىيلىك ئوبرازلىق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنى بەدىئىي نۇرىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوبراز — بەدىئىي ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ ئاددىي، بىردىنبىر مولېكۇلا بىرلىكى، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوبراز دېگەن بەدىئىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ھايات كارتىنىسى (تەبىئىي ھاياتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە)، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەسەردىكى پېرسوناژلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەگەر يېرىك بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق بىر پۈتۈن دەۋر خاراكتېرىنى ئالغان جانلىق، كونكرېت ھايات كارتىنىسىنى كۆرىمىز. بۇ خىل ھايات كارتىنىسى شۇ دەۋر جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر بەدىئىي ئەسەرنى شۇ جەمئىيەتنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېسەك، ئۇ چاغدا بۇ بەدىئىي ئىنكاسنىڭ مەركىزىدە ئادەم ئوبرازى تۇرىدۇ. ئادەم ئوبرازىنىڭ يادروسى ئادەم خاراكتېرىدۇر. بەدىئىيلىك ئاخىرقى ھېسابتا بەدىئىي ئەسەردە ئادەم خاراكتېرىنى يارىتىش دېگەنلىكتۇر. بەدىئىيلىك بەدىئىي ئەسەردە ئىجتىمائىي ھاياتنى كونكرېت رېئاللاشتۇرغان، تىپىكلىك ۋە ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولغان ئوبرازلارنى،

چۇملىدىن ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن باغلىق بولغان بەلگىلىك ئىستېتىك ئىنتىلىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى بەدىئىيلىك بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىكى بەدىئىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ سەۋىيە دەرىجىسى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن باغلىق بولىدۇ. بۇنى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ بەلگىلىك جەمئىيەتتە ياشىغان يازغۇچىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، بەدىئىي ئىستېدادىغا، ئۇنىڭ توپلىغان تەجرىبىلىرىگە ۋە دۇنيا قارىشىغا باغلىق بولىدۇ.

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ سەۋىيىسى بەكمۇ تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا بوي سۇنۇشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇڭا بۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقى ئەپسانىۋى تۈس ئالدى. ماركس ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھەرقانداق ئەپسانىلەر تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، تەبىئەت كۈچلىرى ھەقىقىي بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەنلا ئەپسانىلەرمۇ يوققا چىقىدۇ ①»

بەدىئىيلىك توغرىسىدىكى يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنى بەدىئىي ئەسەرگە تەتبىقلىغىنىمىزدا مۇنداق بولىدۇ:

باش تېما، ۋەقەلىك ۋە بۇ ۋەقەلىككە سىڭدۈرۈلگەن يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشى ھەم مەلۇم دۇنيا قاراشقا تايانغان ئىستېتىك غايىۋى ئىنتىلىشلەر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ؛ يازغۇچىنىڭ ئىستېتىك غايىسى سىڭدۈرۈلگەن ۋەقەلىك (سيۇژېت)، شۇ سيۇژېت لىنىيىلىرىنىڭ يازغۇچى خاھىشىغا ماس قۇراشتۇ-

---

① ماۋزېدۇڭ: «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى 4 - بەت

رولغان كومپوزىتسىيىسى، ئۇلارنى كونكرېت ھايات شەكلىدە يەنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەينى شەكىل فورماتسىيىسىگە قارىغاندا (ئەمما تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان) كونكرېت (ھېس قىلغۇزىدىغان) قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەدەبىي تىلنىڭ ھەممە كونتېكسلىرى ئەسەرنىڭ بەدىئىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ جايدا ۋەقەلىك دېگىنىمىز، ئەسەرگە قاتناشقان قەھرىمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقىسى، مەنپەئەت، توقۇنۇش پائالىيەتلىرى ۋە ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، مانا شۇ جەرياندا بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئېچىلىدۇ. بۇ، ئادەتتە، ئەسەردە ئوبراز خاراكتېرى دەپ ئاتىلىپ، يازغۇچىنىڭ ئىستېتىك غايىسى ئەنە شۇ ئوبراز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

بەدىئىيلىك مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغانلىقتىن، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردە يارىتىلغان خاراكتېر ئۆز دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ياراتقان بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ تۇپرىقىغا يىلتىز تارتقان، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، پەلسەپەۋى ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئالغان بولىدۇ.

دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا «قىسسەسۇل رابغۇزى» — فېئودالىزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە يارىتىلغان ئەسەر.

ياۋروپا فېئوداليزمى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتىدىن باشلاپ (476 —)، XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 13 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخچىلار فېئودالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى V ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە فېئودالىزمنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى، XI ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە گۈللەنگەن دەۋرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرنى بولسا، فېئودالىزمنىڭ ئاخىرلاشقان ۋە كاپىتالىزم پەيدا بولغان، تەرەققىي قىلغان دەۋرى دېگەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ.

فېئودالىزمنىڭ تەرەققىياتى شەرق بىلەن غەربتە ئوخشاش ئەمەس. غەربىي ياۋروپادا فېئودالىزمنىڭ بۇ ئۈچ باسقۇچى 476 - يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ساكسون قەبىلىسىگە ئۆتۈشىدىن باشلاپ ئەھلى سەلىپ (ياۋروپادا كرىستوۋى پاخود دەپ ئاتىلىدۇ) ئۇرۇشىغىچە، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىن ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگىچە، ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىن كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ غەلىبە قىلىشىغىچە داۋام قىلغان.

غەربتە گېرمان — ساكسون قەبىلىلىرى ئۆز بېشىدىن قۇللۇق دەۋرنى ئۆتكۈزمىدى. چۈنكى بۇ ۋار - ۋار قەبىلىلەر غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگىچە قوراللىق باستۇرۇپ كېلىپ، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆز زامانىسىدا خېلىلا ۋايىغا يەتكەن يۈكسەك مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندى. بۇ تەرەپتىن ئەرەب مىللىتىمۇ گېرمان - ساكسون قەبىلىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆز باشلىرىدىن قۇللۇق تۈزۈمىنى ئۆتكۈزمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بېسىۋالغان يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئىران، مىسىر، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئىنتايىن باي مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندى.

فېئودالىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ ئىدېئولوگىيە جۇملىدىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى خرىستىيان دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىنىشى بولسا، ئىككىنچى باسقۇچى خارابلاشقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەبلەر ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسى قارمىقى-

غا گىرگەن كەڭ رايونىدىكى خەلقلەر ئارقىلىق باشقىدىن دۇنياغا كېلىپ، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا باش كۆتۈرۈپ، غەربتىن شەرققە يۆتكىلىپ، دۇنياغا داڭلىق «ئىسلام» مەدەنىيىتىنىڭ بەرق ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭا بۇ دەۋردە مەدەنىيەت ئۆز تەرەققىياتىدىكى بىردەكلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى، ۋاراجلىنىش قانۇنىيەتلىرى بويىچە، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، غەرب ۋە شەرق مەدەنىيەت ئالمىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ مەدەنىيەت رايونىنى غايەت زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى تەشكىل قىلغان فېئودال ناتۇرال ئىگىلىك ۋە ئۇششاق، تارقاق ئىگىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىستېتىك قاراشلىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئەلۋەتتە، ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى، تەبىئەتچىلىك، ئىمتىيازلىق، پەلسەپەۋى، ئەخلاق قاراشلىرى شۇنداقلا ئادەم تەقدىرى، مەجبۇرىيەت، گىنىسىئولوگىيە — بىلىش نەزەرىيىسى، ئېتىقاد، ئادەم ئىرادىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەينىكى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۇ قېتىمشتۇرمىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈردى. نەتىجىدە بۇ دەۋردە دىنىي سەنئەت، دىنىي مىستىك تەلىمات، دۇنيا (رېئالىزملىق) ئىستېتىك تەلىمات، تەڭرى مەركەزلىك تەلىماتى (تېئوسېنتېرىزىم)، ئادەم مەركەزچىلىك كۆز قارىشى، تەڭرى ھوقۇق ئەقىدىسى، گۇمانىزم ئىدىيىسى قاتارلىق بىر قاتار مەكتەپلەر مەيدانغا كەلدى. رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل رابغۇزى» ئەسىرى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

قىسسە ئۆزىنىڭ سيۇژېت لىنىيىسىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ بېشىدىن-ئىنسانلار-

نىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلاپ، ئىنسان مەدەنىيەت تارىخىدا سىۋىلىزاتسىيىلىك (مەرىپەتلىك) رول ئوينىغان ئىپتىدائىي دىنىلار زوروئاستىر، بۇددا، خرىستىيان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئىسلام دەۋرىنى مەركەزلىك ھالدا ئۆزىنىڭ سيۇژىت مەركىزىگە قويۇپ، ئىسلام دەۋرىدىكى خەلىپىلىك دەۋرى جۈملىدىن مۇھەممەد سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىشىپ ئوماۋىلار سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان دەۋر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلار ئاساسىدا قارىغاندا، قىسسە سيۇژىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

قىسسە ئوتتۇرا ئەسىر تېئولوگىيىسى بولغان ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ «تېئوسېنتىرىزىم» (تەڭرى مەركەزچىلىك) پەلسەپىسىنى ئاساس قىلغان سوفىستىك (تەسەۋۋۇپ) ئەدەبىياتىنىڭ ئەستېتىك غايىسى بويىچە يېزىلغان ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا پۈتۈن دىنلار يەنى ئوتتۇرا شەرق، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن دىنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنى ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەر، «ئاللا» ئۈچۈن ئەڭ سادىق كۈرەشكۈچىلەر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

جۈملىدىن ئەسەردىكى ۋەقەلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ خرونولوگىيىسى (تارىخىي تەرتىپى)نى ئاساس قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار باشتىن ئاخىر ئىسلاملاشقان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەشكەن سيۇژىتلار ئارقىلىق بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىدا مىسال ئۈچۈن ئېلىنغان «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام»، «ئايۇپ ئەلەيھىسسالام»، «يۇسۇپ-زىلەيخا»... ۋە باشقىلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قىلىپ يەنە شۇنى كۆرسىتىش لازىمكى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى تۈ-

ۋەن تەبىقىدىن چىققان قەھرىمانلار ياكى پەيغەمبەرلەردۇر. دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆز ئوبيېكتىنى ئاممۋىلىققا قارىتىشى فېئودالىزم جەمئىيىتىدىن باشلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا «قۇللۇق جەمئىيەت» ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا قاراپ تاشلىغان يەنە بىر چوڭ قەدىمى بولغان بولسا، سىياسىي جەھەتتىن، ئىنسانىيەتكە ئەڭ دەھشەتلىك زۇلمەت گۆرى ئىدى. بۇ چاغدا سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى يەنىلا قۇلدارلار سىنىپى، ئەسەر قەھرىمانلىرىمۇ قۇلدارلار ئىدى.

فېئودالىزم ئىنسانىيەت ئۈچۈن يەنىلا زۇلۇم ئوچىقى بولغان بولسىمۇ، خەلق قۇللۇق دەۋرگە قارىغاندا بۇ دەۋردە ئاز بولسىمۇ ئەركىنلىككە ئىگە ئىدى. بۇ دەۋردە كەڭ تۆۋەن قاتلام دېھقان، ھۈنەرۋەن، زىيالىيلار ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرگە ئايلاندى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمدى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى قۇلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەمەس، بەلكى خەلق تۇرمۇشىدىن سيۇژېت ئېلىپ، خەلقپەرۋەرلىك، گۇمانىزملىق، ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېلىپ كەلدى.

خرىستىيان دىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەسلى پەلەستىندىكى يەھۇدى قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغانىدى. يەنى يەھۇدىزم دىنىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئاساسىدا خرىستىيان دىنى مەيدانغا كەلدى. بۇ چاغدا پەلەستىن رىمنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، قاتتىق ئېزىلەتتى. ئەيسا يەھۇدىزم دىنىنى خرىستىيان دىنى قىلىپ ئۆزگەرتكەن چاغدا، ئۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلۇمغا قارشى، قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ئۇمىدۋارلىقنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ جەننەتتە جۈملىدىن ساماۋىي دۆلەتتە، كەلگۈسى ئۇ دۇنيادىكى ساماۋىي زاماندا كىشىلەر باراۋەر بولۇپ، زۇلۇم بولمايدۇ، مېھرىبانلىقلا بولىدۇكى، ئۆچمەنلىك بولمايدۇ.

خۇسۇسىي مۈلۈك، ئائىلە باشلىقى بولمايدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا ئۇ ئۈچ ئەسىر ئىسيانكار ئىدىيە سۈپىتىدە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، IV ئەسىرگە كەلگەندە، رىم ئىمپېرىيىسى ئۆز مەنپەئەتىگە خەلقنى بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىپ دۆلەت دىنىگە ئايلاندۇردى.

پۈتۈن دىنلار بىلەن، بولۇپمۇ خرىستىيان دىنى بىلەن يىلتىزداش بولغان ئىسلام دىنىمۇ خۇددى يەھۇدىزمدەك ئەرەب ۋار-ۋارلىرىغا مىللەت، دۆلەت، ئازادلىق چۈشەنچىسى بېرىش بايرىقى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققانىدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرىنىڭ شوئارىمۇ خرىستىيان پەيغەمبىرى ئەيسانىڭ نۇقتىئىنەزەر شوئارى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ.

ئەمما دىن ئوتتۇرا ئەسىردە ئىككى خىل سىنىپ ئۈچۈن ئىككى خىل چۈشەنچە بەردى. ھۆكۈمران فېئوداللار سىنىپى ئۈچۈن قۇللاشتۇرۇش قورالى سۈپىتىدە تونۇلسا، خەلق ئۈچۈن، ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئۈچۈن نىجادلىق يولىنى كۆرسەتكۈچى يەنى «تەڭرى ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن مەنىدە شۇنداقلا ئىجادىيەت مەنىسىدە تونۇلغانىدى. مانا شۇ نۇقتىدىن دىنىي مىستىك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ خەلققە، خەلقنىڭ ئېتىقادىغا يېقىنلىقىنى، خەلقنىڭ نىجاد ئارزۇسىغا يېقىنلىقىنى ئىپادىلىدى.

خەلق دىنىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك جاپا چەككەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ دېموكراتىك، خەلقپەرۋەر دىنىي قاراشلىرى ئارقىلىق ھاكىممۇتلەقلىككە، زالىم فېئوداللارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ھامىيلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايتتى.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئەسىردىكى پەيغەمبەر قەھرىمانلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنىڭ قانچىلىك ئەپسانە تۈس بىلەن ئىلاھىي-

لاشتۇرۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار خىلمۇخىل سەرگۈزەشتە، كەچمىش - كەچۈرمىش كۈرەشلىرى بىلەن يۇقىرىقى روھنى بەدىئىي، جانلىق كۈرەش كارتىنىلىرىدا ئىپادىلىدى. شۇڭا ئۇ ئالتە ئەسىردىن بۇيان، شەرق ئەدەبىياتىدا مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، خەلق سۆيۈپ ئوقۇپ كەلمەكتە. مانا بۇ تەرەپنى ئەسەرنىڭ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولىدۇ.

رومانىنىڭ قەھرىمانلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تىپىكلىكى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى بار. ھەربىر قىسىدىكى خاراكتېر بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس بولغان قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. لېكىن ۋەقەلىك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تارىخىي خرونولوگىيىنى ئاساس قىلىسىمۇ، لېكىن ئىسلاملاشقان ئەپسانە - رىۋايەت شەكلى بىلەن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن قارىمۇ قارشىلىقلار رېئال تۇرمۇش لوگىكىسى بويىچە ئەمەس، ئەپسانە - رىۋايەتلەر قانۇنىيەت لوگىكىسى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يېشىم بېرىلىدۇ.

روماندا قەھرىمانلار ھەرىكەت تەقدىرىنىڭ تارىخىي بولغان سيۇژېت، سيۇژېت تەرەققىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىددىيەت، قارىمۇ قارشىلىقلار ۋە بۇلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئوبراز — خاراكتېرلارنىڭ تەقدىرى دېتېرمىنىزم (سەۋەب - نەتىجە) يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەممىنى بەلگىلىگۈچى «ئاللا»نىڭ قۇدرىتى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىجابىي قەھرىمانلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، فېئودال زۇلۇمغا قارشى ئەركىنلىككە ئىنتىلىشلىرى ۋە باراۋەرلىك، گۇمانىزم، ئىنسان گۈزەللىكى قاتارلىق دېموكراتىك ئىدىيىلەر تۇمان ئاستىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئاپتور ئىدىيىسىدىكى بۇ قارىمۇ قارشىلىق ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىردىكى «تەڭرى مەركەزلىك» ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئوتتۇرا ئەسىر

ئۇلغار دېموكراتىك گۇمانىزم ئىدىيىلىرىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئېنگېلس: «فېئودالىزمغا قارشى تۇرغۇچىلار پۈتۈن ئەسىرلەر داۋامىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. شارائىتنىڭ بىردەك بولمىغانلىقىغا ئەگىشىپ، ئۇ بەزىدە سوفىزم شەكلىدە، بەزىدە ئاشكارا دەھرىيلىك شەكلىدە، بەزىدە قوراللىق شەكلىدە ئىپادىلەندى①» دېگەنىدى. ئاپتور ئىدىيىسىدىكى يۇقىرىقى زىددىيەتنى دەل ئېنگېلس ئېيتقاندەك سوفىزم يولى بىلەن فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشتىن كېلىپ چىققان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىلىق يەنە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەربىر قىسسە ئۆز ئالدىغا بىردىن ھېكايىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ھالدا باشلىنىش نۇقتىسى، تۈگۈنى، راۋاجى، كولمىنوتسىيىسى، يېشىمى بار بولۇپ، شۇ ھېكايىدىكى قەھرىمانلار خاراكتېرىنى ئېچىشقا ماسلاشتۇرۇلغان بىر پۈتۈن پىششىق كومپوزىتسىيىگە ئىگە. ئۇ مانا مۇشۇ يول بىلەن 44 قىسسىنى خرونولوگىيىلىك تەرتىپ بويىچە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى دىنىي پانتاستىك يەنى ئىسلاملاشقان ئەپسانە، رىۋايەت سيۇژېت لىنىيىلىرى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ، ئىنسانىيەت بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پۈتۈن ئېتىقادلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش سۈپىتىدە ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ ئاخىرى ئىسلامىيەتنى ئۇلۇغلاپ چىقىدۇ.

«ئىسلامىيەت»، «تەڭرى مەركەزچىلىك» ئىدىيىسىنى بىر قىزىل يىپ قىلىپ، شۇنداق ئۇزاق جەريانىنى بىر پۈتۈن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي گەۋدىسىنى ئۇرغۇزالىشى

① ئېنگېلس، «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى» خەنزۇچە.

يازغۇچىنىڭ تارىخىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ۋە بەدىئىي ئىستېدا-
تىنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالاھىدە يۇقىرى سە-
ۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ما-
ھارىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنچە چوڭ يىرىك رومانىدىكى سان-
سىز ۋەقەلەرنى بايان قىلىش چېۋەرلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەسەر ئاساسەن پروزا شەكلى بىلەن لىرىك چېكىنىشلەر
قوللىنىلىپ يېزىلغان، بەزى ھاللاردا شېئىرىي شەكىل بىلەن
يېزىلغان. بۇنداق جايلاردىكى شېئىرىي بايانلار «قۇتادغۇ بىلىك»كە
ۋارىسلىق قىلىپ «قۇتادغۇ بىلىك» قوللانغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ
«مۇتەقارىب» ۋەزنىدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئاساسىي پروزا قىس-
مىدا بايان قىلىشنىڭ تۈز بايان، تەتۈر بايان، قىستۇرما بايان،
نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىق يېزىقچىلىق ئۇسۇللىرىدىن ئۇستىلىق
بىلەن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلغان.

قىسسىنىڭ تىلى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنى «خاقانىيە»تىلى-
نىڭ بىۋاسىتە داۋامى بولغان چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدە-
بىي تىلىنىڭ، يەنى خېلىلا بېيىپ كامالەتكە يەتكەن ئەدەبىي
تىلىنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. رومانىدىكى بەدىئىي تىلنىڭ
سىغىمچانلىق ئۇنۇمدارلىقى، رەڭمۇ رەڭ قويۇق بەدىئىي بو-
ياقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئەسەرنىڭ ئوبرازلارنى گەۋدىلەندۈ-
رۈش كۈچىنى ئۇنىڭ 38 - قىسىدىكى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالا-
نىڭ مىراجىغا چىقىشى»① تەسۋىرلەنگەن جايلاردا ئېنىق كۆر-
گىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ جايلاردىكى «بېھىش»، «دوزاخ» كار-
تىنىلىرى يۇقىرى بەدىئىي تىل ۋە سېھرىي كۈچ بىلەن گەۋدى-
لەندۈرۈلگەن.

قىسسىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تىل ماھارىتىگە ئىگە ئىكەن-
لىكىنى ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچىدىن

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 464 - بەت.

ئۇچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەجايىب نازىنىن كۆردۈم، يۈزىدۇر رەۋنەقى گۈلزار،
قەمەر تەلئەت، پەرى پەيكەر، پەرىشتە خوي، گۈلى رۇخسارە
چىشىدۇر ئۈنچە ياگەۋھەر، سۆزىدۇر شەھدۇ يا شەكەر،
كى ئاغزى چەشمەئى كەۋسەر بىھىشتى تەھتىھۇل ئەنھار.
بويى بىر دەستە گۈلدۇر، سۆزى گويا كى بۇلبۇلدۇر،
جەھان خەلقى ئاڭا قۇلدۇر، ھەمە خۇسرەۋ خىزمەتكار.
لەبى ياقۇتۇ مارجاندۇر، يۈزى خۇرشىدۇ تاباندۇر،
كۆزى ئاھۇ، جادۇ-جادۇخەندە ئەجەب مەككار ئەييار،
ئانىڭ باشىدىن ئاياغى خوب ئەجايىب نازىنىن مەھبۇب،
تەئەلدە تاقەتى ئەييۇب دوردۇر، بىرەھمە ھەم خۇنخار.
نىگارا قىلماغىل زايىر، ئاڭا جانۇ-دىلىم تابىئ
خۇدايا بولماسۇن شايىئ، ھەمە ئالەمگە بۇ ئىسرار.
كېچىپ جانۇ جەھانەمدىن، بولۇپ ئاجىز كەلامىمدىن،
قىلىپ سۆزلەر زەبانىمدىن سىڭنى دەپ ھالىمنى مەن دىشۋار.
ئەگەر سەنكىم سۇلەيمان سەن-خۇداغا بەندە فەرمانسەن،
پىدا قىل يار دەپ جان سەن، ئېيتىپ مەن بىر غەزەل بىسيار①

يۇقىرىدىقى بىر پارچە شېئىر ئالتۇن ئۈزۈككە ياراشقان ياقۇت كۆزدەك قىسسىنىڭ مەزمۇنىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل رابغۇزى» ئەسىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرىسىدۇر.

بۇ ئەسەر يالغۇز ئۇيغۇر پروزىسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى شەرقتىكى بەزى خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى پروزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 286-بەت.

زور تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى، تىلشۇناسلىقى، تارىخشۇناسلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دىنشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئېتنوگرافلار، پەيلەسوپ سوتسىئولوگلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى باي تەتقىقات تېمىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، خېلىلا ئۈستۈن ماھارەت ۋە بەدىئىي كۈچ بىلەن «تەڭرى مەركەزچىلىك»، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن بۇ قىسسىدە دىنىي شاكاللارمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرنىڭ بەدىئىي يادىكارلىقلارغا ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شاكاللىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىپ قېلىشىمىز كېرەك، يەنى ماركسىزمنىڭ تەنقىدىي ئىنكار، تەنقىدىي ۋارىسلىق، تەنقىدىي راۋاجلاندۇرۇش قانۇنى بويىچە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئوزۇق ئېلىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى بېيىتىشىمىز ۋە گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. رابغۇزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
2. «قىسسەئى رابغۇزى» توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
3. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
4. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.
5. ئەسەرنى ئوقۇپ، ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى تەرەپلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قىسقىچە بىر پارچە ماقالە يېزىپ چىقىڭلار.

## IV باب. خارەزمی ۋە «مۇھەببەتنامە»

### §-1. «نامە» ژانىرى ۋە «مۇھەببەتنامە» نىڭ مەيدانغا كېلىشى

«نامە» — مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، ئۇ دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىشقى بېيىت شەكلىدە ئۆزىنىڭ ئۇندۇرمە شەكلىنى ئىپادىلىگەنىدى. مۇنداق ژانىر شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتىدا ھەرخىل شەكىلدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ «چاغاتاي» دەۋرىدىكى مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى «نامە» ژانىرىنىڭ مۇستەقىل لىرىك ژانىر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىدۇر. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، بىز خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق لىرىك ئەسىرىنى سىر دەريا ۋادىسىدا — تۈركىستان رايونىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان «نامە» ژانىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى ھېسابلايمىز.

«مۇھەببەتنامە» خارەزمىي تەخەللۇسىدىكى مۇئەللىپنىڭ لىرىك داستانى بولۇپ، تەخەللۇسىدىن ئۇنىڭ خارەزىملىك ياكى خارەزىمگە ماكانلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەسلى نامى ۋە ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەينى زامانىدىكى قايسى قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھا-

ياتى ۋە باشقا ئىجادىي پائالىيىتىنى بىلدۈرىدىغان مەنبەلەر تېپىلمىغان. بىز پەقەت «مۇھەببەتنامە» دىكى ساپ ئۇيغۇر شېئىرى ئىبارىلىرى بىلەن پارس - تاجىكچە شېئىرىي ئىبارىلەردىن بۇ ھەقتە تولۇقسىز مەلۇمات ئالالايمىز.

خارەزمى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدىكى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىرقەدەر تىنىچ تەرەققىياتقا كىرگەن دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا خارەزىم يەتتىسۇ تۈركىستان رايونلىرى بىلەن بىللە ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قاراشلىق ئىدى. خارەزمىنىڭ قەيەردە قاچەنلىك ئوقۇغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەنبەلەر يوق. ئەمما ئۇ ئۆز دەۋرىگە خاس ئاساسلىق بىلىملەردىن خەۋەردار بولغان، ۋە شېئىرىي ئۇسلۇبىغا قارىغاندا ھېسسىياتچان، ئەقىلدان ۋە چېۋەر كىشى بولغان.

«مۇھەببەتنامە» دە مۇئەللىپ پارسچە مىسرالار بىلەن ئۆزىنىڭ تۈركىيە (ئۇ چاغدا رۇم سۇلتانلىقى دېيىلەتتى)، مىسىر (شام) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى كېزىپ چىققانلىقىنى، دېڭىز سەپىرىدە ۋە پىيادە سەپەرلەردە بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

خارەزمى ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى جەريانىدا 1353 - يىلى ئاخىرى ئالتۇن ئوردا خانى جانىبەك (1342 — 1357) نىڭ سىر دەريا ۋادىسىدىكى ۋالىسى مۇھەممەد خوجا بەگ بىلەن تونۇشۇپ، 1353 - 1354 - يىلى ئوتتۇرىسىدا كەلگەن قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. بۇھال خارەزمىنىڭ خېلىلا تونۇلغان شائىر ئىكەنلىكى، ئالەمدىن خەۋەردارلىقى ۋە يېشىنىڭ توختالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

مەلۇمكى، جانىبەك، تولا بۇغخان (1287 — 1290)، توخ-

تاخان (1290 — 1312)، ئۆزبېكخان (1312 — 1342) دىن كېيىن 1342 — 1357 - يىللىرى ئارىسىدا ئالتۇن ئوردىغا خان بولغانىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى توختامىش خان بىلەن تۆمۈرلەڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ نەتىجىسىدە يىمىرىلگەن.

«مۇھەببەتنامە» نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا بايان قىلىنىشىچە، مۇھەممەد خوجا بەگ مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار، شائىرانە كىشى بولۇپ، خارەزمنى كۆپ ياخشى كۆرىدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كەچكى زىياپەتتىن كېيىن خارەزمدىن مۇشۇ يەردە قىشلاپ، بىر ئەسەر ئارمۇغان (بېغىشلاش) قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. نەتىجىدە «مۇھەببەتنامە» شۇ جايدا يېزىلغان. بۇ ھەقتە داستاندا مۇنداق دېيىلگەن.

«بۇ دەيتەركى، بولۇپتۇر، مىسىر قەندى،
يەتتە يۈز ئەللىك تۆت ئىچرە تۈگەندى.
«مۇھەببەتنامە» سۆزنى مۇندا ئايتتىم،
قامۇغىنى سىر ياقاسىدا بىيىتتىم»

**2-§. «مۇھەببەتنامە» نىڭ نۇسخىلىرى ۋە تۈزۈلمىسى**

«مۇھەببەتنامە» نىڭ زادى قانچە خىل نۇسخىسى مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئۇزۇپ ئېيتىش قىيىن. يېقىنغىچە، بۇ داستاننىڭ ئىككى نۇسخىسى — ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى ئىككى نۇسخىسى برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان دەپ قارالغانىدى.

مازىرقى كۈندە ئۇنىڭ بەش خىل نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم بولدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. برىتانىيە مۇزېيىدا «OV.8193» ئىندېكسى

بىلەن ساقلانغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى. بۇ نۇسخا 1432 - يىلى يەزد شەھىرىدە مىرجامالىدىن دېگەن كىشىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيسى، شائىر باقى مەنسۇر باقشى تەرىپىدىن مارت - ئاپرېل ئايلىرىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئاخىرىغا شائىر باقى مەنسۇر باقشى ۋە قەمەر ئوغلىنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئىلاۋە قىلىنغان. بۇ نۇسخا تېپىلغاندىن كېيىن بارتولىد «برىتانىيە موزېيىدىكى يېڭى ئۇيغۇر تېكىستى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

2. برىتانىيە مۇزېيىدا «Ad.7914» ئىندېكسى بىلەن ساقلانغان ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. بۇ نۇسخا 1508 - 1509 - يىللىرى كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىدا پارچە مىسرالار كۆپرەك بولۇپ، ئالدىنقى نۇسخىدىن كەمرەك. بۇ نۇسخىنى 1957 - يىلى گېرادكلا ئوسۇن ئېلان قىلغان.

1959 - يىلى شىرباك بارتولىد بىلەن گېرارى كلائوسون ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە يېزىقتىكى نۇسخىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقىپ ئېلان قىلدى. 1961 - يىلى ئى. ن. نەجىپ شۇ ئاساستا ئىزاھلىق نۇسخىسىنى ئىشلىدى.

3. 1957 - يىلى ئىتالىيىنىڭ رىم شەھىرىدىن بۇ ئەسەرنىڭ كونا ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تېپىلدى ۋە يانۇس ئېكمان تەرىپىدىن ئىزاھلىق تەرىزدە ئېلان قىلىندى.

4. 5. يېقىندا تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھىرىدىكى مىللەت كۇتۇپخانىسىدىن «مۇھەببەتنامە» نىڭ ئىككى پارچە ئەرەب يېزىقىدىكى نۇسخىسى تېپىلدى①. گەرچە بۇ نۇسخىلار تولۇق بولمىسىمۇ، باشقا نۇسخىلاردا يوق مىسرالار بۇ نۇسخىدا بار.

① «تۈركىيات» ژۇرنىلى، 1972 - يىل سانى، 185 — 199 - بەتلەرگە قارالسۇن.

بۇ نۇسخا ئىلگىرىكى نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق ئومۇمىي 19 - سانىدا ھازىرقىچە تېپىلغان بەش نۇسخا ئاساسىدىكى تولۇقلانغان نۇسخىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.

بۇلاردىن باشقا، ك. گ زالېماننىڭ دېيىشىچە ئىلگىرىكى پېتربۇرگ ئاسىيا مۇزېيىدا «مۇھەببەتنامە» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇ ھازىرغىچە ئوچۇق ئېلان قىلىنمىغان.

*

«مۇھەببەتنامە» 11 قىسىمدىن تەشكىل تاپقان لىرىك داستان بولۇپ، ئۇ ئاشىقنىڭ تىلىدىن يېزىلغان 11 پارچە ئىشقى شېئىردىي مەكتۇپ تەرىزىدە يېزىلغان.

بۇ 11 پارچە ئىشقىي مەكتۇپنىڭ 4 -، 8 -، 11 - پارچىلىرىغا پارسچە مىسرالار ئارىلاشقان، قالغان سەككىز پارچە مەكتۇپ پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان.

«مۇھەببەتنامە» گۈزەل بىر كەچتە، باياشات بىر ئەنجۇمەندە، ئۇ داستان مۇھەممەد بەگنىڭ تەلىپى بىلەن يېزىلغان ھەم مۇھەممەد خوجا بەگ مەدھىيىسى ۋە ئۇن پارچە ئىشقىي مەكتۇپ بىلەن تۈزۈلگەن. ھەربىر نامە:

«ئايا، كۆرك ئىچرە ئالەم پادشاھى»؛

«ئايا، گۈلچېھرەلەر مالىك رىقابى»؛

«ئايا، بويى سەنەۋبەر، چېھرەسى ئاي»؛

«ئايا، تا مېھرىبان، ئەھدى بەقاسىز»،

قاتارلىق خىتابىلىك مىسرالار بىلەن باشلىنىپ؛

«سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام.
بۇ يولدا سەبرى يوق ئەندىشە قىلسام»

دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

«مۇھەببەتنامە» نامە، مەسنەۋى، غەزەل، قىتئە، مۇناجات قاتارلىق ژانىرلاردىن پايدىلانغان ۋە ھەممىسى ئوخشاش ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەج - مۇسەددەس مەقسۇر (مەفائىلۇن - مەفائىلۇن - مەفائىل) بەھرىدە يېزىلغان.

### 3-§. «مۇھەببەتنامە» نىڭ مەنىۋى مەزمۇنلىرى

«مۇھەببەتنامە» ئىشقىي - لىرىك ئەسەردىن ئىبارەت. ئۇ ئاشىقنىڭ — ئەرنىڭ، مەشۇقىسىگە — يارىغا يازغان شېئىرىي مەكتۇپى شەكلىدە يېزىلغان.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، خارەزمىي ئۆز داستانىدا ئىشقىي ئىلاھىينى ئەمەس، مەجازى ئىشقنى — ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھاياتىي ئىشقىنى كۈيلەيدۇ. بۇ ئەينى زامان شارائىتىدا ئىنتايىن قىممەتلىك لىرىك رېئالىزملىق تېما بولۇپ، ماھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى ئېتىبارى بىلەن ئەينى زاماندا كەڭ ئېقىپ يۈرگەن تەركىدۇنياچىلىق - روھانىيەتچىل، سوفىزملىق قاراشلارغا زىت ئىدى. مۇنداق ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساسلىق تېماتىكا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى يالقۇنلۇق گۇمانىستىك پىكىر ۋە جۇشقۇن شېئىرىي ھېسسىيات ئىچىدە كۈيلەش ئەينى زاماندا — تېخى باھاۋىددىن نەقشىۋەندى (1314 — 1388) ئىدىيىلىرى كەڭ تارقالمىغان ۋە ھاپىز شىرازى (1300 — 1389) شېئىرلىرى دىۋان ھالىتىگە كەلمىگەن دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، غايەت زور يېڭىلىق ۋە جاسارەت ھېسابلىناتتى.

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا «جانان» ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، يەنى ئايال جىنسىي گۈزەللىكى ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ

«ساچىلىق بىر تارىنغا مىڭ ھۆر يەتمەس،
يۈزۈڭنىڭ نۇرىغا مىڭ نۇر يەتمەس.
ئەگەر بەرسە سويۇرغاب ھەق تائالا،
كىبرەكمەس سەنىسىز فىردەۋسى ئەئلا»
«سۈمەنىدەك ئارەزىڭ گۈلدۇر تىكەنىسىز،
ماڭا دەۋزەخ ئىبرۇر ئۇچماق سەنىسىز»
«كۆڭۈلگە جاندىن ئارتۇقراق كىبرەكسەن،
پەرى، ھۆردىنمۇ ھەم كۆركلۈكسەن.
پەرىشتە كۆرسە بولغاي ساڭا مايىل،
سىنىڭدەك كىمدە بار شەكلى شەمايىل»
«سىنى كۆرسە كىبچەر تەرسا سەنەمدىن،
ۋۇجۇدقا كەلمەدى سەندەك ئەدەمدىن»
«بويۇڭ سەرۋى، سەنەۋبەردەك بىلىك قىل،
ۋەفا قىلغان كىشىلەرگە ۋەفا قىل»

قاتارلىق تەسۋىرلىرىدە رىئال دۇنيادىكى ئىنسانىي گۈزەللىك كونكرېت ئالامەتلىرى بىلەن يۇقىرى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانىي گۈزەللىك ئەپسانىۋى گۈزەللىكتىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇلۇپ ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇ ئەينى زاماندىكى «بۇ دۇنيا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان خارابە» دەيدىغان قاراشلارغا نىسبەتەن نەقەدەر يۇقىرى، نەقەدەر رىئاللىستىك ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە - ھە!

خارەزمى ئىنسانىي گۈزەللىك بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئەقىل، دانىشمەنلىك بىلەن ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ:

«بىلىك بىلمەك ئىچىندە جەۋھەرسەن،
ۋەلى ھۆسن ئىچرە جەۋھەردىن ئەرسەن.

دەپ يازىدۇ.

خارەزىمى جىسمانىي ۋە ئەقلىي گۈزەللىككە ئىگە بولغان جانانىدىن، ئىنساندىن ۋاپا، ساداقەت، رەھىمدارلىق تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتتە ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئاساسلانغان ئىنسانىي مۇناسىۋەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىلغار ئىجتىمائىي قاراشلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ.

«مۇھەببەتنامە» دە ئۇنىڭ مۇھەممەد خوجىغا يەككە يازغان مەدھىيىسى گەرچە بۇ تەرەققىيپەرۋەر شائىر — مەمۇر، ساھىبخان ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈرۈش دائىرىسىدە يولۇق بولسىمۇ، ئەمما ئەسەردە بۇ مەدھىيە تولىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلىدۇ، ئۇنى «مەملىكەت جېنى»، «سۇلايمان سەلتەنىتىنىڭ ئۇلۇغۋارى»، «ئۆلۈككە جان بېرىدىغان مەسىھادەك نەپەسكە ئىگە»، «ساخاۋەتتە خاتەم»، «شىجائەتتە رۇستەم» دەپ ماختايدۇ. بۇ خارەزىمنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئوردىگويلۇق، خۇشامەتچىلىك ئىللىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇخىل ئارتۇقچە ھەمدۇ-سانالار بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىم سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ.

### 4 - §. «مۇھەببەتنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

«مۇھەببەتنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدە روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئۈچ روشەن نۇقتا بار، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، «مۇھەببەتنامە» نىڭ تىلى؛ ئىككىنچىسى، «مۇھەببەتنامە» دە ئىشلىتىلگەن شېئىرىي بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئۈچىنچى، «مۇھەببەتنامە» نىڭ مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىقىدىن ئىبارەت.

«مۇھەببەتنامە» نىڭ تىلى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدە-

بىي تىلى ئىكەنلىكىنى بۇ گۈزەل ئەسەرنىڭ ھەممە سەھىپىلىرى، ھەممە نۇسخىلىرى «مانا مەن!» دەپ كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغانلىقىنى ۋ. رادلوۋ، ۋ. ۋ. بارتولىد، ئا. ب. سامايلوۋىچ، ئا. م. شرباك، ئى. ن. لەجىپ، چى. زىبوت. گاندجىپ، گېرارى كلائۇسون، يى. ئېسكەمان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىشقان.

شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئەينى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىدىقۇت، خاقانىيە ۋە ئۇنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ راۋاجلانغان شەكلى سۈپىتىدە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ بۇ رايونلاردىكى ۋارىسلىرىنىڭ زامانىدىمۇ دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭ ئىستېمال دائىرىسىگە كىرگەنىدى. بۇ تىل خاقانىيە تىلى ئەرەب تىلىدەك ئىمپېرىيە تىلى بىلەن بولغان بەيگىدە ئۆز تەسىرى ۋە ئۇتۇقلىرىنى ئەنە شۇنداق كېڭەيتكەن ئىدى. بۇنى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇش، مەيلى تارىخىي ياكى ئىلمىي ساھەدىن بولسۇن، مەسخىرىۋازلىققا سازاۋەر قىلىدىغان گۆدەكلىك ياكى يىراقنى كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەت.

شويبان خاننىڭ ماۋەرەئۈننەھر ۋە خوراسانغا قىلغان ھۇجۇمى خۇددى ئاقساق تۆمۈرنىڭ ئالتۇن ئوردا ۋە دەشتى قىپچاققا قىلغان ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش تەھدىدىگە قىلىنغان تارىخىي جاۋابتەك بۇ رايونلاردىكى قەبىلىلەر ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال ئۆزبېك ۋە قازاق ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى مىللىي ۋە تېررىتورىيىلىك تۈزۈلمىلەر شارائىتىدا ئىلگىرىكى ئالتۇن ئوردا ۋە ئاق ئوردا زېمىنلىرىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر

ئەدەبىي تىلىغا ئائىت ئەسەرلەر ئا. ب. سامايلوۋىچ قاتارلىق رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇرىزم» ھادىسىسى، «ئۇيغۇرىزملىق» يادىكارلىقلار دەپ ئاتالدى. بۇ كېيىنكى مۇھىتتا، ئىلگىرىكى تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋال موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدىمۇ «ھون»، «كۆك تۈرك»، «ئۇيغۇر» خانلىقلىرى دەۋرىدە ئەنە شۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىپادىلەندۈرۈلگەن. دەرۋەقە، قاراخانىلار ۋە ھەتتا سەئىدىيە سۇلتانلىقى ۋاقتىدا ئۇنىڭ پائالىيەت مەيدانلىرىدىن بىرى بولغان يەتتە سۇ، جەنۇبىي ۋە غەربىي بالقاش رايونلىرىدا بىر قاتار ئۇيغۇر ئابىدىلىرى، ئۇيغۇر تېكىستلىرى ۋە ئەدىب - ئالىملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، باشقىچە ئېيتقاندا «ئۇيغۇرىزم» ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھېچقانداق غەيرىي تارىخىي ۋە غەيرىي مەنتىقىلىق ئەھۋال ئەمەس. «مۇھەببەتنامە» نىڭ تىلى، يېزىقى دەل بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

«مۇھەببەتنامە» دىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئەدىبنىڭ ماھارىتىنى، تەسەۋۋۇر بايلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقلىرى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى كەڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«مۇھەببەتنامە» دە ئومونىم (ئاھاڭداش) سۆزلەردىن پايدىلىنىپ گۈزەل مىسرالار تۈزۈلگەن. بۇ مەسىلىدە تۇيۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلانغانلىقى ئوخشايدۇ. شائىر مۇنداق سۆز ئويۇنى ئىشلەتكەن:

«ئاشار يەلدەك سېنىڭ مېڭەڭدە ئاتىڭ، (ئات)
قوياش يەڭلىغ جەھاننى تۇتتى ئاتىڭ» (نام)
«ئەگەر دېسەم سېنى رۇستەم يارارسەن، (يارايسەن)

قىلمىچىڭ بىرلە سەپلەرنى يارارسەن» (يارىسەن)
«مۇھەببەتتىن تۇغارمىڭ تۇرلى ئەسرار، (سىرلار)
كۆڭۈل ئەسرارىنى جان بىرلە ئەسرار» (ئاسرايدۇ)
«بويۇڭ سەرۋى سەنەۋبەر دەك، بويۇڭ قىل (قىلدەك، قىل)
ۋەفا قىلغان كىشلەرگە ۋەفا قىل» (قىلغىن)

«مۇھەببەتنامە»دە لىرىك كېچىرمىش تەسۋىرى جانلاندۇ-رۇش، مۇبالىغە، بىناسپ-بىلمەسلىككە سېلىش، ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق رۇشەنلەشتۈرۈلگەن، ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىغاندا ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان لىرىك نامە ژانىرى ئۈچۈن مۇھىم بەدىئىي ۋاستە ھېسابلىناتتى. ئۇ:

«بويۇڭدەك سەرۋى يوق بوستان ئىچىندە
يۈزۈڭ نۇرىدىن ئاي نۇقسان ئىچىندە»
«تەبەسسۇم قىلساڭىز شەككەر ئۇيالۇر،
تىشىڭ ئىنجۇسىدىن گەۋھەر ئۇيالۇر.»

قاتارلىق مىسرالىرىدا ئۆز مەھبۇبىنى — ئىنسانىيەت ئىشقىنىڭ مۇھىم بىر قۇتۇپى، ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ نادىر نامايانىدىسى بولغان ئايال گۈزەللىكىنى تەبىئەت گۈزەللىكىدىن — ئاي، شېكەر ۋە ئۈنچە-گۆھەرلەردىن مىسلىسىز ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.

«مۇھەببەتنامە»دە لىرىك توقۇنۇش — ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنىڭ بىۋاپالىقى، مەغرۇرلۇقى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى، گۇمان ۋە ئەنسىزچ، مۇھەببەت ۋە ساداقەت، ۋىسال ۋە ھىجران مەسىلىلىرى تولىمۇ نەپىسلىك بىلەن بايان قىلىنغان. شائىر ساداقەتلىك ۋە ئۈمىدنى ھەممىنى يېڭىدىغان كۈچ

دەپ تونۇغان. ئۇ مەشھۇر خەلق داستانلىرىدىن مەسىخا (ئىسا)، يۈسۈپ، خىزىر، خۇسراۋ، لەيلى، مەجنۇن ئوبرازلىرىدىن بۇ جەھەتتە پايدىلانغان. بۇنىڭدىن باشقا گۈل، بۇلبۇل، تاڭ نەسىمى قاتارلىق سىمۋوللۇق لىرىك پېرسوناژلاردىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

«مۇھەببەتنامە» ئۆز مىسرالىرىنىڭ ئاھاڭدار، مۇزىكىلىقى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەر. داستان ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ناخشا-بېيىت شەكلىگە يېقىن، تۇراق، قاپىيە، رادىفلىرى تولىمۇ رىتىمدار ۋە ئۇرغۇدار، ئۇنى ئوقۇغاندا كىشى قانداقتۇر ئېشقىي مۇزىكا تېكىستلىرىنى ئوقۇغاندەك ھېس قىلىدۇ.

مەسىلەن،

«مۇھەممەددىن مۇھەببەت بولدى پەيدا،
مېنى مۇنداق مۇھەببەت قىلدى شەيدا»
«سۆيۈرمەن كۆزنى سىزنى كۆرمەك ئۈچۈن،
يۈرۈرمەن يەردە ئىزنى كۆرمەك ئۈچۈن»

ئۇنىڭ بۇ جارىڭلىق، رىتىمدار جۈملىلىرىدىن تاشقىرى، بىۋاسىتە مۇزىكا-مۇقاملارغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە مىسرالىرى بۇ نۇقتىنى كۈچەيتىدۇ:

«ھۇسەينى پەردەسى ئىچرە تۈزۈپ ساز،
مۇغەننى بۇ غەزەلنى قىلدى ئاغاز»
«ئىراقى مۇترەبى خاھەم خۇش ئىلھان،
كى خەندىئىن غەزەلرا دەرسىفەھان»

(خۇش ئاۋاز ئىراق سازەندىسىنىڭ بۇ غەزىلىنى سىپاھان كۈيىگە سېلىپ ئوقۇغۇم بار)

## 5 - §. «مۇھەببەتنامە» نىڭ ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى تەسىرى

«مۇھەببەتنامە» — قاراخانىلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكار-لىقلىرى بىلەن چاغاتاي - تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ — شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىر، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ژانىرلىرى، شېئىرىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ۋە ئەدىبلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يازما مەنبە.

«مۇھەببەتنامە» مۇئەللىپىنىڭ 1353 - يىلىدىن كېيىنكى ھايات تەقدىرى بىرگە نامەلۇم. ئەمما «مۇھەببەتنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي شېئىرىيىتىدە بىر مەزگىل لىرىك نامە ژانىرى بويىچە بەس - بەستىكى ئىجادىيەت بەيگىسىنىڭ ئىلھامچىسى ۋە ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

خوجەندىنىڭ «لاتاپەتنامە» ناملىق ئىشقىي مەكتۇپنامىسى «مۇھەببەتنامە» ئۈلگىسى بىلەن يېزىلغان. بۇ ھەقتە خوجەندى مۇنداق يازغان:

«مۇھەببەت جامىدىن ئىچسەڭ شەرابى،
(مۇھەببەتنامە)گە ئايتساڭ جەۋابى»

سەئىد ئەھمەتنىڭ «تەئەششۇقنامە» ناملىق داستانى، يۈسۈپ ئەمىرنىڭ ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ بىر - بىرىگە يېزىشقان خەت-لىرى شەكلىدە يازغان «داھنامە» (ئون نامە) ناملىق داستانى، ئۇنىڭدىن باشقا شۇ دەۋردە يېزىلغان «بەختىيار نامە»، «سىرا-

جەل قۇلۇب» (قەلب چىرىغى)،«راھەتۇلقۇلۇب» (قەلب راھىتى) قاتارلىق نامە ئەدەبىياتلىرى شېئىرىي بەھرى جەھەتلىرىگىچە «مۇھەببەتنامە»نى ئۈلچەم قىلغان. يۈسۈپ ئەمىرى «داھنامە» نىڭ ھەربىر نامىسىنى خۇددى «مۇھەببەتنامە» دىكىدەك خىتاب مۇناجات بىلەن باشلىغان. ئۇ:

«ئەلا ئەي، مىھرىنىڭ تا بەندەماھى،
مەلامەت كىشۋەرىنىڭ پادىشاھى»
«ئەلا ئەي، سەبر ئېلىدىن تارتقان جام،
ۋەفا مىسرىدە كۆرگەن كۆزلەرى شام»

دېگەندەك سەتىرلەر بىلەن ئۆز نامىلىرىنى باشلىغان.

«نامە» ژانىرىغا ئاساس سالغان «مۇھەببەتنامە» ئەلىشىر ناۋائىينىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ «مۇھاكىمە تۇل لۇغە-تەيىن» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۈركىي ئىبارىنىڭ شېئىرى ئىپادىلەشتە ئەرەب، پارس تىللىرىدا بولمىغان ئۈستۈنلۈكلىرىنى كۆرسەتكەندە «مۇھەببەتنامە» دىكى

«ئۇنىڭ كىم خال ئېكىندە مەڭ ياراتتى،
بويى بىرلەن ساچىنى تەڭ ياراتتى»

دېگەن بىر مىسرانى مىسال ئېلىپ، خال، مەڭ قاتارلىق كۆپ خىل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

«مۇھەببەتنامە» كېيىنچە خەمسە داستانچىلىقىغا تەسىر كۆرسەتتى ۋە ھەتتا داستاندا ئەۋەتلىگەن ئىشقى مەكتۇپلەرگە ھۆسن قوشتى.

گەرچە «مۇھەببەتنامە»دە ئىشقىي - مۇھەببەت پاجىئەلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - تارىخىي سەۋەبلىرى يورۇتۇلمىغان، ئۇ ئابستراكت ھالدىلا دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىغا باغلاپ ئىزاھلانغان ۋە فېئودال ھاكىملارنىڭ ۋەكىلى پەۋقۇلئاددە مەدھىيىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما «مۇھەببەتنامە» تۈركىي - ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى چوڭ ھەجىملىك رېئالىزملىق مۇھەببەت داستانىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىن شەرەپلىك تۇردە مەڭگۈ كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. خارەزمىي ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە»سى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟
2. «مۇھەببەتنامە» نىڭ مەنىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
3. «مۇھەببەتنامە» قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
4. ئەسەر كېيىنكى ئاپتورلارغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن.

## V باب. ئابدۇرەھىم ھاپىز ۋە «دىۋانە ھاپىز تۈركىي»

### 1 - §. «دىۋان ھاپىز تۈركىي» نىڭ تىپىلىشى

چاغاتاي خانلىقى (1230 — 1360) 130 يىل ھۆكۈم
سۈرۈپ، ئالىملىقتىن ھىندىقۇشقىچە، قۇمۇلدىن خارەزىمگىچە
بولغان كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىكى
ئاساسىدا راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. 1242 - يىلى
چاغاتاي خان قازا قىلىپ، ئۇ باشقۇرغان كەڭ تېررىتورىيە
ماۋارەئۇننەھر ۋە موغۇلىستان (يەتتىسۇ ۋە شىنجاڭ) دىن
ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قاراخانىلار
ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا ئۆزىنى ئەرەپ - پارس لېكسىكىلىرى بىلەن
بېيىتقان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «چاغاتاي تىلى» مەدە-
نىي ھايات ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاساسىي تىل بولۇپ خىز-
مەت قىلدى. بۇ ھادىسە ئالتۇن ئوردا تەۋەسىدىمۇ كۆچلۈك
ئۇيغۇرىزم ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

تۆمۈر (1336 — 1405) تېمۈرىلەر سۇلالىسىنى بەرپا
قىلىپ، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا - يېقىن شەرققە يۈرۈش قىلغاند-
دىن كېيىن، دەھشەتلىك ئىستىبلاچى ئۇرۇشلارنىڭ ئىجابىي
تارىخىي ئاقىۋەتلىرى سۈپىتىدە تۆمۈر ئەۋلادلىرى دەۋرىدە كەڭ
كۆلەملىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە «كەنجى رىنسانىسى» ھادىسە-
سى يۈز بەردى. بۇ چاغدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ تەركىدۇنيا-
چىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان روھانىيەتچىل سوفىزم - غەززالى ۋە
يەسسەۋىچىلىك ئېقىمى ئورنىغا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى (13-14)

يىلى تۇغۇلغان سوفىزمى مەيدانىغا كېلىپ، ئىنسان ۋە ئەركىن پىكىرنى كۈيلەش ئىمكانىيەتلىرى يارالغان ئىدى.

تۆمۈرىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە يۇسۇپ ئەمىرى، ئەھمەدى، يەقىنى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىر قاتاردا ئەلىشىر نەۋائىيغىچە ئۆز غەزەللىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نادىرلىقى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا قوشقان يىرىك ئەدىبلەرنىڭ بىرى ئابدۇرەھىم ھاپىز ھېسابلىنىشى كېرەك.

يېقىنغىچە ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزغا مەلۇم بولمىغان بۇ مۇئەللىپنىڭ 18632 بېيىت ( 37264 مىسرا ) تىن تەشكىل تاپقان زور ھەجىملىك دىۋانى 1975 - يىل 18 - مايدا ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد شەھىرىدىكى « سەلار جەڭ مۇزېيى » دا 4298 - رەقەمدە مەلۇم بولدى. بۇ ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېك ئالىملىرى، جۈملىدىن فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور خەمىت سۇلايمانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەشەككۈرگە لايىق زور ئىلمىي خىزمەتلەر كۆرسەتتى.

« دىۋان » نىڭ بۇ ھەيدەر ئاباد نۇسخىسىغا «دىۋان ھاپىز تۈركىي» دېگەن سەرلەۋھە قويۇلغان، ئۇنىڭ قوشۇمچە بېتىگە «دىۋان ھاپىز بەزەبانى تۈركىي» دەپ يېزىلغان. بۇ ئۇشبۇ دىۋاننى، مەشھۇر جاھان كلاسسىكى خوجا شەمسىدىن مۇھەممەد ھاپىز شىرازى (1320 — 1389) شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي تەرجىمىسى، دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن مۇزېي خادىملىرىنىڭمۇ مەلۇم بولماي كەلگەن.

قول يازما خوتەن قەغىزى سىياقىدىكى يىپەك قەغەزگە 586 بەت قىلىنىلىقتا ( بەت نومۇرى كېيىن قويۇلغان ) 15/26 سانتىمېتىر ھەجىمدىكى سەھىپىگە راۋان كۆچۈرۈلگەن. قول يازما قەغىزىنىڭ چۈرىسى نەمدىلىپ سارغايغان ۋە غاجىلانغان بولسىمۇ تېكىستلەرگە تەسىر قىلمىغان. قول يازمىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولمىغاچقا قاچان ۋە قەيەردە كۆچۈرۈلگەنلىكى، كۆچۈر-

گۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم. شۇنداقتىمۇ پالېئوگرافىك ئالامەتلەر بۇ نۇسخىنىڭ XIV-XV ئەسىرلەر ئارىسىدا كۆچۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«دىۋان ھاپىز تۈركىي»نىڭ ھەيدەر ئابات نۇسخىسى 1052 غەزەل، بىر مۇخەممەس، ئىككى مۇستەھزاد، تۆت تەركىبەند، ئۈچ تەرجىبەند، 31 قىتئە، 11 روبائىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «دىۋان ھاپىز تۈركىي» نىڭ ھەيدەر ئابات نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ئۇنىڭ باشقا نۇسخىلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئېھتىمالىنى كۈچەيتىدۇ.

## 2-§. ئابدۇرەھىم ھاپىز ھاياتىنىڭ دېتاللىرى

مەلۇمكى، قاراخانىلارنىڭ غەربىي خانلىقى ئوسمان ئىبنى ئىبراھىم تاۋغاچخان ۋاقتىدا گورخان باشچىلىقىدىكى غەربىي قىتانلارغا قارشى مۇھەممەد خارەزىم شاھ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭ قىزى خان سۇلتانغا ئۆيلەنگەن ۋە 1210-يىلى كۈزدە تالاس بويىدا قىتانلارنى يېڭىپ، سەركەردە تايانغۇنى ئەسىر ئالغان ئىدى. بۇ چاغدا غەربىي قاراخانىلار ۋە خارەزىم شاھلىقى مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، زەرب قىلىنغان پۇلنىڭ بىر چېتىگە مۇھەممەد خارەزىم شاھنىڭ ۋە يەنە بىر چېتىگە ئوسمان ئىبنى ئىبراھىمنىڭ ئىسمى يېزىلغان. كېيىن بىر قىسىم ئاھالە غەربىي قىتانلارنىڭ تەھلىكىسى ۋە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا خارەزىم زېمىنىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان گوشاي» ناملىق كىتابىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، 1212-يىلدىن كېيىن غەربىي قاراخانىلار خارەزىم شاھلىقىنىڭ قارام زېمىنىغا ئايلىنىپ قالغان.

چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسىي سە-

ياسىي گەۋدە سۈپىتىدە خارەزىم شاھلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ماۋارە ئۈننەھر، خوراسان، تارىم ۋە يارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقلىرى چاغاتاي خانلىقىغا، خارەزىم زېمىنى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەقسىم قىلىندى.

تۆمۈر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى توختامىش خاننى يېڭىپ، 1379-يىلى خارەزىمنى ئۆزىگە قاراتتى. تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇھ مىرزا زامانىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىچە مەدەنىيەت ئۆركىشى شەكىللەندى. بۇ چاغدا شاھرۇھ مىرزا ھىراتنى پايتەخت قىلغان، خوراساننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قالدۇرۇپ، سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان، ماۋارە ئۈننەھرنى ئەككىنچى ئوغلى مۇھەممەد تۇراغاي ئۇلۇغبېكنىڭ، ئىران زېمىنىنى كىچىك ئوغلى سۇلتان ئىبراھىم (1414—1435) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

«دىۋان ھاپىز تۈركىي» مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ نادىر شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن دەۋرنى، بولۇپمۇ تۆمۈرنىڭ 1379-يىلى خارەزىمنى قولغا كىرگۈزۈشىدىن تاكى 1435-يىلى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ۋاپات بولۇشىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆزىگە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

«دىۋان ھاپىز تۈركىي» مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مۇئەللىپ ئابدۇرەھىم خارەزىملىك بولۇپ، كېيىن شىراز شەھىرىدە ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئابدۇرەھىمنىڭ خارەزىمدىن شىرازغا كۆچكەن ۋاقتى تۆمۈرنىڭ ئىرانغا، جۈملىدىن شىراز شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىغا، ياكى 1414-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىگە توغرا كېلىشى تەخمىن قىلىنىدۇ. ئەگەر 1414-يىلى شىرازغا كەلگەن دېيىلگەندە، بۇ تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ شىرازغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقتىغا

توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا خوجا ھاپىز شىرازنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە بىر قەرنە — 25 يىل ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. ئەگەر ئابدۇرەھىم ھاپىز خوجا ھاپىز شىرازى بىلەن بىر زاماندا شىراز شەھىرىدە بىللە ياشىغان دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا تۆمۈرنىڭ شىراز شەھىرىگە كىرىپ، خوجا ھاپىز شىرازىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنى سەمەرقەندكە كۆچۈپ بېرىپ، خانلىق ھىمايىسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلغان ۋاقىتىدىن ئىلگىرى ئابدۇرەھىم ھاپىز شىراز شەھىرىدە ياشىغان دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، خوجا ھاپىز شىرازى تۆمۈرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، بىر-ئىككى يىل ئىچىدە ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

ئابدۇرەھىم ھاپىز شېئىرلىرىدا بۇخارا، سەمەرقەند، خوجەند ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرلەردە ياشىغانلىقى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نامەلۇم. ئۇنىڭ دىۋانى ئېھتىمال سۇلتان ئىبراھىم ۋاپاتى (1435)غا بېغىشلانغان مەرسىيىسىنىڭ قول يازمىغا سەل باشقىچىرەك قەغەز ۋە قەلەمدە قىستۇرۇلغانلىقى بۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئابدۇرەھىم ھاپىز دىۋانىنىڭ قاچان ۋە قانداق قىلىپ شىرازىدىن ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئابات شەھىرىگە كېلىپ قالغانلىقى نامەلۇم. پروفېسسور خەممەت سۇلايمانوۋ ئۇنى بابىرلەر سۇلالىسى دەۋرىگە ئېھتىماللاشتۇرغان. ئۇ ھاپىز تەخەللۇسىدىكى 156 كىشى تەرجىمىھالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەنبە ئۇچراتمىغان.

## 3 - §. تۆركىي شېئىرىيىتىنىڭ نادىر يادىكارلىقى

«دىۋان ھاپىز تۆركىي» لىرىك شېئىرىيەت بويىچە ئەلـ-شىر نەۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» (غەزەلنۇئىلمەئانى) توپلاملىرىـغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ زور يادىكارلىق بولۇپ، مۇئەللىپ ئابدۇرەھىم ھاپىز ئۆزىنى خوجا ھاپىز شىرازى شېئىرىي ئەدىبىلىرى ۋە لىرىكا ماھارىتىنىڭ ۋارىسى ھېسابلىغان. ئۇنى خوجا ھاپىز شىرازىنى ئۇنىجى قېتىم تۆركىي خەلقلەرگە تونۇشتۇرغان ئەدىب ۋە تۆركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە «ھاپىز تۆركىي» ئۇسلۇبىنى يارىتىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلغان لىرىك شائىر دېيىش مۇمكىن.

ئۇ مۇنداق يازغان:

«ھاپىز كۆرۈك ئۇشبۇ زەمان تۈرك تىلىدە،
گەر كەچىدى ئېسە فارىسدا ئول ھاپىزى شىراز»

ئۇ ئۆزىنىڭ سۇلتان ئىبراھىم ۋاقتىدىكى «غەزەلخان» (ھاپىز) لىق ئىشلىرىنى مۇنداق ئۇقتۇرغان:

«گۇلۇستان يۈزلى ئەي ساقى، سېنىڭ ھۆسنۈڭ ماڭا گۇلدۇر،
نىچەيلى بادەنىكىم، دەۋرى ئىبراھىمى سۇلتاندۇر.
سەناۋۇ ھەمد ئېتەدۇر ياراتقان بىرۇ بارىنغا،
ئۇشۇل سۇلتان زەمانىدا بۇ ھاپىز كىم غەزەلخاندۇر»

ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختالغان غەزەللىرىدە:

«ئول ياردىن جەفا ماڭا نازۇ نەئىم ئىرۇر،
ئەغيارنىڭ ۋەفاسى ئەزابى ئەلەم ئىرۇر.

خاس ئۆز قۇلىغا لۇتنى ئېتىپ رەھىم قىلسا يار،
مۇخلىس قەدىمى قۇل ئاغا ئابدۇرەھىم ـ ئىرۇر»

دەپ يازىدۇ.

ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ شېئىرى تېماتىكىسى ۋە بەدىرى ئۇسلۇبلىرى رەڭدار بولۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرى سوفىزمنىڭ خوجا ھاپىز شىرازى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار پانتېزملىق ئېقىمغا ئاساسلانغان. ئۇنىڭ كۆپچىلىك قاراشلىرى خوجا باھاۋىدىن نەقشۋەندى (1314 - يىلى تۇغۇلغان) تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلۇۋاتقان قاراشلارغا ـــ ئىشقىي ھەقىقىي (ئىشقىي ئىلاھى) غا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىشقىي مەجازى (ئىشقىي ئىنسانىي) باسقۇچىنى بېسىش توغرىسىدىكى يېڭىچە پىكىر ئېقىمىغا يېقىندىن يانداشقان. ئۇ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئەركى ۋە رېئال ھايات لەززىتىنى ساددا، راۋان، گۈزەل تىل بىلەن ماھارەتلىك رەۋىشتە ئىپادىلىگەن. ئۇ مەنسۇر ھەللاجى نامىنى كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان.

يېقىندىن ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان تالانتلىق شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىز (تۈركىي) شېئىرلىرى «چاغاتاي تىلى» ئاساسىدىكى تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر نادىر نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىنغۇسى. تۆۋەندە ئۇنىڭ مول شېئىرىي مىسرالىرىدىن بىر غەزەلنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

799 - غەزەل

«قاشى ياسىغا غەمزە ئوقىن ئول كۆزلەرى جادۇ،
قەسلىگىنى جان بىرلە چەكەر ئاھىنى ئاھۇ①.

① ئاھىنى ئاھۇ ــ كىيىك پەرياد چېكىدۇ.

ماھ① يۈزىنە، ئوخشاماق ئۈچۈن بەدىر② بولۇپتۇر،
ئوخشاغاي ئەدى بولسا ھىلالى ئاگا ئەبرۇ③.
تاخالى لەبى لەئلىنىڭ ئۈستىگە تۈشۈبدۈر،
كۆزۈمگە كۆرۈنۈر نامەكىن④ ئۇقار ھىندۇ.
قەددى سۈفەتىن سەرۋى قاشىندە كىم ئايتتىم،
سەرۋى ئۈستىدەكى فەختىلەر⑤ ئايتتى «كۇ - كۇ»⑥.
كۆزۈمدە خىيالى يۈزىبۇ قەددى نىھالى.
ئانداغكى گۈلۈستان بىلەدۈر سەرۋى لەبىن جۇ.
چۈن سەرۋى رەۋانىمنى لەبى جۇيىدا كۆردۈم،
سۇ بولدى دىۋان چەشمەئى كۆزۈمدە باھار سۇ.
جان دەردى نەچۈن بەردى كۆڭۈل ئاشىقى جانباز،
ئىزدەمەس ئۇشۇل دەردىنە دەرمان ئىلەدارۇ.
بۇ دەرتكى ھاپىز جىگەرىندە غەمدىن بار،
دەرمان قىلا بىلمەس تىرىلۈر بولسا ئاررەستو⑦

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. «دىۋان ھاپىز تۈركىي» دىۋانى قانداق تېپىلغان؟
2. ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ ھاياتى توغرىسىدا قانداق مەلۇ-
ماتقا ئىگە بولدۇڭلار؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. دىۋاندا نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

---

① ماھ — ئاي
② بەدىر — ئون بەش كۈنلۈك ئاي
③ ئەبرۇ — بۇلۇت.
④ نامەكىن، ئۇقار ھىندۇ — ھىندىلەر چۈشىنىدىغان خەت.
⑤ فەختىلەر — پاختەكلەر.
⑥ «كۇ — كۇ» — راست شۇنداق دەپ، «كۇ - كۇ» قىلىپ تەستىقلىدى.
⑦ ئاررەستو — ئارىستوتىل.

## VI باب ئاتايى

### 1-§. ئاتايىنىڭ ھاياتى

ناۋايى ئەدەبىيات دەۋرىنى تەييارلىغۇچى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكۈچى ئۇيغۇر شائىرى ئاتايىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى XV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلدار دەۋرىنى سەمەرقەند، ھىرات ۋە بەلختە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا كەڭ مەلۇمات بېرىدىغان ماتېرىيال ھېزىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزگە ھازىرچە تېخى مەلۇم ئەمەس.

قولىمىزدا بار بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر مەجلىسى») ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاتايى تاشكەنت بىلەن سايرام ئارىلىقىدىكى بىر يېزىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، نەسەپ جەھەتتىن مەشھۇر مۇيەسسەت شائىر ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تۇغقانلىرى — ئىسمايىل ئاتا ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. بۇ شائىر تەخەللۇسىنىڭ ئاتايى بولۇشىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يەنى يەسەۋىي تەتقىقاتىنى خەلق ئىچىگە تەشۋىق قىلىپ يايغۇچى سوپىلاردىن مەنسۇر ئاتا، زەنگى ئاتا، سۇلايمان ھاكىم ئاتا، ئەنبار ئاتا،

ئىبراھىم ئاتا ئوخشاش ئىزچىل سوپىلار ئائىلىسى گورۇھىدىن چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ئاتايى شائىرنىڭ ئىسمى ئەمەس تەخەللۇسى بولۇپ، بۇ تەخەللۇس (ئاتايى) ئەنە شۇ يۇقىرىقى سوپى «ئاتا» لارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرىمۇ يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئىسپاتلايدۇ:

«دۇناكۈن بىر فەيلۇسوفى ئاقىلى كۆرگەن كىشى،
ئىلغايئالمايدۇر بۇتۈن مەجنۇنى شەيدادىن مېنى.»

(تېخى تۈنۈگۈنلا پەيلاسوپ ۋە ئەقىللىق دەپ ھېسابلانغان كىشى، بۈگۈن ماڭا ئوخشاش شەيدايى مەجنۇننى پەرق ئېتەلمەي قالدى)

بۇ — شائىر كۆز قارىشىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ خۇلاسىسىدىن قارىغاندا، ئۇ يۇقىرىقى پىكىرنى رەت قىلىدۇ.

شائىر گەرچە كېلىپ چىقىش جەھەتتىن سوپىلار (ئاتالار) غا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى سىنىپىي كۆرەشتە ئۆتتى، شۇڭا ئەكسىيەتچى مۇھىتتىن، سوپىلىق تەتقىقاتتىن ئاجرىلىپ ھاياتقا تەرەققىيپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن قاراپ، ئۇممىدۋارلىق روھى بىلەن ئىجادىيەت يولىنى تۇتتى، دۇنيا قاراش ئىۋالۇتسىيىسىدە بارغانسېرى سوپىزمدىن يۈز ئۆرۈپ، دۇنياۋىيلىققا يۈزلىنىپ، XV ئەسىر ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە زور تۆھپە قوشتى.

## 2 - §. ئاتايىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

شائىرنىڭ زامانىمىزغىچە پەقەت بىرلا «دىۋانى» نىڭ نۇس-
خىسى يېتىپ كەلگەن. بۇ نۇسخا شائىرنىڭ ئەسلى قول يازما
نۇسخىسى ئەمەس، ئەسلى نۇسخىسى تېخى ھازىرغىچە
تېپىلمىدى.

ئۆزىدىن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بۇ «دىۋان»
نىڭ نۇسخىسى ھازىر س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇ-
ناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. ئەنە شۇ نۇسخىدىن كۆچۈ-
رۈلگەن فوتوكوپىيە ئۆزبېكىستان تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇ-
تىدا ساقلانماقتا.

ئاتايىنىڭ «دىۋان» دىكى شېئىرلىرى شېئىرىي شەكلى
جەھەتتىن ئالغاندا، ئاساسەن، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، ئەدە-
بىي جىنس جەھەتتىن ئالغاندا لىرىكىغا كىرىدۇ. لىرىكا ئەدەبىي
جىنسنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى لىرىك ھېس تۇيغۇ ئارقى-
لىق ئوبراز يارىتىشتۇر.

ھەقىقىي لىرىك شېئىرنى مۇئەييەن ئادەم روھىنىڭ مۇئەي-
يەن خاراكتېر - كەيپىياتىنىڭ بەلگىلىك ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇر-
گۈچى «مونولوگى» دەپ ئاتىسا بولىدۇ. شائىر بولسا، كۆپىنچە
گويا ناھايىتى نۇرغۇن روللارنى ئىجرا قىلغۇچى ئاكتيورغا ئوخشاپ
دېگەن ئىدى، گىگېل. ئەگەر ئۇ ئۆز رولىنى توغرا تەسەۋۋۇر
قىلالمىسا ۋە شېئىردا ئەكس ئېتىشى لازىم بولغان تىپىك
خاراكتېر روھىغا قەلبىدىن كىرەلمىسە، مونولوگ ئۆزىنىڭ
بەدىئىي قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇپ لىرىك قەھرىمان لۇتفى
سۆيەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، شائىر تەسۋىرلە-
نىشى لازىم بولغان خاراكتېر روھىغا قانچىكى چوڭقۇرلاپ بارا-

لىسا، ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى دىلى ۋە تىلى قەلب سىرلىرىنى قانچىلىك تەلتۆكۈس ئاچالىسا، ئوقۇغۇچى دىققىتىگە تەقدىم قىلىدىغان مونولوگ زامانىدىن ئۆزىنى كەۋدىلەندۇرۇش لازىم بولغان لىرىك قەھرىمان شۇنچىلىك يارقىنلىشىدۇ.

لىرىكا ئاساسىدا شائىر شەخسىنى يارىتىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن لىرىك قەھرىمان شائىرنىڭ ئۆزىنىلا ئىپادىلەيدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقمايدۇ. شائىر ئۆز شەخسىنى قىزغا ئايلاندۇرۇپ مەھبۇبە سۆيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. جۈملىدىن ئۇ يىگىتكە ئايلىنىپ ئاشىق سۆيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. شائىر ئۇيغۇر تۇرۇپ قازاق، قىرغىز، خەنزۇ، موڭغۇل ھەم باشقا مىللەت سۆيىتىدە سۆزلىشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە ئۇ مۇنداق ھالدا پەقەت ئۆزىنىلا ئىپادىلىگەن بولمايدۇ.

شائىر مۇئەييەن تىپ قىياپىتىگە كىرىدىكەن، ئاشۇ تىپ قەلبىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. لىرىكىدىكى بۇ ھالنى مەشھۇر رۇس شائىرى ۋ. بىرىيۇسوۋ: «لىرىكا گويا تۈمەن شەخسلەر نامى-دىن سۆزلىگەندەك، ھەرخىل ئاۋازدا سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ھەربىرى شېئىردا (يېڭى مەن) بولىدۇ»① دېگەنىدى. دېمەك تىرىك قەھرىمان شائىرنىڭ شەخس تەرجىمىھالى ئەمەس، بەلكى (ئۇنىڭ) ئۆز ئىستېتىك ئىدىئالى بويىچە يۈكسەلدۈرۈلۈپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان شەخستۇر. لىرىك شېئىرىيەتكە خاس ئوبرازلىق كۆرۈ-نۈشلەرنى ئەنە شۇ لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنىڭ نامايان بولۇش ھالىتى بەلگىلەيدۇ. بەزى ئەسەرلەردە بۇ ئوبراز توغرىدىن توغرا بىۋاسىتە ئەكس ئەتسە، بەزى باشقا خىلدىكى ئەسەرلەردە ئىككىنچى پىلاندا ۋاسىتىلىك ئەكس ئېتىشى مۇمكىن.

بەدىئىي توقۇلما بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ قۇدرەتلىك قورالى بولغىنىغا ئوخشاش لىرىك تۈردە (جىنس) ھەم ئۆزىنىڭ

① بىرىيۇسوۋ. ۋ. «تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، 443 - بەت.

ئومۇملاشتۇرغۇچى ئىموتسىئوناللىق رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى سان ـ ساناقسىز غەزەللەر قارىماققا شائىرنىڭ شەخسىي ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەندەك سېزىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ غەزەللەر ئاۋتوبىئوگرافىيىلىك ئاساسقا ئىگە ئەمەس، بەلكى شائىر تەرىپىدىن ئىختىيارىي رەۋىشتە تاللىۋېلىنغان ماۋزۇنىڭ (مەسىلەن، مۇھەببەت، سېغىنىش، جۇدالىق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدىكى ماۋزۇنىڭ) ئىشلىنىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن، شائىر ئىجادىنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ ساپ شەخسىي كەچۈرمىش تەسۋىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىدىن مۇھىم ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي تەرجىمھالى پاكىتىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش بىلەن بەلگىلىنىدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

لىرىك ئوبراز — شائىرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئوبرازى. ئەمما ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە كەچۈرمىشلەرمۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ شەخسىي مەنىۋى دۇنياسى ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يوقاتمىغان ھالدا ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىچكى كەچۈرمىش — ئوبراز شائىرنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

شۇڭا ۋ.گ. بېلىنسكىي: «شائىر باشقا ھەرقانداق كىشىدىن ئارتۇقراق ئۆز زامانىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇشى كېرەك①» دېگەن.

شائىر ئاتايى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق فاپۇسى، «ئىدېئال يار» ئوبرازى يارىتىشقا قارىتىلغان. ئۇ ئىدېئال يار پورترېتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

يۈزۈڭ تا پەردەدىن زاھىر بولۇپتۇر،
سەنەملەر ھۆسۈن دەۋاسىن قويۇپتۇر.

---

① ۋ.گ. بېلىنسكىي «تاللانما ئەسەرلىرى» 1 ـ توم، 316 ـ بەت.

(يۈزۈڭدىن پەردىنى ئالغاچ سەنەملەر ھۆسن دەۋاسى قىلـ
ـمايدىغان بوپتۇ)

زىھى ئىشرەت سىنىڭ ئۆسرۈك كۆزۈڭگە
كى گۈلزار ئىچرە خۇش مەجلىس تۈزۈپتۇر.
(پاھ، نېمىدېگەن ياخشى، سىنىڭ خۇمار كۆزۈڭگە،
گۈلزار ئىچرە كۆڭۈللۈك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ)
شەكەر ئاغزىڭ قاشىدا لەئل كانىن

مەگىڭ ھىندۇلىرى ساقلاپ تۇرۇپتۇر.
(شېكەر ئاغزىڭنىڭ قېشىدا لەئل لېۋىڭنى
قارا خالىڭنىڭ لەشكەرلىرى ساقلاپ تۇرۇپتۇر)

تالاشمىش غۇنچە ئاغزىڭ بىرلە تارلىق،
سەبا ئوغرىنچە ئاغزىنە ئۇرۇپتۇر.
(غۇنچە سىنىڭ ئاغزىڭ بىلەن كىچىكلىك تالىشىپتىكەن،
سەبا تۇيغۇزماستىن ئاغزىغا ئۇرۇپتۇ)①

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خاس بۇ گۈزەللىك پـورتـرېتـلىرى
ئۆز زامانىسىنىڭ سۆز ئۇستىسى بولغان ئاتايى قەلىمى ئاستـىدا
تۆۋەندىكى غەزەل بېيىتلىرىدە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ:

جەمالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،
قىزاردى گۈل ئۇياتتىن ئەنجۇمەندە.
(چىمەندە جامالىڭ تەرىپىنى قىلۋىدىم
بەزمىدە گۈل ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى)②

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر تىپىك ئىدېئال يار گۈزەللىكىنى بىر
تەرەپلىملىك بىلەن چەكلىمەيدۇ. ئىنساننىڭ ئەسلى گۈزەللىكى

①② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئەمۇنىلىرى» 167 - بەت، 156 - بەت.

ئىچكى گۈزەللىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇ ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈشكە ئىنتىلىپ، ئىدىقۇتنىڭ ئوبرازىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكى بولغان پاكلىقى بىلەن باغلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئول سەنەمكىم سۆز ياقاسىدا پەرىتەك ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلۇغىدىن سۆز بىلەن يۈتسا بولۇر،
تاماگەركىم سەلسەبىل ئابىنە جەۋلانى قىلا،
كەلدى جەننەت رەۋزەسىدىن ئابى كەۋسەر سارى ھۆر.
ئول ئىلىككىم سۆزدىن ئارىقتۇر، يۇماس ئانى سۇدا
بەلكى سوۋنى پاك بولسۇن دەپ ئىلگى بىرلەيۇر.①

شائىر ئىدىقۇتنىڭ يارىنىڭ نەنە شۇنداق ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەتلىرى تۈپەيلىدىن سوفىزم ئەدەبىياتىغا قارشى ھالدا ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدۇ:

چۇ جانىمدىن ئەزىز جەنانىمسەن،
كىرەكمەس جان ماڭا سەنسىز بەدەندە.
(سەن جىنىمدىنمۇ ئېزىز جانىم سەن
سەن بولمىساڭ بەدىنىمدە جانىڭ كېرىكى يوق)

ماڭا ئول دۇنيادا جەننەت نە ھاجەت
ئىشىكىڭ تۇپراغى بەسدۇر كەفەندە.

(ئۇ دۇنيادا ماڭا جەننەتنىڭ نېمە كېرىكى بار.
ئىشىكىڭ ئالدىدىكى توپىدا كېپەنلىنىپ ياتسام شۇ يېتەرلىك)②

① «بۇلاق»، 1982 - يىلى، 1 - سان، 65 - بەت.

شائىر ئەنە شۇنداق «ئىدىئال يار ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن» ئۇنى سېغىنغان تېپىمەك، پاك ئىنسان قەلبى جۇدالىق ئازابىنى چېكىدۇ:

ماڭا سەن بولماساڭ جان ھاجەت ئېرمەس
بېھىشتۇ ھۆرۇ رىزۋان ھاجەت ئېرمەس،
(سەن بولمىساڭ ماڭا جاننىڭ نېمە كېرىكى بار.
بېھىش بىلەن ھۆر-پەرىشتىنىڭ نېمە كېرىكى بار)

فىراقىڭدا كۆزۈم ياشى بار ئېركەن،
باھارۇ ئەبر نەيسان ھاجەت ئېرمەس.
(سەندىن ئايرىلغاچ كۆزۈمدىن شۇنچىلىك ياش تۆكۈلدى
ئۇنىڭ ئالدىدا باھار يامغۇرى قانچىلىك گەپ؟)

............................................................

ئەگەر گەشتى لەبى دەريا قىلۇرسەن،
كۆزۈمگە كەلكى ئۇممان ھاجەت ئېرمەس.

(ئەگەر دەريا بويلاپ تاماشا قىلماقچى بولساڭ،
كۆزۈمنىڭ قېشىغىلا كەل، دەريانىڭ نېمە كېرىكى بار؟)
ئەتائىغا بوسۇغاڭدا ئورۇن بەر،
سارايۇ گاھى ئايۋان ھاجەت ئېرمەس.

(ئاتايىغا بوسۇغاڭدىن ئورۇن بەر،
ئۇنىڭغا ئالىي ھۆرمەت، ئايۋان سارايىنىڭ كېرىكى يوق.)

............................................................

ئىستەدۇك ئالەمدە ئۆمرى غەمگۇسارى تاپمادۇق،
غەم كۈنىندە يارۇ ھەمدەم، جامۇ سەغەردىن لەتىف.
(ئالەمدە بىر تەسەللى بەرگۈچىنى ئۆمۈر بويى تاپالمىدىم،

غەم - قايغۇ كۆڭۈللىرىدە قەدەھ بىلەن جامدىن باشقا يېقىملىقراق يارۇ ھەمدەم تاپالمادىم.)

ھەجرىدىن يەتسە ئەتائى نالەسى كۆككە نە ئەيىب،
چۈن تاپالماس دۇنيادا ئول ماھى پەيكاردىن لەتىف.
(جۇدالىق سەۋەبىدىن ئاتائىينىڭ نالىسى كۆككە
يەتسە ھېچ ئەيىب ئەمەس،
چۈنكى دۇنيادا ئۇ ئاي بەدەندىن گۈزەلرەك يار يوق.)①

تارىختىن بېرى «سادىقلىق»، «ۋاپادارلىق» قاتارلىقلار ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇ يەنە چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ گۈزەل، ھەقىقىي ئۆلچەم نورمىسى سۈپىتىدە ھەم ئەخلاقىي، ھەم ئېستېتىك كاتېگورىيىسى دائىرىسىنى تەشكىل قىلىپ كەلدى. شائىر XV ئەسىر دۇنياۋى ئەدەبىياتىدىكى سوفىزمىنىڭ «ئاللاغا مۇھەببەت» قويۇشتىن ئىبارەت ئىدېئالىستىك ئىدىيىلىرىگە ئوت ئېچىپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سادىق، ۋاپادارلىقىنى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«سېۋەگەي ئېردى كىشى ئالەمدە سەندىن ئۆزگەنى،
گەرۋەفا قىلماقىغە ئاشىققا ۋىسالىڭ بولمىسا.»②
ياكى «كەس باشىمنى يېرگە سال، ياتسۇن قارا زۇلفۇڭ بىكىن،
گەر نەزەر قىلسام يۈزۈڭدىن ئۆزگە يۈزگە قايرىلىپ.»③

دەپ مەشۇقىغا قەتئىي ئاھاڭدا مۇراجىئەت قىلىدۇ.

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 172 -، 175 -، 176 -، 177 - بەتلەر.

②③ «بۇلاق» 1982 - يىلى، 1 - سان، 46 -، 51 - بەت.

XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان شەرقىدە ئىسلام تېئولوگىيىسى يۇقىرى فېئوداللار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئو- لوگىيىسى سۈپىتىدە تۇرغان مەزگىلدە ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ سوفىزمنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ «بىر ئاللا مەركەزچىلىك» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ «دۇنيادا بىر ئاللا- دىن باشقا ھېچنەرسە يوق، پۈتۈن مەۋجۇداتلار ئەنە شۇ ئاللا- نىڭ شولىسى — تەجەللى قىلىنىشى، شۇڭا مۇھەببەت ئىنسانغا ئەمەس بىر ئاللاغا خاس» دېگەن ئىسلام ئەقىدىسىنى بازارغا سېلىۋاتقان بىر پەيتتە بەزىبىر ئىلغار ئەدەبىيات تەرەپدارلىرىنىڭ «بىر ئاللا مەركەزچىلىك»ى ئىدىيىسىگە قارشى ھالدا ئەدەبىياتنىڭ «ئادەم مەركەزچىلىك» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بۇ مەز- گىلدىكى ئەدەبىياتنى شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيىسى بول- غان ئاتېزىم كۆزقاراشلىرى بىلەن سۇغارغانلىق بولۇپ، شەخسىي مەنىدىن ئېيتقاندا چوڭ قەھرىمانلىق ھېسابلىناتتى. شائىر ئاتائىنىڭ ئىجادىيىتى ئەنە شۇ تىپتىكى ئەدەبىيات تەرەپدارلىرى- نىڭ ئىجادىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

فەلەك ئايۋانىنە باش ئۇندۇرۇرمۇ،
قاشىڭ مېھرابىنىڭ تاقىنە مۇشتاق؟
(قېشىڭنىڭ مېھرابىغا قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان كىشى،
پەلەك ئايۋانىغا باش قويامدۇ؟)

كۆرەرمەن باغى جەننەت مېۋەسىدىن،
ياڭاقىڭ نارىنى يۈز قەتلە بېھراق.
(ئاناردەك يۈزۈڭنى جەننەتنىڭ مېۋىسىدىن
مىڭ ھەسسە ياخشى كۆرىمەن.)

ھاكى: سەئىي ئېتەر زاھىد مېنى جەننەتنىڭ ئەسكى باغىنە،
مەن بارۇرمەنمۇ يۈزۈڭتەك نەۋ باھارىمدىن يىراق.

(زاھىت سوپىلار مېنى جەننەتنىڭ كونا بېغىغا ئۈندەيدۇ،
مەن سېنىڭ نەۋباھاردەك يۈزۈڭدىن قانداقمۇ يىراق كېتەي.)①

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئوبرازلىق ھالدا «يار ۋەسلىنى»، «جەننەت» ۋەسلىدىن ئۈچۈق - ئاشكارا ھالدا ئۈستۈن قويىدۇ. ھەتتا ئۇ زاھىت سوپىلارنى «ئۇلار مېنى جەننەتنىڭ كونا بېغىغا ئۈندەيدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى بولغان «جەننەت» نىڭ كونىرىغان، ئەبجەسى چىققان، مەۋجۇد بولمىغان كونا دىننى چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق مەسخىرە قىلسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئاتېئىستىك كۆزقارىشى تېخىمۇ روشەنلىشىپ يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈلىدۇ:

ئەگەر ئۆچماق بەرسە تەڭرى سەنسىز،
دېگەيمەن بىزگە يەتتە سەككىز ئۆچماق.

(ئەگەر سەنسىز تەڭرى ماڭا جەننەت بەرسە،
ئۆزۈمنىڭ سەككىز جەننىتىم بار دەيمەن)②

دەپ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بايانات ئېلان قىلسا تۆۋەندىكى مىسرالار

ئەي مۇسھەفى③، ھۆسنىڭگە مەگىنىڭ نۇقتەسى ئايەت،
ئىسلام ئېلىگە يۈزۈڭ نۇرى ھىدايەت④.

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 176 - 178 - بەت.
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 178 - 179 - بەت.
③ مۇسھەف — قۇرئان.
④ ھىدايەت — توغرا يول كۆرسەتكۈچى

«ئەي قۇرئان، ھۆسنىڭگە يارنىڭ مىڭى ئايەت،
ئىسلام ئېلىگە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى ھىدايەت»①

دەپ ئىسلامىيەت ئېتىقادىغا توغرىدىن-توغرا ئوق ئېتىپ شىددەتلىك جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ:

«زۇلفۇڭنى سېۋىبان يۈزۈڭگە سەجدە قىلۇرمەن
قىلسە نې ئەجەپ ھۆسن ئەلىدىن بۇتقە ئىبادەت»②

دېگىنىدە يۇقىرىقى كۆز قاراشنى تېخىمۇ كەڭ غۇلاچ يېيىپ، پۈتۈن ئىدېئالىستىك ئېتىقاد دائىرىسىگە قارشى مۇشت كۆتۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئاتېئىستىك كۆز قارشى خىلمۇخىل يول بىلەن «ئەي مۇسھەفى ھۆسنۈڭغە»، «يۈز سارى بولدى راۋان»، «ھەجرىڭدە بىگىم ئاھ دېگۈمدۇر»، «ساقىيا كەلتۈر مەيى» دېگەن شېئىرلىرىدا③ ئۆز ئەكسىنى روشەن تاپقانىدىن تاشقىرى ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ كۆپچىلىكى يۇقىرىقى كۆز قاراشتىن خالى ئەمەسلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ پاكىتلار شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار كۆز قاراشقا ئىگە فېئودالىزم ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى ئىسيانكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شائىر غەزەللىرى باشتىن ئاخىر «ئىدېئال يار» پافوسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئېنىق سىمۋولى بولغان «يار گۈزەللىكى»نى، شائىر تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇ ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشىپ پافوس بىلەن كۈيلەيدۇ. ئەمما زادىلا ۋىسالغا يېتەلمەيدۇ. ئۇ ئاخىرى مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:

① «بۇلاق» 1982-يىلى 1-سان، 53-بەت.
②③ يۇقىرىقى كىتاب 53-، 64-، 70-، 72-بەتلىرى.

ئەتائى سەن كىمۇ ئول سەرۋ قامەت،
ئىلىك يەتمەس نەھاسىل قولنى سۇنماق.
(ئاتايى سەن كىم، ئۇ بوي تۇرقى سەرۋىدەك كىم؟
قولۇڭنى سۇنغان بىلەن يارغا يەتمەسە نېمە پايداسى بار؟)①

ئەمما شائىر ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆز زامانىسىنىڭ فېئودال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىزدىگىنىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمران فېئودال ئىستىبداتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلەنىدۇ. بۇ چاغدا شائىر پافوسىدىكى ئىستىبتىك ئىدېئال «ئازادلىق»، «ئەركىنلىك» كە ئىنتىلىش ئىككەنلىكەنى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

يا ئىشق بەلاسى ماڭا، يا جەۋرى زەمانە،
يا يار جەفاسى يا غۇسسەئى ئەغيار②
يارىم كېچىلەر كىم، مەي ئىچىپ ئاھ ئۇرارمەن،
بىلمەس كىشى سىرىمنى، مەگەر ئالەمى ئەسران.
مەيىل ئەتمەس ئەتائى چەمەنۇ باغ ئارا سەنسىز،
جەننەتنى قاچان كۆزگە ئىلار ئاشىقى دىدار③.

دېگىنىدە گەرچە ئاشىقلار ۋىسالىغا يەتكەندە، «جەننەتنى» كۆزگە ئىلمىسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى قۇرلاردا رومانتىك لىرىك قەھرىمانىنىڭ «ۋىسالىغا يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىپ»، ئۇنىڭغا «جەبرى-جاپا» سېلىۋاتقان يەنىلا شۇ فېئودال ئىستىبدات «زامانە» ئىكەنلىكى ئىپادە قىلىنغان.

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 174 - بەت.
② ئەغيار — ياتلار، يېگانىلەر، غەيرىيلەر.
③ «بۇلاق»، 1982 - يىل، 1 - سان، 64 - بەت.

دېمەك بۇنىڭدىن «ۋىسالغا» يېتىشنىڭ بىرىنچى شەرتى «سىياسىي ئەركىنلىك» دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. شائىر تەرىپىدىن ئالغا سۈرۈلگەن بۇ پىكىر شائىر غەزەللىرىنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئاسانلىقچە ھېس قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن شائىر پۈتۈن غەزەللىرىنى ئوقۇپ چىققان كىشى ئۇنى روشەن ھېس قىلالايدۇ. ئەمما شائىر «يار» ۋەسلىگە، ئازادلىق، ئەركىنلىك كۈرىشىگە قەتئىي بەل باغلاپ باشتىن-ئاخىر ئوپتىمىستىك روھ بىلەن كۈرەش قىلىدۇ:

«ئاغزىڭىزنى ھەر نىچە سوردۇم تىلەدىم تاپمادىم،
گويىيا بۇ سۆز غەلەتدۇر كىم، تىلەگەنلەر تاپار.
زۇلفىڭىزدىن گەر ئەتائى باشقا كۆرسەنى ئەجەپ،
كىم كۆرەر مەن بىر سىناغاننى يەنە ئىككى سىنار»①

يۇقىرىقى شېئىرلاردا «ئىدېئال يار ۋەسلىگە يېتىشنى يەنىمۇ سىناپ كۆرۈش قارارىغا كەلگەن بولسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا «يار» ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن بۇ كۈرەشتىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدىغان قەتئىي قارارىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

يار غەمىن تەرك ئەت ئەتائى دەرسەن ناسىھ، ۋەلې②
تەرك ئېتەرمۇ ئادىمى ھەرگىز قەدىمي ھەمدە مەن③

دېگىنىدە ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ئوقۇغۇچى ئالدىدا ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاتايى شېئىرلىرى، باشتىن-ئاخىر لىرىك شېئىرلار بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا مەزمۇن

① «بۇلاق» 1982-يىل، 1-سان، 65-بەت.
② ۋەلې — ۋە، لېكىن، ئەمما، بىراق.
③ «بۇلاق» 1982-يىل، 1-سان، 76-بەت.

قىلىنغان «ئىدېئال يار» ئوبرازى خىلمۇخىل ئېستېتىك ھېس-
تۇيغۇلار ئارقىلىق بەدىئىي ھالدا ئىپادىلىنىدۇ.

لىرىك ئەسەردە ئىچكى كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىۋاتقان لى-
رىك قەھرىمان ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئۈچۈن شائىرنىڭ قىم-
مەتلىك ھېس ۋە پىكىرلىرىنى يەتكۈزگۈچى شەخس بولۇپ، ئۇ
لىرىك قەھرىمان بىلەن شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ بىرلەش-
كەن قويمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شائىرنىڭ شەخسىي ئاۋتو
بىئوگرافىيىسىگە تەئەللۇق پىكىر ۋە ھېسسىياتلىرىدىن جەمئىيەت
ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر - تىپىك بولغانلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەت-
تۈرۈش لىرىكىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس-
لىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

لىرىك ئەسەردە كۆپىنچە ئىنساننىڭ گويا شۇ پەيتتە بې-
شىدىن كەچۈرۈۋاتقان پىسخىك ھالىتى ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقى
ئۈچۈن، لىرىك ژانىردا قىسقىلىققا ئىنتىلىش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ.
چېخوۋ قىسقىلىقنى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ «تالانتنىڭ شىل-
لىسى» دېگەن ئىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ
تارقالغان لىرىك ژانىر — غەزەل ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئەدە-
بىيات قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق 5 - 7 - 9 بېيىتتىن ئاشمايدۇ. ئا-
تايى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلغان
دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىمۇ ئاتايى غەزەللىرىنىڭ بىر بەدىئىي
بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. لىرىك ژانىرلارنىڭ بىرى بولغان غەزەل-
نىڭ ھەجىم جەھەتتىن چەكلەنگەنلىكىنىڭ قانۇنىيىتى ئەسەرنىڭ
ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىنى — تەسىرچانلىق قۇۋۋىتىنى تەمىنلەيدىغان
شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق كىچىك ھەجىم ئەزمىلىككە
يول قويمايدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئىپادىلىنىۋاتقان قايناق لىرىك ھا-
رارەت پەسىيىشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا غەزەل تامام بولىدۇ. غە-
زەلدىكى ماھارەتنىڭ بۇنداق خىسلىتىگە ئاتايى غەزەللىرى جاۋاب

بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ھاياتتىكى «خاس ھال» ياكى «خاس مەنە» لى تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى لىرىك ئەسەرنىڭ شېئىرىي شەكىلدە يېزىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرىي شەكىل ئاساسەن لىرىكىلىق شەكىلدۇر. بۇلى نەسرىي ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇنۇ ئىككى پەرق روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ: نەسرىي ئەسەردە ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلسا، شېئىردا ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەش ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، نەسر بىلەن شېئىرنىڭ ئىنتوناتسىيىسىدە چوڭ پەرق بار. نەسرىي نۇتۇق تىنچ، ئاساينشلىق نۇتۇقتۇر، شېئىرىي نۇتۇق بولسا ھاياجانلىق، دولقۇنلۇق، ئىختىراسلىق، يەنى غەيرىي نوتۇقتۇر.شېئىرنادىي ھالەتنى ئەمەس، پەۋقۇلئاددە ھالەتنى،قاتتىق ھېسسىياتنى، ھاياجانلىق تەپەككۇرنى ئىپادىلەيدۇ. شېئىرىيەتتىكى يۇقىرىقى ئىككى نۇقتا شېئىردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار بولۇپ، بۇ شېئىرىيەتتە ماھارەت دائىرىسىگە ياتىدىغان بەدىئىيلىكتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك مىللىي غۇرۇر، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كىشىلەردە ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق تۇيغۇ كىشىلەرنى مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنى پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش ۋە باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ قانۇنىيەت تارىخ تەرىپىدىن تەكرار ئىسپاتلانغان.

بىرى بولغان ئاتايى ئوتتۇرا ئاتاسى جاھالىتى بىلەن كۈرەش قىل-
غان ۋە ماۋەرەئۇننەھردە تۇرۇپ «خۇشتۇر كىشىگە بولسا مۇقىم
ئۆز ۋەتەنىدە» دەپ كۈيلىگەن ۋە:

«كۆزۈمكى سېۋدى يۈزۈڭنى چىن ئېتىقادى بىلە،
كۆرەر بۇ مۇشكى خوتەننى ساچىڭ سەۋارى بىلە»①
«نەرگىس كۆزۈڭ مېڭزلى خوتەن لالەزارىدە،
ئۇقىيا قاشىندە ئۇيناغۇچى بىر غەزەل يوق.»②

دەپ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى — «ئىدېئال يار» ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىستەكلىرىنى بىر بەدىئىي ئوبرازغا مۇجەسسەملەشتۇرگەن.

ئۇنداقتا بەدىئىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى زادى قانداق ئۆلچىنىدۇ؟

بۇ مەسىلە كۆپ قىرلىق بولۇپ، ئەگەر بەدىئىي ئەسەرنى ئىدېئولوگىيىلىك تەپەككۇر مەھسۇلىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە باھالايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئەگەر بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك تەپەككۇر مەھسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس ساھەسىگە، يەنى سەنئەت ساھەسىگە مەنسۇپلۇقىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، ئەدەبىياتنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر مەھسۇلى ئىكەنلىكى بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەم ئىدېئولوگىيىلىك ھەم ئېستېتىكىلىق ھادىسىدۇر. دېمەك، ئۇنىڭ ھەر ئىككى خۇسۇسىيىتىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالامىتىنى تېپىش ۋە ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

سەنئەت ئەسىرى ئۈچۈن مۇنداق بىرىنچى ئالامەت، يەنى

①② «بۇلاق» 1982 - يىل، 1 - سان، 50-، 67 - بەت.

بەدىئىيلىكنىڭ بىرىنچى ئالامىتى ــ چىنلىقتۇر: پەقەت ھاياتنى
راستچىللىق بىلەن ھەققىي تەسۋىرلىگەن ئەسەرلا بەدىئىي ئە-
سەردۇر ياكى بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەر بولالايدۇ. سەنئەتتى-
كى «چىنلىق» ئۆلچىمى سەنئەت ئەسىرى ئۈچۈن ناھايىتى كەڭ
ۋە ئەڭ ئومۇمىي بولغان بىرقانچە چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بىرىنچىسى ــ سەنئەت ئەسىرىدە «چىن-
لىق» بىلەن ئوبرازلىقنىڭ ئاجرالماس بىرلىكىدۇر. بۇ بىرلىكنىڭ
تەرىپىنى گ. ۋ. پلېخانوۋ مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بۇ كودېكس①
نىڭ بىرىنچى قانۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر ئىسپات قىلىش
ئەمەس، بەلكى تۆزىتىش لازىم، سىللوگىزم،② لار بىلەن ئەمەس،
ئوبرازلار بىلەن پىكىر قىلىش كېرەك... چىنلىق بەدىئىي ئىجا-
دىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر. شائىر ھاياتنى ئۇ قانداق بولسا،
شۇنداق پەدەزلىمەستىن، بۇزماستىن تەسۋىرلىشى لازىم»③؛ بې-
لىنىسكىينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «پوئېزىيە (شېئىرىي ئە-
سەر) نىڭ قەدرىنى بەلگىلىگۈچى ئۆلچەم ئۇنىڭ ۋەقەلىكىگە
توغرىلىقىدۇر»④

يۇقىرىقى پىكىرنى گوركىينىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئەسەر-
لەر توغرىسىدىكى «ھەققانىيدۇر، يەنى بەدىئىيدۇر»⑤ دېگەن
سۆزى ۋە ئەدەبىي ئەسەرنى «ھاياتنى بەدىئىي تەتقىق قىلىش»
دەپ قارايدىغان ئا. پ. چېخوۋنىڭ «قانچىلىك ئوبيېكتىپ بولسا،

---

① كودېكس ــ قانۇنلار مەجمۇئەسى.

② سىللوگىزم ــ مەنتىقى خۇلاسە.

③ گ. ۋ. پلېخانوۋ: «بەش تومluق پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ١٧-
توم، 532 - بەت.

④ ۋ. گ. بېلىنىسكىي «تاللانما ئەسەرلىرى»، II توم، 313 - بەت.

⑤ ئا. م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە نەشرى II توم،
313 - بەت.

ئەسىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ»① دېگەن قاراشلىرى بەدىئىيلىكنى چۈشىنىشىمىزدە ياردىمى بار.

بىزگە مەلۇمكى، ف. ئېنگېلسنىڭ تەكىتلىشىچە، تىنىدىنسىيە يەنى يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان غايە ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەقەلىكتىن ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ چىقىشى لازىم. ئەسەردە بۇنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش شەرت ئەمەس. ف. ئېنگېلس رېئالىزمغا بەرگەن تەرىپىدە ئىشلەتكەن «تىپىك» سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ چىنلىقنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالساق، سەنئەت ئۈچۈن «چىنلىق» ئۆلچىمىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى يەنە بىر قېتىم ئايان بولىدۇ. ئاخىرىدا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، م. گوركىنىڭ تەرىپىچە، سەنئەت ھەقىقەت ساھەسىدۇر.

ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە شائىر ئاتايى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىيلىكنى كۆرۈپ باقايلى:

ماڭا سەن بولماساڭ جان ھاجەت ئېرمەس،
بېھىشتۇ ھۆرۇ رىزۋان ھاجەت ئېرمەس»

(سەن بولمىساڭ ماڭا جانىمنىڭ نېمە كېرىكى بار،
جەننەت بىلەن پەرىشتەنىڭ نېمە كېرىكى بار.)

پىراقىڭدا كۆزۈم ياشى بار ئېركەن،
باھارۇ ئەبرى نەيسان ھاجەت ئېرمەس.
(سەندىن ئايرىلغاچ كۆزۈمدىن شۇنچىلىك ياش تۆكۈلدى،
ئۇنىڭ ئالدىدا باھار يامغۇرى قانچىلىك گەپ؟)

يۈزۈڭدىن شاملار زۇلفىڭنى يىغساڭ،
يورۇغى ماھى تابان ھاجەت ئېرمەس.

(كېچىلىرى يۈزۈڭدىن چېچىڭنى قايرىساڭ،

① «چېخوۋ تاللانما ئەسەرلىرى» رۇسچە نەشرى XV - توم 35 - بەت.

شولا چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاينىڭ كېرىكى بولماي قالىدۇ.

بويۇڭ سەرۋى، كۆزۈڭ نەرگىس، يۈزۈڭ گۈل،
سېنىڭ قاشىڭدا بوستان ھاجەت ئېرمەس.
(بويى تۇرقۇڭ خۇددى سەرۋى، كۆزۈڭ نەرگىس، يۈزۈڭ گۈل،
سەن تۇرغان يەردە بوستاننىڭ نېمە كېرىكى بار؟)

ئەگەر گەشتى لەبى دەريا قىلۇرسەن،
كۆزۈمگە كەلكى، ئۇممان ھاجەت ئېرمەس.
(ئەگەر دەريا بويلاپ تاماشا قىلماقچى بولساڭ،
كۆزۈمنىڭ قېشىغا كەل، دەريانىڭ نېمە كېرىكى بار؟)

رەقىب بىرلە مۇساھىپ قىلما بىزنى،
قوتۇرغان ئىتكە سەگبان ھاجەت ئېرمەس.
(مېنى رەقىب بىلەن ئۈلپەت قىلىپ قويما.
قوتۇرىغان ئىتقا ئىتباقارنىڭ نېمە كېرىكى بار)①

ئەگەر يۇقىرىقى شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە بويىچە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ، خۇلاسە چىقارماقچى بولساق، مۇنداق خۇلاسە چىققان بولاتتى: «چىرىك فېئودال ئىستىبدات تۈزۈم نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ». بۇ خۇلاسە بىزگە فېئوداليزم تۈزۈمىنىڭ چىرىك ئىستىبداتلىقى «ياشلارنىڭ نىكاھ مەسىلىسى» گە نىسبەتەن قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدۇ، ئەمما مۇشۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەقىقىي ھايات، ئۇنىڭ جانلىق شاھىدلىرى بولغان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ جانلىق قىياپىتى، باي ئىچكى كېچىرمىشى، خاراكتېرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 173-، 174-، 175-بەتلەر.

تەكشۈرىدىغان لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئابستراكتىپىسى ئار-
قىلىق ئاشۇ نەرسىلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، سىللوگىزملىق ئىسپات-
لاش ئالدىمىزغا يۇقىرىقى خۇلاسىنى قويىدۇ. ئەمدى شائىرچۇ؟
ئۇ جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىقى خۇلاسىگە كەلگەندىن كې-
يىن، يۇقىرىقى بابلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سوتسىي-
ئولوگىدىن يەنە بىر قەدەمنى ئارتۇق بېسىپ يۇقىرىقى خۇلاسىنى
ئەسلى ھاياتقا قايتۇرۇپ، ئۇنى ھاياتنىڭ جانلىق پاكىتلىرى،
ئۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جانلىق ئادەم ۋە ئۇنىڭ پسىخو-
لوگىيىسى، خاراكتېرلىرى ئارقىلىق جانلىق ھېس-كارتىنىلار
ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئوقۇغۇچىغا ئايانكى، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىر-
لاردا فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئىككى ياش ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇھەببەت ۋە فېئودالىزم تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقىر-
ۋاتقان ھىجران ئەينى ۋەقەلىك، يەنى ھاياتنىڭ ئۆز شەكلى
چىنلىق بىلەن ئەمما تىپىكلەشتۈرۈلۈپ، ئىندىۋىدۇئاللاشقان
لىرىك قەھرىمان ئوبرازى سۈپىتىدە جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىل-
گەن. شېئىر رېئالىستىك روھقا باي، لىرىك قەھرىمان ھىجران
مۇڭ-زار ئىچىدە گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھىجران ئىچىدە
فېئودالىزمغا قارشى قىساس چاقناپ تۇرىدۇ.

شېئىردا ف. ئېنگېلس ئەدەبىياتتىن تەلەپ قىلغان «تېن-
دېنسىيە»مۇ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. شېئىردا
بىز پەرەز قىلغان سوتسىئولوگىنىڭ خۇلاسىسى شېئىرنىڭ ھېچقان-
داق مىسراسىدا يالىڭاچ ئۇقۇم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ.
بەلكى بىز شېئىرنى باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ چىقىپ، شېئىردا
گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھايات كارتىنىسى، لىرىك قەھرىمان ئوبرازى-
نى ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى پسىخولوگىيىسىدىن يۇقىرىقى

سوتسىئولوگلارغا① خاس خۇلاسىنى چىقىرالايمىز. دېمەك، بۇ شېئىردا بەدىئىيلىكنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى بولغان «چىنلىق» بىلەن ئوبرازلىقنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ياكى بېلىنسكىينىڭ تەبىرى بويىچە «شېئىرنىڭ ماھىيىتى كونكرېت بولمىغان ئىدىيىنى جانلىق، تەسىرلىك، گۈزەل، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەلىشىدە كۆرۈلىدۇ» ② دېگەن پرىنسىپى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

بەدىئىيلىكنىڭ ئىككىنچى ئۆلچىمى — سەممىيلىكتۇر. سەممىيلىكنى ل. تولستوي يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان نەرسىگە قويغان مېھرى ياكى ئېتىقادى دەپ كۆرسەتكەن: ئۇ ئېتىقاد قانچىلىك چوڭقۇر بولسا، تەبىئىيكى ئەسەرنىڭ كىتابخانغا بولغان تەسىرىمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن شەرت شۇكى، يازغۇچى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتقا ئىلغار ئىدىيە نۇقتىئىنەزەرى بىلەن «مېھرى قويۇشى» ياكى سەممىي بولۇشى كېرەك. (بەزى يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ خاتا نۇقتىئىنەزەرىگىمۇ سەممىي بولۇشى كېرەك). شۇڭا سەممىيلىكنى بەدىئىيلىكنىڭ باش پرىنسىپى — «چىنلىق» تىن ئالدىن قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ چىنلىق ئاساسىدىكى سەممىيلىك بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئىجادىيەتتە چوقۇم خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ئاتايى شېئىرلىرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاساسەن «مۇھەببەت» تېمىسىغا بېغىشلانغان ياكى ئۇ، ل. تولستوينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداليزم ئىستىبداتى ھۆكۈم سۈرگەن زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە ئىنسانلارغا خاس بولغان ئىنسان گۈزەللىكى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى «چىن مۇھەببەت» ھىجرانى-

---

① سوتسىئولوگ — جەمئىيەتشۇناس.

② بېلىنسكى — «شېئىرنىڭ كېلىپ چىقىشى»، خەنزۇچە، نەشرى، 1954-يىل نەشرى، 2-بەت.

نى يېزىش ئارقىلىق «ئازادلىق»، «ئەركىنلىك» نۇرىنى ئىزدەشكە «مېھىر» قويغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسىرلىك كۈچىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ مۇھەببەت تېمىسىنى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە ئارقىلىق يانىدىشىپ چىن راستچىللىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ ھەممە شېئىرلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

بەدىئىيلىكنىڭ ئۈچىنچى ئۆلچىمى — شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىر-بىرىگە ماسلىقى. لېنىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە شەيئىلەرنىڭ شەكلى، ياشاش ئۇسۇلى مەزمۇننىڭ ئىچكى ئۇيۇشمىسى بولۇپ، ئۇ شۇنداق نەرسىكى، مەزمۇننىڭ ئېلېمېنت (ئۇنسۇر) لىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، ئۇنىڭسىز مەزمۇننىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس. شەكلى ماھىيەتلىك بولىدۇ. ماھىيەت ئەنە شۇ شەكىل بىلەن شەكىللەنگەن بولىدۇ. مانا شۇ لېنىن پرىنسىپىنىڭ ماھىيىتىگە دەل كەلگەن. ن. گ. چېرنىشېۋسكىنىڭ مۇنۇ تەرىپى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا كلاسسىك تەرىپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭچە «پەقەت ھەقىقىي ئىدىيىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەرلا، ئەگەر شەكىل ئىدىيىسىگە مۇتلەق ماس كەلسىلا بەدىئىي بولالايدۇ.①

ئەسەرنىڭ غايىسى شەكلىگە ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «ھەقىقەت ھەم ئەسەرنىڭ ھەممە قىسىملىرى ۋە تەپسىلاتلىرى ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان - چىقمايدىغانلىقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش لازىم. مەلۇم تەپسىلات، سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت ئۆزىچە قانچىلىك قىزىقارلىق ياكى گۈزەل بولمىسۇن، ئەگەر، ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلمىسا، ئۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ»② لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىگە

① چېرنىشېۋسكىي «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى» رۇسچە نەشرى III توم، 663-بەت.

② ن. گ. چېرنىشېۋسكىي «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى» رۇسچە نەشرى. III توم، 663-بەت.

ئەسەرگە زۆرۈر ھەربىر سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت ۋە دېتال-
نىڭ ئېنىق، روشەن تەسۋىرلىنىشى لازىملىقىنى ئېنىق تەكىتلەش-
نى قوشۇش كېرەك. شۇ سەۋەبلىك ئەسەرنىڭ شەكلىگە قويۇل-
غان تەلەپ — ماركسچە - لېنىنچە ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم
خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېنگېلس، ف.
لاسالنىڭ «فرانز ۋون زىككىنگېن» دراممىسىغا يازغان خېتى-
دىمۇ ئالاھىدە توختالغان.

ئەنە شۇ يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا، لىرىك
شېئىرلىك مەزمۇنى شائىر تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتنىڭ شائىر
سۇبيېكتىدا گەۋدىلەنگەن ھېسسىيات بىلەن شائىر ئىستېتىك ئى-
دېئالىنىڭ بىرلىكى قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۇنىڭ شەك-
لىنى يۇقىرىقى مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي شەكىل —
مىسرا، تۇراق، ۋەزىن، بەند،① قاپىيە ۋە پۈتۈن شېئىرىي
شەكىلنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنتلار تەشكىل قىلىدۇ.

---

① بەند — كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئىككى مىسرالىق بەند — مەسنەۋىي (ئىككىلىك)، ئۈچ مىسرالىق بەند — مۇسەللەس (ئۈچلۈك)، تۆت مىسرالىق بەند مۇرەببە (تۆتلۈك)، بەش مىسرالىق بەند مۇخەممەس (بەشلىك)، ئالتە مىسرالىق بەند مۇسەددەس (ئالتىلىك)، يەتتە مىسرالىق بەند — مۇسەببە (يەتتىلىك)، سەككىز مىسرالىق بەند — مۇسەممەن (سەككىزلىك)، توققۇز مىسرالىق بەند — مۇتەسسە (توققۇزلۇق)، ئون مىسرالىق بەند — مۇئەششەر (ئونلۇق) دەپ ئاتىلىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بەندنىڭ بۆلىكىدىن يۇقىرىراق مىسرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

غەزەل شەكلىنى ئالاھىدە بەند ھېسابلاش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ رىتىم قا-پىيە جەھەتتىن مەلۇم بىر قائىدىگە رىئايە قىلىنغان ھالدا يېزىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك غەزەلدىكى مىسرالارنىڭ سانى 14 — 16 غىچە بولىدۇ. «AA، BA، SA» ۋە باشقا شەكىلدە قاپىيىلىنىدۇ (غەزەل مەسنەۋىيگە ئوخ-شاپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ قاپىيىلىنىشى مەسنەۋىيگە ئوخشىمايدۇ) ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا 16 دىن 24 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرجىئىبەندمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق بەند 16 دىن 24 گىچە مىسرادىن ئىبارەت بىر نەچچە شېئىر پارچىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، تېماتىك جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىق بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تۆت مىسرالىق بەند ئىشلىتىلىدۇ.

ماركسىستىك ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەر (شېئىرمۇ شۇلىڭ ئىچىدە) نىڭ شەكلىنى مەزمۇنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن شەكىل نىسپىي مۇستەقىللىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ مەزمۇنغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق مەزمۇن ئۆزىگە خاس (مەزمۇنغا ماس كەلگەن) شەكىلگە ئىگە بولغاندىلا، ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرگە ئايلىنالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مۇنداق ئەسەر بەدىئىي ئەسەرنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى بولغان تەسىرچانلىقىنى يوقىتىدۇ.

يۇقىرىدا بىز مىسالغا ئالغان ئاتايى شېئىرلىرىدىن «ماڭا سەن بولمىساڭ جان ھاجەت ئېرمەس» دېگەن غەزىلى، شۇنىڭ ئۇچۇن بەدىئىيلىكى بىر تەرەپنى تەشكىل قىلالىدىكى، ئۇ كلاسسىك غەزەل قانۇنىيىتىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، 14 مىسرادىن ئىبارەت بىر بەندنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ بەندنىڭ ھەربىر مىسراسى يۇقىرىقى «جۇدالىق» تېمىسىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى قەدەممۇ قەدەم ئېچىشقا خىزمەت قىلىدۇ ۋە جۇدالىق تېمىسىنىڭ مەزمۇنغا مۇۋاپىق پۈتۈن مىسرالاردا بەلگىلىك ئۆلچەمنى ئاساس قىلغان مۇڭلۇق رىتىم مەيدانغا كېلىپ پۈتۈن مىسرالارنىڭ يىغىندىسى بولغان بەند گەۋدىسىگە تەكرارلىنىدۇ. ئىدىيىنى روشەنلەشتۈرىدىغان تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدىغان «ئەڭ خاراكتېرلىك سۆز»نى «قاپىيىگە ئاجرىتىمەن»«BA . AA» يەنى:

«ماڭا سەن بولمىساڭ، جان ھاجەت ئېرمەس،
بىھىشتۇ، ھۆرۇ رىزۋان ھاجەت ئېرمەس،
فىراقىڭدا كۆزۈم ياشى بار ئېركەن،
باھارۇ ئەبر نەيسان ھاجەت ئېرمەس»①

① «بۇلاق» 1982 - يىل، 1- سان، 65- بەت.

ھەكلىدە قاپىيىلىنىپ ئەسەر ئىدىيىسىنى تەسىرلىك گەۋدىلەندۈ-
رۈشكە خىزمەت قىلىدۇ.
ئاخىرىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكىنىڭ ئەڭ
مۇھىم ئالامەتلىكىنىڭ بىرى — تىلىنىڭ روشەنلىكى، راۋانلىقى،
يارقىنلىقى، ئورگىناللىقى (تۇتۇلمىغان، كونىرىمىغان سۆز - ئى-
بارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى) دۇر. يازغۇچى (ياكى شائىرنىڭ تىلى
ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭلىكى ۋە بايلىقى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرۇشى
ئەينى پەيتتە ھەممە ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك.
شېئىر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى:
(1) مۇزىكىدارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتلىرى
رىتىم، قاپىيە، بەند، سۆز تەكرارى، تەجنىس، ياردەمچى ئېلې-
مېنتلىرى ئىنتوناتسىيە، تاۋۇش، تەكرار ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ
ھەممىسى قوشۇلۇپ، شېئىردىي تىلدىكى ئىموتسىئوناللىقىنى ئا-
شۇرىدۇ.
(2) پوئېزىيە تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلىستىك ۋاسىتى-
لىرى: مېتافورا، مېتونومىيە، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇ-
رۇش ۋە باشقىلار.
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ شېئىر تىلىدىكى ئىموتسى-
ئوناللىق، قېنىق بوياقلىق، ئوبرازلىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
مەسىلەن:
بىز مىسالغا ئالغان ئاتايىنىڭ «ماڭا سەن بولمىساڭ، جان
ھاجەت ئېرمەس» دېگەن شېئىرىدا ئۇ تۆت مىسرادىن ئىبارەت
بىر بەند، ھەربىر مىسراسىدىن ئىككى تۇراق، ھەربىر بېيتنىڭ
ئاخىرقى مىسراسى بىرىنچى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسى بىلەن
قاپىيىداش بولۇپ، ئۆزىگە خاس مۇزىكىدارلىقنى شەكىللەندۈ-
رۈپ چىقىرىپ شېئىردىكى ھېسسىي تەسىرچانلىقنى كۈچەيتىدۇ.
بۇ ئاتايى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس بولغان

بەدىئىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ مۇھىم باش ئالاھىدىلىكىدۇر.

سوۋېت ئەدەبىياتشۇناسى ل. ئى. تىموفىيېۋ پوئېزىيە تىلى ئىستىئارىلارغا (مېتافورا، مېتونومىيە ئوخشىتىش ۋە باشقىلارغا) باي، شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئىنتايىن قويۇق بوياق-قا ئىگە دەيدۇ. بۇ رېئال ھەقىقەتتۇر. بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھايات خىلمۇ-خىللىقى ۋە رەڭمۇرەڭلىكى بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلى يېڭى بىر سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئەسەر تىلىنىڭ ئىنتايىن قويۇق رەڭدارلىققا ئىگە بولۇشىدۇر. لىرىكىدا ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئىنساننىڭ مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى تىپىكلەشتۈرۈلۈپ ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قويۇق رەڭدارلىققا ئىگە بولۇشى مۇقەررەردۇر.

پوئېزىيە تىلىنىڭ قويۇق رەڭدارلىققا ئىگە بولۇشى تەسىۋىر ئوبيېكتى ۋە مۇرەككەپ ئىنسان روھى دۇنياسىنى ئاق رەختكە كەشتە باسقاندەك، نەققاش گۈل ئويغاندەك كىشى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە ھېسسىي تۇيغۇغا ئىگە بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. پوئېزىيە تىلىدىكى مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئاتايى شېئىرلىرى خېلىلا باي دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ يارنىڭ گۈزەل ۋەسلىنى ئىككى بېيىتتىلا مۇنداق تەسىۋىرلەيدۇ.

ئەگەر كۆك تون كىيىپ چىقساڭ خىرامان① ئەي يۈزى ئايىم،
بولۇر ئول دەم رەۋان سارىق يۈزۈمدىن نىل دەرياسى.
يىغىپ چىن لەشكەرى سالسا مەغۇلانە② كۆزۈڭ يۈزگە
چاغاتاي بىرلە ئۆزبېكنى ئالۇر تارۇجى ياغماسى③

① خىرامان — نازۇك مېڭىش.
② مەغۇلانە — موڭغۇللارچە.
③ «بۇلاق»، 1982 يىل 1 - سان، 87 - بەت.

پاكى:

دىلبەرلەرنىڭ شارابى ئابى كەۋسەردىن لەتىف،
قامەتىنىڭ نەخلى داغى سەرۋۇ سەنەۋ بەردىن لەتىف.
(ئەي دىلبەر ياقۇت لېۋىڭنىڭ شارابى كەۋسەر سۈيىدىنمۇ
يېقىملىق، بوي تۇرقۇڭ سەرۋى بىلەن ئارچا دەرىخىدىنمۇ گۈزەل.)

سەھىفەئى ھۆسنىڭ قاشىندا مۇنغەئىل ئەرۋراقى گۈل،
نۇقتەئى خالىڭ ئەبىرى موشكى ئەنبەردىن لەتىف.
(ھۆسن جامالىڭ ئالدىدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلمۇ خىجىل.
چېكىت خالىڭ خۇشبۇي ئەنبەردىنمۇ يېقىملىق) ①

ئارىستوتېل ئىستىئاراغا ئۇستا بولۇش «ئىستېدادنىڭ بەلگىسى» دېگەن ئىدى. بۇ — شېئىردىي تىلدا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق شېئىردىي لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ بىر تەرىپى. ئەمما ئىستىئارىسىز قويۇق بوياقلىق شېئىردىي تىل بىلەنمۇ ئوبراز ياراتقىلى بولىۋېرىدۇ. تىلدىكى خاس بوياقلىق — سىلىقلىقمۇ بار. ئەمما ئۇ پوئېزىيىدە، بولۇپمۇ لىرىكىدا يارقىنراق كۆرۈنىدۇ. لېكىن پەقەت شېئىرىيەت تىلىغىلا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرمۇ قويۇق ئەمەس. ئەدەبىي جىنسلا تۈرلۈك پوئېتىك ژانىرلار (تۇيۇق، مۇۋەششەھ، مۇئەممما قاتارلىقلار) بىلەن باغلىق بولغان پەزىلەتلەر شېئىردىكى ستىلىستىكىلىق ۋاستە، پىرىيوملار (سۆز ئويۇنلىرى) ۋە مونولوگ - سىنتاكسىسلىق پەرقلەر (ئىنۋېرسىيە ۋە باشقىلار) شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقى، رىتىم، قاپىيە ۋە بەند، فونېتىك بېزەش، ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلار ... پەقەت شېئىرىيەت تىلىغىلا خاستۇر. شۇنىڭ ئۇ-

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئەمۇنىلەر»، 174 - بەت.

چۈن شېئىرىي تىل ئۇلۇغۋارراق، ئاددىي نۇتۇقتا قارىغاندا بىر دەرىجە يۇقىرىراق بولىدۇ. لېكىن ياخشى شېئىرىي ئەسەرنى ئۇ ياكى بۇ شېئىرىي ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەممە شېئىرىي ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇن تەقەززاسى بىلەن بارلىققا كەلگەن گارمونىيىسى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: ئاتايىنىڭ تۆۋەندىكى تەجنىسنى① كۆرەيلى:

دېسەڭكىم جان سۈپەر قىلغىل ئاتايىم!
تۇرۇپمەن ئۇشبونەق ئۇلدۇر ئات، ئايىم!
قۇلۇڭمەن ساقلاساڭ جانىم بارىنچە،
ئەگەر ساقلاماساڭ، سەن بىل سات، ئايىم!
نىچە سەرخۇش ئىسەڭ، ھۆسنۈڭ مەيىندىن مەيىندىن،
ۋەفا جامى مەيىدىن ھەم تۇت ئايىم.
باقاسىزدۇر بۇ بەش كۈن ئۆمرى فانى،
باقايىن ئاي يۈزۈڭگە پات - پات ئايىم.
پەلەكتىن ئۆتكۈزۈرمەن مىھرىڭ ئوقىن،
دېسەڭكىم: «قايدىسەن، ئەي ئەتائىم».

يۇقىرىقى غەزەلنىڭ 1 - مىسراسىدىكى «ئاتايىم» سۆزى شائىر تەخەللۇسىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا «قىلماق» مەنىسىدىمۇ كەلگەن. 2 - مىسراسىدا بولسا 1 - مىسرادىكى ئاتايىم «ئاتايىم» سۆزىدىن «ئات» ۋە «ئايىم» سۆزلىرى ياسالغان. 7 - مىسرادىكى «باقا» سۆزى «مەڭگۈلۈك»، «ئەبەدىيلىك» دېگەن مەنىدە كەلگەن بولسا، 8 - مىسرادىكى «باقايىن» سۆزى «قاراش» مەنىسىدە كېلىپ بىر سۆز ئويۇنى ياسالغان. قالغان مىسرالاردىكى

① تەجنىس — سۆز ئويۇنى قىلىش، يەنى ئوموننىم سۆزلەر ئارقىلىق شېئىردا سۆز ئويۇنى قىلىش شېئىر شەكلى.

«ئايىم»، «ئاتايىم» سۆزلىرى رادىف① ئورنىدا، «ئات»، «سات»، «تۇت»، «پات» سۆزلىرى قاپىيە ئورنىدا كەلگەن.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىردا تەجنىسنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن باشقا شېئىرىي مەزمۇنىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر قاتار شېئىرىي ئېلېمېنتلارنىڭ گارمونىيىسىنىمۇ كۆرەلەيمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شېئىرىي نۇتۇق تىل، ھېسسىيات، خاراكتېر، پوئېتىك لېكسىكا، رىتىم ۋە مۇزىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن. مۇنداق تۈزۈلۈش ئۇنىڭ مەزمۇنىغا باغلىق بولغان ھالدا شېئىرىي شەكىلنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ شەكىل ھايات ۋە ئۇنىڭدىكى يېتەكچى تېندېنسىيىلەرنى، يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەرنى، ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبىسىنى شېئىرىي بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. بەدىئىي تىل ۋاسىتىلىرىنىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھادىسە، ماھىيەتنى چوڭقۇر ئېچىش ۋە قەھرىمانلار خاراكتېرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈشكە قانداق ياردەم بەرگەنلىكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. شېئىرىيەتتىكى يۇقىرىقى قائىدە ـ قانۇنلار شائىر ئاتايى غەزەللىرىگىمۇ تەئەللۇقتۇر.

پوئېتىك ئەسەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى پەقەت تىلنىڭ ئۆزىلا ھەل قىلالمايدۇ. ئەمما تىل ئەسەرنىڭ پۈتۈن ئىچكى ئامىلىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. بۇ پوئېزىيىنىڭ بارلىق قۇرۇلمىسى (قىسىملىرى) بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى تۈپ قىرلىق ۋاسىتىدۇر. بەدىئىي تىل ئۈچۈن كۆرەش ئۆز نۆۋىتىدە ھەردائىم ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆرەشنىڭ شۇنداقلا ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۈچۈن كۆرەشنىڭ تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىپ كەلدى.

① رادىف ـــ ئەرەبچە مىنگەشكەن دېگەن مەنىدە.

ئاتايى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىق جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈ-رۈۋاتقان پوئېزىيە بەدىئىي تىلى شارائىتىدا، شۇنداقلا ئەرەب، پارس تىلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، مىللىي تىل — ئۇيغۇر (تۈركىي) تىلى بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، دەيدىغان سەپسەتىلەرنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىر يېزىپ، بۇ تىلنىڭ غايەت زور ئەدەبىي ئىمكانىيەت بايلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ گۈزەل پوئېتىك تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ ئاتايى ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

ئاتايى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى غەزەللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا دۇنياۋى ئەدەبىيات(ئىنسانلارنىڭ رېئال ھېس تۇيغۇۋە ھەرىكەتلىرىنى يېزىش) نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زور ھەسسە قوشتى. بۇ نەۋائىي دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى گۇمانىزمنىڭ تۇغۇلۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بىلىنىشكە ئېيتقاندەك شائىر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز دەۋرىنىڭ ئوغلىدۇر. شۇڭا ئۇ ئۆز غەزەللىرىنىڭ تېماتىكىسى جەھەتتىن ئالغاندا، «مۇھەببەت تېمىلىرى» دىن سىرتقا چىقالمىدى، ئەدە-بىياتنى جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي كۈرەشلىرىگە بىۋاسى-تە قاتنىشىدىغان ئىجتىمائىي ئەھمىيەتلىك دەرىجىگە كۆتۈرەلمىدى.

ئىككىنچىدىن، بۇ چاغ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى، ئالىمى ئىبنى خالدۇنىنىڭ ئەدەبىياتتا شەكىلنى مەزمۇندىن ئۈستۈن قويىدى-غان ماتېرىيالىزمغا قارشى ئىدېئالىستىك شەكىلۋاز دوگماتىزمى-نىڭ تەسىرىدىن خالى بولالمىغان ئاتايى شېئىرلىرى، ئۆز زاما-نىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەلگىلىك بەدىئىيلىككە ئىگە بول-سىمۇ، ئىدېيىۋىلىكى پەقەت «مۇھەببەت» لىرىكىلىرى بىلەنلا چەك-

لەندى. ئاتايى غەزەللىرىدىكى يۇقىرىقى يېتىشسىزلىكلەر ئاتاي-نىڭ مۇقەررەر ھالدىكى قانۇنى تارىخىي چەكلىمىلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئاتايى ئەنە شۇ تارىخىي چەكلىمىلەرگە قارىماي ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىيلىكىگە ئىگە غەزەللىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىدا شۇنىڭدەك تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە تارىخىدا ئۆچ-مەس ئىز قالدۇردى.

ئاتايى خەلق تىلىغا يېقىن ھەم ئارۇز ۋەزنى ھەم بارماق ۋەزنىدە ناھايىتى گۈزەل غەزەللەرنى يازدى. تۆۋەندە ئۇلاردىن نەمۇنىلەر بېرىمىز.

نېچە كىم كېزدىم ۋىسالىڭ ئارزۇسىدا ئاھ-ئاھ،
تاپمادىم ۋەسلىڭغە بىردەم مەن يامان گۇمراھ-راھ،
فۇرقەتىڭ ئىچرە ماڭا باغرىم قانىن مەي ئورنىدا،
ئەيش ئىلە ئىچكەن كېچەلەرنى ساغىنسام گاھ-گاھ.

..............................

سەن رەقىبنىڭ ئىتلىگىن كۆركىم، كۆرە ئالماي كېلۇر،
گەر كۆرۈپ سارىغ يۈزۈمنى ئايتۇر ئىرسەڭ كاھ-كاھ.
ئەي ئاتايى، گەر كۆزۈڭ يەئقۇب يەڭلىغ كۆرمەسە،
يانىما ئول يۇسۇف يولىندىن، دىسەلەر مىڭ چاھ-چاھ ①

× ×

ئەي ئاي يۈزۈڭ بەندەلەرى بەختۇم سەئادەت،
ھۆسنۈڭ كەبى مېھرىم ساڭا ھەرلەھزە زىيارەت.
گەر بولسا ساڭا جەۋرۇجەفا خويۇۋەزىغە،
بولدى ماڭا، ھەم مېھرى ۋەفا پىشەۋۇ ئادەت.

..............................

① «بۇلاق» 1983-يىل 1-سان 82-بەت.

مەيخانىدا لەنگەر سالىپ ئولتۇردى ئاتايى
تابەردى سەنەملەر ئەلنەدەستى ئىرادەت①

× ×

كۆڭۈل ئالدىڭ بېكىم، ياشۇرماغىڭ نې؟
جەفانى ھەددىدىن ئاشۇرماغىڭ نې؟
رەقىبلەرغە قىلۇر لەئلىڭ تەبەسسۇم،
قانىمنى غۇسسەدىن تاشۇرماغىڭ نې؟
......................
ئاتايى يېرگە يېل زۇلفىن تېگۇرمەس،
قارا يېرىگە سېنىڭ باش ئۇرماغىڭ، نې؟②

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئاتايىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭلار؟
2. ئاتايى غەزەللىرىدە نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟ با-
يان قىلىپ بېرىڭلار؟
3. ئاتايى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىلىك ھەققىدە نېمىلەرنى
بىلىۋالدىڭلار؟

---

① «بۇلاق» 1982 - يىل 1 - سان، 52 -، 53 - بەتلەر.
② يۇقىرقى كىتاب 86 - بەت.

## VII باب. مەۋلانە سەككاكى

### 1 - §. مەۋلانە سەككاكىنىڭ ھايات پائالىيىتى

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىككى سەككاكىنىڭ نامى كۆپ ئۇچرايدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «سەككاكى» يۇقىرىقى ئىككى سەككاكىنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى سەككاكىنىڭ قاچان ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىجادىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ قايسى ساھەسىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالمىغاندا، ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

ئا. ھەيتمېتوۋ «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەدەبىي - تەنقىدىي قاراشلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «... ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھازىرقى ئاتالغۇ بىلەن ئاتىغاندا «فىلولوگ»لار ئىدى. XI - XII ئەسىرلەردە ياشىغان جارۇللاھ ئاز-زاماخشارى (1142 - يىلى ۋاپات بولغان) ئابۇياقۇپ يۇسۇپ سەككاكى (1229 - يىلى ۋاپات بولغان) راشىدىن ۋات - ۋات (1082—1088) قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىملىك فىلولوگلىرى ئىدى①»

① ئا. ھەيتمېتوۋ «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەدەبىي - تەنقىدىي قاراشلىرى» ئۆزبېك ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1959 - يىل.

1978 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق كىتابنىڭ 1 - تومىدا «...ئوتتۇرا ئاسىيالىق نەزەرىيەچىلەردىن ئابۇناسىر فارابى (X ئەسىر) «كالام لەھۆپى شىئىر ۋە قاۋافى» («شىئىر ۋە قاپىيىلەر ھەققىدە سۆز»)، ئىبنى سىنا (XI ئەسىر) «رىسالەفىل - ئارۇز» («ئارۇز توغرىسىدا رىسالە»)، جاروللاھ ئوبۇلقاسىم زاماخشارى (XII ئەسىر) «ئارۇز ئۆلچەملىرى»، سىراجىددىن سەككاكى «موفتاھۇل ئۇلۇم» («ئىلىملەر ئاچقۇچى») قاتارلىق ئەسەرلىرى يېزىلغان».

يەنە «...تۆمۈرنىڭ سارىيىدا سەئىددىن مەسئۇد تافتازانى (1389 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەلى شەرىف جۇرجانى (1413 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىق ئالىملار بار ئىدى. ئۇلار سوفىزىم، ھوقۇقشۇناسلىق، پەلسەپە مەسىلىلىرى بىلەن بىر قاتاردا فىلولوگىيە بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىناتتى. ئۇلار سەككاكىنىڭ «موفتاھۇل ئۇلۇم» ئەسىرىگە شەرھلەر يازغان. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا فېئودال مەدەنىيىتىنىڭ يەنە جانلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى»① دېگەن مەلۇماتلار بار.

ئا. ھەيتمېتوۋ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدە يەنە: «لوتفى بىلەن زاماندىش بولۇپ بىر قاتاردا تۇرىدىغان يەنە بىر شائىر — سەككاكىدۇر. سەككاكى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئالىم بار ئۇ — سىراجىددىن ئەبۇياقۇپ يۇسۇپ ئىبنى ئەبۇبەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى، بۇ «موفتاھۇل ئۇلۇم» («ئىلىملەر ئاچقۇچى») دېگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى، بۇ كىشى مىلادى 1160— 1228 - يىللىرى ياشىغان بولۇپ، چاغاتاينىڭ يېنىدا ئىلمىي مەسلىھەتچى ئىدى. ئاخىرى چاغاتاي تەرىپىدىن جازالىنىپ زىندانىدا ئۆلگەن. مازىرى قورغاستا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ»

① «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ئۆزبېكچە نەشرى، I - توم، 385 - بەت تاشكەنت، 1978 - يىل.

دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى كىتابلاردىن ئەبۇياقۇپ يۇسۇپ سەككاكى، سىراجىددىن سەككاكىلەرنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، تولۇق ئىسمى: سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇپ، ئىبىن ئەبۇبەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، بۇ ئالىم چاغاتاي دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ. بىز ھازىر تەتقىقات ئۈستىدە توختىلىۋاتقان سەككاكى بولسا، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن مەۋلانە سەككاكىدۇر. بۇ كىشىنى ئەلىشىر نەۋائى مەۋلانە سەككاكى دېگەن نام بىلەن تىلغا ئالىدۇ، شۇڭا ئۇنى شۇنداق ئاتاش لازىم.

ئۆز ئانا تىلىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى قاتتىق كۈرەش قىلغان، ئۇنىڭ گۈزەل پاساھەتلىكلىكىنى ئالەمگە يايغان قەسىدە ژانىرىنىڭ پېشىۋاسى، XV ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى — مەۋلانە سەككاكىنىڭ نامى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. گەرچە مەۋلانە سەككاكى سۆز تالانتىنىڭ يۈكسەكلىكى، پاساھەت ئىلمى جەھەتتىكى چېۋەر ماھىرلىقى بىلەن شان-شۆھرىتى پۈتۈن تۈركىستان زېمىنىغا تارقالغان يىرىك شائىرلاردىن بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز مەلۇمات ساقلانغان. شائىر سەككاكى ئاساسەن ماۋارەئۇننەھىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

بەزى تەتقىقاتچىلار مەۋلانە سەككاكىنى ئالىم يۇسۇپ ئىبىن ئەبۇبەكرى سەككاكىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ. بۇ پىكىر كەلگۈسى تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۈچۈن بىر يىپ ئۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. «سەككاكى» شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىسمى

---

① «بۇلاق» 1981- يىلى 2- سان 44- بەت.

قامىلىسى تېخى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.
ئۇيغۇر شائىرى سەككاكىنىڭ قەسىدىلىرى شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرىنى ئۆگىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ. شائىرنىڭ «دىۋان سەككاكى» نامىلىق توپلىمىدىكى خەلىل سۇلتانغا بېغىشلانغان قەسىدە شۈبھىسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، شائىر بۇ قەسىدىنى خەلىل سۇلتان ئۆز بوۋىسى تۆمۈرنىڭ تەختىگە ۋارىس بولۇپ ئولتۇرغان يىللىرى (1405 — 1410) يازغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. 1410 - يىلىدىن كېيىن شاھرۇ خەلىل سۇلتاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، پايتەختنى ھىراتقا كۆچۈرگەن. خەلىل سۇلتاننى بولسا، راي دېگەن شەھەرگە ھاكىملىققا تەيىنلىگەن. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي خەلىل سۇلتان ئاشۇ جايدا زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، دېمەك، سەككاكى ئۆزىنىڭ خەلىل سۇلتانغا بېغىشلىغان قەسىدىسىنى 1410 - يىلىدىن كېيىن يېزىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پاكىتلار شائىرنىڭ XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا (تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، 4- چارىكىدە) دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەلىشىر نەۋائىي 1467 — 1469 - يىللىرى سەمەرقەندتە بولغان مەزگىللىرىدە سەككاكى بىلەن ئۇچراشمىغان. ئۇنىڭ (سەككاكى بىلەن ئۇچراشقانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق)، شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سەككاكى بەلكىم بۇ مەزگىلدىن (1467 — 1469 - يىللىرىدىن) بىر نەچچە يىل بۇرۇن دۇنيادىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.
مەۋلانە سەككاكىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى، ناۋائىينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دانىشمەن ئۇلۇغبېك دەۋرىدە كامالەتكە يەتكەن، چۈنكى تۆمۈرىلەر ئەۋلادلىرىدىن بولغان (خەلىل سۇلتان، شاھرۇ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبېك قاتارلىقلار) ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا قىزغىن

كۆڭۆل بۆلگەن كىشى — ئالىم ئۇلۇغبېك ئىدى. ئۇ ئىلىم ئەھلى-
لىرىنى ئەدىب - سەنئەتكارلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ پەن مەدەنىيەت-
نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك شارائىت يارىتىپ بەرگەن-
دىن تاشقىرى، مەشھۇر «ئۇلۇغبېك مەدرىسىسى» نىمۇ بىنا قىل-
دۇرغانىدى. ئۇلۇغبېك ھەم شائىر، ھەم مۇنەججىم بولۇپ،
ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئاتاقلىق رە-
سەتخانىسى (ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش مۇنارىسى) بىلەن
شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق
قىلغان مەزگىللەردە قازى زەيدار رۇھى غىياسىدىن جەمشىت،
ئەلى قوشچى، ئابدۇررازاق سەمەرقەندىگە ئوخشاش مەشھۇر ئا-
لىملارغا، سەنئەتكارلارغا ھامىيلىق قىلدى.

شائىرنىڭ غەربىي چاغاتاي زېمىنىدىكى بۈيۈك ئالىملار،
شائىرلار توپلانغان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى يۈكسەلگەن،
ئىلىم - مەرىپەت بىرقەدەر راۋاجلانغان جاي تۆمۈرىلەر سۇ-
لالىسىنىڭ سىياسىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى — سەمەرقەند-
تە ياشىغانلىقى ئۇنىڭ داڭلىق شائىر ۋە مەشھۇر سۆز سەنئەت-
كارى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي سەككاكىينى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چېۋ-
چەنلىرىدىن بىرى»، «سۆز سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن پاسا-
ھەتلىك شائىر» دەپ يۇقىرى باھالىغان بولسا، خازائىنۇلمە-
ئانى» («چاھاردىۋان») ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: —
«ئۇيغۇرلارنىڭ پاساھەتلىك، يېتىلگەن شائىرلىرىدىن لۇتفى،
سەككاكى، سۇھەيلىلارنىڭ ماڭا ئۇستازلىق ياردىمى كۆپ ئىدى»
دەپ ئۇلارنى ئۆزىگە ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ.

«ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر مەجلىسى»)
دېگەن ئەسىرىدە شائىر سەككاكىنىڭ قەيەردە ياشىغانلىقى توغ-
رىسىدا: «مەۋلانە سەككاكى ماۋارەئۇننەھرلىك بولۇپ، سەمەر-

قەند ئەھلى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ بەكمۇ تەرىپىنى قىلاتتى» دەيدۇ، شۇنىڭدەك شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا: ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ بۇلغىشىدىن مەۋلانە سەككاكى ناۋايى شۇ مەزگىللەردە مەۋلانە لۇتفى ئىجادىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە فەھىر (ئۆزىنى ماقتاش) ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەۋلانە سەككاكىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ تالانتىغا ۋاسىتىلىك ھالدا يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

قىسقىسى، تالانتلىق شائىر سەككاكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىدى. ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىستىل يارىتىپ يېڭى - يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر مۇنچە قەسىدىلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا قەسىدە ژانىرىغا ئاساس سالدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق خەلقلەر تىلىدا، ئەرەب، پارس تىللىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات تىلى بولۇۋاتقان ئىراندا تەشكىل قىلىنغان تۈركىي خانلىقلىرىمۇ پارس تىلىنى رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلغان، «پارس تىلىدا يېزىلمىغان شېئىر — شېئىر بولمايدۇ» دېگەن ئەپسانىلەر كەڭ تارقىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر قىيىن شارائىتتا ئۆز زامانداشلىرى ئاتايى، لۇتفى قاتارلىقلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۆز ئانا تىلىدا گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئاجايىپ گۈزەل بىر شېئىرىيەت دۇنياسىنى ياراتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

## 2-§. مەۋلانە سەككاكىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

مەۋلانە سەككاكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ئالاھىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن لىرىك غەزەللەرنى ۋە قەسىدىلەرنى يازغان. ئەمما ئۇنىڭدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت 10 قەسىدە ۋە 50 نەچچە غەزەلدىن تەركىب تاپقان تولۇقسىز بىر قول يازما «دىۋان» دىن ئىبارەت. شائىرنىڭ تولۇق بولمىغان دىۋانى لوندوندىكى بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

سەككاكىنىڭ دىۋانى شەرق ئەللىرىدىكى كىتاپ تۈزۈشنىڭ ئەنئەنىۋى تەرتىپى بويىچە ئالدى بىلەن خۇداغا، پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ سانا بىلەن باشلانغان. ئاندىن كېيىن ھاجى مۇھەممەت پارساغا بىر قەسىدە، خەلىل سۇلتان نامىغا بىر قەسىدە، مىرزا ئۇلۇغبېك نامىغا تۆت قەسىدە، ئارسلان خوجا تارنان نامىغا تۆت قەسىدە بېرىلگەن، سەككاكىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن دىۋانى «ن» ھەرپىلىك رادىف بىلەن ئاياقلىشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىككى غەزىلى بىلەن باشلانغان (شۇنداق بولغاندا دىۋاننىڭ غەزەلگە ئائىت قىسمىدىن باش تەرىپى يوقالغان بولىدۇ) ئاندىن «ئەلىپ» (ا) ھەرپىلىك رادىف بىلەن ئاياقلىشىدىغان 14 غەزىلى بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىمۇ بىر غەزەلنىڭ ئۈچ بېيىتىلا ساقلىنىپ داۋامى چۈشۈپ قالغان. بۇ ھال ئارىدا بولۇشى مۇمكىن بولغان «ب» رادىفلىق شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 40 غەزەل «ئى» «يى» رادىف بىلەن تەرتىپلىك داۋاملىشىپ دىۋان ئاخىرلاشقان، دېمەك سەككاكى غەزەللىرىنىڭ «ئەلىپ» (ا) تىن

«نۇن» (ن) غۇنچە بولغان ئارىلىقتىكى شۇ رادىفلىق غەزەللىرى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشمىدى. بۇنى تولۇقلاش بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىسىدۇر.

سەككاكىنىڭ ئىجادى خۇددى ئاتايىدەك مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئىدېئال يار ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇنى كۈيلەش ئارقىلىق فېئودال ئىستىبداتلىققا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى ۋە ئازادلىق ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ زاماننىڭ ئىلغار تالانتلىق شائىرلىرى شۇ دەۋردە ئىدېئال يارنى كۈيلەش، ئۇنى ئۇلۇغلاشقا ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانغا خاس ياخشى پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەشكە ئىنتىلەتتى. بۇنداق ئەھۋال نەۋائىي دەۋرىدىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغانىدى. شۇڭا نەۋائىي تەنقىدچىلىكتە ئۆز ئىجادىغا ئوخشاشلا سوفىستلاردەك ئىلاھىي مۇھەببەتنى ئەمەس، دۇنياۋى، ئىجتىمائىي مۇھەببەتنى كۈيلەش تەرەپدارى ئىدى. چۈنكى، مۇھەببەت ۋە مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان ياخشى ئەسەرلەر خۇسۇسەن شېئىرلار، فېئودالىزم ھۆكۈم سۈرگەن ئېغىر شارائىتتا كىشىگە ئىلھام ۋە ئارام بېغىشلايتتى. شۇنىڭدەك كىشىلەرنى ياشاشقا، كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي مەۋلانە شەيخدىنىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى «ياخشى ۋەقە بولۇپتۇر» دەپ ماختىغانىدى:

«بىيونەئىشكو، ئاتەش زان دىلى ئەفسۇر دايى مورو،
بەنۇرى خىش راۋشەن كون چاراغى مورداىي مورو.»
(ئەي ئىشق، كەل بىزنىڭ ئىزىلگەن كۆڭلىمىزگە ئوت ئاچ،
ئۆز نۇرۇڭ بىلەن ئۆچكەن چىراغىمىزنى يورۇت)

بۇ چاغدىكى نۇرغۇن ئىلغار شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھەمدە «يار» نى ئىسلام دىنى تەرغىب قىلغان قانۇن - قائىدىلەرگە قارىمۇ قارشى ھالدا قويۇپ تەسۋىرلىدى. بۇ ئەينى زاماندىكى ئاشۇ شائىرلارنىڭ ئىلغار كۆز قارىشىنىڭ ياڭراق ئاھاڭى ئىدى. سەككاكى ئەنە شۇنداق شائىرلار ئىچىدىن بولۇپ، ئۇ گۈزەل يار ئوبرازىنىڭ پورترېتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئەي راست قەدىڭ سەرۋى رەۋان جان چەمەنىندە،
يۈزۈڭ كەبى گۈل يوق گۈلىستان چەمەنىندە.
(تۇپتۈز كېلىشكەن بويۇڭ كۆڭلۈم چىمەنىدە ئۆسكەن
بىر گۈزەل سەرۋى، گۈلىستان چىمەنلەردە يۈزۈڭگە ئوخشاش
چىرايلىق بىر گۈل يوق.)

بۇ شىۋە بىلە سەن يۈرسەڭ ھەر چەمەن ئىچرە،
ھۆر يۈرمەگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.
(بۇ شوخلۇق بىلەن چىمەنلەر ئىچىدە يۈرسەڭ، جەننەتنىڭ
ھۆرلىرى ئالدىڭدا يۈرۈشتىن خىجىل بولىدۇ)

تۈن بىرلە كۈلە كېچىكۇ ئاغزىڭدا لەتافەت،
قان قىلدى باغىر غۇنچەئى خەندان چەمەنىندە.
(كېچىچە كۈلۈپ چىقتىڭ، ئاغزىڭدا كۆركەملىك بار ئىدى.
بۇنىڭ بىلەن چىمەن ئىچىدە كۈلۈپ تۇرغان غۇنچىنىڭ باغ-
رىنى قان قىلدىڭ)

قەددىڭنى كۆرۈپ سەرۋى سىھى ئىرغايۇ باشىنى،
قالدى تىكىلىپ بىخۇدۇ ھەيران چەمەنىندە.
(گۈزەل سەرۋى دەرىخى بويۇڭنى كۆرۈش بىلەن بېشىنى
ئىرغىتىپ، چىمەندە ساڭا تىكىلىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى)

قۇللۇققە بىتىك بىرۇرۇ يۈز شادلىق ئەيلەر

زۇلفۇڭ قەددىڭە سۇنبۇلۇ رەيھان چەمەنىندە
(چىمەندە سۇنبۇل ۋە رەيھان چېچىڭ بىلەن بويى - تۇرقۇڭغا، بىز قۇل بولساق، دەپ خۇشاللىق بىلەن خەت بېرىدۇ.)

يۈز پارە قىلۇر گۈل يۈزۈڭ ئالىندە ئۆزىنى،
چۈن تاپمادى ئۇل رەۋنەقۇ قان چەمەنىندە.
(گۈزەل يۈزۈڭ ئالدىدا گۈل ئۆزىنى يۈز پارە قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز چىمەنى ئىچىدە گۈللەپ ياشنىشىغا كۆزى يەتمەي قالدى.)

سەككاكىتەك ئاغزىڭنى كۆرۈپ كانى لەتافەت،
چاك ئەيلەدى گۈل غۇنچە گىرىبان چەمەنىندە.
(گۈزەللىكنىڭ كانى بولغان ئاغزىڭنى كۆرگەندە، چىمەندە غۇنچە گۈللەر سەككاكىغا ئوخشاش ياقىسىنى يىرتىپ تاشلىدى) ①

شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ گۈزەل يارىنىڭ پورترېتىنى سىزغاندا، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنىڭ سېھىرلىك ئىستىتىك كۈچى شائىر لىرىكىسى مەزمۇنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت شائىر غەزەللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ روھىغا سىڭگەن بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى غەزىلىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ:

كۆرۈپ گۈلتەك يۈزۈڭ جان پارە - پارە،
جىگەر ھەم قىلدى ئۇل جان پارە - پارە.

(گۈلدەك يۈزۈڭنى كۆرگەندە، كۆڭلۈم پارە - پارە بولدى، سەن سۆيۈملۈك يار، جىگەرىمنى پارە - پارە قىلدىڭ)

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ١٩٣ ، ١٩٤ - بەتلەر

جانىم كۆرگەن جەفانىڭ مىڭدە بىرىنى،
بولۇر گەر كۆرسە سەندان پارە - پارە. ①

(ئەگەر تۆمۈرچىنىڭ سەندىلى مەن كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرسە، بەرداشلىق بېرەلمەي پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ).

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە سوفىزمغا شۇنداقلا، ئىسلامىيەتنىڭ «بىر ئاللا مەركەزلىك» كۆز قارىشىغا قارشى هالدا «ئادەمنى مەركەز قىلغان» هالدا ئىنسان مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەپ دۇنيا-ۋى ئەدەبىيات يارىتىشقا زور هەسسە قوشتى. بۇنىڭدا ئۇ ئىن-سانىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى بىر - بىرىگە سادىق بولۇشتا دەپ قارىدى.

ئەي سەككاكى يۇشاھ قابىقىن غەنىمەت تۇت چۇ زۇلفىغە،
ئازاقىن باغلاغان قوش سەن، ئۇچارغا ھېچ ھاۋا قىلما. ②

(ئەي سەككاكى سەن بۇ شاھنىڭ ئىشىكىدىن نېرى كەتمە ئۇنى غەنىمەت بىل، چۈنكى ئۇنىڭ چېچى بىلەن ئايىغى باغ-لانغان قۇشسەن، ئۇچۇشقا ھەۋەس قىلما) ياكى: ئىشىق قايغۇغە تۇشسە قىلۇر ئول ئاشقى سادىق،

بۇ ئىككى جاھان قايغۇسىنى بىر نەۋالە.

(ئىشق قايغۇغا ئايلانغاندا، ئاشىقنى سادىق قىلىدۇ، بۇمۇ ئىككى دۇنيا قايغۇسىدىن بىر نەسىبە بولىدۇ)

سەككاكىنى ئۆلتۈرسە، يوق ئول قىلچە جانىندىن،

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 204 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب. 200 - بەت

قايغۇسى، ۋەلى قايغۇم ئۇل ئاي كىرگە ۋەباله ①

(سەككاكىنى ئۇلتۇرسە جېنىدىن قىلچە قايغۇرۇپ قالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئاينىڭ قايغۇسىغا كىرىپ قالسام، بۇ ھەممىدىن ئېغىر چۇشىدۇ).

شائىرنىڭ شەخس تۇسىنى ئالغان يۇقىرىقى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان تىپىك ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان «سادىقلىق» تۇۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

كۆڭۈل سەككاكىتەك جان بىرلە رازى،
جىگەرنى قىلسا ئۇل جان پارە-پارە. ②

(باغرىنى سۆيۈملۈك يار پارە-پارە قىلسا، سەككاكى جان دىلى بىلەن رازى بولىدۇ).

شائىر ئىنسانىي گۈزەللىك، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئىستېتىك ئۆلچىمى بولغان سادىقلىقنى تەسۋىرلىگەندە، ئۆز زامانىنىڭ ئىلغار شائىرلىرىدىن بولغان ئاتايى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىسلامىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىگە قارشى قويۇپ ئاتېزم ئىدىيىلىرىگە يېقىنلىشىدۇ

ئەي گۈل يۈزىگە ھۆرۇ پەرى بەندەئى جانى
تالدەك بويۇڭ ئازادى ئىرور سەرۋى رەۋانى ③

(ئەي گۈل، يۈزۈڭگە ھۆر-پەرىلەر جان دەپ قۇل بولىدۇ، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويۇڭ تۈپتۈز ئۆسكەن سەرۋىدىنمۇ گۈزەل)

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 202 بەت
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 204-بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 214-بەت.

بۇ مىسالدىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، شائىر ئىنسان گۈزەللىكىنى سوفىزمغا قارشى ھالدا جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىدىن ئۈستۈن قويغان بولسا:

زاھىدى كىم كۆردى زۇلفۇڭ كۇفرىن ئىماندىن كېچىپ،
بويىندا تەسبىھىنى بېلىگە زۇننار ئەيلەدى. ①

(زاھىت سوپىلار كاپىر چېچىڭنى كۆرۈپ ئىماندىن كەچتى، بويىندىكى تەسۋىسىنى بېلىگە باغلاپ زۇننار قىلدى.)

دەپ گۈزەل يار زۇلفى - چېچىنى «ئىسلام ئىمان» دىن ئۇچۇق-ئاشكارا ئۈستۈن قويىدۇ.

شائىر سەككاكى ئۇلۇغبەگ دەۋرىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك باي بولغان مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئېلىپ ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتتىن تاشقىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «قەسىدە» ژانىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، يالغۇز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە «قەسىدە» ژانىرىنى راۋاجلاندۇرغۇچى سەركەردە بولۇپ قالدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قەسىدە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ۋە يىرىك شەخسلەر پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىگە باھا بېرىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا ساراي شائىرلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنى ماختاش ئۈچۈنمۇ قەسىدىلەر يازغاندى.

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 218 - بەت.

مەۋلانە سەككاكى ئىجادىدا قەسىدە ژانىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىرىنچىدىن، ئىستېتىك ئىدىيال جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالغا بېسىلغان زور بىر قەدەم بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھەببەت تېمىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئىجتىمائىي تېما دائىرىسىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئەنە شۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان لىرىك قەسىدە ژانىرىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭىلىق ياراتقۇچى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

شائىرنىڭ ئۇلۇغبېك ھەققىدىكى قەسىدىسى ئۇنىڭ قەسىدىلىرىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەسىدىدە شائىرنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە خاھىشچانلىقى كۈچلۈك رەڭدار تىل بىلەن ھېس - ھاياجانغا تولغان ھالدا ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. شائىر غوۋغا بىلەن تولۇپ تاشقان تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇلۇغبېك تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ماۋارەئۇننەھردىكى تىنچ ھايات ۋە جانلىنىشنى:

جاھاندىن كەتتى تەشۋىشۇ مەبائىي ئامان كەلدى،
خەلايىق، ئەيش ئېتىڭ بۇ كۈن سۈرۈرى جاۋىدان كەلدى.
تەن ئېردى بۇ ئۇلۇس بارچە ئەنىڭتەك جانى بار يا يوق،
بەھەمدۇللاھ ئۇغان فەزنى بىلە ئول تەنگە جان كەلدى. ①

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇلۇغبەگ دەۋرىنى تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ھاكىمدارلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، بۇ دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر خەلقچىللىق بىلەن تولغان ئىجتىمائىي ھايات ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تا-

① «بۇلاق»، 1981 - يىلى، 2 - سان، 95 - بەت

رىغىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك ئالتۇن دەۋرنى تەشكىل قىلىپ، خەلققە بەلگىلىك ھالدا تۇراقلىق، ئاسايىشلىق، بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكى، خەلق دۈشمەنلىرىگە بولسا، زاۋاللىق ئېلىپ كەلگەنلىكى قەسىدىدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس تىندىنسىيە بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

بايىندى تەختىنىڭ قەدرى، ئۆزۈك تاج كۆككە تاشلادى،
ئادالەت باغى سەبز ئولدى، چۇ نۇشرىۋان ① كېلدى.
كېرەك جان بۇلبۇلى تۈن - كۈن نەۋادىن تىنماسا بىردەم،
چۇ دوستلارىغە خۇررەم ياز، ئەدۇلەرغە ② خازان كېلدى.
رەئىيەت قوي ئېرور، سۇلتان ئەنگە چوپانۇ يا بۆرى
بۆرى ئولغايۇ قوي تىنغاي، چۇ موسا تەك شوبان كېلدى.
بۇ كۈندىن سوڭرە كۆپ تىنغاي رەئىيەتلەر رىئايەتدىن
ئۇلۇس ھەققىدە مىڭ تۈرلە ئەتادىن مېھرىبان كېلدى.

ئۇلۇغبەگنىڭ ئادالىتى بولسا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

نېكىم نۇشىرىۋان ئادىل ئىشى ئېجرە قىلدى تەقسىرىن،
قاموغىنىغە③ ئانىڭ بىر - بىر شەرىغزاتى زىمان كېلدى.④

ئەمدى ئۇلۇغبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ فېئودال خەلقچىللىقى بولسا:

گەدالەر رايىگان⑤ تاپغاي زەرۋەرىي مالى قارۇنىن،
يادى بەيزابىكىن ئىلكىڭ جاھانغە زەرفشان كېلدى»⑥

---

① نۇشىرۋان — ئادىللىقى بىلەن داڭ چىقارغان ئىران شاھلىرىنىڭ بىرى
② ئەدۇ — دۈشمەن، ياۋ ③ قەمۇغ — ھەممە ④ بۇلاق 1981 - يىل، 2 - سان، 96 -، 97 - بەت.
⑤ رايىگان — بوش، بىكار.
⑥ «بۇلاق»، 1981 - يىل 2 - سان، 97 - بەت.

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

قىسقىسى، ئۇلۇغبەگ مەدھىيىسى شۇ دەۋردىكى شائىر قەسىدىسىنىڭ ئىستېتىك ئىدېئالى سىڭگەن ناھايىتى ئىخچام بەدىئىي ئىنكاسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 3-§. مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

1) شائىر شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاساسەن غەزەللەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ غەزەل شەكلىنىڭ قانۇنىيىتى بولغان بېيىتلەرنىڭ سانى 7 دىن 9 غىچە بولۇشتەك قائىدىگە قەتئىي رىئايە قىلىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرى كۆپىنچە يەتتە بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، چىن ئىنسان مۇھەببىتى، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى بولغان پاكلىق، ۋاپادارلىق، ئوپتىمىزىمنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ بۇ چىنلىقنى ئۆزىگە خاس شېئىرىي شەكىل، جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىرنىڭ غەزەللىرى ئاساسەن لىرىك غەزەللەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېتىك ئىدېئالى، ئۆتكۈر، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

لىرىك ئوبراز دېگىنىمىزدە ئىچكى كەچۈرمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە كەچۈرمە بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ شەخسىي مەنىۋى دۇنياسى ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يوقاتمىغان ھالدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىچكى كەچۈرمە ياكى لىرىك ئوبراز شائىرنىڭ شەخسىيەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ تىپىك ئوبراز شەكلىنى ئالىدۇ. سەككاكى لىرىكىسىدىكى ئوبرازلار دەل

ئەنە شۇ قانۇنىيەتنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

2) شائىر غەزەللىرىدىكى لىرىك قەھرىمان ئوبرازى.

يۇقىرىدىكى قانۇنىيەت بويىچە 1 - شەخس «مەن» بىلەن ئوتتۇرىغا چىققىنى ئۈچۈن، شائىر غەزەللىرىنى ئەنە شۇ لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ مونولوگى شەكلىلەندۇرىدۇ.

بەدىئىيلىك ئورگىناللىق چۈشەنچىسىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدىئىيلىك ئەرەبچە (بدع) پېئىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ يېڭىلىق، يېڭىلىق كىرگۈزۈش، ئىجاد قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنىڭدا تىل ۋە تىلنىڭ ئوبرازلىق ۋاسىتىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. غايىنىڭ ھەقىقىي ئىستېتىك، تەسىرلىك كۈچ پەيدا قىلىشىدا كونكرېت ئىچكى كەچۈرمە ۋە ئوبرازچانلىق مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىچكى كەچۈرمىدىكى ئوبراز شەيئىنى كونكرېت گەۋدىلەندۇرۇپ كىتابخانلار كۆز ئالدىدا ئۆزگە خاس بەلگىلەرنى نامايان قىلىدۇ. ئەسەردىكى مانا شۇنداق ئوبرازلار كىتابخان قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەيدۇ. بۇنداق ھالنى ئەسەر تىلىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە ئېنىق، روشەن، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشىلا مەيدانغا چىقىرىدۇ.

3) مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرىدىكى ئۆزگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يەنە بىرى شۇكى، شېئىرىي تىلىدىكى جانلاندۇرۇش ۋاسىتىلىرى ئۆزگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئىشلىتىلگەن.

گۈل يۈزۈڭنى ئارزۇلاپ يۈز، كۆزنى گۈلزار ئەيلەدى،
شەككەر ئېرنىڭنى تىلەپ جان تەننى ئەفگار ئەيلەدى.①

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 216 - بەت.

(گۈل سېنىڭ يۈزۈڭنى ئارزۇ قىلىپ، يۈز - كۆزىنى گۈل-زارلىقتا ئايلاندۇردى. كۆڭلۈم شېكەر لېۋىڭنى دەپ لېلىمىلى جاراھەت قىلدى)

ياكى:

يۈزۈمنى ئالتۇن ئەتتى، سېنىڭ ئىشقىڭ ئەي سەنەم،
مۇنداق باقىرنى ئالتۇن ئېتەر كىمىيا قەنى؟①

(ئەي سەنەم ئىشقىڭ يۈزۈمنى سارغايتىپ ئالتۇنغا ئايلان-دۇردى، مىسنى ئالتۇن قىلىدىغان مۇنداق كىمىياگەر يەنە بارمىدۇ؟)

4) سەككاكى شېئىرلىرىدىكى لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشتا دېتال تاللاش خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئادەمنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە كۆز، يۈز — ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ئەيىنەك. جۈملىدىن ئىنسان قەددى - قامەت گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشتە چاچمۇ ئالاھىدە مۇ-ھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سەككاكى ئۆزىنىڭ گۈزەل يار ئوبرازىنى يارىتىشتا كۆز - يۈز ھەم چاچنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلان-غانىدى:

ئول تىشگۇ ئېرنىگنى كۆرۈپ بىر كۆلەرىگدە،
بۇ ئىككى كۆزۈم لەئلۇگۇھەر بەردىيۇكانى.

(بىر كۈلۈپ قويساڭ چىشىڭ بىلەن لېۋىڭنى كۆرۈپ، ئىك-كى كۆزۈم ياقۇت - گۆھەرنىڭ دېڭىز - كانىغا ئايلىنىدۇ)

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 220 - بەت

يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىۇ تاھىم،
گۈل تازە بولۇر تاپسا بەلى ئابۇ ھاۋانى①

(سۇ بىلەن ھاۋانى تاپقاندا گۈل ياشىرىپ كەتكەنىدەك، كۆز يىشىم ۋە چەككەن ئاھىم يۈزۈڭنى ياشارتىۋېتىدۇ)

٥) شائىرنىڭ شېئىرلىرى، بەدىئىي ئوبرازلىرى خۇددى ئاتايىنەڭكىدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندۇر. ئۇ ئانا ۋەتەن چىن مەملىكىتىنى، جۈملىدىن خوتەننى، گۈزەللىك سىمۋولى قىلىپ، گۈزەل يار ھۆسنىنى ئەنە شۇ سىمۋول ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

خۇبلار سانى كۆپ چىنۇ خىتاۋۇخوتەن ئىچرە،
يەتمەس ساڭا لېكىن تىلەگەن دۇنيادا سانى.②

(چىن خوتەن دىياردا گۈزەللەر ناھايىتى كۆپ، لېكىن دۇنيادا ساڭا يېتىدىغان ئىككىنچى بىر گۈزەل يوق).

تۈن ئاخشام تولغانۇ سۇنبۇل بىكىن زۇلفۇڭدىن ئاھ ئۇردۇم،

ھاۋانى غالىيە تۇتتى، جاھان مۇشكى خوتەن بولدى.
(تۈن ئاخشام تولغىنىپ تۇرغان سۇمبۇل چېچىڭنى ئەسلەپ ئاھ ئۇرغانىدىم.
ھاۋانى تۇتەك باستى، جاھان خوتەننىڭ مۇشكىدەك قاپقارا بولۇپ كەتتى.③

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن» نەمۇنىلەر 216 - بەت.
② يۇقىرقى كىتاب 216 - بەت.
③ يۇقىرقى كىتاب، 194 - بەت

6) ھەرپ ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىيلىكنىڭ بىر نادىر ئەنئەنىسى بولۇپ، بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلانغان. بۇنداق ئەھۋالنى بىز ئۇنىڭدىن تەخمىنەن IV ئەسىر كېيىن ياشىغان سەككاكى ئىجادىيىتىدە ئۇچرىتالايمىز.

كۆزلەرىڭىز ئاھۇنى ھەردەم جىگەر خون ئەيلەدى،
مۇشك ھىدلىق زۇلفۇڭىز لەيلىنى مەجنۇن ئەيلەدى.
ئەي مەلاھەت مۈلكىنىڭ سۇلتانى، ئازئەت يارلىقە،
قامەتىمنى ئول ئەلفتەك قەددىڭىز نۇن ئەيلەدى،①

ئاخىرقى بېيىتنى ئوقۇغىنىمىزدا ئاشىقنىڭ «ئېلىپ» («ا») تەك تۈز قەددى مەشۇق ئالدىدا تەزىم قىلىپ، «نۇن (ن) دەك ئېگىلىپ تۇرغان ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇنى ئاز سۆز - ھەرپ بەلگىسى بىلەن ئەڭ چىرايلىق يارقىن، ئوبراز يارىتىش ماھارىتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

7) شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا تەسىرلىك ئوبراز يارىتىشنىڭ ۋاسىتىلىرى بولغان ئىستىپتىك ۋاسىتىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇھال ئۇنىڭ شېئىردي تىلىنى قېنىق، رەڭدار قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىردي مىسرالىرى ھېسسىي پىكىرلەرنى قەغەز ئۈستىگە خۇددى رەسسامدەك سۈرەتلەپ چۈشۈرەلەيدۇ. ئۇ شۇنداق ماھارەت بىلەن ئۆزىنىڭ يار ئىشقى موفتىلاسىنى مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

ماۋارەئۇننەھر ئىچرە قالدىم چۈنكى ئىككى يانىمە،
كۆزلەرىمنىڭ بىرى سەيھۇن②، بىرى جەيھۇن③ ئەيلەدى④.

① «بۇلاق»، 1981 - يىل، 2 - سان، 89 - بەت.

② سەيھۇن، ③ جەيھۇن — ئامۇ، سىر دەريالىرى، ④ «بۇلاق»، 1981 - يىل، 2 - سان، 89 - بەت.

سەككاكى شېئىرلىرىدا تولۇپ تاشقان لىرىك ھېسسىيات بىلەن كۈيلەنگەن «گۈزەل يار» ۋە ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنىڭ كەينىگە ئازادلىق، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ئۈمىدلىرى يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھاياجان بىلەن كۈيلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىگە روھلۇق ۋە ھاياجانلىق ئېستېتىك لەززەت بېغىشلايدۇ. چۈنكى، ئۇ يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە تولۇپ-تاشقان ئوپتىمىزم بىلەن قارايدۇ.

بىركۈن مۇراد تاپمايىن ئۆلمەسلىك ئىچرە ھېچ،
سەككاكىنىڭ جاھاندا تاپىلماس بەرا بەرى.①

بۇ شېئىردا ئۇنىڭ ئۈمىد بىلەن توشقان ئىرادىسى بىلدۈرۈلگەن.

8) شائىر شېئىرلىرىدىكى تەسىرچانلىقنى مەيدانغا چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى شۇكى، شېئىرىي قۇرۇلۇشىدىكى قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق، رادىف قاتارلىقلار ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاھاڭدار، تەسىرلىك، يېقىملىق قىلىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

سەككاكى شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ زامان يازما ئەدەبىياتىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە مەلۇم سانىدىكى بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ «ئۇلۇغبەگ مەدھىيىسى» يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەبىرلىرىمىزنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر.

سەككاكى شېئىرلىرىغا ئىسلام ئېتىقادىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى سىڭگەنلىكى، فېئودال مونارخىيە تەسىرى ئاستىدا ئىجادىي تېمىتىكا جەھەتتىن چەكلىنىپ، ئەدەبىياتنى سىنىپىي كۈرەش قورالى

① «بۇلاق»، 1981-يىل 2-سان، 47-بەت.

دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىگەنلىكى، شۇ دەۋر شارائىتىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق شائىر ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر.

شائىر ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئىستېتىك غايە دەسلەپكى قەدەمدىلا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە باغلانغان، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرى شەكىل جەھەتتىن خېلى مۇستەھكەم پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، سەككاكى شېئىرلىرى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان ناۋايى، فۇزۇلى، جامى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. سەككاكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق سۆز سەنئەتكارى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بېيىپ كامالەتكە يېتىشىدە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر دۇنياۋى ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە خەلق مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئۆزىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. مەۋلانە سەككاكىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
2. مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرىدا نېمىلەر تەسۋىرلەنگەن؟
3. مەۋلانە سەككاكى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

## VII باب. مەۋلانە لۇتفى

### §-1. مەۋلانە لۇتفىنىڭ ھاياتى

ۋ. ئى. لېنىن «ئىقتىسادىي رومانتىزم تارىخى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرىدە مۇنداق دېگەن: «تارىختا ئۆتكەن ئەربابلارنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي خىزمەتلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تەلەپلىرىگە نىسبەتەن توغرا كېلىدىغان نەرسىلەرنى بەرگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاۋۋال ئۆتكەنلەرگە نىسبەتەن قانداق يېڭىلىقلار بەرگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.① مەۋلانە لۇتفى ئىجادىيىتىگىمۇ لېنىننىڭ مانا شۇ تەرىپى بويىچە باھا بېرىشكە بولىدۇ. XV ئەسىردە يېزىلغان، تارىخچى خاندەمىر «مەكارىمۇل ئەخلاق» دېگەن كىتابىدا لۇتفى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىقى ۋە گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيادا بىردىنبىر سانالغان لۇتفى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىي تىلدا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراق شېئىر ئېيتالمىغان...» دېگەنىدى. ئالىي ھەزرەت (نەۋائى) يېشى ئەمدىلا تولۇپ، نەرسىلەر ھەققىدە پىكىرلەر يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋرلىرىدە لۇتفىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ تۇراتتى.

شۇڭلاشقا ھەزرەت (ناۋايى) لۇتفىنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ھېسابلايتتى.

لۇتفى تۈرك ۋە پارس تىللىرىغا ناھايىتى كامىل بولۇپ،

① ۋ. ئى. لېنىن، ئۆزبېكچە نەشرى، II توم: 190 - بەت، 1948.

ئۇ ئۆزىنىڭ 12 مىڭ مىسرا شېئىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ تۈرك (ئۇيغۇر) ۋە پارس تىللىرى بىلەن يازغان.

نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» تا لۇتفىنى I مەجلىسكە كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازى قاتارىدا قاراپ، ئۇنىڭغا كىتابىدىن ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ ۋە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ: «ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ «مەلىكۇلكالامى» (سۆز پادىشاھى) ئىدى، پارس ۋە تۈرك تىلىدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى، ئەمما تۈرك تىلىدا شۆھرىتى كۆپرەك بولۇپ تۈركچە دىۋانى مەشھۇر ئىدى» دەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەتلەئەلىرى ھەقىقەتەن مەشھۇر ئىدى. مىسال ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەتلەئەسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

مەتلەئە.

1) نازۇكلۇق ئىچرە بېلىچە يوق تارگىسۇي
ئۆز ھەددىنى بىلىپ، بېلىدىن ئولتۇرىدۇ قوي.

(نازۇكلۇقتا ئۇنىڭ چېچى بېلىگە ئوخشاش نازۇك ئەمەس. شۇ چېچى ئۆز ھەددىنى بىلىپ، بېلىدىن تۆۋەندە تۇرۇپتۇ.)

سەيد ئەتتى دىلبەرىم مېنى ئاشۇفتە ساچىدىن،
سالدى كەمەند بوينۇمغە ئىككى قولاچىدىن.

(مېنىڭ دىلبىرىم، مېنى چېچىلىپ تۇرغان چېچى بىلەن ئوراپ باغلىۋالدى. بوينۇمغا ئىككى غۇلاچ چېچىنى سالغۇ قىلىپ ئەسىر قىلىپ باغلىۋالدى).

2) ئەي زۇلفى شەب مىسالەت سايە پەرۋەر ئافتاپ،
شامى زۇلفەترا بىجايى ماھ دەر بار ئافتاپ.

(سىپىنىڭ قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش قارا چېچىڭدىن قۇ-
ياش كائىناتقا نۇر چېچىپ، تەربىيە بېرىشنى، شەپقەتنى ئۆ-
گىنىدۇ. چېچىڭنىڭ قاراڭغۇسىنى قۇياش ئۆزىگە ئاي نۇرىدا
ياندالشتۇرىدۇ)

مەۋلانە لۇتفى يىگىت ۋاقتىلىرىدا زاھىرىي ئىلىملەرنى ئوقۇپ
كامالەتكە يەتكەن ئالىم ھەم ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىدى. لې-
كىن بۇ مەشھۇر شائىر لۇتفىنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ھازىر-
غىچە تېخى ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر: «ئاتاقلىق شائىر لۇتفى
(شاگىرتى ناۋايىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا) ھېرات يېنىدىكى بىر
يېزىدا تۇغۇلغان 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ شۇ جايدا ۋاپات بولغان①»
دېگەن قاراشتا بولماقتا. XX ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچى-
سى موللا ئىسمەتۇللا، موللا نېئمەتۇللا مۆجىز بولسا شائىر-
نىڭ يۇرتى ۋە بىلىم دائىرىسى توغرىسىدا: «(مۇزىكىنىڭ) ئون
بەشىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفىدۇر. بۇ ئەزىز مۇشۇ مۇ-
غۇلىستاندىن② ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇناسىر فارابى-
دەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1983-يىلى ئالمۇتا، پەن نەش-
رىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② مۇغۇلىستان— ئەسلى شەرقتە قارا شەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆكچە دېڭىز (بالقاش كۆلى) گىچە، جە-
نۇبتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي
شىنجاڭ (ماڭلاي سۈيە) قاتارلىق رايونلار تارىختا «مۇغۇلىستان» دەپ ئاتالغان.
بۇ مۇغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادلىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار دېگەنلىكتۇر.
مىلادى 1348-يىلى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان (1331-
1363) بۇرۇنقى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بىرقانچە خانلىقنى بىرلىككە
كەلتۈرۈپ بىر خانلىق قۇرغان. بۇ خانلىق «مۇغۇلىستان» دەپ ئاتالغان. موغۇ-
لىستان خانلىقى مىلادى XV ئەسىردىن تارتىپ پارچىلىنىشقا باشلاپ، 1514-يى-
لى سۇلتان سەئىدخان موغۇل خانلىقىنىڭ پارچىلانغان بىرقانچە رايونلىرىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغان، مىلادى 1678-يىلى يەركەنت
خانلىقى ئاپپاق خوجا ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىنىڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارى تەربىيىلىنىپ چىقتى. 200 چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20 دىن ئارتۇق كىتاب يازغان. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى ئىلمىي پاساھەتتە (ئىستىلىستىكا ئىلمى) دە ئۇنى ئۇستازىم دەيتتى. لۇتفى بولسا، ھەزرىتى نەۋائىينى سەن مېنىڭ ئۇستازىم دەيتتى ۋە مېنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان 10 مىڭ مىسرا شېئىرىمدىن سېنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ ئارتۇق دەيتتى. لۇتفى ھىجرىيە 878-يىلى (1473) ۋاپات بولدى»① دەپ ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا ئۇ مۇغۇلىستانلىق (شىنجاڭلىق) بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش (ئوقۇش) ئۈچۈن ھىراتقا بارغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، لۇتفى يالغۇز شائىرلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يېتىلگەن ئالىم، مۇدەررىس ھەم مۇزىكشۇناستۇر. ئۇنىڭ «پەنجىگاھ» مۇقامىدىكى شېئىر تېكىستلىرى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2-§. مەۋلانە لۇتفىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

لۇتفىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە دىۋانىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىدىن قارىغاندا 280 ئۆپچۆرىسىدە غەزىلى، ئىككى قەسىدىسى، 18 قىتئەسى بار. شۇنىڭدەك خېلى كۆپ تۇيۇقلىرى دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق لىرىك داستانى بولۇپ، بۇنىڭدا شاھزادە نەۋ-

① موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 67-بەت، 1982-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى.

روز بىلەن مەلىكە گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رومانتىك مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدۇ.

لۇتفى XV ئەسىر تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەفەرنامە» ئەسىرىنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان «سەفىنە-تۇششۇئەرا» (شائىرلار كېمىسى) دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بۇ ئەسەر مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، يىگىرمە نەچچە مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان ئىكەن، ئەمما بۇ ئەسەر ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق.

ئەمما بۇ موللا نېمەتۇللا مۇجىزىنىڭ «لۇتفى 20 گەيېقىن ئەسەر يازغان» دېگەن سۆزى ئېتىبارغا سازاۋەردۇر. چۈنكى، ئاپتورنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى يېزىشتا پايدىلانغان مەنبەلىرىنىڭ كۆپلۈكى بۇنىڭ بىر ئىسپاتى بولالايدۇ.

«دىۋان لۇتفى» نىڭ بىرنەچچە قول يازما نۇسخىسى تاشكەنت، لېنىنگراد كۈتۈپخانىلىرىدا، «گۈل ۋە نەۋرۇز» نىڭ 1511-يىلى مۇھەممەت بەگ تەرىپىدىن ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسى بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ «لۇتفى تۇيۇقلىرى» ناملىق بىر توپلىمى ئىستامبۇل دارىلفۇنۇن كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا ئىكەن.

1892-يىلى يەكەن ھۆكۈمدارى بولغان تاجى مۇھەممەدى بەگنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، لۇتفىنىڭ يەنە «مەشئۇل ھەقايىق»① (ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق داستانى بولۇپ، 1892-يىلى «دەخلۇلجان ئەبۇابۇلجاھان» دېگەن نام بىلەن نەسىرگە ئايلاندۇرۇلۇپ شەرھلەپ چىقىلغان. ئەپسۇسكى، يۇقىرىقى ئەسەر تېخىچە ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق.

① «مەشئۇل ھەقايىق» نىڭ بۇ قول يازمىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى 1957-يىلى قەشقەردىن تېپىلغان.

لۇتفى شېئىرلىرى يالغۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ تارقىلىپ خەلق قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان. نەۋائىي ھەم ئەزەربەيجان كلاسسىكى فۇزۇلى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ لۇتفى غەزەللىرىگە مۇخەممەس توقۇشى لۇتفىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلارغا قانچىلىك تەسىر قالدۇرغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر.

شائىرنىڭ ئىجادى مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام تېئولوگىيىسىگە ئاساسلانغان دىنىي-مىستىك سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ «تەڭرى مەركەزچىلىك» سەپسەتىسىگە قارشى ھالدا «ئادەم مەركەزچىلىك» تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى.

لۇتفى ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان شەھەرلىرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ مەرمۇندا پلوتونىزمنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىگە ئەل غەززالىنىڭ ئىسلام يېيىنچىسى يېيىلغان سوفىزم تەلىماتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. پلوتون (205—270) «دۇنيانى تەڭرى ئىمموتسىيە قىلىپ ياراتقان، دۇنيا— تەڭرىنىڭ ئىپادىسى» ئۇ ماددىغا ئايلانغىنىدا مۇكەممەلسىزلىنىپ قالغان. تەڭرى-چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىر گەۋدىسى، تەڭرى بىلەن ماددا بىر-بىرىگە زىت، ماددا ۋە سەزگۈ— گۇناھنىڭ مەنبەسى، ماددىدىن تاشقىرى روھ، ئالەم روھى بار... ئەقىل ئەسلى بولغان تەڭرىگە قايتىش خاھىشىغا ئىگە، ماددا مۇنداق خاھىشقا ئىگە ئەمەس، پەقەت جاپالىق تىلاۋەت، تەقۋادارلىق ھەم ھوشىنى يوقاتقان دەرىجىدە دىنىي مۇھەببەت بىلەن شۇغۇللانغاندىلا تەڭرىدىكى مۇتلەق چىنلىق، ياخشىلىق، ۋە گۈزەللىكنى «قەلب كۆزى» بىلەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىنباندا

مۇشۇنداق سەۋەپتىنلا «گۈزەللىككە بېرىلىش تۇيغۇسى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە گۈزەللىككە تەبىر بېرىپ: «گۈزەللىك ‹ئىدېئال ئۇقۇم›، ياكى تەڭرى، يەنى ‹ئىدېئال ئۇقۇم› بىلەن چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى. ماددىيدىكى گۈزەللىك ماددىنىڭ ئەسلى گۈزەللىكى بولماستىن، بەلكى تەڭرى ياكى ‹ئىدېئال ئۇقۇم› نىڭ ماددىغا چۈشكەن شولىسى، ياكى ئەكس ساداسىدۇر» دەپ قارايدۇ. بۇنى سوفىزم ئىسلاملاشتۇرۇپ، «دۇنيا ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئاللانىڭ تەجەللى قىلىنىشى» دەپ قارايدۇ. شۇڭا سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئۇلۇغ قانات مۇخلىسلىرى ئەدەبىياتتىكى مۇھەببەت ئاللاغا خاس، ئەدەبىياتتىكى گۈزەللىك ئاللانىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت دەپ قاراپ، ئەدەبىياتنىڭ ماددىي دۇنيانى تونۇش، ئۇنى ئۆزگەرتىش، كىشىلەرگە ئىستېتىك، ئەخلاق تەربىيىسى بېرىش جەھەتلەردىكى غايەت زور ئىجتىمائىي رولىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئىسلام ئىدىئوگىيىسىنىڭ يۇقىرىقى سەپسەتىسى بىلەن ئوراپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ، فېئودال ھاكىم سىنىپلىرىنىڭ سادىق مالايلىرى سۈپىتىدە سىياسىي سەھنىگە چىقىشتى.

شائىر لۇتفى يۇقىرىقىدەك سوفىزم ئەدەبىياتىغا قارشى ھالدا ئۆز ئىجادىيىتىنى رېئال ئىنسان مۇھەببىتىگە بېغىشلىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە «ئادەم مەركەزچىلىكى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماتېرىيالىستىك ئىدىيە تەندەنسىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە «جەننەت ھۆر - پەرىلىرى» نى ئەمەس، بەلكى رېئال جەمئىيەتتىكى ئىنسان گۈزەللىكى «گۈزەل يار ئوبرازى» نى ياراتتى.

فەرىيۇ ئادىمى مۇنداق خوپ ئېرمەس،
فەرىشتە گويىيا كۆكتۈن ئېنىپتۇر.

(پەرى بولسۇن، ئادەمبالىسى بولسۇن مۇنداق چىرايلىق ئەمەس، گويا ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈپتۇ)

قۇياش ئايدەك يۈزۈڭنىڭ خىجالەتىدىن،
قاچىپ تۆرتىنچى كۆك ئۆززە چىقىپتۇر.

(قۇياش ئايدەك يۈزۈڭدىن خىجىل بولۇپ، تۆتىنچى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ)①

ياكى: بىلۇرمۇ سەنكى، كۈن چۈشتە نە ئۈچۈن سەيرىدىن قالدى؟
يۈزۈڭنى كۆردى سارغاردىپ، ئىلىكتىن باردى سەفرادىن.②

ياكى: كۈن تۈشتە كۆرگەلى سېنى تۈشتى زەۋالغا،
ئاي تاڭغا قالدى كېچە باقىپ ئول جەمالغا.
گۈل ئال ئەنىڭ خىجالىتىدىن يىلدا بىر چىقار،
يۇپقا ئۈچۈن يۈزى چىدىماس ئىنفىئالغا.③④

شائىر ئىنسان گۈزەللىكىنى «خىزىر» دىنمۇ ئۈستۈن قويىدۇ.

كۆرۈندۈرسەن ئۇق، كۆزۈمدە يۇ، بەس،
بەلى يالغۇز ھەممىن ئالەمدە سەن ـ سەن
مەسىھا⑤ خىزىر ئىدى ئالەمدە جان بەخش
ئالۇر ئول دەمدە يۇ، بۇ دەمدە سەن ـ سەن
قاراقچى بولمىساڭ ئەي يار كۆزى،
نەغۇ پەيۋەستە ھەربىر دەمدە سەن ـ سەن.
كەنارىن لۇتفى تاپماغلىق مەئال ئول.
مۇنىڭدە كىم مۇھىتى غەمدە سەن ـ سەن.⑥

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 234 ـ بەت.
② «بۇلاق» 1982 ـ يىل، 1 ـ سان، 29 ـ بەت.
③ ئىنفىئال — خىجالەت، ئۇيۇلۇش.
④ «بۇلاق» 34 ـ بەت.
⑤ مەسىھا — ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 28 ـ بەت.

بۇنىڭدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى تىپىكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىپادە قىلىنغان.

شائىر پۈتۈن شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئىنسان گۈزەللىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان تىپىك دېتاللار «كۆز»، «يۈز»، «ساچ-چاچ»، «قاش»، «كىرپىك»، «لەب» دېتاللىرىنى تاللاپ ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلانغان. بۇ دېتاللار گەرچە تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ لۇتفى قەلىمى ئاستىدا ئالاھىدە سېھىرگەرلىك كۈچىگە ئىگە. بۇ ھال ئۇنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەكلا «گۈزەللىك» ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جايدا شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شائىر يۇقىرىقى «ئوبراز يارىتىش دېتاللىرى ئارقىلىق «گۈزەل يار» ئوبرازىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ ئەينەكتەك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىرتقى گۈزەللىكنى ئىچكى گۈزەللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قەھرىمان گۈزەللىكىنىڭ ماھىيىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شائىر ئىنسان گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەندە گۈزەللىكنىڭ كىشىنى ئۆزىگە تەبىئىي جەلپ قىلىدىغان، جەزىبىلىك، سېھىرلىك كۈچىگىمۇ ماتېرىيالىستىك نۇقتىدىن يانداشىدۇ:

كۆيگەن كۆڭۈلدە ھەردەم مېھرىڭ بولۇر زىيادە،
تۈن-كۈن ئەگەرچى بىزگە جەۋرۇ-جەفا قىلۇرسەن.
يوقتۇر ئەجەبكى ئالدىڭ بىچارە لۇتفى كۆڭلىن،
ھۆسنۈڭ بىلە چۈيۈزىڭ شاھنى گەدا قىلۇرسەن.
ياكى:

---

① «بۇلاق» 1982-يىل 1-سان 29-بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 43-بەت.

گەرسەيىر ئۇچۇن ئۇل ماھى تابان چىقىبدۇ،
قول سېلىپ ئېتەك يېغىپ خىرامان چىقىبدۇ.
چۇن چىلۇە قىلىپ، گاھ ناگەھان باقساقىيا.
ھەر باقىشىغا يۈز چۈچۈك جان چىقسۇن.

لۇتفى شېئىرلىرىدىكى لىرىك قەھرىمان ھېچقەيەردە سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ قەھرىمانلىرىدەك «تەڭرىلەر»گە ئاشىق بولۇپ، تەڭرىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ رىيازەت چەكمەيدۇ. بەلكى رېئال جەمئىيەتتىكى ئىنسانغا «گۈزەل يار» غا مۇھەببەت قويۇپ، پاك مۇھەببەتنىڭ ھىجران داغىدا ئۆرتىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ، ھىجران ئازابى چېكىدۇ:

قان بولدى كۆڭۈل فىراقىڭىزدىن،
جان كۆيدى ھەم ئىشتىياقىڭىزدىن.
دىنۇ - دىلۇ ئەقىل بولدى ياغما،
جان ئالغۇچى ئۇل قاراقىڭىزدىن.
ئۇقتەك بويىمىز بولدى ياتەك،
ئۇل فىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.
سۇ بولدى جانىم ۋەلى دەمادەم،
ئۇتقا ياقىلۇر دۇداقىڭىزدىن.①
ئالتۇن كەبى چېھر بولدى سارىغ،
ئۇلسىيم بىكىن سەقاقىڭىزدىن.
كۆرسەم كېرەك ئايۇكۇن بۇلۇتىسىز،
ساچىنى كېتەرىنىڭ ياڭاقىڭىزدىن.

① دۇداق — لەۋ، كالپۇك.

## بۇ لۇتفى خەستەنى سوراڭكىم
## بىچارە ئۆلەر فىراقىڭىزدىن.①

لۇتفى شېئىرلىرىدىكى لىرىك قەھرىمانلار سۆيگەن يارنىڭ مۇھەببىتىنى جىمى تەبىئەت ھەتتا باھارنىڭ پاكلىقىدىنمۇ ئۈستۈن قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئۇلۇغلايدۇ.

«ياز پەسلى بارچە شادۇ كۆڭلىمىز غەمناك ئېرۇر.
گۈل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئېلىدىن چاك ئېرۇر.
ئەي فىراق ئۆلتۈر مېنى فىلھال قۇتقار قايغۇدىن
يارسىز ئاچچىغ ئۆمۈر زۆھرۇ-ئەجەل تەرياك ئېرۇر.
ئەرز قىلما گۈللىرىڭنى بىزگە ئانسىز، ئەي باھار.
قايسى گۈلنىڭ ئېتىكى ئاخىر ئۇنىڭدەك پاك ئېرۇر»②

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمان چىن مۇھەببەتتە «سادىقلىق» نى «قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ» ئۆزى ئۇچۇن بىرىنچى ئۆلچەم قىلىدۇ.

قىبلەدىن، يارەب، ئۆلەر ھالەتتە ئەۋرۇلسۇن يۈزۈم،
گەر سېنىڭ قاشىڭدىن ئۆزگە بولسا مېھرابىم مېنىڭ.③

دەپ ئۆز ۋەدىسىنى بەرسە، زىددىيەتنىڭ ئىككىنچى تەرىپى «گۈزەل يار» نىڭ مەيلىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. چىن مۇھەببەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەركىنلىكى، «ئىرادە بىرلىكى» نى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇنى ئەينى زامان ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە قارشى كۆتۈرگەن «ئىسيان» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

① «بۇلاق» 1981 - يىل، 1 - سان، 31 - بەت.
②③ يۇقىرىقى كىتاپ، 9 - بەت 23 - بەت.

نىگار سىنىڭسىز مەندىن نە ھاسىل،
ئەگەر جان بولماسا تەندىن نە ھاسىل.
چو گۈلدىن رەڭ ئەمەس بۇلبۇلغا بويى،
باھارۇ، باغۇ، گۈلشەندىن نە ھاسىل.
جەفايۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتتۇپسەن،
بۇنىڭدەك ئىشۋە پۇرفەندىن نە ھاسىل.
كىشىكىم تۇرۇر مېھرى ۋەفاسى،
ئەگەر خۇرشىددۇر ئاندىن نە ھاسىل.
بۇ تۇرلۇك ھۆسن ئىلە لۇتفى قۇلۇڭغا،
ئىنايەت قىلماساڭ سەندىن نە ھاسىل.①

(ئەي نىگار سەن بولمىساڭ مېنىڭ ھايات كەچۈرۈشۈمدىن نېمە پايدا؟)

ئەگەر جان بولمىسا تەنىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟
گۈلنىڭ رەڭگى بولمىسا، ئۇ بۇلبۇلغا ئوت-چۆپكە ئوخشاش بىر نەرسە،
ئۇ چاغدا باھارنىڭ، باغنىڭ، گۈلشەننىڭ نېمە پايدىسى بار؟
جاپا بىلەن ناز كەرەشمىنى ئۆزۈڭگە ھۈنەر قىلىۋاپسەن،
مۇنداق ناز قىلىش بىلەن ھىيلىگەرلىكنىڭ نېمە پايدىسى بار؟
مېھرى ۋاپاسى يوق كىشى
مىڭ قۇياش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا؟
قۇلۇڭ لۇتفىڭغا ئىلتىپات قىلمىساڭ، قانچىلىك
ھۆسن جامالىڭ بولغان بىلەنمۇ، سېنىڭدىن نېمە پايدا؟

يۇقىرىقى مىسرالاردا يەنە مۇھىم بىر مەزمۇن چىن مۇ-

① «بۇلاق» 1981 - يىل، 1 - سان 25 - بەت.

ھەببەتتە سىرتقى گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ئىچكى گۈزەللىك — «مېھرى - ۋاپا»، «پاكلىق»، «سادىقلىق» بىرىنچى ئۆلچەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن شائىر ئۆز ئىجادىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىستېتىك ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرى نۇرلانغان ئوبرازلار بىلەن بىرلىكتە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى چىن مۇھەببەتتە «مېھرى-ۋاپا»، «سادىقلىق»، «پاكلىق» نى بىرىنچى ئۆلچەم قىلغان قەتئىي ئىرادىلىك، جىددىي، كەسكىن ئادەملەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

ھىجران كېچەسى چەرخى فەلەككە يېتەر، ئەي ماھ
ئاھۇ سەھەرىم، خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما.
(ئەي ئاي يۈزلۈكۈم، جۇدالىق كېچىسى سەھەرىدە چەككەن
ئاھىم پەلەككە يېتىدۇ، خاھى ئىشەن، خاھى ئىشەنمە.)

ھەقكى قىلىچ كەلسە باشىمغە ئىشىكىڭدىن،
يوقتۇرگۈزەرىم، خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما.
(بېشىمغا قىلىچ كەلسىمۇ، ئىشىكىڭدىن قايتمايمەن،
بۇ سۆزۈم ھەق، خاھى ئىشەن، خاھى ئىشەنمە.①

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى يۈنىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ، سوفىزمنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز زامانىسىغە يارىشا ئاتېئىزم ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ئىدىيىنى سىڭدۈرگەن. بۇ ئىدىيە ئۇ يارانقان لىرىك ئوبرازلاردا جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ:

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 232 - بەت.

جان بېرۇر چاغدا قاشىمغا تەڭرى ئۈچۈن كەل، بېگىم،
يارى كۆرمىش بولغامېن بىرلەھزە دىدارىڭ سېنىڭ»①

بۇ يەردە شائىر ياراتقان لىرىك قەھرىمان ھەتتا جان ئۈزۈۋاتقان چاغدىمۇ «تەڭرى» ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئەمەس، يەنىلا «گۈزەل يار» نىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولغانلىقى ناھايىتى روشەن ئىپادە قىلىنغان.

ياكى: «مېھراب قاشى سارى زىنھار باقما زاھىد
ۋەيران بولۇر نامازىڭ، بارچە قازا قىلۇرسەن②»

دېگەن مىسرالاردا سوفىزم مۇخلىس – زاھىدلارى ساتىرە ئاستىغا ئېلىنغان بولسا، تۆۋەندىكى:

سەن ھۆسن ئىلە بايسەن، نىگەچۈن پەرزدۇر ھەج،
قىل تەڭرى ئۈچۈن كەئبەئى كۆڭلۈمنى زىيارەت»③

دېگەن بېيىتتا لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئىدىئالى (كۆڭلى) «تەڭرى» نىڭ ئورنىغا قويۇلۇپ، ئىسلامىيەت ئېتىقادىدىكى «ھەج»، «كەئبە-بەيتۇللا» قاتارلىقلار ئىنكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىنسان گۈزەللىكى» ۋە ئۇنىڭ چىن مۇھەببەتكە تولغان «قەلبى» قويۇلۇپ، شائىرنىڭ ئاتېئىستىك كۆزقاراشلىرى ئوچۇق نامايان قىلىنغان.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى ھېچقاچان تەڭرىدىن «پاناھ» ئىزدىمەيدۇ. ئۇ «پاناھ»نى ساپ ئىنسانىي «مېھرى - ۋاپا»، «سا-

---

① «بۇلاق» 1982 - يىلى 1 - سان، 25 - بەت
② «بۇلاق» 29 - بەت، 7 - بەت.

دىق»، «پاك» مۇھەببەتلىك قەلب ئىگىلىرى بولغان گۈزەل ياردىن ئىزدەپ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

باشىمغە سايە سال، ئەي سەۋرى چالاك،
كى گۈلدەكتۇر ياقام ھەجر ئىلكىدىن چاك.

(ئەي بويي تۇرقى سەرۋىدەك كېلىشكەن يار، بېشىمغا سايە سال، ياقام جۇدالىق ئىلكىدە گۈلدەك چاك ـ چاك بولۇپ يىرتىلىپ كەتتى.)

قەدەم باس كۆز ئۈزە، كىرپىككە باقماي،
تىكەن پاتماس ئاياقىغە بولسا نەمناك.①

(كۆزۈمنىڭ ئۈستىگە قەدەم باس، كىرپىكىمگە قارىما، تىكەن نەم بولسا ئاياققا سانجىلمايدۇ.)

شائىرنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، شائىرنىڭ ئۆز نەزەرىدە ئانا يۇرتى تۈركىستان (شىنجاڭ) نى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ئۇنى «گۈزەل يار» ھۆسنىدىن يۇقىرى قويىدۇ.

بۇ ھال ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئىلغار ۋەتەنپەرۋەرلىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىستېتىك قارىشىدا تەبىئىي گۈزەللىكلا ئەمەس، ئىجتىمائىي گۈزەللىكمۇ ئۆز ماھىيىتىنى تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 233 ـ بەت.

مۇشكىن ساچىڭغا ئەنبەر ئۈزىنى تۇتارسەن بىھ
سەۋدايى خام فاسىل ئېتىپدۇر دىماغىمنى.
كۆڭلۈمنى. قىلدى زولفۇ يۈزۈڭ بىقەراردۇرمەن.
گاھ رۇمۇ، گاھ چىندا تاپارمەن سوراغىمنى.①

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھەرقانداق بالا، دەرد ـ ئەلەم، يىراق، ھىجران، پىتنە ـ پاساتلاردىن قورقمايدۇ. ئۈزىنىڭ «گۈزەل يارى» نى قەيەردىن بولمىسۇن ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشىدۇ. تاپمىغىچە قويمايدۇ. «يول يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن»، بۇ ئۇنىڭ مۇقەددەس شۇئارى، ئۇ ئاخىر ئۈزىنىڭ «گۈزەل يارى» نى چىنى تۇركىستان (شىنجاڭ) دىن تاپىدۇ.

بۇ كۆڭۈل جان تارتادۇر ئۇل لەبلەرى مارجان سارى.
كىمكى جانلىغ بولسا مايىل ئەتكەي، بەلكى جانان سارى.
..................................................
قاشۇ كۆزۈڭ غەرەتىندە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل،
ئاقىبەت تاپتىم سوراغىمنى چىنى تۇركىستان سارى.②

يۇقىرىقى بېيتلەردە شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆزقاراشلىرى ئىستېتىك قاراشلىرى ئىچىگە چىۋەرلىك بىلەن سىڭدۇرۇلۇپ، گۈزەل ئوبرازلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئازادلىق ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمۇ جۇدالىق، ئاھۇ زارلىرىنىڭ كەينىگە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

① «بۇلاق» 1982 ـ يىلى 1 ـ سان، 41 ـ بەت.
② «بۇلاق» 1982 ـ يىلى 1 ـ سان، 36 ـ بەت.

كۆكەردى چەمەن گۈلئۈزارىم قانى
سەھى سەرۋ بويلۇق نىگارىم قانى؟
(چىمەنلەر كۆكىرىپ ياپيېشىل بولدى، مېنىڭ گۈل يۈزلۈك يارىم نەدىدۇ، بوي تۇرقى سەرۋىدەك چىرايلىق نىگارىم نەدىدۇ؟)

تاپىپدۇر بۈگۈن ۋەسلى گۈل ئەندەلىب،
دەرىخامەنى نەۋ باھارىم قانى؟
(بۈگۈن بۇلبۇل گۈلنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىپتۇ، ھەي دەرىغ، مېنىڭ نەۋ باھارىم قاچان بولۇركىن؟)

ئىشىكىدە تۇپراق بولدۇم ۋەلى،
دىمەدىك كىم ئول خاكسارىم قانى؟
(ئىشىكىنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ توپىغا ئايلاندىم، لېكىن: ئۇ توپىغا مىلەنگەن گاداي قېنى دەپ سوراپمۇ قويمىدىڭ)

سېنىڭ ئەھىد ھۆسنۈڭدە يوق مەندە سەبىر،
مېنىڭ ئول بۇرۇنقى قەرارىم قانى؟
(سەن ھۆسنۈڭنى كۆرسىتىشكە ۋەدە قىلغان ئىدىڭ، سەۋرىم قالمىدى، مېنىڭ بۇرۇنقى بەرداشلىقىم نەدە بولسۇن.)

ئېرىشۇر دېبان قىلما لۇتفىغا قەھر،
بۇ ئىشىدە بېگىم ئىختىيارىم قانى؟①
(لۇتفىغا ئۆزۈڭنى تارت دەپ قەھرى غەزەپ قىلما، خانىم، بۇ ئىشتا ئىختىيارىم ئۆز قولۇمدا ئەمەس)

① «نۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 256 ـ بەت.

ياكى: كەچتى ئۆمرۈ تۇشمىدى ئۇل يار ئىلە،
قۇرقۇرام كۆڭلۈم بۇ غەمدىن يار ئىلە.
بۇ ۋەفاسىزلىقكى سەندىن كۆرمىشىم،
ئېتىقادىم قالمادى ھىچ يار ئىلە.①

دېمەك، شائىر «گۈزەل يار» ئوبرازىغا بولغان ئەجابىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق كىشىلەردە بولغان ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئىپادىلىگەن بولسا، «گۈزەل يار» نىڭ ۋەسلىگە يېتىش ھىجرانلىرىنىڭ كەينىگە ئۆزىنىڭ «ئازادلىق»، «ئەركىنلىك» كە ئىنتىلىش ئىستەكلىرىنى يوشۇرۇپ ۋە سىڭدۈرۈپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان تىمسىلىلىك بولۇشنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھال شائىرنىڭ «ھەر نىچە كىم جانىغا تىگەر ئۇل يار جاپاسى»، «دىلبەر ئىشىكىدە تۇرسا بولماسىن» «ئەي غەمزە بىرلە كۆڭلۈم ئۇيىن قىلغۇچى غازات» دېگەن غەزەللىرىدە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن.

شائىرنىڭ كۆزقارىشىدىكى بەزى ئىلغار تەرەپلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتىدۇ. پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزم جەمئىيىتىنى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى قاپلاپ كەتكەن بىر شارائىتتا شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىي دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە فېئودالىزم جەمئىيىتىگە قارشىلىق، يار ۋەسلىگە يېتىش ئاھ - زار تۈسىدە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېچقانداق شېئىرىي مىسرالىرىدا رېئال دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈش ۋە تەركىدۇنيالىقنى تەشۋىق قىلىش ئاھاڭلىرى ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىگە ئىزچىل ھالدا ئوپتىمىزم — ئۈممىدۋارلىق روھى سىڭگەن بولۇپ، بۇنداق روھ بەزى غەزەللىرىدە كۈچلۈك جارائلاپ تۇرىدۇ.

① «بۇلاق»، 1982 - يىل، 1 - سان، 45 - بەت.

كۆزۈڭ قانىمدىن ئەيمەنمەس، ئەجەبتۇر،
كى «قورقار قايدا كىم قان كۆرسە ھىندۇ».
تىلەر ۋەسلىڭنى لۇتفى قىل ئىجابەت،
كى ئېيتۇرلەر: «تىلەگەننى تىلەگۈ»①

ياكى: ئاياغىڭغە، تۇشەرلەھەزە كىمسۇ②
مەسەلدۇر كىم «چىراغ تۈبى قاراڭغۇ»
تۇتارمەن كۆزكى كۆرسەم ئارەزىڭنى،
كى دەرلەر «ئاققان ئارىقغە ئاقار سۇ③»

شائىر ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىيلىك ئۈستىدە توختالغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ئۇ — سوفىزم ئىلاھىيەتچىلىكىگە قارشى رېئال ئادەم، ئۇ — ئىنساننىڭ گۈزەللىكى، ئۇلار ئارىسىدىكى چىن مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى بولغان «سادىقلىق»، «ۋاپادارلىق»، «پاك» لىق ھەم كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى «ئادىللىق»، «شەپقەت»، «مۇرۇۋۋەت» ھەققانىيەت قاتارلىق ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇلۇغلىدى ۋە بۇنىڭغا زىت ئەقىدىلەرنى ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ كەسكىن تەنقىد قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

لۇتفى غەزەللىرىنىڭ بەدىئىيلىكى ئۇنىڭ شەكىل بىلەن

① «بۇلاق» 1982 - يىلى، 1 - سان، 33 - بەت.
② كىمسۇ — ئۆرۈم چاچلىرى.
③ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 252 - بەت.

مەزمۇنىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇنىڭ غەزەللىرىدە مەزمۇن شائىرنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىپ شەيئىدىن تۇغۇلغان پىكىر ھېسسىياتى بولسا، ئۇنىڭ شەكلىنى شېئىر مىسرالىرى، ۋەزنى، قاپىيە ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى قاتارلىق ئېلېمېنتلار ۋە شېئىردىكى تەسىرچانلىقنى ئاشۇرىدىغان رىتىم ۋە بۇ رىتىمنىڭ بىر خىل تەكرارىدىن پەيدا بولغان تۇراق ۋە شېئىردىكى كومپوزىتسىيە قاتارلىقلار تەشكىل قىلىدۇ.

لۇتفىي ئۆز غەزەللىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چىۋەرلىك بىلەن ياخشى ھەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ بەدىئىيلىكى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن.

شائىر ئەسەرلىرى تىلىنىڭ رەڭدار، تەسىرلىكلىكى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مەلۇمكى ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەر ئۇنىڭدا قوللىنىلغان تىلنىڭ يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ تولۇقلۇقى، مۇكەممەللىكى بىلەن كىتابخان قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ. بۇ مەسىلىدە شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ توغرا، چوڭقۇر كۆز قارىشىغا ئاساسلانغان ئاپتور تىلىنىڭ رەڭدار ئىكەنلىكىگە باغلىق.

ھەممىگە ئايانكى، ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى پەقەت تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىقلا ئىپادە قىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە تىل «جاھاننامە» ئەينىكىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. «شېئىر پادىشاھى» دەپ نام ئالغان لۇتفىينىڭ شېئىردىكى تىلى رەڭدار، قېنىق بوياققا ئىگە:

گۆزۈمنىڭ ياشىدىن ئەيمەنگىل ئاخىر،
كى ھەربىر مەۋج توپاندىن قىلىشماس.①

ياكى:

چۈن خىيالىڭنىڭ كېچەر يېرى كۆزۈم دەرياسىدۇر،
كىرپىكىمدىن باغلەدىم ئۇل ۋەجھە ئىلە سال ئۈستىگە.②

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېسىل - ئىستېتىكىلىق ۋاسىتىلەرگە باي بولۇپ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ خىل ۋاسىتىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇلاردىن باشقا لۇتفى ھەربىي ئوبراز يارىتىشتا، تەجنىس، سۆز ئويۇنىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغۇچىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوقتەك، بويۇن بولدى يا.③

دەپ يازغان بولسا، مەۋلانە لۇتفى:

ئوقتەك بويىمدا ئېگىلدى ياتەك،
ئۇل فىتنەلىك ئىككى تاقىگىزدىن.④

دەپ يازىدۇ. ياكى:

«نۇن قاشى ئۇچۇن سېھىر قىلىپ يەر يۈزنى كۆز،
ئالماس كۆزۈم مەردۇمى ياشى بىلەن ئويىنار.⑤»

---

① «بۇلاق»، 1982 - يىل، 1 - سان، 18 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 33 - بەت.
③ «قۇتادغۇبىلىك»، كىرىش سۆز 11 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1984.
④ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 250 - بەت.
⑤ «بۇلاق»، 1982 - يىل، 1 - سان، 17 - بەت.

دەپ يازىدۇ.

ئۇمۇنىڭ سۆزلىرىدىن پايدىلىنىپ شېئىر مەزمۇنىنى بېيىتىش ماھارىتىنى لۇتفى شېئىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدە بەدىئىيلىك دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

كۆڭلۈمە ھەر يانكى باقسام، داغى بار،
ھەرنىچە دەردىمنى دېسەم داغى بار.
قىلچە تەنگە بارى ئىشقىڭ يېر ئىدى،
بىر سەرى بولدى فىراقىڭ، داغى بار.①

يۇقىرىقى تۇيۇق - تەجنىسىدە «داغى» سۆزى بىرىنچى مىسرادا «يارا، جاراھەت»، ئىككىنچى مىسرادا «يەنە»، تۆتىنچى مىسرادا «داغ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئەينى زاماندىكى ئەھۋال بويىچە قارىغاندا، لۇتفى شېئىرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل خەلق تىلىغا يېقىن ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا (ناۋائىي دەۋرىنىڭ ئالدى كەينىدە) ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك 321 ئاپتور بولۇپ، ئۇنىڭ ئارانلا 30 ى تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىكەن. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىغانلارنىڭ سەركەردىسى شائىر لۇتفى بولۇپ، ئۆز ئانا تىلى تۈركىي — ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يېزىپ، ئۆز ئەدەبىي تىلى ۋە خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىشنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئەرەب، پارس تىلىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى مەنسىتمىگەنلەرگە بىرىنچى بولۇپ زەربە بەرگەن ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىمكانىنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى

① «بۇلاق» 1982- يىل 4- سان.

ئىپادىلەش جەھەتتىكى قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا توپلانغان مول لۇغەت فوندىنى، گراماتىكىلىق جەھەتتىن پۇختىلىقىنى نامايىش قىلغان ھەم جەسۇر جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىش ئۈچۈن تىلنىڭ مەنبەسى بولغان خەلقتىن ھارماي-تالماي ئۆگەنگەن. بۇنى ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىنىڭ ئېنىق، روشەن، جانلىقلىقىدىن ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىلىغا يېقىن ئىكەنلىكىدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ:

كۆرسەم كېرەك ئايۇ، كۈن بولۇتسىز،
ساچىنى كېتەرىلىك ياڭاقىڭىزدىن.
بۇلۇتقى خەستەنى سوراڭىكىم،
بىچارە ئۆلەر فىراقىڭىزدىن.①

ياكى:

تۇتارمەن كۆزكى كۆرسەم ئارەزىڭنى،
كى دەرلەر «ئاققان ئارىقىغە ئاقار سۇ».
(ئاققان ئېرىقتا سۇ ئاقار دېگەندەك يۈزۈڭگە قارىغانچە قارىغۇم كېلىدۇ)

كۆزۈڭ قانىمدىن ئەيمەنمەس، ئەجەبدۇر،
كى قورقار قايدا كىم قان كۆرسەھىمدۇ.②

① «بۇلاق»، 1982 - يىل 1 - سان، 31 - بەت.
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 252 - بەت.

(كۆزۈڭ قېنىمنى تۆكۈشتىنمۇ يانمايدۇ، بۇ ئاجايىپ ئىش، چۈنكى «قاراقچى قاننى كۆرگەندە، نەدىمۇ قورقسۇن») دېگەن مەسەل بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مۇنداق ئەھۋالنى باشقا شېئىرلىرىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. لۇتفى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يالغۇز شېئىردىي ئەدەبىي تىل جەھەتتىلا ھەسسە قوشۇپ قالماستىن، بەلكى لىرىك ژانىرلارنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ زور ھەسسە قوشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا لىرىك ژانىرلار — «رۇبائىي»، تۇيۇق، تەجنىس، قىتئەلەر XI ئەسىردىكى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ئۇ چاغلاردا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ چىقمىغانىدى. لۇتفى ئىجادىيىتىدە بۇ ژانىرلارنى شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە ئۇچرىتىمىز. شۇڭا لۇتفىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاشۇ ژانىرلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە شەكىللەندۈرگۈچى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا رەسمىي ئېلىپ كىرگۈچى، دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

لۇتفى ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچە خاس يېقىملىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى يىرىك لىرو-ئېپىك ژانىر-داستانچىلىقنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشىدۇر.

دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى پەقەت شېئىرىيەت ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى يىرىك ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، لۇتفى ئىجادىيىتىدە «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يەنە بىر گۈللىنىش ھېسابلىنىدۇ.

## 3-§. «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى توغرىسىدا

«گۈل ۋە نەۋرۇز» شائىرنىڭ يىرىك ئەسىرى بولۇپ، ژانىر نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئىپىك ئەسەرلەرنىڭ داستان ژانىرىغا كىرىدۇ. شائىر بۇ ئەسىرىدە لىرىك شېئىرىي ئەسەر-لىرىدە تولۇق ئىپادە قىلالىمىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاق قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت تاپقان.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا شائىر مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«تارىخ سەككىز يۈز ئون تۆت ئەردى ھىجرەت،
كى نەقش ئەتتىم بۇ مەنزۇرى مۇھەببەت.
ئۇقۇغانغە، بىتكەنگە ئىلاھى،
مۇبارەك قىل بۇ كەنجى پادىشاھى»①

دېمەك داستان ھىجرىيىنىڭ 814 - يىلى مىلادى 1411 - يىلى يېزىلغان.

يازغۇچى ياكى شائىرغا «تېما» نى ھايات بېرىدۇ.

سەنئەتكار ئىدىيىسىدە تېمىنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدا م. گوركىي مۇنداق دېگەنىدى: «تېما ئاپتورنىڭ تەجرىبىسىدە تۇغۇلىدۇ. ھايات ئۇنى يازغۇچىنىڭ قولىغا قويىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەسىراتلار خەزىنىسىدە شەكىللەنمىگەن ھالدا بېسىلىپ ياتىدۇ ۋە ئوبرازلارنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەم يازغۇ-چىدا ئۇنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىنتىلىش تۇغۇلىدۇ» ئۇنداقتا شائىر داستانىغا تېما بەرگەن بۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي

---

① «بۇلاق» 1981 - يىل، 1 - سان، 129 - بەت.

هايات قانداق ئىدى؟

شائىر تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ياشىغانىدى. يۇقىرىقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۆمۈر دۆلىتى زورلۇق كۈچ بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىنلا (1405 - يىلى) ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئارىسىدا تەخت ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. ئاخىر 1409 - يىلىدا تۆمۈر مەملىكىتى ئىككى مۇستەقىل دۆلەتكە بۆلۈنۈپ، خۇراساندا شاھرۇھ (1409 — 1447)، ماۋارەئۈننەھردە ئۇلۇغبەگ (1409 — 1449) پادىشاھلىق قىلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئايرىم فېئودال مۇلۇكدارلارنىڭ بىرلەشمىسىدىن تەشكىل تاپقانىدى.

بۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى: مۇلۇك ئىگىلىرى — فېئوداللار ناھايىتى زور ئىمتىياز ۋە قولايلىقلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار مەملىكەتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ماددىي بايلىقنىڭ ئاساسىي ئىگىلىرى ئىدى. ئۇلار مېھنەتكەشلەرنى خالىغانچە ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئۇلار جۇملىدىن باشقا مەملىكەتلەرنى تاران - تاراج قىلىشقا قارىتىلغان ئۇرۇشلاردىن پايدىلىنىپ، بېيىغانسېرى مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئاجرىلىپ مۇستەقىل بولۇشقا ئىنتىلەتتى. بۇ ھال فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكىي قانۇنىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بولۇپ، بۇنى تۈزىتىش تۆمۈرنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇھ، ئۇلۇغبەگ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبۇلقاسىم بابۇر (1452 — 1457)، ئابۇسەئىد (1451 — 1469)، ھۈسەيىن بايقارا (1469 — 1506) لارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيتتى ۋە قولىدىن كەلمىدى. تۆمۈرىلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى

ئۆزئارا ئۇرۇشلار خەلققە تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە زور توسقۇنلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق بۇ دەۋردە زالىملارغا قارشى قوزغىلاڭلار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ فېئودال كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلغانىدى.

شائىر «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئەنە شۇ يۇقىرىقى تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ فېئودال ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى دەۋر سۈرۈپ تۇرغان قاراڭغۇ جەمئىيەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرىنچىدىن فېئوداللارنىڭ ئۇرۇش قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرمەسلىكى، پارچىلىنىپ زاۋالغا يۈز تۇتۇۋاتقان تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىنى بىر مەركەزدىكى ھاكىمىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇشنىڭ لازىملىقى، خەلققە تىنچ، بەختلىك ھايات يارىتىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار سىياسىي ئىدىيىلىرى ئالغا سۈرۈلگەن. ئىككىنچىدىن، فېئوداللىق ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ ئاياللارنى (قىزلارنى) ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن نىكاھلىنىشتەك ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، مال ئورنىدا پۇلغا سېتىشتىن ئىبارەت چىرىك فېئوداللىق قائىدە-تۈزۈم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرگە قارشى چىقىپ، ياشلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغدىغان ۋە تەشەببۇس قىلغان. چىن مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۇلۇغلىغان. شائىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىمىزدەك ئىلغار سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە ھەم رېئالىستىك ئۇسۇل ھەم رومانتىك ئۇسۇللارنى قوللانغان.

داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرى شاھزادە نەۋرۇز ۋە مەلىكە گۈل ئىدى. شائىرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىنى ئۇلۇغزادىلەر

قىلىپ ئېلىشىنى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىنىڭ رېئال
ئەنئەنىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋردىكى
ئىلغار شائىر يازغۇچىلار فېئودالىزمنىڭ ئىستىبداتلىقىنى، خەلق-
قە سالغان زۇلمىنى، ئىنسانىيەتسىزلىكى، چىن مۇھەببەتكە، ئې-
ڭاھ ئەركىنلىكىگە يول قويمايدىغانلىقىنى ۋە باشقا ئادالەتسىزلىك-
لىرىنى كۆپ ھاللاردا شاھزادە ۋە مەلىكىلەرنى ۋاسىتە قىلغان
ھالدا بايان قىلىش ئارقىلىق پاش قىلغان، خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىت-
تىكى فېئودالىزم ئىستىبداتىغا قارشى ئىدىيىلىرىنى ۋە ئازاد-
لىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئارزۇ - تىلەكلىرىنى، ئىنسانپەرۋەر-
لىكى، ۋاپادارلىق، چىن مۇھەببەت، چىن مۇھەببەتنىڭ گۈزەل-
لىكى، كۈچى ۋە چىن مۇھەببەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى
قەتئىي ئىرادىلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن
ئىدى.

بۇ ھال ئالدى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتى.
مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان «ھەمرا ھۆرلىقا»،
«لەيلى - مەجنۇن»، «تاھىر - زۆھرە»، «غېرىب - سەنەم» قاتار-
لىق خەلق داستانلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. «مىڭ بىر
كېچە» بولسا بۇلارنىڭ توپلانغان گەۋدىسىدۇر. يۇقىرىقى داس-
تانلارنىڭ سيۇژېتلىرى كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا يازما ئەدەبىيا-
تىنىڭ كلاسسىكلىرى فىردەۋسى، نىزامى گەنجەۋى، خىسراۋ
دېھلىۋى، ئابدۇراخمان جامى، نەۋائىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئە-
سەرلىرىگە خام ماتېرىيال سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقى ھەممىگە
مەلۇم.

«گۈل ۋە نەۋرۇز» نىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى: ناۋشات مەملى-
كىتىنىڭ پادىشاھى پەررۇخنىڭ ئوغلى شاھزادە نەۋرۇز بىلەن
پەرخار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى مۇشكىنىنىڭ قىزى گۈل ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبارەت. شاھزادە

نەۋرۇز چۈشىدە مەلىكە گۈلنى كۆرۈپ، ئاشىقى بىقارار بولىدۇ.
ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، گۈلنىڭ ئىشقىدا ھۇشىدىن كېتىدۇ.
شاھزادە نەۋرۇز ھۇشىنى يىغقاندىن كېيىن، گۈلنىڭ ئىز - دېرى-
كىنى قىلىپ چەت ئەللىك كارۋانلارنى توسۇپ، ئۇلار ئىچىدىكى
«بىلىمدان» لارنى تېپىپ، ئۇلارغا چۈشىنى ئۆرۈگۈزىدۇ. كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە شۇنداق كارۋانلارنىڭ ئىچىدە «بۇلبۇل» ئىسىم-
لىك بىر كىشىنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ فەرخار مەملىكىتىدىن كەلگەن
ئادەم بولۇپ، نەۋرۇز ئۇنىڭدىن گۈلنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقۇپ،
ئۇنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ھەمراھ قىلىۋالىدۇ. بۇلبۇل نەۋرۇزغا
قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ، گۈل ۋەسلىگە ئېرىشتۈرۈش
يولىدا ئۇنىڭغا چوڭ ياردەم بېرىدۇ. نەۋرۇز فەرخارغا بارىدىغان
چاغدا، ئاتىسى بەھمەن دېگەن بىر بەگنى نەۋرۇزغا ھەمراھ قى-
لىپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈكلەرنى بېرىپ يولغا سالىدۇ. بەھمەن
كۆڭلىگە قارانىيەت پۈكۈپ، نەۋرۇزنى بۇ ئىشتىن توسۇپ فەر-
خارغا بارماسلىقنى ئۈندەيدۇ. نەۋرۇز ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىل-
غاندىن كېيىن، بەھمەن نەۋرۇزغا خىيانەت قىلىپ نەۋرۇزنىڭ
قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن مال - مۈلۈك-
نى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. لېكىن نەۋرۇز ئىرادىسىدىن قايتماي-
دۇ. ئۇ مىڭبىر قىيىنچىلىقلار بىلەن فەرخارغا بارىدۇ. فەرخار
مەملىكىتىدە سەۋسەن دەسلەپتە گۈلنىڭ نەۋرۇزغا بولغان ئى-
شىق - مۇھەببىتىنى توسماق بولىسىمۇ، لېكىن كېيىن ئۇنىڭغا سادا-
قەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن گۈلنىڭ ئاتىسى مۇشكىن
چىن خاقانىنىڭ مال - مۈلكىگە قىزىقىپ، گۈلنىڭ نارازىلىقىغا قا-
رىماي، گۈلنى چىن خاقانىغا خوتۇنلۇققا بېرىۋېتىدۇ. ئۇنى كۆچۈرۈپ
ماڭغاندا كەينىدىن نەۋرۇز قوغلاپ بېرىپ گۈلنى ئېلىپ كېتىدۇ،
بىراق بەختكە قارشى ئۇلار تۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئىككىسىنى چىن خاقانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن بۇ

چاغدا چىن خاقانى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە بىر دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ، كېمىگە چۈشكەندە، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كېمە پارچىلىنىپ كېتىدۇ - دە، نەۋرۇز بىر تاختايغا، گۈل يەنە بىر تاختايغا يامىشىۋالىدۇ. ئاخىر قىرغاققا چىققاندا نەۋرۇز يەمەنگە، گۈل ئەدەنگە بېرىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش - ئاداۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. يەمەن پادىشاھى نەۋرۇزنىڭ ھەربىي ئىشلاردىن خەۋەردار ۋە باتۇرلۇقنى سېزىپ، ئۇنى ئۆزىگە لەشكەر باشلىقى قىلىۋالسا، ئەدەن پادىشاھىغا ئۆزىنى چىن خانلىقىنىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇرغان گۈلنى ئەدەن پادىشاھى ئۆزىگە لەشكەر باشلىقى قىلىۋالىدۇ. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى جەڭ مەيدانىدا ئۇچراشقاندا، بۇرۇنقى ئۇرۇش ئەنئەنىسى بويىچە ئالدى بىلەن لەشكەر باشلىقلىرى يەككىمۇ يەك جەڭگە چۈشۈشى لازىم ئىدى. شۇڭا يەمەن تەرەپتىن نەۋرۇز، ئەدەن تەرەپتىن گۈل مەيدانغا چۈشىدۇ. ئەمما جەڭ قىلىش ئالدىدا بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنى تونۇپ قېلىپ، دەرھال بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەمەن بىلەن ئەدەن يارىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن ھەجگە بېرىش تۈپەيلىدىن نەۋرۇز بىلەن گۈل ئاتىلىرىنى تېپىۋالىدۇ. ھەجگە بارغان تۆت مەملىكەت باشلىقلىرى جەم بولۇپ، مەسلىھەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەسلىھەت يىغىنىدا پادىشاھ فەررۇخ نەۋرۇز بىلەن گۈلنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ نەۋشاد، فەرخار، يەمەن ۋە ئەدەن مەملىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزلەشكەن بىر دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ تەكلىپنى قوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ تۆت مەملىكەت بىرگە قوشۇلۇپ بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە

نەۋرۇزنى پادىشاھ قىلىدۇ. بۇ چوڭ دۆلەت نەۋرۇزنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، خەلققە تىنىچ، بەختلىك ھايات ئاتا قىلىدۇ.

مانا بۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلى بويىچە تۈزۈلگەن «داستان» سيۇژېتىنىڭ بايانىدۇر.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكىي (1811 — 1844) يۇقىرىقى ئىككى تەپەككۇر شەكلى ئۈستىدە توختالغاندا، پەلسەپە ئىسپاتلايدۇ، ئەدەبىيات كۆرسىتىدۇ، لېكىن ھەر ئىككىسى ئىشەندۈرىدۇ دەپ كۆرسەتكەنىدى. «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ سيۇژېتى «نەۋرۇز»① توغرىسىدىكى خەلق داستانىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئەسەردە ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەنگەن رېئاللىقنىڭ ئوبرازلار ئەسلىدىكى شەكلى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى رومانتىزم پرىنسىپلىرى بويىچە تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلۈپ، يەنە ئومۇملۇق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولغان ھېسسىي ئوبرازلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن.

«گۈل ۋە نەۋرۇز» قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ كىتاب تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە خۇداغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ-سانا، پادىشاھلارغا مەدھىيە بىلەن شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى بايان قىلغان كىرىش قىسمى بىلەن باشلانغان. بۇ ئەسەر ئەنە شۇ كىرىش قىسمىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، جەمئىي 120 باب 2400 مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ.

---

①نەۋرۇز — قەدىمكى چاغدا شەرقتە ئىران كالېندارى بويىچە يېڭى يىل كۈنى (21 - مارت) باھار كىرگەن ھېسابلىنىدۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان نەۋرۇز (باھار) بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان.

ئەدەبىيات «ئادەمشۇناسلىق» پەننى بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئاساسىي تەسۋىرى ئوقتىسى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ يادروسى بولغان ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئوبرازى ئۇنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىكى ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ ۋە شۇ جەرياندا ئۇنىڭ تەقدىرى ھەل قىلىنىدۇ.

يازغۇچى ياكى شائىر مەلۇم ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ياشاش جەريانىدا ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن بەلگىلىك ئىشلارنى تېپىكلەشتۈرۈپ، يازغۇچىنىڭ ئىستېتىك ئىدىيالى ۋە بەدىئىي ئوي پىكىرلىرىنى ئىچىپ بېرىشكە ماسلاشتۇرۇپ قۇراشتۇرغان بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئەدەبىياتشۇناسلىقتا سيۇژېت دېيىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبراز— قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنى ئاچىدىغان، تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سيۇژېتنىڭ تەرەققىي قىلىش يادروسى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا كونفلىكت دېيىلىدۇ.

كونفلىكت — ھاياتتىكى رېئال قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئەسەردە سيۇژېتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى ئاساسىي كۈچ. سيۇژېتنى راۋاجلاندۇرغۇچى رىچاك (تەپكۈچ مەسىلەن، مىلتىقنىڭ تەپكۈچى) تۇر.

سيۇژېتنى ئەسەر ئىسكىلىتى دەپ پەرەز قىلساق، كونفلىكت ئۇنىڭغا جان بېرىدىغان، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يۈرەك تۇر. ئەنە شۇ يۇقىرىدىقى پرىنسىپلارغا ئاساسلانغاندا، «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ كونفلىكتى ئەسەردىكى ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمىنىڭ ئىنسانىيەت بېشىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان فېئودال ئىستىبدات كۈچلىرىگە، يەنى

سەلبىي قەھرىمانلارغا قارشى باش كۆتۈرۈشىدۇر. بۇ كونفلىكت ئۆز زامانىسىدا ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچى نەۋشات مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى نەۋرۇز بىلەن فەرخار مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسى گۈل ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. سيۇژېت بىلەن كونفلىكت شۇ ئاساستا راۋاجلىنىپ قەھرىمانلار خاراكتې-رى ئېچىلىدۇ ۋە شائىرنىڭ رومانتىك غايىلىرى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇلىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئەسىرلەر بويى ئېرىشكەن ئۇتۇقلى-رى ۋە قېلىپلاشقان تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئەنئەنە دېيىلىدۇ. داستان سيۇژېتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى رىۋايەتلىرى ئاسا-سىدا قۇراشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇندىكى كونفلىكتلار ۋە قەھ-رىمانىنىڭ ئوبراز-خاراكتېرىنى يارىتىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى بويىچە بىر تە-رەپ قىلىنغان داستان سيۇژېتىنىڭ قۇرۇلۇشى، سيۇژېتنىڭ را-ۋاجى خەلق داستانلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك ئادەتتى-كى ھايات ئېقىمى تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئەدە-بىياتشۇناسلىقتا «قابۇلا»① دېيىلىدۇ. شۇڭا داستاندا ئىنتوناتـ-سىيە خەلق داستانلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش ۋەقەلىكنىڭ بېشىدىن باشلاپلا مۇنداق بېرىلىدۇ.

مەسىھا يەگلىغ② ئول خىزرى سۇخەنساز،③
ئانىڭدەك كىرگۈزۈر خۇش مەئنى ئاۋاز.
كى نەۋشان ئېلىدە بار ئېردى بىر شاھ،
كىملۇردىن ۋاقىفۇ كەچكەندىن ئاگاھ④

① تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى ئېقىمى بويىچە تۈزۈلگەن سيۇژېت قابۇلا دېيىلىدۇ.

② مەسىھا يەگلىغ — ئەيسا پەيغەمبەردەك (ئۆتكۈر نەپەس).

③ خىزرى سۇخەنساز — خىزىردەك سۆزمەن (ھېكايىچى).

④ بۇ مىسرانىڭ شەرھى كېلەچەكتىكى ئىشلارنى بىلىدىغان، ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردىن خەۋىرى بار، دېگەن مەنىدە.

ئاتى فەررۇخ ئۆزى فەرخۇندە ئەختەر①،
ئانىڭ ھۆكمىدە ئول ئىقلىمى كىشۋەر②.
قامۇغ ئالەمدە ئەدلى دادى مەشھۇر③.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شاھنىڭ ماھىيەتلىك پورترېتى ۋە سۈپەت دەرىجىلىرى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا تۆۋەندە شاھ دۆلىتىنىڭ ھەربىي قۇدرىتى ۋە مالىيە كۈچى ھەم ئارزۇسى ئۈستىلىق بىلەن مۇنداق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ:

چىرىكى بىنەھايەت، مۈلكى مەئمۇر④
جەھاندىن بىر ئوغۇلغە ئارزۇمەندى.
مۈگى يوق ھېچنىمەدىن غەيرىي فەرزەنت⑤
تىلەك ئۈستىدە چۈن سىدقى بار ئەردى⑥

ئۇنىڭدىن باشقا داستاندا تۈگۈن مۇنداق باشلىنىدۇ.

تىلەگەندەك مورادىن تەڭرى بەردى.
سۈيۈر مەھبۇبى بار ئەردى ھەرەمدە،⑦
كى دايىم كۆڭلى ئەردى ئول سەنەمدە

---

① فەرخۇندە ئەختەر — قۇتلۇق يۇلتۇزلۇق (تەلەيلىك)
② كىشۋەر — مەملىكەت.
③ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: يۇرتنى ئادالەتلىك بىلەن سورايدىغانلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنيادا مەشھۇر ئىدى، دېگەن مەنىدە.
④ مەئمۇر — ئاۋات، باي، باياشات
⑤ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: بالا كۆرۈشتىن باشقا ھېچنىمىدىن مۈلك قايغۇسى يوق ئىدى.
⑥ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: چىن كۆڭلى بىلەن پەرزەنت تەلەپ قىلدى.
⑦ ھەرەم — خاس ئۆي.

سەئادەت بىرلە يۈكلەندى ۋۇجۇدى.①
يېتىلگەچ ھەددى ھەملىنىڭ ھۇدۇدى②
ئۇشۇل چاقتا كى ئالەم بولدى خۇررەم،
سەبا ئۇردى دەمى ئىيسا يۇ مەريەم③
چەمەنلەر بولدى جەننەتدىن نەمۇدار④،
ئاچىلدى گۇل، ساچىلدى مۇشكى تاتار⑤
ياكى يىلنىڭ باشىندە روزى نەۋرۇز.⑥
سەدەفتىن چىقتى بىر دۇررى شەب ئەفروز⑦
سۆيۈنگەندىن ئاتاسى گەنجىن⑧ ئاچتى،
نەكىم قازغانىنى⑨ ئالەمگە ساچتى.
ئۇلۇغ تويلار قىلىپ، ئىشرەتلەر ئەتتى،
ياراتقان بىرلە كۆپ نىيەتلەر ئەتتى.
ئۇلۇستا مۇستەھىقلارنى⑩ قىلىپ شاد،
ھەم ئۇلدەم بەندەلەرنى قىلدى ئازاد⑪
چۇنەۋرۇز بولدى نەۋرۇز ئىچرە فىرۇز⑫
ئاتادى ئوغلىنىڭ ئاتىنى نەۋرۇز.

---

① يۈكلەندى ۋۇجۇدى — ھامىلدار بولدى.
② بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: ئاي كۈنى توشۇپ تۇغۇتى يېتىلىشى.
③ ئىيسا بىلەن مەريەمنىڭ ئۆتكۈر نەپەسىدىن چىققاندەك ھاياتبەخش شامال چىقتى.
④ نەمۇدار — كۆرۈنۈش، كۆرسىتىپ تۇرۇش، دېرەك بېرىش.
⑤ مۇشكى تاتار — مۇشك (ئىپار)نىڭ خۇش بۇي بىرخىلى.
⑥ روزى نەۋرۇز — باھارنىڭ بىر كۈنى.
⑦ شەب ئەفروز — كېچىنى يورۇتىدىغان (نۇرلۇق).
⑧ گەنج غەزىنە
⑨ قازغانماق — يىغماق، توپلىماق، قولغا كەلتۈرمەك، قازانماق.
⑩ مۇستەھىق — موھتاج، نامرات.
⑪ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: مەھبۇس گۇناھكارلارنى قويۇپ بەردى.
⑫ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: بۇ باھار، باھارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇتلۇقى بولدى.

داستاندا ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ ئالدىدا باش قەھرىمان نەۋرۇزنىڭ پورترىتى مۇنداق بېرىلىدۇ.

مەلىكزادە① بولۇپ خوشۋەقتۇخۇررەم،
لەبى خەندان، مۇسەلسەل زۇلفى دەرھەم②

ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىنىلا تەسۋىرلەش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا جانلىق بىر ئادەم گەۋدىلىنىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ كېيىنكى راۋاجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا تۈگۈنلۈك رول ئوينايدىغان نەۋرۇزنىڭ يىگىت بولۇپ يېتىلگەن ئىچكى ھېسسىياتى داستاندا مۇنداق بېرىلىدۇ.

دىماغى ھۆسنى ئەۋسافى بىلەتەر③
يىگىتلىك جۇشى بىرلە بادەدەرسەر④
مۇغەننى دەردمەندانە غەزەلخان⑤
تۈزۈپ بۇلبۇل نەۋا بۇ قۇمرى⑥ ئەلھان⑦
بۇ ھالەتدە خىرامان بولدى ساقى،
مەلىكزادەغە يەتتى دەۋر ئاياقى⑧

① مەلىكزادە — شاھزادە
② مۇسەلسەل زۇلفى دەرھەم — چىگىملەك چېچى يېيىلغان
③ مىسرا بويىچە مەنىسى: ھۆسن - پەزىلىتى بىلەن دىمىغى نەملەنگەن.
④ مىسرا بويىچە مەنىسى: يىگىتلىك غەيرىتى بىلەن مەست بولغان.
⑤ مىسرا بويىچە مەنىسى — دەردمەنلەرچە ناخشا ئېيتىدىغان ناخشىچى
⑥ قۇمرى — پاختەك
⑦ ئەلھان — كۈي، غەزەل
⑧ دەۋر ئاياقى — دەۋرىلىك قەدىمى.

شائىر ئۆز داستانىنىڭ سيۇژىتىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئالغانلىقى ئۈچۈن، قەھرىمانلار پائالىيىتى بايان قىلىنغان بەدىئىي سيۇژىتمۇ رىۋايەتلىكتىن ھالقىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەردىن تۈزۈلگەن. بۇ ھال ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ خەلق داستانلىرىغا خاس بولغان سىنكرېتىك (رىۋايەتلىك بىلەن ئەفسانە رىۋايەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى) خاراكتېرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوبرازلار خاراكتېرىدىكى مۇنداق خاكتېرنى بىز داستاننىڭ راۋاجى باشلىنىش بىلەنلا كۆرەلەيمىز. نەۋرۇز «چاغر» (شاراب) ئىچىپ مەست بولۇپ چۈشىدە فەرخارمەملىكىتىنىڭ مەلىكىسى گۈلنى كۆرىدۇ. مۇنداق رىۋايەتلىكتە ئۇيغۇن بولمىغان ھال خەلق داستانلىرىغا خاس بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقىغا خەلق داستانلىرىدىن كىرىپ كەلگەندۇر. داستاندىكى راۋاج ئەنە شۇنداق ھاللارنىڭ بىرى بولغان نەۋرۇزنىڭ چۈشىدىن باشلىنىدۇ.

نەۋرۇز: «ئاياغىن ئۆپدى - يۇ، دېدىكى: «ئەي ماھ،
نەيەردىن سەنكى ئۈشتۈك مۇندا ناگاھ؟
تىلەرسەم مەن سېنى قايدا تىلەيىن،①
سوراغىڭنى سوراپ كىمدىن بىلەيىن؟
ئەگەر چان سەن، نىچۈن تەندىن يىراقسەن.
ۋە گەرخۇد ھۆرسەن تاپقايمۇ رىزۋان.»؟②

گۈل: قىياباقتى تەبەسسۇم بىرلە ئول ھۆر،
دېدىكىم، ئەي ئۆزى ئۆزىنە مەغرۇر.

---

① مىسرا بويىچە شەرھى — سېنى تاپىماقچى بولسام نەدىن تاپىمەن.

② رىزۋان — جەننەت ئىشىكىدىكى پەرىشتە.

مەن ئۇل سەرفىتنەئىسى① ئاخىر زەمانىمەن،
كى ھۆسىن ئىقلىمىدە ساھىبقرانىمەن ②
لەبىم نۇقلى شەكەرتەك ئاتەش ئەنگىز، ③
سالۇر يۈزۈمنىڭ كۆڭۈلدە ئاتەشى تىز.
قەددىمىنىڭ سەرۋىدىن تاپماس كىشى بەر،④
مېنى كۆرمەس پەرىتەك ئادەمىلەر.
ئاتىم گۈلدۈر ۋەلى فەرخاردىنىمەن،
نەئۇل گۈلكىم دېگەيسەن خاردىنىمەن ③
چۈسۆزلەدى بۇ سۆزنى گۈلەندەم،
شەھىنشاھىنىڭ ئەلىدىن ئالدى ئۇل جام.

گۈلنىڭ بۇ جاۋابى ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەردە گۈلنىڭ پورترېتى بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ. نەۋرۇز چۈشىدىن ئويغىنىپ ئۆز خۇدىنى يوقىتىدۇ.

ئۆزىن يەرگە ئۇرۇپ كۆپ يىغلادى زار،
يىغىدىن ئۆزگە خۇد نە چارەسى بار؟

نەۋرۇز ئەنە شۇ يۇقىرىقى چۈشىنىڭ تەرىغىنى يېشىش ئۈچۈن چەتتىن كەلگەن كارۋانلارنىڭ ئالدىنى توراپ گۈلنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىدۇ. ئاخىر فەرخاردىن كەلگەن بىر كارۋاندىن «بۇلبۇل» ئىسىملىك بىر كىشىنى تاپىدۇ.

① سەرفىتنە — پىتنىنىڭ بېشى
② ساھىبقران — بەختلىك.
③ مىسرا بويىچە مەنىسى: مېنى تاپماقچى بولسام نەدىن تاپىمەن.
④ رىزۋان — جەننەت ئىشىكىدىكى پەرىشتە.
⑤ بەر — مېۋە
⑥ خار — تىكەن

بۇلبۇلنىڭ جاۋابى:

كى فەرخار ئېلىدە بىر خانىمىز بار،
شاھى مۇشكىن دېگەن سۇلتانىمىز بار،
ئېرور جەمشىد ئۇرۇغىدىن نەژادى①،
فەرىدۇندىن② ھەم ئارتۇق ئەدلۇ دادى.
ئەدەمۇل - مىسىل③ ئېرۇر ئىككى جەھاندا،
تەڭى يوقتۇر زەمىنو ھەم زەماندا.
ئوغۇل - قىزدىن گۇل ئاتلىق بىر قىزى بار،
كىم ئەسرار خەلقىدىن پىنھان پەرىۋار④
جەمالىندىن ھېكايەت قىلسا بولماس
كەمالەتىن ھەقىقەت بىلسە بولماس⑤
ئۇزارى⑥ ئەكسىدىن كۈن خىرە بولۇر،
يۈزى ئوتراسىدا ئاي تىرە بولۇر⑦
سۆيۈر ئول گۇل بۇ بۇلبۇلنىڭ نەۋاسى،
كى بار بۇ بىنەۋا بىرلە ھەۋاسى.⑧
چۇ شاھ ئۆز تۈشىنە تەبىر تاپتى،
تىلەگەن ئىشىنە تەدبىر تاپتى.

نەۋرۇز بۇلبۇلدىن «گۇل» نىڭ خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ۋەقەلىرىنىڭ دىراماتىك تۈسىدە تەرەققىيات چوققىسىغا

① نەژاد — نەسەب، ئېرىق كېلىپ چىقىشى.
② جەمشىد، فەرىدۇن — «شاھنامە»دىكى ئىران پادىشاھلىرى.
③ ئەدەمۇل - مىسىل — تەڭدىشى يوق.
④ پەرىۋار — پەرى سۈپەت.
⑤ مىسرا بويىچە مەنىسى— كامالەتكە توللىغانلىقىنى راست دېگىلى بولمايدۇ.
⑥ ئۇزارى — يۈزى
⑦ تىرە — قاراڭغۇ قارا.
⑧ ھەۋا— ھەۋەس، خاھىش

قاراپ ئۆرلەيدۇ. قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى بولسا كۆپرەك ئىچكى دۇنياسى ۋە پىكىر ـ ھېسسىياتى ئارقىلىق شەكىللىنىشكە يۈزلىنىدۇ. نەۋرۇز ئىچكى دۇنياسىنى بۇلبۇل ئالدىغا مۇنداق تۆكىدۇ:

چۇ بۇلبۇلدىن ئىشىتتى ۋەئدە نەۋرۇز.
چىقاردى جانىدىن ئاھى جىگەر سۆز.
ئۇ بوب بۇلبۇل ئاياغىن، يىغلادى زار،
دېدى: ئەي يارى ھەمدەردۇ ۋافادار.
بېلىنگ باغلاب ئاياغ باسقىن كۆزۈمگە.
رەۋان بولغىل قەدەم قويغىل يۈزۈمگە.
بو يول ئەمگەكىدىن① فىكىر ئەتمەگىن ھېچ،
مۇرادىنگ تەگرى بەرسە قالماغىن كېچ.
بۇ بادەدىن ئاڭا ھەم بىر ئاياق تۇت.
بۇ سەۋغاسىن ئۇپۇپ، مەندىن قۇلاق تۇت.
مېنىڭ ھالىمنى بىر ياخشى مەھەلدە،
تابوغىندا ئادا قىل بىر غەزەلدە.

داستاندىكى خەلق داستانلىرىغا شەكىل جەھەتتىن تۇتىشىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئەسەردىكى يانداش قەھرىمانلار بەزىدە باش قەھرىمانلاردەك پىسخىك ھالەتنى ئىپادىلەپ، خۇددى باش قەھرىمانلاردەك قىياپەتتە سۆزلەپ، باش قەھرىماننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش ۋە تولدۇرۇش رولىنى ئاتقۇرىدۇ.

نەۋرۇز ئۆزىگە سىرداش دوست ئاغىنە قىلىۋالغان «بۇلبۇل» نى پەرخار مەملىكىتىگە ئەۋەتىدۇ. بۇلبۇل پەرخار مەملىكىتىگە

① ئەمگەكىدىن — جاپاسىدىن.

بىرىپ نەۋرۇز قىياپىتىگە كىرىپ گۈل ھۇجرىسى ئەتراپىدا غەزەل ئوقۇپ نەۋرۇزنىڭ ئىشقى ساداسىنى گۈلنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىدۇ:

شائىر بۇ ھالنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

چۇ گۈل ناز ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار،
كۆرەر بۇلبۇل قىلادۇر نالەئى ـ زار.
نە ئاھاڭدۇر نەۋرۇز بىرلە
نەۋاسى پارچە دەردۇ سۆز① بىرلە.

يۇقىرىقى پارچە بىر تەرەپتىن نەۋرۇزنىڭ گۈلگە بولغان ساپ مۇھەببەتلىك ئىچكى دۇنياسىنى ئىپچىشقا ياردەم بەرسە، ئىككىنچى تەرەپتىن گۈلدە ئىشقىي مۇھەببەت ئويغىتىش، مۇھەببەت ماجىراسىنى تۇغدۇرىدىغان ئىككىنچى تەرەپ ۋەكىلىگە توگۇنلۇك رول ئوينايدۇ. گۈل بۇلبۇلنىڭ غەزىلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن روھىي دۇنياسىدا بولغان ئۆزگىرىشنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

گۈل مۇشكىن يەنە ئوت ئۇستۇنىندە،
كۆزى ئەلدە، ئۆكى بۇلبۇل ئۈنىندە،
يۈرەكى ئۆرتەنۈر، كۆزدىن تۆكەر ياش،
ئاياغ ئىچكەن سەيۇ ھەردەم قويار باش.

داستاننىڭ ۋەقەلىكى خۇددى خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكىدەك پاراللېل ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. داستان ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا خىلمۇخىل توسقۇنلۇقلار ۋە كەسكىن

① سۆز ــ كۆيۈك مەنىسىدە.

زىددىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. نەۋرۇز پەرخار مەملىكىتىگە كېلىۋاتقاندا، بەھمەن خائىنلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ، چۆلدە قالسا، گۈل ھەدىيكەندىلا ئىنىڭ ئانىسى سەۋسەنىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. بۇ زىددىيەتلەر قەھرىمانلارنىڭ ھەم ھەرىكىتىنى، ھەم ئىچكى دۇنياسىدىكى چىن مۇھەببەتكە بولغان ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى بارغانسېرى يارقىنلاشتۇرۇپ بارىدۇ.

چۈنكى «گۈزەل ئەخلاق — ئادەم خاراكتېرىنىڭ تاللاش پەيتىدىكى ئىپادىسى» (ئارىستوتېل).

داستاندا سەۋسەنىنىڭ خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇنداق خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ:

ئىنەگىسى بار ئىدى ئاتى سەۋسەن،
تىلى گاھ خەنجەر ئىردى گاھ سۆزەن①.
ئانىڭ تۇققان تۇراغان يېرى كەشمىر،
ئول ئەلدە كەسىپ قىلغان مەكرۇ تەزۋىر②.
خىيەل③ ئىچرە كىچىك شاگىردى ئىبلىس،
ئاياقدىن باش ۋۇجۇدى مەكرو تەلبىس.

دېمەك سەۋسەن — قەھرىمۇ-زەھرىمۇ بار ئايال. سەۋسەن بۇلبۇل بىلەن يولۇقۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شاھ ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن گۈلنى ئۆز پەيلىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن، گۈلگە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

---

① سۆزەن — يىڭنە
② تەزۋىر — ئالدامچىلىق
③ خىيال — ھىيلىگەر
④ بۇ مىسرالارنىڭ شەرھى: ۋۇجۇدى باشتىن-ئاياغ ھىيلە، مىكىر بىلەن تولغان.

مەلامەت باشلادى گۈلگە (كى)... ئەي ماھ،
ئاتاقلىقلىق تۇرۇر خاقان كەبى شاھ.
گەر ئاندىن فىكىر قىلماسسەن سەن ئاخىر،
ئاتاڭ بىرلە ئاناڭدىن ئەيمەن ئاخىر.
ئەگەر ئەندىشە قىلماسسەن ئۆزۈڭدىن،
يازۇقسىز① بىزنى ئۆلتۈر تۇرمۇسەن② سەن.
مەلامەت بىرلە ئارتار ئىشق پۇرشۇر③،
نەچە تىيغان سەيۇ④ ئانچە قىلۇر زور.
سۆيۈك سەۋگەن ئۆلۈمدىن فىكر قىلماس⑤،
ئېيتىن قايچە بىلە توغراسا بىلمەس.

سەۋسەن بىلەن گۈلنىڭ توقۇنۇشى گۈلنىڭ ئىچكى دۇنـ
ياسىنى ئېچىشتا زور رول ئوينايدۇ. گۈلنىڭ سەۋسەنگە قارشى
تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ چىن مۇھەببەتكە بولغان ئىرادە
سىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

مېنى قويغىل تۆگەنمەس ئۇشبۇ غەمغە،
يارىب ئايغىل ئاتام بىرلە ئانامغە.
ساڭا نەچە يالىنىپ يالبەرەيىن،
نەكىم كەلسە ئايغمىنى⑥ كۆرەيىن.

سەۋسەن قانچىلىك ھېيلىگەر، جادۇ بولسىمۇ، ئۇ ئىنسان

---

① يازۇقسىز — گۇناھسىز
② ئۆلتۈر تۇرمىسەن — ئۆلتۈرمەمسەن.
③ پۇرشۇر — مۇھەببەت ئېخىمۇ كۈچىيىدۇ.
④ نەچە تىيغان سەيۇ— قانچىلىك ئۆزىنى تۇتۇۋالغانسېرى.
⑤ ئۆلۈمدىن فىكر قىلماس — ئۆلۈمنى ئويلاپ قويمايدۇ.
⑥ ئايغمىنى — كۆرگۈلۈكۈمنى.

ئىدى. ئۇ شاھدىن ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ خەتەرنى بىر تە-رەپكە قايرىپ قويۇپ، گۈلنىڭ «مۇھەببەت ئوتىدا يارىلانغان» دەردىگە داۋا بولۇش تەرەپكە ئۆتىدۇ.

چۈسەۋسەن كۆردى گۈل ۋاقتى پەرىشان،
ئايغان پەندىگە① بولدى پۇشايمان.
سىرار گۈل ھەر زەمان نەۋرۇزدىن راز②
قىلۇر ھەرلەھزە بۇلبۇل بىر نەۋا ساز.
نىچۈك نەۋرۇز گۈلنى تۈشىدە كۆردى،
نە تۈرلۈك سىرىنى ئەلدىن ياشۇردى.
نەقىلغانىن، نەدىگەنىن سەراسەر③
ئەيتتى بارچەسىن گۈلگە بارابەر.

گۈلنىڭ سەۋسەندىن ئالغان خەۋىرى ئۇنىڭ قەتئىي قا-رارغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ قارار ئۇنىڭ ئىرادىسىدە داستانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سيۇژېت لىنىيىسىدىكى تەرەققىيات-دىكى ئېغىر مۇشكۈللۈكلەرنى يېڭىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. داستاندا گۈلنىڭ نەۋرۇز ۋەسلىگە يېتىش قارارى مۇنداق ھېس-سىياتلىق، ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

ياقا يىرتىب قاچانكىم ئۇرسا بىر ئاھ،
دەرىندۇركىم④ جاھان ئۆرتەنسە ناگاھ.

---

① ئايغان پەندىگە— ئېيتقان نەسىھىتىگە.
② راز— ئىچكى سىر
③ سەراسەر —باشتىن ئاخىر، پۈتۈنلەي
④ دەرىندۇركىم — ئازقالدىكى

كۈنىنچە كەلتۈرۈپ بۇلبۇلنى خىلۋەت،
تۇتار نەۋرۇز ۋەسپى بىرلە سوھبەت.
نەدىمى، ھەمدەمى نەۋرۇز ئادى ①
كېچە - كۈندۈز غەمى نەۋرۇز يادى.
نەكىم سۆزلەر سۆزى نەۋرۇز، نەۋرۇز.
بىلىڭسە② سۆزى نەۋرۇز، نەۋرۇز.
گۈلى مۇشكىن بۇ دەرد ئىچرە گىرىفتار
كۈنىنچە سەبىر ئېتەر ناكامۇ ناچار③

نەۋەر بەھمەن خائىنلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ھەرقانداق چاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ پەرخار مەملىكىتىگە يېتىپ كېلىپ، بۇلبۇل بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇلبۇل ئاۋازى ئارقىلىق گۈلگە ئۆزى- نىڭ كەلگەنلىكىنى مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

سىنى ئىستەگەن ئول مىسكىنى غەمخار،
ۋىسالىڭدىن يىسۇن، بەر④ ئاخىرى كار.
......................
يانار ئوت ئىچرە ئۆرتەپ خانىلىغىمنى،
قۇلۇڭ بولدۇم، قويۇب سۇلتانلىغىمنى.
......................
يۈزۈم كۆرسەڭ مەگەر بىلگەيسەن ئى يار،
كى ھىجرىڭدە نىچۈكدۈرمەن گىرىفتار.
سەن ئانداق مەسنەد ئۈستىندە قەدەھ نوش ⑤،

---

① ئادى — ئىسمى، ئېتى
② بىلىڭسە — كۆيۈك ئوتى قوزغالسا
③ ناكامۇ ناچار- مەقسىتىگە يېتەلمەي نائىلاج
④ بەر - مېۋە.
⑤ مىسرانىڭ مەزمۇنى: سەن تەخت ئۈستىدە قەدەھ كۆتۈرىسەن.

مەن ئۇش مۇنداق ئەسرۇ زارۇمەد ھۇش ①
سەن ئانداق نازۇ ئشرەت بىرلە ئەنگىز ②
مەن ئۇش بۇنداق سىپرىشكەم بىرلە خۇنرىز ③.
سەن ئانداق تەختۇ بەخت پادىشاھى،
مەنۇ فەر يادۇ ـ ئاھۇ سۇبھى گاھى.
ئىبرۇر ھىجرىنىڭ ئوتىندە تاقەتىم ـ تاق
بولۇبدۇرمەن بۇگۇن راسۋايى ئافاق ④
يۈزۈڭ كۆرمەي غەمىڭدىن چىقتى جانىم،
فەلەكدىن ئاچتى فەريادۇ فىغانىم،
تەرەھۇم ۋاقتىدۇر ئەي يار، ئەي يار
غەرىبقا رەھىم قىل زىنھار، زىنھار.

ئەسەرنىڭ بۇ جايىدا! خەلق داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، نەۋرۇز ئوبرازىنى تولۇقلاشتا بۇلبۇل ئوبرازى قوشۇمچە ئوبراز رولىنى ئوينىغان بولسا، گۇل ئوبرازىنى تولۇقلاشتا سەۋسەن ئوبرازىدىن ئاشقىرى چاكچى قىز زۆھرە ئوبرازىدىنمۇ پايدىلانغان.

بۇلبۇل سادىق دوست سۇپىتىدە نەۋرۇزنىڭ ئىلتىماسىنى مۇنداق بەجا كەلتۈرىدۇ:

ئىنانەبىلمەدىم بەختىمدىن، ئەي ماھ،
مېنى مۇنداق نىچۈك يەتكۈزدى ناگاھ،

---

① بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: مەن بولسام ھۇشىدىن ئايرىلغان بىچارە ئەسىر
② ئەنگىز — مەشغۇل بولۇش.
③ خۇنرىز — قان تۆكۈش، قان تۆككۈچى.
④ ئافاق — ئالەم، پۈتۈن دۇنيا

دىيەبىلمەنكى ① نەدەۋلەتغە يەتتىم،
تۇشۇمۇ دۆركى بۇ ئىشرەتكە يەتتىم.
لەتىل بىرلەمۇنىڭ شۇكرىنى قىلايىن،
ئوغاندىن ② مۇندىن ئۆزگە نەتىلەيىن.
ئەگەر بىردەم ساڭا نەززارە قىلسام،
ئۆگۈنجۈم ③ قالماغاي، ئۆلسەم - تىرىلسەم.
تىلەكىم دۇنيادىن بۇ ئۇقتۇر ئاخىر،
مۇرادىم مۇندىن ئۆزگە يوقتۇر ئاخىر.

بۇ غەزەلدىن گۈل نەۋرۇزنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولىدۇ. شائىر داستان سيۇژېتىدىكى بۇ خىل تەرەققىيات ئۇقتىسىدا قەھرىمانلار خاراكتېرىنىڭ چوڭ-قۇر، نازۇك تەرەپلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. گۈل نەۋرۇز بىلەن ئۇچرى-شىش نىيىتىدە ئىنىڭ ئانىسى سەۋسەندىن رۇخسەت سورايدۇ. باشتا گۈلگە ھېسداشلىق قىلغان سەۋسەن باھانە تېپىپ، ئۇنى يەنە توسۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. گۈلمۇ ئۇستىلىق قىلىپ زېرىك-كەنلىكىنى باھانە قىلىپ گۈلشەنگە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ. شۇ چاغدا گۈلنىڭ ئۆگزىدە تۇرۇپ نەۋرۇزنى كۆرۈپ قالغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

كى ئالەم ئۆرتەنە يازدى دەممىدىن،
فەلەك ماتەم تونىن كىيدى غەممىدىن.
ھەم ئول يەردە يىقىلدى زار مەدھۇش،
يەلە ئاندىن بەتەر ماھى قەسەمپۇش. ④

---

① دىيە بىلمەنكى — دېيەلمەيمەنكى.
② ئوغاندىن — ئۇنىمىدىن
③ ئۆگۈنجۈم — ئۆكۈنۈشۈم، پۇشايمىنىم.
④ قەسەمپۇش — كىمخاب، كىيىم كىيگەن.

خۇددى خەلق داستانلىرىدەك بۇ پەيتتىكى ھالنى سىپ-لىشتۇرما ئوبراز قىلىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ۋەلى نەۋرۇز ئانىڭدەك ئەردى بەدھال، ①
كۆز ئاچمادى تاڭ ئاتقۇنچە، قالىپ لال.
باشىنىڭ ئۈستىندە بىچارە بۇلبۇل،
قىلىپ نالىش بىلە پەريادو غۇلغۇل.

گۈلنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن سەۋسەن گۈلگە ياردەم بېرىش تەرىپىگە ئۇزۇل - كېسىل ئۆتىدۇ. سەۋسەن گۈل بىلەن نەۋرۇز ئوبرازىنى ئېچىشتا ھالقىلىق زەنجىرلەرنىڭ بىرسىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى داستان سيۇژىتى سەۋسەن ۋاسىتىسى بىلەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ يېڭى تۈس ئالىدۇ. سەۋ-سەن داستان سيۇژىتىنىڭ بۇ ھالقىسىدا چوڭقۇر ئىنسانپەرۋەر-لىك بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

كېلىپ سەۋسەن يۈزىن يىرتىپ پەرىشان،
يۈرەكى پارە - پارە باغرى بەريان ②
ئاياغىن ئۆپتى - يۇ، كۆپ قىلدى زار،
ساچىپ قان - ياشى چۇن ئەبرى باھار ③

سەۋسەن گۈلنىڭ ئىلتىماسى بىلەن نەۋرۇز ئالدىغا بېرىپ گۈل-نىڭ پاك مۇھەببەتلىك يۈرەك سۆزلىرىنى يەتكۈزىدۇ ۋە ئاخىرىدا دىدار كۆرۈشتۈرىدۇ.

---

① بەدھال — ھالى يامان، ئەھۋالى ناچار.
② بەريان — كاۋاپ بولۇش.
③ ئەبرى باھار — باھار يامغۇرى.

زامانى تالىشى فىروز بىرلە①،
قاۋىشقاي گۈل مەگەر نەۋرۇز بىرلە.
ئالار بۇ پىكىر ئىچىندە گاھۇ بىگاھ②
كى كەيۋان بىر ئويۇن كۆرگۈزدى ناگاھ

داستان سيۇژىتى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بۇ جايغا يېتىپ كەلگەندە، بىردىنلا پارتلاش ھاسىل قىلىدۇ.

شائىرنىڭ توپىكى مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلىشى تېندېنسىيىگە قاراپ يۈزلىنىدۇ. شائىرنىڭ توپىكى مەركىزىي ئىدىيىسى ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، مەركەزلەشكەن بىر دۆلەت قۇرۇپ، دۆلەتنى خەلققە تىنچ - ئاسايىشلىق ھايات بېغىشلايدىغان بىر ئادىل شاھنىڭ باشقۇرۇشىنى ئىشارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەمدى داستان سيۇژىتىدا يېڭى زىددىيەت — كومپلېكت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گۈلنىڭ دادىسى مۇشكىن ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى جاھىل قارا كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، گۈلنى ئالدىنئالا كېلىشىپ قويغان چىن خانىغا خوتۇنلۇققا بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، چىن خانىدىن كەلگەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىپ، قىزىنىڭ نالە - پەريادىغا قارىماي سېتىۋېتىدۇ. سيۇژىت تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇنداق بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كەسكىن زىددىيەتلىك پەيتىگە كەلگەندە، گۈلنىڭ ئىنىك ئانىسى ۋە ھەقىقىي دىلكەشى بولغان سەۋسەن ئوبرازى شاھقا قارشى ئىسيانكار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ گۈلگە، يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

① مىسرا مەنىسى — بىر زامان تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ
② گاھۇ - بىگاھ — توختىماستىن، ھەر دائىم

تىلىم كەسكىن، چىقارغىن كۆزلەرىمنى،
ئىشتمەيگىن فەرىشان سۆزلەرىمنى.
نە ئېتەيىن، نەدېيىن، نە سورارسەن،
بۇ سىر يالغۇز يۈزۈمنى نە كۆرەرسەن.
نە ئاغزىمغا سىغار سۆز، نە تىلگە.
كى بەھەد ئوت تۇشۇپتۇر جانۇ دىلگە.
سېنى خاقانكى، تەختى تۆكتەرۈلسۇن ①
تىلەيدۇركىم، تىرىكلىگى تۆرىلسۇن!②

بۇنى ئەينى زاماندىكى خەلقنىڭ زالىم شاھلارغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ئىنكاسى دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۆز زامانىسىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى، گۈل ۋە نەۋرۇزلارنىڭ تەرەپدارى بولغان بۇلبۇل بىلەن سەۋسەننىڭ گۈل ۋە نەۋرۇزغا بولغان ھېسداشلىقىنى شائىر مۇنداق ئوبرازلىق تەسۋىرلەيدۇ.

كۆتۈرمەي كۆز بىرى بىرىنىڭ يۈزىدىن،
قۇرۇماس ياش ئىككىسىنىڭ كۆزىدىن.
ئارادا بۇلبۇلۇ سەۋسەن جىگەرخۇن،
ئاقىزىپ كۆزلەرىدىن رۇدى جەيھۇن ③

شائىر چىن مۇھەببەت كۈچىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق كۈچتىن يۇقىرى قويىدۇ، سەۋسەن شاھ مۇشكىنىنىڭ گۈلنى جازالاپ ۋە ئازابلاپ چىن خاقانىغا خۇتۇنلۇققا بەرمەكچى بولۇ-

① تۆكتۈرۈلسۇن — كۆمتۈرۈلسۇن، گۇم بولسۇن
② تۆرىلسۇن — بەربات بولسۇن.
③ رۇدى جەيھۇن — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېقىنى.

ۋاتقاللىقىنى نەۋرۇزغا يەتكۈزۈپ، ئۇنى بارلىق ئەھۋالىدىن خە-
ۋەردار قىلىدۇ.

مۇندىن كېيىن شاھىنشاھ نېمە قىلماقچى ئىكەن؟ دېگەن
سوئالغا نەۋرۇز:

... سەبا تەك چەمەندە فەرراشىدۇرمەن، ①
نەيەرگە بارسا گۈل يولداشىدۇرمەن.
قىلىپ يەكرۇيا دۇنيادىن ئىشىمنى، ②
قويۇبدۇرمەن ئاياغىنە باشىمنى.
مېنى مەندە ئەتمەگىنىز، كىرمەك قانىمغە،
گەر ئۆلسەم مىننەت جانىمغە.

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى نەۋرۇزغا بېغىشلىغان پاك مۇھەببەت
ئىگىسى گۈل ئۇنىڭ لەۋزىگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ.

ئەگەر ئۆرتەسەلەر دۇنيانى يەكسەر ③
مېنىڭ يانىمدە بولساڭ سەن نەغەم بار؟
سېنىڭ بىرلە تامۇغ ④ خولد بەرىندۇر ⑤
بېھىشتىم سەنسىزىن تەھتۇش شەرىندۇر ⑥

ئۇلارنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببىتىنى ئىسلامىيەت دۇن-
ياسىنىڭ ھەر قانداق ئىلاھىيەتلىك فانتازىيىلىرىدىن يۇقىرى
قويغان ئىدىيىۋى بىرلىكى مۇندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان كۈرەش-
لىرىدە غەلىبە قىلىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

---

① فەرراش — ئۆي خىزمەتكارى.
② يەكرۇيا — دۇنيادىن ئىشىمنى — بىر يولى تۈگىتىپ.
③ يەكسەر — پۈتۈنلەي، بىردەمدىلا.
④ تامۇغ — دوزاخ.
⑤ خولد بەرىن — ئەڭ يۇقىرى جەننەت.
⑥ تەھتۇش شەرىن — دوزاخنىڭ ئاستى

گۆلنى چىن خاقانىنىڭ ئەلچىلىرى ھەشەمەت بىلەن كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ. نەۋرۇز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ بىر بورانلىق كېچىدە گۆلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئەپسۇسكى، بەختكە قارشى چىن خاقانىنىڭ ئادەملىرى كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالىدۇ ھەمدە ھەر ئىككىلىسىنى چىن خاقانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما چىن خاقانى گۆلگە نىكاھلىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلار قېچىپ كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇچرىغان بىر دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كېمىگە چۈشكەندە، كېمە دەريادا بوران ھادىسىسىگە ئۇچراپ پارچىلىنىپ كېتىپ، ئىككىسى كېمىنىڭ ئىككى ياغىچىغا ئېسىلىپ قېلىپ، قىز قىرغاقتا چىققاندا، ئەدەن مەملىكىتىنىڭ ھەرەم خىزمەتكارى جەۋھەرگە يولۇقۇپ قالىدۇ، نەۋرۇزنى بولسا يەمەندىكى دەريا قىرغىقىدا بىر بېلىقچى بوۋاي ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

داستان قەھرىمانلىرى شائىرنىڭ ئىستېتىك ئىدېئالىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئەمدى ئۆز پائالىيەتلىرىنى مۇھەببەت ماجىراسى سېيۇژېتلىرىدىن ئىجتىمائىي ۋەقەلەر سېيۇژېتلىرىغا يۆتكەيدۇ. ئەدەن دۆلىتىنىڭ قىرغىقىدا، ئەدەن دۆلىتىنىڭ ھەرەم خىزمەتكارىغا يولۇقۇپ قالغان قىز ئۆزىنى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇرىدۇ. گۆلنىڭ كېيىنكى قەھرىمانلىق پائالىيىتىگە ئاساس يارىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى يولدا يولۋاسلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

كى ناگاھ بىر بۆلۈك ئارسلان قەزادىن ①  
بۆلۈتتەك كۆكرەشىپ چىقتى ئەرادىن.  
گۆل ئولدەم قامچىلاپ ئىلگەرى چىقتى،  
ئىككى ئۈچىن بىر ئوق بىرلە يىقتى.

---

① قازادىن — تۇساتتىن، ئاسادىپىي.

داستان سيۇژىت لىنىيىسىنىڭ بۇ قانىتىدىكى گۈلنىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيىتى ئەدەن شاھىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا تۇرغان لوگىكىك تەقەززاسىغا ماس كېلىدۇ.

بەغايەت ۋەسفىنى تەرغىبى ئارتىپ،
سەلاتىن رەسىچە قىلدۇردى تەرتىب.
ئۆزى ئۆيىدە قىلدى ئۆزگە تەيىن،
كى كەلسە ئاندا تۇشكەي خىسراۋى چىن.
قەرب ئېردى ئۆزى، ئوغلى، قىزى يوق،
قارادا بوييۇ، قاردا ئىزى يوق،
چۇ تاپدى ناگىھان گۈلتەك ئوغۇلنى،
ئۆز ئوغلىدىن ئەزىزراق سۆيدى گۈلنى.

داستان سيۇژىتىنىڭ بۇ قانىتىدىكى مۇنداق ئوخشۇشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇش داستان سيۇژىتىدا گۈلنىڭ كېيىنكى پائالىيىتىگە ئېشەنچلىك ئاساس ياردىتىدۇ.

شائىرنىڭ داستاندا يەمەن دۆلىتىنىڭ قىرغىقىدا بېلىقچى بوۋاينىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرسىتىشى ئىككى مۇھىم دېتال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، بىز بۇنىڭدا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ خەلق بېشىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتنى كۆرسەك، ئىككىنچىدىن، ئەسەردە ئېجابىي قەھرىمان قىلىپ ئېلىنغان ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى نەۋرۇزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مۇناسىۋىتىنى كۆرىمىز.

نەۋرۇز بوۋاينىڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ گەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنى يەمەن شاھىغا قولluقا سېتىشقا يول كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەمەن پادىشاھىغا قوللۇققا سېتىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ سەگەكلىكلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالىيجاناب

ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىگە قايىل بولۇپ، نەۋرۇزنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ئۇنىڭغا ئەمەل بېرىدۇ.

يەمەن سۇلتانى ھەم تەزىم بىرلە،
سۇيۇرغادى ① تۈمەن تەكلىم بىرلە.
ئايرىدى نەۋكەر ئىش تۇغۇنە غارە ②،
ۋىلايەت گەنجۇمالى بېشۇمارە ③،
ساقىرلات ④ ئەۋ سارە پەردە بىلەن نەخت،
ئاڭا لايىق بۇزۇرگانە ئارىخ رەخت ⑤.
ھۆكىم قىلدى جەمئىي بەگلەرىنە،
نەكىم ئەركانى دۆلەتنىڭ بارىنە.

كى قىلغايلار ئاڭا ئەئزازۇ ئىلرام،
سۆزىدىن چىقماسۇنلار خاسىدىن ئام.
ئۇۋۇۋاجادى ⑥ دۇئالار قىلدى نەۋرۇز،
ئارا يەردە چۇشەمئى ئالەم ئەفرۇز.

شائىر مەركىزدىي ئىدىيىسىنىڭ تەلىپىگە لايىق مۇھەببەت سېيۇژىتىنى ئىجتىمائىي سيۇژىتقا يۆتكەپ، فېئودالىق تۈزۈمنىڭ تۈپ قانۇنلىرى بولغان خەلق بېشىغا ھەممە، بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان فېئودال ئۇرۇشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

---

① سۇيۇرغادى — بۇيرىدى.

② تۇغۇنەغارە — تۇغ بىلەن ناغرا، دۇمباق.

③ گەنجۇ مالى بېشۇمارە — سان - ساناقسىز خەزىنە مال.

④ ساقىرلات — بېزەلگەن.

⑤ بۇزۇرگانە ئارىخ رەخت — ئۇلۇغلارغا لايىق ئېسىل كىيىم

⑥ ئۇۋۇۋلىجادى — تەزىم بىلەن قۇللۇق بىلدۈردى.

بۇ مەسىلىنىڭ رومانتىك غايە ئۇيۇشقىدا يېشىلىشى داستان قەھ-رىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىدۇ. داستاننىڭ بۇ ئىجتىمائىي سيۇژېت تەرەققىياتىدا داستان قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى، مەردلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، ئادالەتپەرۋەرلىكى ۋە چىن ئىن-سانىي خىسلەتلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. شائىر داس-تاندا قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا ئالدىنئالا ئۇنىڭ نېگىزىنى ئاساسلاپ بارىدۇ.

گۈلنىڭ جەڭ مەيدانىدا غەلىبە قىلىشىنى ئالدىنئالا مۇنداق ئاساسلايدۇ:

ئەدەن خانى يەمەن سۇلتانى بىرلە،
بەغايەت دۇشمەن ئىردى جانى بىرلە.
چۇ كەلدى گۇل ئەدەن مۇلكىنە ناگاھ،
ئانىڭ كەلگەنىدىن كۆچلەندى شاھ.

دەپ ئاساسلىسا، نەۋرۇزنى مۇنداق ئاساسلايدۇ.

ياراغ ئول كۆردى نەۋرۇزى جەھانگىر ①
كى خان قىلغاي چېرىك يىغماغقە تەدبىر.
ھەمۇل سائەت ئەۋ ئوغلى بىرلە نەۋرۇز،
كىيۇرگە ئۇردى چىتى شاھ فىرۇز ②.
ئۆزىنى ياخشى چېرچىملاپ ③ يۈرۈب تىز،
كەمىنلەر باغلادى بىر ئەزمى خونرىز، ④

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى — داڭقى چىققان، جاھاندا يۈركەتكەن نەۋرۇز ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى.

② فىرۇز — بەختلىك، غالىب.

③ چېرچىملاپ — قورالاندۇرۇپ.

④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: قىرغىن قىلماقچى بولۇپ پىستۇرما قۇردى.

دەپ ئاساسلايدۇ. جۈملىدىن نەۋرۇز دەسلەپ ھەسەتخور يەمەن قۇماندانىغا مەردلىك بىلەن ئەسكەرلەرنى تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى يۇقىرىقى ئاساسنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئاساسلار جەڭ مەيدانىدا مۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

چېرىك ئالىن توسۇبان تۇتتى يولنى،
سىراۋۇل تۇرغۇزۇپ توختاتتى غولنى①.
چىلاۋ قويدى ـ يۇ، ئەۋجىدىن ئەۋجىگە باردى،
ئاياقدىن باش تۇرۇپ تۇپراق قوپاردى.
مۇزىلار تۇرغۇزۇپ بىركىتتى قەمبىل②
قارا تاغدەك ياساپ تۇردى مۇقابىل.

قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى كەسكىن زىددىيەت ئىچىدىلا گەۋدىلىنىدۇ ۋە ئېچىلىدۇ. شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئەنە شۇنداق كەسكىن ھايات ـ ماماتلىق زىددىيەت ئىچىگە قويۇپ ھەل قىلىدۇ. بەھرام دەسلەپ كۆرەڭلەيدۇ.

كىدىن ③ باقتى ئېسە بەھرام خۇنرىز،
خىجىل قالدى ـ يۇ، قىلدى ئۆزگە ئەنگىز.
يۇرۇپ مەيدان ئىچرە قىلدى جەۋلان.
غەنىملەر تىلەدى يۇمەردۇ مەيدان.
ئەددىللىقدىن كىشى تەبرەنەدە ھىچ.
چۈنكى: بۇدۇرئول نامدار بەھرام خۇنخار،
كى يوقتۇر يەر يۈزىدە مۇنچە سەردار.

---

① سىرانىڭ مەزمۇنى: نەرە تارتىپ، غولنى توختاتتى
② قەمبىل — ئىستىھكام
③ كىدىن — كېيىن

توپىنگەندە ① مىڭ ئاتلىق ئۆترۈ تۇرماس،
ئاچلانسا تۆمەندىن يۈز چىۋۇرماس.
بەھرامنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئەدەن بەگلىرى:
ئەدەن بەگلىرى تىترەرلەر سارا سەر،②
كىم ئەرمەسمىز ئانىڭ بىرلە بەرابەر.

مانا شۇنداق جىددىي، ھەل قىلغۇچ پەيتتە گۆل ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەھرام بىلەن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەڭگە چۈشىدۇ. گۆل ئالدى بىلەن ئەدەن بەگلىرىگە ئاچچىقلىنىپ:

گۆلى فەرخار ئاچىغلاندى بولۇپ توند ③
كى نىچۈن بولدى مۇنداق تىغىڭىز كوند ④؟
بىر ئەر يوقمۇ بارىب بەرسە جەۋابىن،
ئورۇندىسا ئۇرۇپ ئۆمرى تەنابىن.
ئەيتتى گۆل: قويۇڭ بۇ ھەرزە ⑤ سۆزنى،
زەبۇن ⑥ ئەتمەك نىبدۇر ياغىغا ئۆزنى.
مۇنى ئوتتۇمىكى خۇد بىر ئەجدەھادۇر،
بىزدىكتەك ئادىمى، ئەرمەس بالادۇر.
نەدۇر ئەي بىھەممىيەتلەر ⑦ بۇ ھەيرەت؟!
ئەر ئوغلىغە كىبرەكتۇر بولسا غەيرەت!

يۇقىرىقى پارچە، گۆلنىڭ قەھرىمانانە قەلب كۆچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئوتلۇق، قەھرلىك سۆزلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ قىياپىتىدىن پۈتۈن ئەدەن بەگلىرى قورقۇپ تىترەپ تۇرغاندا،

---

① كۆپىنگەندە — توپقا كىرگەندە، جەڭگە كىرگەندە.
② سەرا سەر — باشتىن ئاياغ، پۈتۈنلەي
③ توند — تېز، ئالدىراش ④ كوند — گال، ئۆتمەس ⑤ ھەرزە — بىمەنە، بىھۇدە.
⑥ زەبۇن — ئاجىز، بىچارە.

ئۇنىڭ بەھرامغا يولۋاستەك ئېتىلغانلىقى داستاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

ئاچچىقىدىن ئۇردى گۈل قامچە ئاتىنە،
تەۋەككۈل قىلدى تەگرى ھەزرەتىنە.
تەرىد ① ئەتكەچ قوپۇندەك ھەملە قىلدى،②
بۆلۈتتەك كۆكرەدى ئوتتەك چاقنىدى.

بۇ تويۇقسىز زەربىدىن تەمترەپ قالغان بەھرامنىڭ ھالىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

ئىزەنگۇ قامچىلاپ دەفئى ③ قىلدى بەھرام،
ئەيتتىكى سەن ئەي سەردارى ئەييام.
ئەدەنلىقلەرغە ئوخشاماس يۈرۈشۈڭ،
ئېرۇر تۈركانە ئاتغە ئولتۇرۇشۇڭ.
ئۆزۈڭگە رەھىم قىل، قانىڭنى تۆكمە،
تەنىڭدىن كۈچ بىلە جانىڭنى سۆكمە.
ئاتىڭدىن تۈش، ئاتىم تونىياغىنى ④ ئۆپ،
ئۆزۈڭنى بىل، فۇزۇنلۇق قىلماغىن ⑤ كۆپ.
ئايتتى گۈلكىم: ئەي جاھىل تەك ئۆلتۈر،
ئىلىكتە ئەردەمىڭ بار ئەرسە كەلتۈر⑥

---

① بىھەمىيەت ـ غەيرەتسىز، بوشاڭ ② ھەملە قىلدى ـــ ئاتاكا ئىنتىلدى.
③ دەفئى قىلدى ـــ ئۆزىنى ساقلاپ قالدى.
④ تونىياغ ـــ تۇياق.
⑤ فۇزۇنلۇق قىلما ـ ھەددىڭدىن ئاشما، يۈزسىزلىك قىلما.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئەرلىك جاسارىتىڭ بولسا ئىشقا سال.

بۇ مەيداندا ھۈنەر كۆرگۈز، ئەرئېرسەڭ،
ئۈزەلۈر سۆز ئەگەر مۇھەممەل ① دەرئېرسەڭ.

بىر - بىرىگە ئەيزىدەك سانجىلغان مۇنازىرىلەردىن كېيىن ئەمدى جاھانغا داڭقى چىققان بەھرام بىلەن يەكمۇ يەك جەڭگە چۈشكەن گۈلنىڭ قەھرىمانلىقى داستاندا مۇنداق گەۋ-دىلەندۈرۈلىدۇ:

بۇگەز بەھرام ئاچىقىدىن چەكتى بىر تىغ،
ياپىپ قالقاننى كىردى ماھ دەرمىخ ② .
ئانىڭدەك چاپتى قالقاننى ھەمايىل ③ ،
كى گۈل ئات ئارقاسىدىن بولدى مايىل.
سەراسەر بولدى قالقان ئىككى پارە،
دوبولغادىن تاغى بولدى گوزارە ④ .
ئۆتۈشۈردە ⑤ گۈلى فەرخار ھەم نىز،
ھەمايىلدىن چىقاردى تىغ خونرىز،
ئانىڭدەك چالدى غەيرەتدىن بىلىنە،
كى مىررىخ ئافەرىن قىلدى ئېلىنە.
بۆلۈندى ئورتادىن ⑥ بەھرام خۇنخار
ئاتى ساغراسىدىن تۈشتى نىگۈنسار ⑦.
چۇ بولدى تۇغماغانتەك ⑧ بىر زەماندا،

① مۇھەممەل — بىمەنە گەپ ② مىخ — گۈل قالقانىنى دالدا قىلغاندا گويائاي بۇلۇتىنىڭ ئىچىگە كىرگەندەك بولدى. ③ ھەمايىل — قالقاننىڭ ئۆتتۈچ بېغى.
④ مىرانىڭ مەزمۇنى: دوبولغىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى.
⑤ ئۆتۈشۈردە — ئۆۋۈشى كەلگەندە.
⑥ بۆلۈندى ئورتادىن — قاق بېلىدىن ئىككى پارچە بولدى.
⑦ چۈشتى نىگونسار — موللاق ئېتىپ چۈشتى.
⑧ تۇغماغانتەك — ئانىدىن تۇغۇلمىغاندەك.

غىرىۋۇ زىلزىلە توشتى جەھاندا،
ئۇماق بىرلە ① گۇلى فەرخار چۇن باد،
مۇبارىز يىبەرمىك تەپ قىلدى فەرياد.

سىيۇۋىت تەرەققىياتىنىڭ كولمىناتسىيىسى، قانلىق، قورقۇنچلۇق، دۇشمەنلىككە تولغان جەڭ مەيدانىنى بىردىنلا خۇشاللىق، ئىناقلىق، دوستلۇق، ۋىساللىق، ئۇمىدلىك مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ كىشىدە گويا نەۋرۇز جاسارىتىدىن تۇغۇلغان يېڭى دۇنيادەك ھىس پەيدا قىلىدۇ. گۇلنىڭ يەمەن پالۋانى بەھرامنى كۇتۇلمىگەن جايدىن چىقىپ ھالاك قىلىۋېتىشى يەمەنلىكلەرنى تەمتىرىتىپ قويىدۇ. بۇچاغدا نەۋرۇز ئۇز جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ.

يەمەنلىكلەر ئول ئىشىدىن قالدىلەرلال،
ئاتىن قامچىلادى نەۋرۇز دەرھال.
تەرىد ئەتكەچ بىلە كۇرگۇزدى جەۋلان،
تىبىندى ھوي ئېتىپ چۇن شىرى غەرران ②
ئاندى گۇل دىلئارامىن ئۇنىندىن،
بۇ ھالەتنى كۇرۇپ نەۋرۇزى نەۋشاد،
ئاتىندىن ساچراپ ئانداق قىلدى فەرياد.
كى قالدى بارچە ئەل ھەيرەت ئىچىندە،
كى نەبولدى بۇ بىر سائەت ئىچىندە.
چاپەشتىلار كىلىپ توشلۇق تۇشىندىن،
ئۇلۇس فارىغ بولۇپ سانجەش ③ ئىشىندىن.

① ئۇماق بىرلە — ئۇز كىشىلەرى بىلەن
② شىرى غەرران - ھۇركىرەپ تۇرغان شىر
③ سانجىش — نەيزە سانجىش

كۆرەرلەرتۇپراق ئۆزرە زارۇ ئەبگار ①
باتۇرلار بىخەبەر ئىككى ۋافادار.
گۇلاپ ئەفشان چۇ بولدى يۈزلەرىنە،
پەرىلەر كەلدى ناگاھ كۆزلەرىنە.
گەھى نەۋرۇز گۇل ئىدى ② بىلە سۇست
دەمى گۇل بولدى نەۋرۇز (ئالدا) سۇست.
قۇچاقلاشقاچ ئۇل ئىككى سەرۋى ئازاد،
مۇبارەكلىك بىلە ئاتلاندىلەر شاد.
ئۇرۇش، سانجىش كۆتەرىلدى ئارادىن،
خۇسۇمەت ③ كەتتى ئىككى پادىشاھدىن.
بۇ خۇشلۇقتىن بىركتى ئىككى ئىقلىم،
ئارادىن قوپتى خەۋفۇ قالمادى بىم.④

شەخسي مۇھەببەت مەسىلىسىنى ئىجتىمائىي مەسىلىگە باغلاپ قاراپ ئۇنىڭ يىلتىزى يەنى ماھىيىتى بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى، ئەينى دەۋر شائىرىغا نىسبەتەن ئىلگىرىلەش بولۇپ بۇ شائىر لۇتفىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي قاراشلىرىنىڭ ئۆز دەۋر ۋە شائىرىدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۈملىدىن بۇ مەسىلە يەنە ئۆز ۋاقتىدا فېئودالىلىق ئۇرۇش - تالاشلار ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ بولۇپ، خەلق ئۇرۇش - تالاشنى خالىمايدۇ، ئۇلار، تىنىچ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا موھتاج، دېگەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەردە يەنە ئۇرۇش تىنىچلىق مەسە-

① ئەبگار — ھەممىدىن ئايرىلغان.
② ئىدى — ھىدى
③خۇسۇمەت — دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، كەك.
④ بىم — قورقۇش

ـسنى ھەل قىلىشتا يەنىلا خەلق ھەل قىلغۇچ كۈچ دېگەن
ئوتتۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋاسىتىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ.
داستاننىڭ يېشىمىدە شائىرنىڭ رومانتىك ئىدىيىلىكى قەدەم-
ـمۇ قەدەم كېڭىيىدۇ. ئالدى بىلەن:

يەمەن خانى رەقىبى فەرۇخى ئەختەر،
ئەدەن خانى بەدئى خوبى مەنزەر.
كۆرۈشتىلەر سەفابىرلە ① ھەم ئول دەم،
ياراشىپ تويلا دىللار شادۇ - خۇررەم.
تەكىلدى ئىككى ياندىن بارىگاھلار،
مۇۋافىق بولدى ئىككى پادىشاھلار.
كېچىپ ھىجران كېچەسى، ئۆچتى زۇلمەت،
يارۇدى سۇبھە ۋەسلۇكەتتى غۇربەت.
سەئادەت يۈزلەنىپ نەكبەت ② تۈگەندى،
يېتىلدى دەۋلەتۇ مېھنەت ③ تۈگەندى.
جەفاسىندىن فەلەك بولدى پۇشايمان،
فەرەھ ④ كەلدى - يۇ، غەم بولدى فەرىشان.

مەككىگە ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن نەۋشاد پادىشاھى فەررۇخ بىلەن فەرخار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى مۇشكىنىنىڭ شاھزادە نەۋرۇز ۋە مەلىكە گۈل بىلەن تېپىشىپ قېلىشىمۇ داستان سىيۇژىتىنىڭ رېئال تەرەققىيات لوگىكىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە ئىككى شاھنىڭ ئەدەن ۋە يەمەن شاھلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشىمۇ داستان سىيۇژ-

---

① سەفا ــ تىنچلىق، خاتىرجەملىك
② نەكبەت ــ بالا - قازا، بەختسىزلىك
③ مېھنەت ــ جەبرى - جاپا
④ فەرەھ ــ خۇشلۇق

تىنىڭ تەرەققىيات لوگىكىسىنى چەتكە قاقمايدۇ.
داستاندا تۆت شاھنىڭ مۇنازىرىسى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

بەدىئە ئەيتۇر: گۈلى رەنامىنىڭدۇر،
ئەدەن يوقكىم ① ئەزىزجانىم ئانىڭدۇر.
رەفىئە ئايتۇركىم: مەن نەۋرۇزنىڭكىمەن،
بۇ زىبا ماھ مېھىر ئەفرۇز ② نىڭكىمەن،
ماڭائانىسىز تەن ئىچرە جان كىرەك ئېرمەس،
بۇ تاجۇ تەختۇ ئول ئايۋان كىرەك ئېرمەس.
ئايتى شاھ مىشكىن: ئەي سەلاتىن، ③
كىچىك بۇھاسىلى يوق ماجىرادىن.
نەمەن گۈلسىز، نەگۈل نەۋرۇزسىز خۇش،
كى يوقتۇر جام جان ئەفرۇزسىز خۇش ③

.........................

دېدى فەرۇخكى: بىر تەدبىر ئېيتەلى،
تەئەسسۇف ④ تونىنى تەغيىر ئېيتەلى.
ئىشىتتۇر بولساگىزلار بىر سۆزۈم بار،
ئىشىتىپ بولساگىز سۆزگە خەرىدار.
تىڭالى ④ ئىتتىپاق ئۈستىدە ئەلنى،
قىلالى ئورتادە تەيىن بىر ئەلنى.
ھەمان خۇشدۇركى جان ئورتادا بولسا،

---

① ئەدەن يوقكىم — ئەدەن تۈگەل، ئەدەندىلا ئەمەس.
② مېھىر ئەفرۇز — نۇرلۇق قۇياش.
③ سەلاتىن — پادىشاھلار.
④ مىسرانىڭ مەزمۇنى — جانىنىڭ جامى بولمىسا خۇشاللىق بولمايدۇ.
⑤ تەئەسسۇف - ئەپسۇسلىنىش.
⑥ تىڭالى — تىنجىتايلى - تىندۇرايلى.

نەكىم ئەزا ئىچىندە بارسا كەلسە.

...............................................

قارارى: كىڭەشلەر بارچە بۇ سۆزگە تۆگۈندى①،
ئۇلۇس بىھۇدە زەھمەتدىن قۇتۇلدى.
سەفەر قىلدى يەمەنلىكلەرىيەمەنگە،
يۈزىن قويدى ئەدەنلىقلارئەدەنگە.
گۈلۈ مۇشكىن بىلە فەررۇخۇ نەۋرۇز،
مەدىنە ھىتتەسىنە قويدىلار يۈز.

ئىدىئال دۆلەت ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى:
بارىنىڭ ئورنىغا نەۋرۇز بولدى،
مۇرادۇ بەختىنە فىرۇز بولدى.

...............................................

...............................................

جەھاندا قويدى ياخشى رەسمۇ ئايىن ②
تۈزەتتى دۈينى سەرتا بەپايىن ③
گەھى خاقانى چىن بەردى خىراجىن،
گەھى خاقان خوتەن تاپشۇردى باجىن.

داستاندا يۇقىرىقى تۆت دۆلەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەختىدە نەۋرۇز ئولتۇرغانلىقى، چىن ۋە ماچىننى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى، ھەممە بۇ ئەلدە ئادىل تۈزۈم ئورناتقانلىقى، ھەممە ئىشنى قانۇن بىلەن باشقۇرغانلىقى، نەتىجىدە خەلققە چوڭ بەختسائادەت كەلتۈرگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئىدىيەۋى قاراشلار داستاندا رومانتىكلىق ھالدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

① تۆگۈندى — بەكۈللەندى.
② رەسمۇ ئايىن — قائىدە يوسۇن.
③ سەرتا بەپايىن — باشتىن ئاياغ.

قامۇغ مېھنەت قوپۇب ① خۇشلۇق بولۇپ يۈز،
فەلەك يارى قىلىپ ئىشالەر بولۇپ تۈز...
جەھاندا كىمنىكىم كۆرسەڭ تەرەبساز،
ئۇلۇس خۇش ۋەقتۇ ئالەم ئەيش پەرداز.
يەتى ئىقلىمدە سانچىشۇ ـ ئۇرۇش يوق،
كۆڭۈلنىچە چىرغالاڭدىن ② ئۆزگە ئىش يوق.
قىلىپ نەۋرۇزگۈل ئالىمدە جەۋلان،
كېزىپ بۇ تۆرت ئىقلىم ئىچرە يەكسان.
قەدەھگەردان قىلىبان ساقىيى ئۆمرە،
كەچۈردىلەر مۇڭلۇكتەك باقىيى ئۆمرە.
فەلەك دەۋرى زەمانە ئىقتىراسى،
بۇ ئەيشۇ بۇ تاماشالار ئاراسى.
قەدەر ③ قىلدى قازانىڭ خەنجەرىن تېز،
ھامان ئادەت بىلە باشلادى خونرېز،
ئارادىن كۈچ كۆتۈردى ④ تۆرت سۇلتان.
سەراسەر روبئى مەسكۇن ⑤ بولدى يەكسان.

شائىر غايىۋى دۆلەت ۋە ئادىل شاھ ئوبرازلىرىنى يارىتىشتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى تەرەپلەردە ئۆز ئالدىغا ناۋاتىرلىقتا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ، داستان ئۆز ئالدىغا خاس يېڭى سيۇژېت ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر بىلەن تولغان. يەنى ئۇ باي ۋە رېئال پىسخولوگى-

① قامۇغ مېھنەت قوپۇب — ھەممە جەبرى ـ جاپا كۆتۈرۈلۈپ.
② چىرغالاڭ — راھەت ـ پاراغەت.
③ قەدەر — تەقدىر.
④ كۈچ كۆتۈردى — كۈچىنى سەپەرۋەر قىلدى.
⑤ روبئى مەسكۇن — يەر يۈزىنىڭ ئادەمزات ياشايدىغان قىسمى

يىگە ئىگە، ئۆزىگە خاس دەۋر روھى ۋە قەھرىمانلارغا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدىكى قەھرىمانلار ئاساسەن پەلسەپىلىك ۋەقە ھەم زىددىيەتلىرى ئارقىلىق ۋايىغا يەتسە لۈتفى ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار ئىجتىمائىي ۋەقەلىككە باغلانغان چىن مۇھەببەت — ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لىنىيەسىنى بويلاپ، «ئادىل» مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلەتنى قۇرۇش جەريانىدا رومانتىك تېندىنسىيەبىلەن ۋايىغا يېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، شەخسىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن باغلاپ، ئۇنى ماھىيەت جەھەتتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىش تېندىنسىيەسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا لۈتفىدىن باشلىنىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

داستاندا رومانتىزم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ روھ داستانىنىڭ ماۋزۇسىغىمۇ سىڭدۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا «گۈل ۋە نەۋرۇز» دەپ نام قويۇلغان. داستان قەھرىمانلىرىدىكى ئاساسىي بىر خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا خەلق داستانلىرىدىكى سىنكرېتىزم (ئارىلاشمىلىق ئامىللار) بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ داستان قەھرىمانلىرى چۈشىدە ئۆز دۆلەت تېررىتورىيەسىدىن ناھايىتى يىراقتىكى مەلىكە گۈلنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. دېۋە يولۋاسلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا خەلق داستانلىرىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، باش قەھرىمانلارنىڭ پورترېتى ۋە ئوبرازى ياردەمچى قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

بۇ داستان كومپوزىتسىيەسىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە پۇختىلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. كومپوزىتسىيە دېگەندە، ئەسەر ۋەقەلىكلىرىنىڭ ماھىرلىق بىلەن جاي - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋا-

يىق تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى، ئەسەردىكى بەدىئىي غايىنىڭ روشەنلىكى ۋە باشقا بىر مۇنچە ئامىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ بەدى-ئىي غايىسى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ سيۇژېت بۆلەكلىرى ئەنە شۇ غايىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەسەردە باش قەھرىمان گۈل بىلەن نەۋرۇز چىن خاقانلىقىدىن قاچقاندا، دېۋىلەر يۇرتىغا بېرىپ قالىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارنى يوقىتىپ بىر زاھىد بىلەن يولۇقۇپ قالىدۇ. بۇنى پۈتۈن سيۇژېت لىنىيىسىدىن ئايرىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن باغلاپ قارىغاندا، ئانچە مۇكەممەلدەك كۆرۈن-مەيدۇ ئەمما سىنچىلاپ قارىغاندا، دېۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىش ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ كېيىنكى قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئاسا-لاش، ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينىسا، زاھىد بىلەن ئۇچرىشىش شائىرنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتېزىم قاراشلىرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. زاھىدنىڭ ئاچكۆز، يالغانچى، بولاڭچىلىقى مۇنداق پاش قىلىنىدۇ:

غەرىبلەر چۈن يېدىلەر ماھەزەرنى ①
چۇشەيخ ئاگلاب ئىدى بارچە خەبەرنى.
قىياس ئۇستىندە باشلادى كەرامەت،
قىياسى يوق ئەتتى زوھدۇ تائەت. ②
ئۇزاتىپ قەلب سۆزلەرنى ③ بىر قۇر،
يەشىپ گۈلدىن قەبا ④ نەۋرۇزدىن قۇر. ⑤

---

① ماھەزەر — مەزە راسلانغان يېمەكلىك
② بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى—تەقۋادارلىق، تائەت - ئىبادەتتىن بىر تالاي سۆز ئاچتى.
③ قەلب سۆزلەرنى — يالغان سۆزلەرنى.
④ قەبا — چاپان.
⑤ قور — ئالتۇن كەمەر

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بارلىق پېرسوناژلار باشتىن ئاخىر ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي ھالىتى، ماھىيىتىنى يورۇتۇش، ئىچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەسەردە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋە بۇ مەر- كىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىلىرى بولغان خىلمۇخىل پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان مۇناسىۋەتسىز تەسۋىر ياكى سيۇژېت بۆلەكلىرى بولمايدۇ ۋە بولماسلىقى كېرەك. بۇ داستاندا ئەنە شۇ شەرتلەر ئورۇندالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ داستان سيۇژېتىدىكى بەدىئىيلىك- نىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تىل بەدىئىي ئەسەردە ئوبراز يارىتىشتا، ئاپتورنىڭ توپ ئىدىيىسىنى تولۇق ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان مۇھىم ۋە بىرىنچى- بىر ۋاستىلىك قورالدۇر. ئەسەرنىڭ شەكلىگە خاراكتېر، سيۇ- ژېت، كومپوزىتسىيە ۋە باشقا تۈرغۇنلىغان ئېلېمېنتلار كىرىدۇ. چۈنكى بەدىئىي ئەسەر ئەنە شۇ ئېلېمېنتلارسىز ۋۇجۇدقا چىقا- مايدۇ. ئەمما ئەسەرنىڭ ھەممە بۆلەكلىرى پەقەت تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنىڭ بەدىئىي ئەسەردىكى رولى چوڭ.

خاراكتېر بەدىئىي ئەسەردە ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەكلى بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېر پەقەت تىل ئارقىلىقلا يارىتىلىدۇ. ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ جەرياندا تىلنىڭ رولى يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېچىلىدۇ. شۇڭا تىل بەدىئىي ئەسەردە يالغۇز شەكىل بولۇپلا قالماي، بەلكى شەكىل يارىتىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ۋاستىسىدۇر.

داستان تىلىنىڭ خەلق تىلىغا يېقىنلىقى ۋە تىلىنىڭ تاۋلىنىپ، پىشىپ، كامالەتكە يەتكەنلىكى داستاندىكى خىلمۇخىل ئوبرازلارنى روشەن، جانلىق، ئېنىق، رەڭمۇ رەڭ تەسۋىر، ئېنىق ئوخشىتىش

جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق خاس روشەن گەۋدىلەندۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ داستاندا يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ ئېستېتىك تەسىرچانلىقى خېلى دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەر ئېسىدە ئۇزاق ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان.

لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى ھەقىقەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىمۇ زور رول ئوينىغان. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي لۇتفىغا «سۆز پادىشاھى» دەپ نام بەرگەنىدى.

شائىر لۇتفىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا خېلىلا سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىياتشۇناسلار ئا. ساموئىلوۋىچ، ئى. بېرتېلس، ھ. زارىپ، ۋ. زاھىدوۋ، ئە. روستەموۋ، ئە. ئەركىنوۋ قاتارلىق ئالىملارنىڭ لۇتفى ئىجادىيىتىگە بېغىشلىغان ئەمگەكلىرى باي ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى فانتىزىم ۋە سوفىزىم ئىللەتلىرىدىن خالى ئەمەس. لېكىن ماركسىستىك ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ تارىخىي نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئوغلى، ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان ئىجادىيەتچىسى ۋە ئالىمىدۇر.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. لۇتفىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
2. لۇتفىنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
3. «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا نېمىلەر تەسۋىرلەنگەن؟
4. گۇل ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭلار؟
5. نەۋرۇز ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭلار؟
6. «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ، قىسقىچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ چىقىڭلار؟

## IX باب. تۆمۆرىلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان بىر قىسىم شائىرلار

تۆمۆرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر — تۈركىي تىلى (چاغاتاي تىلى) دا كۆپلىگەن كىشىلەر ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانىدى. بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) دە مەلۇماتلار بېرىدۇ.

### 1 - §. ئەھمەد ھاجىبەگ

«مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ٧ مەجلىسىدە ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد ھاجىبەگ توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ:

«سۇلتان مالىك كاشغەرى كى زامانىنىڭ تەگدىشى يوق كىشى (...) ي ئىدى. ئۇ (ئەھمەد ھاجىبەگ — ئا) (ۋەپائى) دەپ تەخەللۇس قىلاتتى. ئەخلاقى گۈزەل، كۆڭۈللۈك ھەممىگە پىسەنت (قادىر) يىگىتتۇر، ئۇ خۇراساندا تەربىيە ئالغان، خۇراسانىڭ مەركىزى ھىراتتا 10 يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

سەمەرقەندتە بىر مەزگىل ھاكىم بولدى ۋە بىر قەرنە — (30 يىل) دىن بۇيان مۇستەقىل ئەمىرلىك ئورنى بىلەن پادىشاھ (سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا) گە نايىپ — ۋەكالىك قىلماقتا. ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ھەيۋەت - باھادىرلىقىنى ھەممە كىشى تونۇيدۇ ۋە تەسلىم (قايىل)

بولىدۇ. تەبىئىي غايەت گۈزەل نەزمىلەرگە كۆپ ساز سالىدۇ.

بۇ مەتلەئە ئۇنىڭدۇركى:

مەتلەئە

گىرىفتى جانىمەن ئەزتەن بىزولفى پۇرۇشكەن بەستى.
كۇشادى پەردە ئەز رۇخسارى خىش چۈشمە بەستى.

(ئەي سۆيۈملۈك! مېنىڭ جېنىمنى تېنىمدىن ئېلىپ بۇدۇر چېچىڭغا باغلىۋالدىڭ.

ئۆزۈڭنىڭ يۈزۈڭ ـ جامالىڭدىن پەردىنى ئېچىپ كۆزۈمنى باغلىۋالدىڭ①)».

يۇقىرىقى كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن بىز ئەھمەد ھاجىبەگنى كامىل دۆلەت ئەربابى، مۇزىكانت ۋە ئۇيغۇر، پارس تىلىدا شېئىر يازالايدىغان شائىر سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. «مەجالىسۇن نەفائىس» I مەجلىسىدە مەۋلانە زامانى توغرىسىدا توختالغاندا، نەۋائىي يەنە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«مەۋلانە زامانى، مەۋلانە مۇھەممەتنىڭ ئوغلى. «ۋاپائىي» تەخەللۇسى بار ئىدى. نەۋائىي ئۇنىڭ تەخەللۇسىنى «زامانى» قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن.

سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئۇ سۇلتان بەدىئۇز زامانىنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. ئىككىنچىدىن، ھاجى ئەھمەد بەگنىڭمۇ تەخەللۇسى «ۋاپائىي» بولۇپ، دىۋانىمۇ بار ئىدى»②

ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ يىرىك شائىرى ئىكەنلىكىنى زاھىرىدىن بابۇرنىڭ تۆۋەندىكى مەلۇماتىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

«يەنە بىرى، ئەھمەد ھاجىبەگ ئىدى، سۇلتان مالىك قەشقەرىنىڭ ئەنلى ئىدى. ھىرى (ھىرات) ھۆكۈمىتىنى سۇلتان

---

① «مەجالىسۇن نەفائىس»، تىن.

② «مەجالىسۇن نەفائىس»، تىن.

ئابدۇسەيىد مىرزا ئىچە (ئەچچە) مەھەل مۇڭا (ئۇنىڭغا) ھەرىپ ئىدى (تاپشۇرغان ئىدى) جانىبەگ (ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ كىچىكدادىسى — ئا)ئۆلگەندىن سوڭ، ئەنىڭ مۆچەسىنى (ئۆلۈشىنى) ھەرىپ سەمەرقەندكە ئىبەردى. خۇش تەپ ۋە مەردانە كىشى ئىدى ۋاپائى، تەخەللۇس قىلۇر ئىدى. ساھىپ دىۋان ئەردى. شېئىرى يامان ئەمەس ئىدى... بۇ بېيىت ئەنىڭدۇركىم:

مەستەم، ئەي مۇختەسىپ، ئىمرۇززى مەن دەست بىدار،
ئىختىسابەم بىكۇن روزكى يابى ھۇشيار.
(ئەي مۇختەسىپ، مەستمەن، بۈگۈن مېنىڭدىن قولۇڭنى تارت، قاچانكى خۇشيار تاپساڭ شۇ كۈن تەكشۈر.①)
دېمەك، ئەھمەد ھاجىبەگ ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق دۆلەت ئەربابىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىدە بەلگىلىك «دىۋان» غا ئىگە بولغان مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى ئىكەن. ئەپسۇسكى، بىز تېخىچە ئۇنىڭ «دىۋانى» غا ئىگە بولالمىدۇق.

XV ئەسىر تارىخ ماتېرىياللىرىدىن بىزگە سەئىددىن قەشقەرى، سۇلتان مالىك قەشقەرى، جانىبەگ دولداي، غىياس-دىن باخشى (ئەۋائىنىڭ دادىسى) مۇھەممەد دولداي (ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى)، شاھقۇلى ئۇيغۇر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ناملىرى مەلۇم.

## §-2. سۇلتان مالىك قەشقەرى

بۇ ئادەم توغرىلىق «مەجالىسۇن نەفائىس» تا ئېيتىلغان «ئۇ ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دادىسى ئىدى» ۋە «سۇلتان مالىك قەشقەرى كى زامانىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى ئىدى» دېگەن

① «بابىرنامە» ئۆزبېكچە 77 - بەت.

سۆزدىن باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە قارىغاندا، سۇلتان مالىك قەشقەرى ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىلگەن شائىرى، داڭلىق ئالىمى بولسا كېرەك.

### 3-§. سەئىددىن قەشقەرى

بۇ ئادەمنى ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «خەمسەتۇل- مۇتەھەييىرىن» دېگەن ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپ — سوفىزىمنىڭ چوڭ ئەربابى سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتىدۇ:

«ھەزرەت قۇتبى تەرىقەت ۋەغەۋسى ھەقىقي مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرىكىم (نەقشىبەندىيا) خوجالەرى سىلسىلەسىنىڭ ئول زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرىشىد ۋە خەلىفەسى ئىدى...»①

ھىراتتا نەقشىبەندىيا، سوفىزم سۇلوكىگە رەھبەرلىك قىلغان مۇرشىد سەئىددىن قەشقەرىگە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇراخمان جامىمۇ مۇرىد ئىدى. كېيىن ئۇ سەئىددىن قەشقەرىگە كۈيئوغۇل بولغان، بۇ پاكىتلار سەئىددىن قەشقەرىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 4-§. شاھ قۇلى ئۇيغۇر

بۇ ئادەم توغرىلىق «مەجالىسۇن نەفائىس» تا مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ:

«شاھ قۇلى ئۇيغۇر ياش چېغىدا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن

---

①«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 55 - بەت، ئالمۇتا، 1983 - يىل

بىلىمىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆردى. لېكىن ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەركە بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچقايسىدىن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىن ئورۇق-تۇغقان ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبىدىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىر ژانىرىدىن «مۇئەمما» ژانىرىدا يېزىشتا غەلىبە قازىنىپ، ئاتا-ئانىسى ۋە ئورۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى.

ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»تا تۈركىي تىلىدا شېئىر يازغان قەلەندەر، يەقىنى، مۇقىمى، كامالى، لەتىپى، پەھلىۋان ھۈسەيىن، مەۋلانە ھىلال، مىرسەيىد، مۇھەممەت ئىبلى، مىرزا بەگ، شۇ زامانىنىڭ داڭلىق شائىرى ۋە ئالىمى سەيىد ھۈسەيىن ئەردەشىر، مەۋلانە ئاشىقى، شەۋقى، گادايى قاتارلىقلارنى ساناپ كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئالىدۇ.

بۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا بولغان زور ئەدەبىي تەسىرىنى شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، تۆمۈرىلەر خاندانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خەلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بايقارا مىرزا، شاھ غەرىپ مىرزا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر-تۈركىي تىلىدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ ئۇيغۇر-تۈركىي تىلىدا شېئىر يازاتتى. نەۋائى ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئىسىملار زىكرى قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئالغان «مەجالىسۇن نەفائىس»تا ھۈسەيىن بايقارا شېئىرىغا مەخسۇس باب ئېچىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇنى كەڭ تونۇشتۇرىدۇ. ھەتتا ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۇيغۇر-تۈركىي تىلدا يېزىلغان «ھۈسەيىن» تەخەللۇسلۇق شېئىرىي دىۋانى بولغانلىقى مەلۇم.

يۇقىرىقىلاردىن تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى تۈركىي تىلىنىڭ (چاغاتاي تىلىنىڭ) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئەھمەد ھاجىبەگ، سۇلتان مالىك قەشقەرىلەر توغرىسىدا قانداق مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. سەئىددىن قەشقەرى ۋە شاھ قۇلى ئۇيغۇر توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىۋالغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

## X-باب. يۇسۇپ ئەمىرى، ئەھمەدى ۋە يەقىنىلەرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى

### 1-§. يۇسۇپ ئەمىرى، ئەھمەدى ۋە يەقىنىلەرنىڭ ياشىغان دەۋرى ھەم ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى

XV ئەسىردىكى رېئالىستىك ئۇيغۇر-چاغاتاي ئەدەبىيا-تىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى ۋە يېتىلىق ياراتقۇچىلىرى ئىچىدە يۇسۇپ ئەمىرى، ئەھمەدى ۋە يەقىنىلەر ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

يۇسۇپ ئەمىرى ئۆز ئۆمرىنى تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇھ مىرزا دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بايسۇن-قۇر (1434-يىلى ۋاپات بولغان) ھامىيلىقىدا ئۆتكۈزگەن. ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تە ئۇنى «تۈرك ئەردى ۋە تۈرك-چە شېئىرى ياخشى ۋەقەئە بولۇپتۇر» دەپ يازغانىدى. دۆلەت شاھ سەمەرقەندى «تەزكىرە تۇششۇئارا» (شائىرلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسىرىدە ئۇ «شاھرۇھ دەۋرىدە كاتتا شۆھرەت قازاندى» دەپ يازغاندى. يۇسۇپ ئەمىر ئۆزىنىڭ «راھنامە» (ئون نامە) ناملىق لىرىك داستانىدا بايسۇنقۇر مىرزىنى مەدھىيلەپ:

«بۇ سۇلتان سەيىدى يەتكۈردى قاناتىم،
كى پەرۋاز ئەتتىمۇ بىلگۈردى ئاتىم.

بۇ خۇرشىد ئالدى ئىھسان سايەسىدە،
كىم ئىلىم ئەتتى سالمان پايەسىدە»

دىپ، ئۆز ھامىيسىنىڭ غەمخورلۇقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۆتكەن.

ئەھمەدى ۋە يەقىنىلەر گەرچە تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتى ھامىيلىقىغا مۇيەسسەر بولمىسىمۇ، شۇ زاماندا ياشاپ، ئەينى زامان ئىللەتلىرىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىچىپ تاشلاشتا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ «دىۋان ئەمىرى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ غەزەل، تۇيۇق، قەسىدە، تەرجىبەند قاتارلىق ژانىرلاردا يېزىلغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دىۋان ئىستانبۇل دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ «راھنامە» ناملىق لىرىك داستانى بىلەن «بەڭ ۋە چاغىر» (مەي بىلەن مەجۇن) ناملىق ھەجۋىي ئەسىر ژانىرىدىكى ئەسىرىنىڭ XV ئەسىردىكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئەھمەدى «رۇد جامەنىڭ ئاراسىدا مۇنازىرە ۋە مۇباھەسە» (سازلار مۇنازىرىسى) ناملىق ئەسىرىنى ئارۇز شېئىرىيىتىنىڭ رەمەلى مۇسەددەس مەھفۇز (فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن) ۋەزنىدە يازغان.

يەقىنى «ئوق ۋە يا» ناملىق ئەسىرىنى نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ XV ئەسىردىكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

شۇنى تىلغا ئېلىش زۆرۈركى، يۈسۈپ ئەمىرى، ئەھمەدى ۋە يەقىنىنىڭ «بەڭ ۋە چاغىر»، «رۇد جامەنىڭ ئاراسىدا مۇنازىرە ۋە مۇباھەسە»، «ئوق ۋە يا» قاتارلىق مۇنازىرە ژانىرىدىكى

شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرى رېئالىستىك ساتىرىنىڭ ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى يېڭى نەمۇنىسىنى يارىتىپ، كۈچلۈك تەسىر
قوزغىدى. مۇنازىرە ژانىرىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە ئىپادىلەش
ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋر
تېماتىكىسىنى ۋە ئاكتۇئال دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈردى. مە-
لۇمكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق
كىتابىدا ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر شائىرنىڭ يازما ئەدەبىيات
شەكلىدە يازغان «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» ھەققىدىكى
ئەسىرىدىن 20 كۇپلېت بېرىلگەنىدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە ژانىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا بار-
لىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2-§. يۇسۇپ ئەمىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى

يۇسۇپ ئەمىرىنىڭ «دىۋان ئەمىرى» توپلىمىدىكى شې-
ئىرلىرىدىن باشقا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى
«راھنامە» (ئون نامە) ۋە «بەڭ ۋە چاغىر» ناملىق مۇنازىرە
ژانىرىدىكى ساتىرىك پروزىسىدىن ئىبارەت.

«راھنامە» ئىشقى مەزمۇنىدىكى ئون پارچە مەكتۇپ بو-
لۇپ، 1429-يىلى يېزىلغان، ئىشقى مەكتۇپنامە ژانىرىنىڭ
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يىرىك ۋەكىلى مۇھەممەد خارەزمىنىڭ
1353-يىلى يازغان 11 پارچە ئىشقى مەكتۇپنامىسى «مۇھەب-
بەتنامە» دىن ئىبارەت ئىدى. «مۇھەببەتنامە» نىڭ مەيدانغا
كېلىشى مەكتۇپنامە ژانىرىنىڭ يېڭى ئۇتۇقلىرىغا ئىلھام بولدى.
نەتىجىدە سەئىد ئەھمەد «تەئەششۇقنامە»، خوجەند «لاتاپەتنا-
مە» قاتارلىق ئىشقى مەكتۇپنامىلەرنى يېزىشتى.

«راھنامە» 30 — 36 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان ئون پارچە ئىشقى مەكتۇپنامە بولۇپ، ئۆز پېشىۋالىرىنىڭ يالغۇز ئاشىق تىلىدىن يازغان ئىشقى مەكتۇپلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرى شەكلىدە يېزىلدى. ئەسەردە ئاشىق ۋە ئۇنىڭ مەشۇقى ئۆزئارا خەت يېزىشىدۇ، ئۇچرىشىدۇ، دىئالوگ شەكلىدە سۆھبەتلىشىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئەسەر لىرىك ـ ئېپىك خاراكتېر ئالىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىشقى ـ مۇھەببەت داستانلىرىغا قەدەم قويۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

«بەگ ۋە چاغىر» ناملىق ساتىرىك پروزىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

بىر كۈنى ئۇ يالغۇزچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ، دوستلىرىنى ئەسلەپ باغ سەيلىسى قىلىدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىشنى ئىستەيدۇ. بىراق ئۇ باغدىكى بىر توپ غەمسىز، رەزىل ئىشرەتچىلەر ئەنجۇمەنىگە دۇچ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ يەردە سوپى قىياپەتلىك بەگ بىلەن ياش يىگىت چاغىر مۇنازىرىلەشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىنى مەست، بىخۇت قىلىپ، ئەقلى ـ ھۇشىدىن جۇدا قىلىشتىكى كارامەتلىرىنى ماختىشىپ، بارغانسېرى تەكەببۇرانە لاپ ئېتىشقا چۈشكەنىدى. ئەسەر ئەڭ ئاخىرىدا بال (ھەسەل) نىڭ بەگ ۋە چاغىرنى يېڭىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مۇئەللىپ بىر تەرەپتىن كىشى ئەقلىنى بۇزۇپ، جىسمانىي ھاياتىغا خەتەر يەتكۈزىدىغان زەھەرلىك ئىچىملىك ۋەچېكىملىكنى سۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشرەتپەرەسلىك، ماختانچاقلىق، تەكەببۇرلۇقنى قاتتىق قامچىلايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئەقىل چىرىغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر خىل زۇلمەتلىك ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىدۇ. ئەسەر ئاددىي، چۈشىنىشلىك

ئۇيغۇر تىلى ۋە خەلق ئىبارىسى بىلەن يېزىلغان.

## 3 - §. ئەھمەدىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى

شائىر ئەھمەدى «سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى زاماندىكى لاپچى، ماختانچاق ۋە خۇدبىن كىشىلەرنى مەجازى شەكلىدە مەسخىرە قىلىدۇ.

ئەسەر بىر كىچىدىكى مەيخانە (خارابات) گە توپلاشقان مەيخورلارنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق باشلىنىپ، تاڭ ئاتقاندا، مۇنازىرە ئەھلىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شائىر مەيخانىدا مەيخورلار يىغىلىشىنى باشقۇرغان پىرنىڭ ئۆزى مەست بولۇپ، ئارقىدىن باشقا مەيخورلار مەست بولۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار چالغان ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزگىنى چۈشۈرۈپ مۇنازىرە قىلغانلىقىدىن باشلىنىدۇ.

مۇنازىرە خۇدبىن، تەكەببۇر، ماختانچاق، مەنمەنچى تەنبۇر تەرىپىدىن قوزغىلىپ، 17 باب ھەجىمدە داۋام قىلىدۇ.

مۇنازىرىگە ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى تەمبۇر، چاڭ، ناغرا، كوبۇز، ياتوغان، راۋاپ، غىجەك، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتنىشىدۇ، ھەربىر چالغۇغا خاس خاراكتېر بېرىلىدۇ.

ئاخىر تەمبۇر تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن سازلار غەزەپتىن چىدالماي پىرنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ، پىر ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلار ئىتتىپاقلىشىدۇ، شۇ چاغدا تاڭ ئاتىدۇ. بۇنى ئەھمەدى:

«سۇبھى سەھەر ئاچتى سەبا يېلىنى،
سۇردى خوتەن خانى ھەبەش ئېلىنى»

دېگەن گۈزەل مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئەسەر خەلق تىلىغا يېقىن، خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىغا يېقىن يېزىلغان.

### 4 - §. يەقىنىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى

يەقىنىنىڭ «ئوق ۋە يا» ناملىق مۇنازىرە ژانىرىدىكى ساتىرىك نەسرىي ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇز نامە» ئېپوسىنىڭ تەسىرىدە، ئەينى زامان تۆرىلەر ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاددىي خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلەش ئارزۇسىدا يېزىلغان.

ئەسەر مۇنداق ھېكايە قىلىنغان:

بىرقانچە ياش ئوقياچىلار شەھەر سىرتىدا ئەنجۈمەن قىلىپ ئولتۇرغاندا، تۈركىستاندىن ئىككى ناتونۇش كىشى كېرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بەللىرى ئىگىلگەن چال — يا، يەنە بىرى قەددى - قامەتلىك يىگىت — ئوق ئىدى. توپلاشقانلار چالنى ئوڭ تەرەپكە، يىگىتنى سول تەرەپكە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن «ئوق» — يىگىت ئوڭ تەرەپتىن كەلگەنمەن دەپ ئوڭغا ئولتۇرىدۇ. بۇ ئىش «يا» چالنى غەزەپكە كەلتۈرىدۇ. چال بارلاس قەبىلىسىدىن بولغان كىرىچكە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئوق بىز بىر قەبىلىغۇ دەپ بارلاس كىرىچنىڭ تەكلىپى بىلەن خىزمەتكە كىرىدۇ. كىم بىلسۇن، كىرىچ ئوقنى ياغا سېلىپ قىپقىزىل قان ۋە قاپقارا يەر قەھرىگە ئېتىۋېتىدۇ، يەنە يا بىلەن كىرىچ بىللە قالىدۇ.

يەقىنى ئۆز ئەسىرىدە بارلاس قەبىلىسىدىن بولغان تۆ-

مۇرىلەر زېمىندارلىرىنىڭ ھەربىي تارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ خەلقنى ئەزگەنلىكىنى، قەبىلە ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ ئەينى زامان رېئاللىقى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە شەخسەن يەقىننى ئۆزىنىڭمۇ سەرگۈزەشتى ئىدى. ئۇ ئەسەردە: كىم يادەك ئەگرى بولسا، پادىشاھلار يېنىدىن يىراققا كەتمەس، كىم ئوقتەك تۈز بولسا، يەقىنىدەك يىراققا تاشلىنىدۇ دېگەن تېنىدىنسىلىك پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئەسەر مەنسەپپەرەستلىك، ئادالەتسىزلىك، ئالدامچىلىق ۋە ھىيلىگەرلىكنى پاش قىلىپ، رېئال ئىجتىمائىي قىممەت ياراتقان.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1 - يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭلار؟

2. ئەھمەدنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭلار؟

3. يەقىنىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا قانداق مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

# XI باب ئەلىشىر نەۋائى

## 1501 —(1441)

### 1 - §. نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

«ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى تارىخ ئۇلۇغ كىشىلەر دەپ ھېسابلايدۇ ①» بۇ باھا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلققە بېغىشلىغان نەۋائى ئىجادىيىتىگىمۇ تەئەللۇق، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئۇ قاراڭغۇ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئاستىدا خەلققە بېغىشلىغان پۈتۈن ھاياتىنى مۇنداق خۇلاسىلىگەنىدى:

يۈز جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم.

ئەلىشىر نەۋائى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت جەريانىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان، ئۆز دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللەپ - ياشناپ كۆكلە تولۇپ، تەرەققىي قىلىشىغا ئاكتىپ ھالدا ياردەم

① «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 1-توم، 429-بەت.



ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائى

ھاياتىنى سەرپ قىلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىردۇر. نەۋائى بىلەن زاماندىش (XV ئەسىردە ئۆتكەن) مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىيە» ناملىق كىتابىدا: نەۋائى «ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى ①» دەيدۇ. موللا ئىسمەتۇللانىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدا نەۋائىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «ئەمىر نىزامىدىن ئىدى» دېيىل-

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى» دە: نەۋائى «ئەسلى بەيەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست، پەدەرى ئۇراكىچىككىنە بەخشى، مىگوفتەند مەردى بۇد ئەلئەرەسم» دېگەنىدى.

گەن. بۇ مەلۇماتنى «ئا. ن. سېمېنوۋ، توغان (ئە. ز. ۋەلىدى)، سۇلتانوۋ (ئىززەت سۇلتان ئەسەرلىرى، تاشكەنت 1973. نەۋائىنىڭ قەلب دەپتەرى، 28-بەت) ۋە باشقىلارمۇ تەكىتلەپ ئۆتىدۇ ①».

دېمەك «ئەلىشىر نەۋائى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئۇيغۇر شائىرى» ھېسابلاندى ②...

نەۋائى مۇشۇ دەۋردە خوراساننىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان ھىراتتا تۇغۇلغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ 12 — 13 ياشلىرىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، بابۇرشاھ ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان ۋە 15 يېشىدىن باشلاپ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە بابۇر شاھنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىغا قاچان كىرىشكەنلىكى توغرىسىدا نەۋائىشۇناسلار ئارىسىدا تالاش-تارتىش بار. نەۋائى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە لۇتفىنى ئۇستاز تۇتىدۇ.

نەۋائىنىڭ زامانىدىشى تارىخچى خاندىمىرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ لۇتفىنى ھاياجانغا سالغان شېئىرى مۇنداق باشلىنىدۇ:

«ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بويلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش»

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 57-بەت، 1983-يىل نەشرى، ئالمۇتا پەن نەشرىياتى.

② ئېخسنوۋ، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرى» - «سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر»، توپلام، 1983-يىل، قازاق س س ر پەن نەشرىياتى، روسچە، 186-بەت.

يۇقىرىقى غەزەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت غەزەل شائىرنىڭ 15—16 ياش ۋاقىتلىرىدا يېزىلغان. 15—16 يېشىدىلا شائىر بولۇپ تونۇلغان ئەلىشىرنى ئوبۇلقاسىم بابۇر ياخشى كۆرەتتى. 1456-يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر مەشھەدكە ماڭدى. ئۇنىڭ سارىيىدا ھۆسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان نەۋائىمۇ مەشھەدكە كېلىپ، ئوقۇشنى بىللە داۋاملاشتۇردى. 1457-يىلى ئوبۇلقاسىم ۋاپات بولدى. تەخت كويىدا يۈرگەن ھۆسەيىن بايقارا مەرۋىگە كېلىپ كۈچ توپلايدۇ.

لېكىن نەۋائى مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا مەنتىق (لوگىكا)، پەلسەپە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى بولۇپمۇ، فىردەۋسى، نىزامى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئاتايى، لۇتفى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى، بۇ چاغدا ئۇ ھەم تۈركىي، ھەم پارس-تاجىك تىلى بىلەن بىرنەچچە شېئىر يازدى. ئۇ ھەر ئىككى تىلدا گۈزەل شېئىر يازغىنى ئۈچۈن «زۇللى سانايىن» (ئىككى تىل ئىگىسى) نامى بىلەن شۆھرەت قازاندى.

بۇ جەرياندا ئۇ سەيىد ھەسەن ئەردەشىر، كامال تۇرباتى، مەۋلانە مۇئاممايى قاتارلىق شائىرلار بىلەن تونۇشتى. بۇلار نەۋائى ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كېيىن يازغان «ھالەتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر» دېگەن ئەسىرى ئاشۇ تەسىراتلار نەتىجىسىدە يېزىلغان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

نەۋائى 18 - 19 ياشلىرىدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچىسى سەئىددىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى ئابدۇراخمان جامى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ، جامى بولسا ئۇنى شاگىرت قىلىپ ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى بىر ئۆمۈر بىر-بىرىنىڭ ئىجادىغا ھەمدەم بولۇپ تارىخىي خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ.

ناۋايى مەشھەددىن قايتىپ كېلىپ، ئەبۇسېيىد سارىيىغا خىزمەتكە كىردى. ئەبۇسېيىد 1459-يىلى ھىرات تەختىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ ئىستىبدات ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇلۇغبەگ ئائىلە ئەزالىرى ھەم ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ ۋەھشىي قاتىلى بولغانىدى. ئەبۇسېيىد كۆرۈنۈشتە ھىرات ھاكىمى بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقى دىنىي نىقاپقا ئورنىۋالغان چوڭ پومېشچىك ۋە سوپىلارنىڭ مۇرشىدى ئەكسىيەتچى خوجا ئەقرارنىڭ قولىدا ئىدى. ئەبۇسېيىد ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئىچكى جەھەتتە خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، تاشقى جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنىڭ بېشىغا تۈگىمەس بالارقازالار ئېلىپ كەلگەنىدى. نەۋائى ئەبۇسېيىدنىڭ بۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىدى.

ئۇنىڭ بىرى مەشھەدتىكى ئۇستازى ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان شېئىردىي خېتى «ھەسبى ھال» (ھال-ئەھۋال بايانى) دا ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىرى، خاندىمىرنىڭ ئېيتىشى بويىچە، يېزىدىن ئەبۇسېيىد ئوردىسىغا ئەرز ئېيتىپ كەلگەن، لېكىن ئوردىغا كىرەلمەي، كوچىدا تېنەپ، قان يۇتۇپ يۈرگەن يۈسۈپ دېگەن دېھقانغا قاراپ يازغان شېئىردا ئىپادىلەنگەنىدى:

گەداكى نان ئەزدەرى شاھ جۇست،
بى بلايادزى ئابى خۇدەش دەست شۇست.
(پادىشاھنىڭ ئىشىكىدىن نان تىلىگەن گادايى،
ئۆز سۆيىدىن قولىنى ژۇيمىغى (ھەممە نەرسىدىن
ئۈمىدىنى ئۈزمىكى) لازىم).

بۇ ئەبۇسەيد ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن چىقىرىلغان قىسقىچە
خۇلاسە ئىدى. نەۋائىينىڭ مۇنداق كەسكىن قارشىلىقىنى ئەبۇ-
سەيد بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىينى ئۆز تەختىنىڭ دۈش-
مىنى ۋە مەرۋىدىكى ھۆسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى، مەسلەك-
دىشى دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبۇسەيد ئىستىبداتىغا
قارشى، خۇراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، خارەزىم، بەدەخشان
قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ بولۇپ
قان تۆكۈلدى. بەدەخشان قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدە نەۋائىينىڭ
تاغىلىرى قابۇلى، غېرىبى دېگەن شائىرلارمۇ بار ئىدى. بۇلار
ئەبۇسەيد ئۈچۈن نەۋائىينى جازالاش چوڭ پاكىتىغا ئايلاندى-
دە، نەۋائىينىڭ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ
شائىرنى سەمەرقەندكە سۈرگۈن قىلدى. نەۋائىي سەمەرقەندكە
بارغاندىن كېيىن، ئالدىغا يولۇققان ھەرقانداق ماددىي قىيىن-
چىلىقنى يېڭىپ، ماۋەرە ئۇننەھرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مە-
دەنىيەت مەركىزىي بولغان سەمەرقەندنىڭ ئىلمىي ئاتموسفې-
راسىدىن نەپەس ئالدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن
تېزلا سەمەرقەند ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئابروي قازاندى.
نەتىجىدە سەمەرقەند مەدرىسىدە ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى
فەزلۇللاھ ئەبۇلەيسنىڭ تەلىمىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ
ئالىم شائىرنى ئۆز ئوغلى ئورنىدا كۆرەتتى. ئەبۇلەيس سەمەر-
قەندنىڭ مەشھۇر ھوقۇقشۇناسى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر كې-
يىنكى يىللارنىڭ ئەبۇ ئەنىفە ① سى دەيتتى. نەۋائىي «مەجا-
لىسۇن نەفائىس» تە: «مەن ئىككى يىل ئۇنىڭ قېشىدا دەرس
ئوقۇدۇم، ئۇ ماڭا شۇنچىلىك كۆڭۈل قويغان ئىدىكى، مېنى
پەرزەنتىم دەپ ئاتايتتى» دەپ ئەسلەيدۇ.

ئۇلۇغبەگ ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن

① ئەبۇ ئەنىفە — شەرقنىڭ مەشھۇر ئالىمى.

كېيىن، سەمەرقەندنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ئاتموس-
فېراسى بەلگىلىك پەسەيگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ماۋارە ئۇننە-
ھرنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزىي بولۇپ
قېلىۋەردى. پەرغانە، تاشكەنت، بۇخارا، ھەتتا ھىراتتىن نۇر-
غۇنلىغان ئادەملەر سەمەرقەندكە كېلىپ ئوقۇيتتى.

بۇ چاغدا سەمەرقەندتە مىرزا خوجا سوغدى، سەيىد قۇ-
تۇپ سەمەرقەندى، يۈسۈپ سافايى، شەيخ سۇھەيلى قاتار-
لىق شائىر، ئالىملار بار ئىدى. ئەلىشىر نەۋائى بۇلار بىلەن فەز-
لۇللاھ ئەبۇلەيس ۋە ئۇلۇغ شاشى قاتارلىق ئالىملارنىڭ دەرس-
لىرىنى ئاڭلاشقا، ئەدەبىي مۇشائىرىلەرگە، ساۋاقداشلىرىنىڭ شېئ-
ئىرلىرىنى مۇنازىرە قىلىش يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشاتتى. سە-
مەرقەندنىڭ بۇ ئىلمىي ئاتموسفېراسى بولۇپمۇ ئۇلۇغبەگ مەد-
رىسىسى شائىرنىڭ ئۆسۈشىگە چوڭ تۈرتكە بولدى، ئىجادىيە-
تىنى باي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ناۋايىنىڭ بۇ دەۋرى
ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇ بىلىم جەھەتتىن
يۈكسەلدى. ئىجادىيەت جەھەتتىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى.
نەۋائى بۇ دەۋردە سەمەرقەند ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگىمۇ
كۆپ تەسىر قالدۇردى.

ئۇنىڭ بۇ جايدا قىلغان چوڭ ئىشلىرىدىن بىرى شۇكى،
بۇ مەزگىلدە پۈتۈن زېمىندە ھۆكۈمران تىل بولغان تاجىك-پارس
تىلى ئورنىغا ئۇنى كەمستىمگەن ھالدا ئۆز ئانا تىلى — تۈركىي
تىلدا ئەسەر يېزىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى-ئەدەبىياتىنى
يارىتىش، خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش، ئېگىنى ئۆس-
تۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش،
ئۇنى خەلق مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بۇ
ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ۋە خەلق مەنىۋى ھاياتىدىكى زور ئىج-
تىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلە ئىدى.

نەۋائىنىڭ سەمەرقەندتىكى مەنىلىك ھاياتى ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى ۋە كەلگۈسى ئىجادىيىتىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ مەسلەكداش دوستلىرىنى زادى ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇنىڭ ھۆسەيىن بايقارا زامانىدا باشلانغان ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە تارىخچى ئابدۇرازاق سەمەرقەندى، دۆلەت شاھ، مۇھەممەت ئالىم سەمەرقەندى ۋە مۇزىكا ئۇستازى دەرۋىش ئەھمەد سەمەرقەندىلەرگە ھامىيلىق قىلدى. كېيىنچىرەك فەزلۇللاھ ئەبۇلەيسنىڭ ئوغۇللىرىدىن خوجا خۇخاند ئەبۇلەيس ۋە خوجا ئابدۇللا قەيۇم ئەبۇلەيس ھەمدە ئەبۇ مۆمىنگە ئوخشاش ياشلار ھىراتقا كېلىپ، نەۋائىنىڭ ھېمايىسى ئاستىدا تەلىم - تەربىيە ئالدى.

ناۋايى سەمەرقەندتىكى چېغىدا ماۋارە ئۇننەھرنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتىنى ئۆگىنىش، كېلىچەكتە دۆلەتنىڭ سۇ مەسلىسىنى ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى.

خۇراساندا ئەبۇسېيىدنىڭ سىرتقا كېڭىيىش سىياسىتى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلەتتى. ئەبۇسېيىدنىڭ غەربىي ئىرانىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان يۈرۈشى 1469-يىلى مەغلۇپ بولدى. ئۆزى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ھۆسەيىن بايقارا ھىراتقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ 1469-يىلى يۇقىرىقى قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خۇراساننىڭ مەركىزى ھىراتقا بېسىپ كىرىپ تەختىنى ئىگىلەپ، خۇراسان ھۆكۈمدارىغا ئايلاندى. شۇ يىلى 4-مايدا ئەلىشىر ناۋايى ھىراتقا قايتىپ كەلدى.

ھۆسەيىن بايقاراغا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاش، ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نەۋائىدەك نوپۇزلۇق، تەدبىرلىك ئادەملەر ئىنتايىن لازىم ئىدى. شۇڭا ھۆسەيىن بايقارا نەۋائىنىڭ ھىراتقا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى

چاقىرىپ، ئوردىنىڭ مۆھۈرىدارى قىلدى. بۇ نەۋائىينىڭ سىياسىي پائالىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. نەۋائىي ھۆسەيىن بايقارا دۆلىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە، بۆلۈنۈشتىن مەركەزلىششكە قاراپ يۈزلىنىشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

ھۆسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ پىكرىگە ئاساسەن خەلققە زۇلۇم سالغان ئەمەلدارلارنى ئىشتىن بوشىتىپ، خەلق ئۈستىدىكى سېلىقلارنى ئازايتتى. نەۋائىينىڭ بايقارا ھاكىمىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمى ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويىنى ئۆستۈردى. نەۋائىي ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، شۇ چاقىچە توپلانغان باي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۆھۈردارلىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. لېكىن بايقارا بۇ دانىشمەن، تەدبىرلىك كىشىنى ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرسە بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەستىن 1472 - يىلى ئەلىشىر نەۋائىينى دۆلەتنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. ئۇ بۇ دەۋردە بايقارا ئوغۇللىرىنىڭ تەخت جېدەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بايقارا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ تۇراقلاشتۇردى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، جەمئىيەت بايلىقىنى كۆپەيتىش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن جىددىي كۈرەش ئېلىپ باردى.

نەۋائىينىڭ ئۆزىمۇ چوڭ بىر مۇلۇكدار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار كۆزقارىشى بىلەن باشقا مۇلۇكدارلارغا ئوخشىمايتتى. نەۋائىي بۇ چاغدا خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە بېيىتىش ئۈچۈن، ئۆز تەراپىغا ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىملىرى، ئەدىبلىرى، سەنئەتكارلىرىنى يىغىپ تەشكىللەپ، تەشكىللىك ئىش ئېلىپ باردى. نەۋائىينىڭ بۇ ئىشلىرىنى شۇ زامانىنىڭ ئەڭ

ئىلغار كىشىلىرىدىن بولغان ئابدۇراخمان جامى، سېيىد ھەسەن ئەردەشىر قاتارلىق كىشىلەر قوللاپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. بۇ چاغدا نەۋائى ئەتراپىغا تىلشۇناس ئالىملاردىن سەيىپىدىن ئەھمەد، شەيىخ ھۈسەيىن، ئەدەبىياتشۇناسلاردىن دۆلەت شاھ، سەيپى بۇخارى، شەمشىدىن مۇھەممەد بەدەخشايى، كامالىدىن ھۈسەيىن، تىببىي ئالىملاردىن دەرۋىش ئەلى، تارىخچىلاردىن مىرخەند خاندىمىر، كالىلىگرافلار (ھۆسنىخەت يازغۇچىلار) دىن سۇلتان ئەلى مەشھەدى، ئابدۇجامال؛ كاتىپ، رەسساملاردىن شەرقنىڭ رافائىلى دەپ ئاتالغان رەسسام بىھزادە، شاھ مۇزەپپەر؛ كومپوزىتورلاردىن غۇلام شاھىدى، سازەندىلەردىن خوجا ئابدۇللا مەرۋى، قۇل مۇھەممەد ئۇيدى، شەيىخ نەۋائى، ھۈسەيىن ئۇيدى قاتارلىقلار؛ شائىرلاردىن شەيىخ سۇھەيلى، گادايى، باباشورىدا قاتارلىق ئۇنلىغان كىشىلەر بار ئىدى (بۇلار «مەجالىسۇن نەفائىس» تا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان). نەۋائى بۇ زور تەشكىلىي مەرىپەتچىلەر بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىپ، XV ئەسىر پەن، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنى گۈللەندۈرۈپ تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

نەۋائى خەلق مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، شەخسى ئىقتىسادى بىلەن «خالاسىيە» خانىقاسىنى قۇردى. سەنئەتكارلار ئىجادىغا ماددىي جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلغاندىن تاشقىرى يەنە بىۋاسىتە قول سېلىپ ياردەم قىلاتتى.

نەۋائىنىڭ مۇنداق پائالىيىتىگە XV ئەسىرنىڭ تارىخچىسى خاندىمىرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى كۇپايە قىلىدۇ: نەۋائى خاندىمىرغا تەكلىپ تەرىقىسىدە مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر تارىخىي كىتاب تەرتىپ قىلىنسۇنكى، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى مەجاز، ئىستىئارە، كىنايە ۋە باشقا مۇرەككەپلىكلەرگە ئورالمىغان بولسۇن، تىلى ساددا، ھەرقانداق ئادەم چۈشىنەلەيدىغان قىسقا،

ئىخچام بولسۇن، كىتاب بىر مۇقەددىمە، يەتتە قىسىم ۋە بىر خا-
تىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن، ئوقۇغۇچى ئۇ قىسىملاردىن بىرىنى
ئوقۇغاندا، باشقا قىسىملارنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر بول-
مىسۇن...» بۇ خاندىمىرنىڭ نەۋائىيدىن مەنىۋى تەرەپتىن ئالغان
ياردىمىنىڭ ئەسلىمىسى بولسا، ئۇ ماددىي تەرەپتىكى ياردىمىنى
ئەسلەپ: «مەن بۇ خىزمەت ئۈچۈن لازىم بولغان،
ئىش جايى، كىتاب (مەنبەلەر) ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەر
توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىنىمدا، ئۇ ــ مىرخەند ئۆزى ئاچقان
«خالاسىيە» خانىقاسىدىكى ئۆزىگە ئاتىغان مەخسۇس پۈتۈن كى-
تاب ئەسۋابلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى.» دەيدۇ.
مەشھۇر رەسسام بېھزادە ۋە خەتتات سۇلتان ئەلىلەرمۇ ناۋا-
يىنىڭ بىۋاسىتە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى ئاستىدا ئۆسكەن.
نەۋائىي ھەم رەسسام، ھەم مۇزىكانت ئىدى. ئۇ ئۆز
شېئىرلىرىدىن بىرىگە «ئىسپىھان» دېگەن ئاھاڭ ئىجاد قىلغان.
ئابدۇراخمان جامىغا ئىلتىماس قىلىپ، مۇزىكىغا دائىر كىتاب ياز-
دۇرۇپ، مەشھۇر مۇزىكانت قۇلمۇھەممەد قاتارلىق مۇزىكانت-
لارنى يېتىشتۈرگەن، ئۇ ئىجادىيەتچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ
جاۋابكارلىق بىلەن ئۈنۈملۈك ئىشلەشكە چاقىراتتى ۋە ئۆزى
ئۈلگە كۆرسىتەتتى.
نەۋائىي ۋەزىرلىك مەنسىپىدە تۇرغان چېغىدا خەلق پارا-
ۋانلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ھىرات ۋە باشقا شەھەر-
لەردە بىنا قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كۆۋرۈكلەر سېلىپ، قات-
ناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. تۇس ۋىلايىتىنىڭ
يۇقىرىسىدىكى چەشمەئى گۈلىست بۇلىقىدىن مەشھەدكە سۇ ئە-
كىلىش ئۈچۈن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېرىق قازدۇردى.
نەۋائىينىڭ خەلق پاراۋانلىقى، مەدەنىي ـ مائارىپ ئاقارتىش
توغرىسىدا ئېلىپ بارغان يۇقىرىقىدەك ئىشلىرى ئۆز زامانىسىدا

چوڭ تەرەققىپەرۋەرلىك ئىدى. بۇ چاغ فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتقان مېھنەتكەش خەلق مەدەنىي-مائارىپتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئىدى. فېئودالىزمنىڭ روھىي ۋە سىياسىي يۆلەنچۈكى بولغان روھانىيلار مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى ئىدى. بۇ روھانىيلارنى فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيەت قوللايتتى. چۈنكى خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش فېئودالللارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن ئىدى.

نەۋائىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يۇقىرىقى ئىلغار ھەرىكەتلىرى ئەكسىيەتچى فېئودال گۇرۇھلار ۋە روھانىيلارنىڭ جان-نىجان مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا سەۋەب بولدى. ئۇلارچە دۆلەت خەزىنىسىنى خەلق پاراۋانلىقىغا ۋە مەدەنىيەتكە ئىشلىتىش توغرا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى خەلق مەنپەئىتىدىن ھەرقانداق چاغدا يۇقىرى قوياتتى. نەتىجىدە ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ئەلشىر نەۋائى ئۈستىدىن تۆھمەتلەر ئويۇشتۇرۇپ، ئۇنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئىلاجسىز قالغان نەۋائى 1476-يىلى ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، ئىجادىيەت ئارقىلىق خەلققە خىزمەت قىلىش يولىغا ئۆتتى.

ئەمما نەۋائى ئورنىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، سىرتتىن يەنىلا سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، كونا ساۋاقدىشى پادىشاھ ھۆسەيىن بايقاراغا مەدەنىيەت جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى ئويغىتىپ، مەرىپەتلىك شاھقا ئايلاندۇ-

رۇپ، ئۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مۇمكىن، دەپ
قارايتتى. لېكىن بۇ چاغدا بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ تىزگىنى فېب-
ئودال ئەكسىيەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ روھى يۆلەنچۈكى بولغان
روھانىيلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى ھۆسەيىن باي-
قارا پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ، نەۋائىدىن گۇمان-
لىنىپ، ئەڭ قەبىھ ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ كەينىگە جاسۇس سېلىپ
قويىدى.

نەۋائىي ئابدۇراخمان جامى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋە-
زىرلىكتىن بوشىغان قىسقا مۇددەتتە تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا
يېڭى ۋەقە بولغان «خەمسە» (بەش داستان) نى ئىككى يىل
ئىچىدە تۈركىي تىلدا يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاب-
رويى خەلق ئىچىدە تېخىمۇ ئۆستى. داستاندا قويۇلغان ئاكتىۋۇ-
ئال مەسىلە نەۋائىي دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ
سانجىلدى.

بۇ چاغدا ھۆسەيىن بايقارا ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ
كەتكەچكە، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇغدىلىپ قالغانىدى، نەۋائىي
ۋەزىر ۋاقتىدا ئورنىدىن ھەيدەلگەن مەجىدىدىن بولسا، پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، خەلق-
نىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن 2000 تۈمەن ئاقچىنى ھۆسە-
يىن بايقارا خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ، ۋەزىرلىكنى قولغا كىرگۈزۈ-
ۋالغانىدى ھەمدە ئۇ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،
نەۋائىينى ھىراتتىن قوغلاپ، ئارقىسىدىن سۇيىقەست قىلىپ يو-
قىتىش پىلانىنى تۈزگەنىدى. ئۇ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن، نەۋائىينى ئاستراباتقا ھاكىم قىلىش لايىھىسىنى پادىشاھقا
سۇندى. ھۆسەيىن بايقارا نەۋائىي دۈشمەنلىرىنىڭ تەلىپىنى
قاندۇردى. چۈنكى ئۇلار نەۋائىينى ھىراتتىن چىقىرىۋېتىشنى
خىلمۇ-خىل بېسىملار بىلەن تەلەپ قىلاتتى. ئىككىنچىدىن، پا-

دىشاھ نەۋائىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا ئۆلكە ئاستراباتتىكى قالاي-
مىقانچىلىقلارنى بېسىقتۇرماقچى بولغانىدى. نەتىجىدە نەۋائىنى
1487 - يىلى ئاستراباتقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. نەۋائى ئاسترا-
باتقا بېرىپ، خەلق ئۈستىدىكى سېلىقلارنى يېنىكلەتتى. خەلق
پاراۋانلىقىنى ياخشىلىدى. قالايمىقانچىلىقلارنى تەرتىپكە سالدى.
ئاستراباتتىكى ئىلىم - پەن، سەنئەت ئىشلىرىغا بىۋاسىتە يېتەك-
چىلىك قىلىپ، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ
ئۆمۈر بويى يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ تۈركىي تىلدا
«خەزائىنۇل مائانى» («مەنىلەر خەزىنىسى» — خەلق ئىچىدە «چا-
ھاردىۋان» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ۋە پارس تىلىدىكى شېئىرلىرى
(«دىۋان فانى») نى تۈزۈپ چىقىپ، چوڭ شۆھرەت قازاندى.

نەۋائى ئاستراباتتا تۇرغان چېغىدىمۇ تونۇلغان سىياسىي
ئەرباب سۈپىتى بىلەن پۈتۈن دۆلەت تەقدىرىدىن قول ئۈزمى-
دى. ئۇ تېخى ھۆسەيىن بايقارانى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ئۆز-
گەرتىپ، دۆلەتنى ياخشىلاپ خەلققە بەخت كەلتۈرۈشتەك خام
خىيالدىن ۋازكەچمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئاستراباتتا تۇرۇپ ھۆسە-
يىن بايقاراغا ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغان خەلقنىڭ پاراۋانلى-
قىنى ياخشىلاش، خەلقنىڭ ھال ئەھۋالىنى ھەر كۈنى ئاڭلاش،
ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەمەلدارلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، نەتى-
جىسىنى تەكشۈرۈش، خىيانەتچىلەرنى جازالاش، مالىيىنى تەرتى-
پكە سېلىش قاتارلىق كونكرېت مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئۆزئىچىگە
ئالغان ئىسلاھات خاراكتېرلىك خەت يازغانىدى. لېكىن بۇنى
ئەيش - ئىشرەت يولىغا كىرىپ بۇزۇلغان ھۆسەيىن بايقارا ئاڭلى-
مىدى. بۇنى كۆرگەن ئەكسىيەتچىلەر نەۋائىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش
ئۈچۈن مەخسۇس (زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) جاسۇس ئە-
ۋەتتى. ئەمما ھوشيار نەۋائى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپى-
دىن تارمار قىلىندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن نەۋائى ھىراتقا

قايتىپ كېلىش ئۈچۈن ھۈسەيىن بايقاراغا ئىلتىماس يازدى.
پادىشاھ نەۋائىي دۈشمەنلىرىنىڭ كېپىگە ئىشىنىپ، نەۋائىينىڭ
ئىلتىماسىنى رەت قىلدى. ئەمما نەۋائىي ئۇنىڭغا قارىماستىن
ھىراتقا قايتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەكسىيەتچىلەر ئۆلۈم
ھودۇقۇشىغا چۈشۈپ، بايقاراغا ئەرز قىلىپ، بايقارانى كۆندۈرۈپ،
ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەۋائىينى ئىككى كۈندىن كېيىن ئاسترا-
باتقا تاپشۇردى، نەۋائىي ئاستراباتتا يەنە بىرنەچچە ئاي تۇر-
دى، ئاخىرى نەۋائىينىڭ دۈشمەنلىرى ئۇيۇشتۇرغان سۇيىقەست
رەسۋالارچە پاش بولغاندىن كېيىن، ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ
ھىراتقا قايتىپ كېلىش ئىلتىماسىنى ئامالسىز قوبۇل قىلدى.

بۇ چاغدا بايقارا ھاكىمىيىتى ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەن-
مەكتە ئىدى. بايقارا ئوغۇللىرى ۋە پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى
بايلىق توپلاش ئۈچۈن خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقتا ئىدى.
بۇلار ئاخىرى فېئودالىزمنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزئارا
ئۇرۇش-جېدەل ۋە ئىسيانلارنى ئېلىپ كەلدى. نەۋائىي ئاست-
راباتتىن ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوردىدا بىۋاستە خىز-
مەت قىلمىدى. ئۇ يەنىلا فېئودالىزمنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە
مەيدانغا چىققان جەڭگى-جېدەللەرنى دۆلەتنىڭ ئابرۇيلۇق، تەد-
بىرلىك سىياسىي ئەربابى سۈپىتىدە تىنچ يول بىلەن ھەل قى-
لىش چارىلىرىنى قىلدى.

بۇ مەزگىلدە نەۋائىي بىرقاتار كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ
كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، 1492-يىلى ناۋايىنىڭ ئۇستازى ۋە
مەسلەكدىشى ئابدۇراخمان جامىي ۋاپات بولدى. بۇ نەۋائىينى رو-
ھىي جەھەتتىن ئېغىر قايغۇغا سالدى. يەنە بىرى، نەۋائىينىڭ
ئىنىسى دەرۋىش ئەلى بەلىخ شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىدى. جا-
ھىل، ئىستىبدات، سۇيىقەستچى ۋەزىر مەجدىددىن نەۋائىينى
ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاسۇس ئەۋەتىپ ئەمەلگە ئاشۇرالماي، رەس-

ۋالارچە پاش بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، دەرۋىش ئەلى بايقاراغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. بايقارا ئامالسىز مەجدىددىننى ۋەزىرلىك-تىن چەتلەشتۈردى. ئەمدى دەرۋىش ئەلىنىڭ ئىسيانىنى بېسىق-تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن قوشۇن بىلەن نەۋائىينى بىللە بې-رىشقا قىستىدى. نەۋائىي باردى ۋە ئىسيانىنى باستۇردى. دەر-ۋىش ئەلىدە گۇناھ يوقلۇقى ئىسپاتلاندى. لېكىن يەنىلا مەج-دىددىننىڭ پىتنە ئىغۋاسى بىلەن دەرۋىش ئەلى ئۇزۇن ئۆت-مەي تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ ھادىسە نەۋائىي روھىغا قاتتىق تەسىر قىلماي قالمىدى.

مەجدىددىن ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-نىڭ رولىنى ئوينايدىغان شېرىكى نىزامۇل مۇلۈك ئۇنىڭ ئورنى-غا چىققتى. ئوردىدا كۆرەش تېخىمۇ جىددىي تۈس ئالدى. ئەك-سىيەتچى كۈچلەر 1492 - يىللىرى بايقارانىڭ مەسلىكىدىن پاي-دىلىنىپ، بەدىئۈززاماننىڭ ئوغلى مۆمىن مىرزىنىڭ ئۆلۈم خېتىگە قول قويغۇزۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. بۇ ھال ھۆسەيىن بايقارا بىلەن ئوغلى بەدىئۈززامان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇ-شىغا سەۋەب بولدى. جۈملىدىن 1494 - يىلى بايقارا ئەكسىيەت-چى كۈچلەرنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشىنىپ نەۋائىينىڭ سۆيۈملۈك شا-گىرتى مىرزا ھەيدەر ساباھىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يۇقىرىقى بىرقا-تار مەسىلىلەر نەۋائىينىڭ روھىي يۈكىنى ئېغىرلاتتى. ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش رايىنى قايتۇردى. ئۇ ئەمدى دۆ-لەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆز ئىدىيىلىنى ئىجادىيەت يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىغا ئۆتتى.

نەۋائىي 1488 - يىلدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرى 1501 - يىلغىچە تۆۋەندىكى نادىر ئەسەرلەرنى يازدى: ھىراتقا قايتقاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» (ئىران شاھلىرى تارىخى)، 1490 - يىلى نەۋائىينىڭ يېقىن

دوستى ۋە ئۇستازى شائىر ۋە مەرىپەتپەرۋەر سەئىد ھەسەن ئەردەشىر (1488 - يىلى ۋاپات بولغان) گە بېغىشلىغان «ھالىتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» 1491 - يىلى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ئۇنىڭدا 355 شائىر ۋە ئالىمغا باھا بېرىلگەن. ئۇ «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى)، 1488 — 1499 - يىللىرى پەلسەپىۋى خاراكتېرلىك پوئېمىسى «مەنتىقۇتتەيىر»، 1499 - يىلى تۈركىي تىلنىڭ ئەسەر يارىتىشتا پارس تىلىدىن كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە)، 1500 - يىلى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىجتىمائىي سىياسىي تەلىمى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى يەكۈنلىگۈچى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەرنىڭ ئاچقۇچى) ئەسىرىنى يازدى.

نەۋائىي ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئىجتىمائىي، سىياسىي ھەرىكىتىدىمۇ، ئىجادىيىتىدىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇلۇغ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلدى. ئۇ ھۈسەيىن بايقارانى ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق ئادىل شاھقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە فېئودالىزمنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بولغان پارچىلىنىشلارنى توگىتىپ، مەركەزلەشكەن يىرىك فېئودال دۆلەت قۇرۇپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلغان. شۇڭا ھۈسەيىن بايقارا 1500 - يىلى 28 - دېكابىردا ئاستراباتتىن ئىسيانچىلارنى باستۇرۇپ، ھىراتقا قاراپ يولغا چىققاندا، نەۋائى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان شۇنچە ئېغىر دۈشمەنلىكلىرىنى خەلق مەنپەئەتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېگىپ، خەلق بىلەن بىللە ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. نەۋا-

ئىنىڭ بۇ چاغدا سالامەتلىكى ناچار ئىدى. يولدا ئۇنىڭ كېسەلى ئېغىرلاشتى. ئۇنى ھېراتقا قايتۇرۇپ كېلىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ نەۋائىينىڭ كېسىلى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئاخىرى 1501 - يىلى 3 - يانۋاردا سۆيۈملۈك شائىر، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، يېرىك دۆلەت ئەربابىنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. خوراسانغا ماتەم تونى يېپىلدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى ناھايىتى چوڭقۇر قايغۇ دېڭىزىغا ئايلاندى. زاماندا شلىرى، تارىخچىلار، شائىرلار، مۇزىكانتلار، رەسساملار ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئەسەر يېزىشتى.

نەۋائىينىڭ شاگىرتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدا داڭلىق ئادەم بولۇپ يېتىشكەن خاندىمىر تۆۋەندىكى شېئىرنى يازدى:

ئۆلۈمدىن ھەربىر ئۆيگە تۈشتى ماتەم
مەملەكەتنىڭ ھەر بۇرجىكىدىن چىقتى پىغان.
تۆمۈر يۈرەك، تاش يۈرەكلى كىشىلەر ھەم،
بۇ دەھشەتلىك مۇسىبەتتىن يۇتتىلەر قان.

خاندىمىرنىڭ بۇ شېئىرىنى پۈتۈن دۆلەت خەلقىنىڭ مۇسىبەتلىك يۈرەك ساداسىنىڭ تىپىك ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

## 2 - §. نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«... خۇددى دارۋىن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلغىنىغا ئوخشاش، ماركس ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، يەنى تارىختىن بۇيان مۇ-

رەككەپ - چىگىش ئىدېئولوگىيە نىقابلاپ كەلگەن بىر ئاددىي پاكىتنى تاپتى: كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال يېيىشى، ئىچىشى، تۇرار جايغا ئىگە بولۇشى، كىيىنىشى لازىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا سىياسىي، ئىلىم - پەن، سەنئەت، دىن ۋە باشقىلار بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرىدىن توغرا ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىر مىللەت ياكى بىر دەۋرنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچى ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن نۇقتىئىنەزەرى، سەنئەت ھەتتا دىنىي ئىدىيىلىرى مانا مۇشۇ ئاساستىن تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى مۇشۇ ئاساستىن چۈشەندۈرۈش كېرەك».①

مانا بۇ — پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزئارا بېقىنىشى توغرىسىدىكى تۈپكى ماركسىستىك تەلىمات.

ئەمدى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدە شەكلى بولغان ئەدەبىياتقا كەلسەك: «خىلمۇخىل ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟ ئىدېئولوگىيە فورمىلىرى ھېسابلانغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى — مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت بولسا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى»②

ئەدەبىيات - سەنئەتتە ھايات ئاددىيلا ئەكس ئەتمەيدۇ. ھاياتنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى چۈشىنىپ يېتىلگەن ماھى-

① ئېنگېلس: «ماركس ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1974 - يىل، 4 - ئاي، 1 - نەشرى.

② ماۋزېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» III - توم، ئۈرۈمچى نەشرى، 126 - بەت.

يەتلىك ئىنكاسىدۇر.

ماركسىستىك ئېستېتىكا نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ھارلىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئىلغار غايىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇنى قايتا قۇرۇش، يېڭى دۇنيا — ئوبرازلار دۇنياسىنى يارىتىشتۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ھاياتنى ئىنسان ئەقلىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئاسا- سىدا قايتا قۇرۇشنىڭ، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ياخشى ئۈلگىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھقا «كۈن تۇغدى» ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولغان دانا ۋەزىرگە «ئاي تولدى» دەپ نام بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇياش ۋە ئاي دۇنيا ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ھاكىمىيەت بىلەن ئىلىمنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن شۇنچىلىك زۆرۈرلۈكىنى بەدىئىي ئوبرازلار دۇنياسىدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىشتا يازغۇچى — سەنئەتكارلارنىڭ دۇنيا قارىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق سەنئەتكارنىڭ ئەسىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئا- ساسىي ئورۇنغا قويماي بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي قاراڭغۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمىنىڭ ناھا- يىتى مۇرەككەپ بىر تارىخىي شارائىتىدا، شۇ شارائىتنىڭ خىلمۇ خىل ناھايىتى ئۆتكۈر سىنىپىي كۆرەشلىرىدە ۋە ئىدېئولوگىيە كۆرەشلە- رىنىڭ زىددىيەتلىرى ئىچىدە ياشىدى. ئۇ بۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە بەزىدە دەۋرنىڭ تار تارىخىي چېگرىلىرىنى يېرىپ ئۆتتى ۋە بەزىدە بولسا، تارىخىي توسۇقلار تۈپەيلىدىن دەۋرنىڭ مۇرەك- كەپ تېپىشماقلىرى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدى. بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدەپ يول ئاختۇرۇپ، خىلمۇ ـ خىل تەلىماتلارغا، پەلسەپىۋى قاراشلارغا مۇراجىئەت قىلدى. بىراق ئۇلاردىن ھەم يېتەرلىك

قانائەت ھاسىل قىلالمىدى. بۇ ھەقتە ئۇزى «غەرايىبۇسسىفەر» (ياشلىق غارايىباتلىرى) دە مۇنداق دەيدۇ:

ئىچۇك مەي بىلەن بولماسۇن ئۇلفەتىم،
كى جان قەسدى ئەيلەر غەمۇ مىھنەتىم.
.........
تاپاي دەپ خەبەر ئۇشبۇ مەقسۇدىدىن،
تۇتاشتى بەسى قەۋم ئىلە سۇھبەتىم.
.........
مېنىڭ باشىمە بەس قاتتىق چۇشتى ئىش،
چو تاق ئولدى بۇ دەرد ئىلە تاقەتىم.①

يۇقىرىقى مىسرالاردىن ئۇمىدسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئارزۇ-ئۇمىدلەر ئىستىقبالغا قاراپ ئىنتىلىش، تەلپۈنۈش روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئۆگىنىش دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلىشى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئىمكانىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ بەرگەندى. ئۇ يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىنى، پەلسەپىسىنى ئىلىم-پېنىنى ياخشى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتى، تۆرلۈك دىنىي بىلىملەر، جۇملىدىن تەسەۋۋۇپ بىلەن ئوبدان تونۇشقانىدى. ئۇ ئىنسان ئەقلىنى ئۇلۇغلاپ، ئىنسان تەقدىرى ھەققىدىكى خىيالىي، روھانىي قاراشلارنى يوق قىلغان، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى تىغ كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەت ئاسمىنىدا مەشئەل بولۇپ يانغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە چىڭگىز ئەۋلادىنىڭ ماۋارە ئۇننەھرىدىكى ھا-

① «خەزائىنۇلمە ئانى» 696-بەت، 1959-يىل نەشرى.

كىمىيىتىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقان مەشھۇر خەلق ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەتتى، شۇبھىسىزكى، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر قىلدى.

نەۋائىي ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن فىردەۋسىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامىي گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلەۋى، ھاپىز قاتارلىقلارنى پىششىق، تەنقىدىي ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىلغار كۆز قاراشلىرى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى ناۋايىدا ئىجابىي ئىز قالدۇردى. ئۇنى ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىنىڭ سىرلىرىنى، تېپىشماقلىرىنى تېپىشقا روھلاندۇردى. نەتىجىدە ناۋايى XV ئەسىرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى بولۇپ يېتىشىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقىلاردىن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ دەۋرى يېڭى بىر ئەسىر ۋە يېڭى بىر ئەۋلادلار بىلەن ئوتاشقانىدى. شۇڭا بۇ دەۋردە شۇنداق يېڭى تېپىشماقلار، جەمئىيەتنىڭ يېڭى سىرلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. جەمئىيەتنىڭ بۇ سىرلىرىنى ئېچىشقا، يېڭى تېپىشماقلىرىنى تېپىشقا نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى قادىر ئەمەس ئىدى. بۇ سىر، تېپىشماقلار كېلىچەكنىڭ ئىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە فېئودال ئىستىبدات مۇھىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل، كونسېرۋاتىپ ئەقىدىلىرى ۋە ئۇسۇل، قائىدىلىرى ناۋايىدەك تەرەققىيپەرۋەر مۇتەپەككۇرنى نۇقتىلاپ قويۇش قۇدرىتىگىمۇ ئىگە ئىدى.

نەۋائىي خۇدانى، دىنىنى ئېتىراپ قىلدۇ. پەيغەمبەر-خەلىپىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇ ئاكادېمىك ئايبېك ئېيتقانىدەك: نەۋائىي «... بەزى ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنىنى ھەممە دىنلاردىن يۇقىرى قويىدۇ، ئۇنى بىردىنبىر، راست، چىن ھېسابلايدۇ... لېكىن نەۋائىي مەسىلىگە ئۆز دەۋرىدىكى ئېقىملارنىڭ ئىلغار

ۋەكىلى ۋە ئۆز مۇھىتىنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپتىن ئازاد (مۇس- تەسنا) مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە قارىغان چېغىدا دىنىي تەسەۋ- ۋۇپ تامامەن يوقىلىدۇ. ھەتتا ئۇ تۇۋەن ۋە «ۋار - ۋار» ئېتىق- ادلار بىلەن باراۋەر ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شائىر ئۈچۈن ھەممە دىنىي ئايرىمىلىقلار ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. ھەممە دىنلار بىر ماھىيەتنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ....

كى مەنكىم بۇت قاشىدا مەست ئەيلەپ،
سەجدە قىلماقىغە بۇت پەرەس ئەيلەپ،
..........................................
ھەر كىشىكىم قۇياشقا ئابىت ئولۇپ،
ئانگە ھەر سۇبھى شام سازىت ئولۇپ.
..........................................
شۇلالارغا سالىپ، يۈرۈك چۇ ئوكوس،
كۆيدۈرۈپ ئۆزىنى ئوت قاشىدا مەجۇس.

يۇقىرىقى پارچىدىن ئوچۇق كۆرۈنىدۇكى، بۇتتا، ئوتتا، قۇياشتا شائىرنىڭ قارىشىچە پەقەت بىرلا ماھىيەت ئىپادىلىنىدۇ»①. دېمەك، ئۇ ھەممە دىننى ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن تەڭ دەپ قارايدۇ.

شائىر باشقا دىنلاردا بولغان خەلق ئەل - يۇرتقا ئۆچمەن- لىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ھۆرمەت ئېتىبارى بىلەن قارايدۇ. ئەگەر باشقا دىنلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بولسا، شائىر ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت نىقابىغا كىرىۋېلىپ خەلقنى ئالدايدىغان ئالدامچى كاززاپلارنى تەنقىد قىلىپ قارىلايدۇ.ئۇ مانا شۇ يۇقى-

① ئايبېك، «نەۋائى گۈلشەنى»، ئۆزبېكچە، 1967 - يىل تاشكەنت، 131 - 132 - بەتلەر.

رىقى ئۇقتىدىن تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئايرىم مەسىلىلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىدىن خېلىلا چەتكە چىقىدۇ.

لېكىن، شائىر دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئۇنىڭ كىمنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك ئاساسلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىدا زىددىيەتلىك ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئەمما، ئەڭ مۇھىمى شۇكى، دىنىنى ئېتىراپ قىلغان شائىر ۋە مۇتەپەككۇر دىنىي زاتلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالمايدۇ. شۇڭا تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقاد ئۇنىڭ ئىجادىغا قاراڭغۇ سايە تاشلىيالمايدۇ.

شائىر XV ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان «نەقىش بەدىيا» تەرىقىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ تەرىقەتنىڭ ئاساسچىسى ھاجى باھاۋىدىننى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيە مەسىلىلىرى بىلەن بولۇپمۇ كۆپرەك تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ فانتىزم تەلىماتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ: «سوپىلارنىڭ پىكرىچە، پىكرىنى قوبۇل قىلغان كىشى،ئەلۋەتتە، دەرۋىشنىڭ قوپال جەندىسىگە ئورۇلۇپ، كەمبەغەلچىلىك بىلەن ياشاش شەرت ئەمەس ئىدى. سوپىلار تەلىماتىنى تۇرلۇك گۇرۇپپىلار تۇرلۇكچە قوبۇل قىلىدۇ ۋە سوپىلىقتا تۇرلۇك دەرىجىدە مەنسۇپ بولىدۇ. نەۋائى دەۋرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر مۇھىتىغا نىسبەتەن سوفىزم چوڭ ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان دەۋر بولۇپ، ئۇ چاغدىكى كۆپلىگەن ئەربابلار ۋە شائىرلار ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇپقا مەنسۇپ دەپ ھېسابلايتتى... بىر مۇنچە زىيالىيلار ئۇچۇن سوفىزم تەلىماتى شۇنداق بىر ساھە ئىدىكى، ئۇنىڭ دائىرىسىدە تۇرسا ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر-

① خەزا ئىنئۇلمەئانى

قەدەر ئەركىن ھېس قىلىشاتتى...»① بۇنى پروفېسسور ۋاھىد زاھىدوۋ ئەلشىر نەۋائىغىمۇ تەئەللۇق ئىدى دەيدۇ.

نەۋائىنىڭ ئىلاھىي ۋە ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى كۆز قارىشى تەسەۋۋۇپ فانتىزمىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ سوفىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل قارىشى بولغان زاھىدلىققا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ.

نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سوفىزم تەلىماتىنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى بولغان، ئۆز ۋاقتىدا نەۋائىي ئۇستاز تۇتقان فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «لىسسا ئۇتتەيىر» دىگە جاۋابەن «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) نى يازغان. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ كۆز قارىشى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پەلسەپىۋى داستاندا ئاللا، پەيغەمبەر، چارىيارلارغا ھەمدۇ-سانا ئوقۇسىمۇ، شۇنداقلا سوفىزم تەلىماتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان فەرىدىددىن ئەتتارنى ۋە ئۇنىڭ سوفىستىك تەلىماتىغا مەدھىيە ئوقۇسىمۇ، لېكىن داستان سيۇژىتىدىكى بەزى ۋەقە ۋە ئۇلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن «ھېكايەت» لەردە تەسەۋۋۇپ، سوفىستىك تەلىماتتىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ.

بۇ مەسەل خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ، قەھرىمانلىرى قۇشلاردىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدا قۇشلار ھۆپۆپنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاللانىڭ ۋىسالىغا ئەمەس، بەلكى «كوينقاپ» تا تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ پادىشاھى سىمۇرۇغنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولىدۇ. دېمەك، داستاندا سوفىزمغا قارشى ھالدا، ئاللانىڭ ئورنىنى سىمۇرۇغ ئىگىلەيدۇ.

بۇ داستاندا يەنە سوفىزمغا قارشى ئىككىنچى نۇقتا شۇكى، ئۇنىڭدىكى «ھەيرانلىق ۋادىسىنىڭ سۈپىتى» دېگەن

---

① ئايبېك: «نەۋائىي گۈلشەنى»، 137 - بەت.

بابىدا، سوفىزمنىڭ ئىنسانلار ئاللاغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىش، «ۋەھدەت-بىرلىك» كە قارشى ھالدا ئىنساننىڭ ئىنسانغا مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭ ھىجرانىنى ۋە بۇ ھىجراننىڭ ۋىسالىنى «ۋەھدەت — بىرلىك» دەپ ئىسپاتلايدۇ.①

نەۋائىنىڭ ئوبيېكتىپ بارلىق ۋە ئىلاھىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىسلام دىنى تەلىماتىدىن خېلىلا يىراقلىنىدۇ. ھەتتا



① «بۇلاق» 1984 - يىل 16 - سان، 37 - 39 - بەتلەر.

ەزى جەھەتلەردە ئۇنىڭغا زىت كېلىدۇ. ناۋاينىڭ بۇ قاراشلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەلىماتى ۋە ئاكسېتىزمغا قارىمۇقارشىدۇر.

نەۋائىنىڭ پانتېزمى ئۆزىنىڭ ئوپتومىستىك ماھىيىتى ۋە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەرەققىيپەرۋەرلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ پانتېستىك تەلىماتىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ.

ئېنگېلس: «پانتېزمنىڭ ئۆزى دۇنياغا ئەركىن، ئىنسانىي نەزەر بىلەن قاراشنىڭ ئەربېسىدۇر، خالاس»① دەيدۇ.

نەۋائىنىڭ پىكرىچە، ئىلاھىيەت پۈتۈن بارلىقنىڭ بىردىنبىر يادروسى — سوبىستانسىيەسى (دائىملىق ئۆزگەرمەس نەرسىسى) دۇر. ئۇنىڭچە، ئەڭ ئالدى بىلەن خۇدانىڭ ئۆزى بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە بولمىغان. خۇدا ھەددى-ھېسابسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇدا ئۆز كۈچى قۇدرىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى نامايىش قىلىپ، پۈتۈن بارلىقنى ياراتقان. بۇ بارلىق بىر ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلاھىيەت زۆرۈر (ئەكس) ئېتىلگەن. دېمەك، ئۇ بىر تەرەپتىن، بارلىقنى ئېتراپ قىلىدۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن، بارلىقنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ.

نەۋائىنىڭ پانتېزمنى ئوبيېكتىپ بارلىقنى ئىلاھلاشتۇرۇشتەك ئىدېئالىستىك ماھىيەتكە قارىماي مەۋجۇت ئالەمگە، بولۇپمۇ ئىنسانغا سەمىمي مۇھەببەت بىلەن ياندىشىشى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىگە ئوپتومىستىك قارىشى جەھەتتىن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەۋائى ئوبيېكتىپ بارلىقنى ئېتراپ قىلىپلا قالماي، بەلكى، ئۇنى سۆيۈشكە، ئۇنى ياخشىلاشقا، ئىنساننىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىدۇ:

① ماركس ۋە ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، توم ٤٤٥ - ٣٤٦

خۇش دۇرۇر باغى كائىنات كۆلى،
بارچەدىن ياخشىراق ھەيات كۆلى.

ۋاھىد زاھىدوۋ نەۋائىنىڭ يۇقىرىقى تەبىئەت توغرىسىدىكى پىكرىنى ئىزاھلاپ: «نەۋائى تەبىئەتنى ئىنكار قىلىشقا قارشى، ئۇ تەبىئەتنى بىلىش بىلەن ئۇنى ئىگىلەشنى زىت قويمايدۇ ھەمدە تەبىئەتنى ئىنسان بەختى ۋە پەيزىنىڭ مەۋجۇت، رېئال مەنبەسى دەپ ھېسابلايدۇ»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بىر قاتار مۇتەپەككۇرلىرىدە بولغىنىدەك نەۋائى كۆز قارىشىدىمۇ ماتېرىيالىستىك ئېلېمېنتلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ پۈتۈن بارلىقنى تۆت ئېلېمېنت — «ئاناسىر ئەرابە» (سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋا) دىن ئىبارەت دېگەن پەلسەپىۋى قاراشنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

بىراق ماتېرىيالىزم نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشىدا بىر پۈتۈن سىستېما ھالدا شەكىللەنمىدى، ئېلېمېنت ھالىتىدىلا قالغان.

نەۋائىنىڭ پىكرىچە، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئاساسىي مەقسەت ئىنسان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن بارلىقنىڭ كۆركى ۋە شەرىپىدۇر.

.........................................

بارچەنى گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ،
بارچە دىن ئىنساننى شەرەف ئەيلەدىڭ.②

① ۋ. زاھىدوۋ، «نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسى ۋە ئوبرازلىرى»، رۇسچە، 152 - بەت.

② «خەمسە»، 19 - بەت.

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، ئىنساننىڭ شەرەپلىكلىكى شۇنچىلىك ئىدىكى، ئىنسان ئىلاھىيەتنىڭ پۈتۈن كۆركى ۋە كۈچ قۇدرىتىنى ھەممىدىن تولاراق ئۆزىگە جەملىگەن، مۇجەسسەملەشتۈرگەن شەيئى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئىنساننىڭ زاتى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ «بېيىكراق» (بۈيۈكراق) «شەرەفراق» (شەرەپلىكرەك) بىر شەيئىدۇر.

لېكىن، نەۋائىي رېئال ھاياتتا پۈتۈن ئىنساننىڭ مانا شۇنداق تەڭ ھالىتىنى كۆرمەيدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال سىنىپىي جەمئىيىتىدە «پاك ۋە ناپاك، سېخى ۋە بېخىل، توغرى ۋە ھانىنات، دۆلەتمەن ۋە قاششاق» كىشىلەرنى كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال سىنىپىي جەمئىيىتىدىكى خىلمۇ خىل نامۇۋاپىق تەڭسىزلىكلەر، سىنىپ، تەبىقە، ئۇنىڭ پېسخىك ھالەتلىرى نەۋائىينىڭ ئىدىئالىستىك قارىشى بىلەن زىت كېلىپ قالىدۇ. بۇ زىددىيەت شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئوي پىكرىنى چۇلغاپ ئالىدۇ. نەتىجىدە شائىر «خەمسە» دىكى داستانلارنىڭ بىرى بولغان «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ تۆتىنچى مۇناجاتىدا تەڭرىگە پۈتۈن ئىنساننى تەڭ قىلىپ يارىتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

نەۋائىي جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىنىپىي ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاچالمىغان، تارىخىي دەۋر چەكلىمىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنى ئېچىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بىرىنچىدىن، شائىر بۇ جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقتا تەڭ بولۇشى، ئىنسانلار ئۆزى تەڭ ياراتقان ھاياتىدىكى نازۇ-نېمەتلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىدىن، شائىر ياراتقۇچى

تەڭرىگە خىتاپ قىلغاندا، ئۇنىڭدا ئىسيانكارلىق روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

دېمەك، شائىر ئوبيېكتىپ بارلىقنى ئېتىراپ قىلىدۇ. هاياتنى ۋە هايات گۈلى بولغان ئىنساننى ئەزىز كۆرۈپ ئۇلۇغلايدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىنسان هۆر، پەرى، پەرىشتە-لەردىن ئاللىقانداق يۇقىرى تۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي هەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ئىنسانغا بىئولوگىيىلىك هادىسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي هادىسە سۈپىتىدە قارايدۇ. ئۇ هەر قانداق ئىنساننى ئەمەس، هەقىقىي ئىنساننى — مېهنەتكەش ئىنساننى ئۇلۇغلايدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. بۇنداق ئىنسان ئۆز هاياتىنى، كۈچىنى ئۆزى ئۈچۈن هەم پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان خىز-مەتكە بېغىشلىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ مەقسەتكە ئېرى-شىش ئۈچۈن هۈنەر، كەسىپ، ئۆگىنىش، بۇنى تاكامۇللاشتۇ-رۇش ئۈچۈن مەرىپەتلىك بولۇشنى، هەقىقىي ئىنسانغا خاس ياخشى، پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، خۇشخۇي بولۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئۆتىگەن ئىنسان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شائىر هەقىقىي ئىنساننىڭ ئۇنۇملۇك، مەنىلىك، ئەمگىكى ئىنسانىيەتكە مەڭگۈ يادىكار بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر كىشىلەرنى مېهنەت سۆيۈشكە، توغرا، هالال، راستچىل، ساخاۋەتلىك، هىممەتلىك، ئاقىل، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇشقا چاقىرىدۇ.

شائىر ئىنساننىڭ ئىنسانلىق دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم ئۇنىڭ ئەل-يۇرتىغا، خەلققە كەلتۈرگەن ئۇتۇقى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، هەقىقىي ئىنسان خەلق بىلەن بىللە ياشىشى، ئۇنىڭ غېمىنى يېيىشى، قولىدىن كەلگەن-

چە بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى، ئەقىل - ئىدرىكىنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى لازىم.

كىمكى بىر كۆڭلى بۇزۇقنىڭ خاتىرىن شاد ئەيلەگەي،
ئانچەكى باركىم، كەبە ۋەيران بولسا، ئاباد ئەيلەگەي.

نەۋائى خەلق مەنپەئىتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇشنى كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى:

يۈز جەفا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە فەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە قىلسا بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم.

شائىر خەلققە زۇلۇم سالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. خەلققە زۇلۇم سالغان كىشى ئاخىرى ئۆزىمۇ جەبرۇ - زۇلۇمدىن خالى بولالماي قېلىشتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىك قانۇنىيىتىنى جەزملەشتۈرىدۇ.

نەۋائىنىڭ گۇمانىزملىق قارىشى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، خەلقنىڭ دۇنيانى، تارىخنى ياراتقۇچى، قۇدرەتلىك كۈچ - قۇدرىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، خەلقتىن ئايرىلغان، خەلق نەپرىتىگە ئۇچرىغان، كىشىنى چوڭ بەختسىز كىشى دەپ ھېسابلايدۇ.

نەۋائىنىڭ گۇمانىزمى بىر ئەل، بىر خەلق ياكى بىرەر قەبىلىگە باغلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغان تار گۇمانىزم ئەمەس، بەلكى، كەڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت مەنپەئىتىنى ياقلايدىغان كەڭ دائىرىلىك گۇمانىزم ئىدى. شائىر ئادەمگە جىنس ياكى ئىرقى، رەڭگى، جۇملىدىن دىنىي - ئېتىقادىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى، ئىنسانىي پەزىلەت،

سۈپەتلىرىگە قاراپ مۇناسىۋەت قىلىدۇ.

شائىر جەمئىيەتنى تەكشۈرگەندە، ئىدېئالىستىك يولدىن ماڭدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر سىنىپىي جەمئىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن جەمئىيەت ئەزالىرىنى سىنىپلارغا ئەمەس، بەلكى قارا قويۇقلا ئۇلارنى «ياخشى»، «يامان» غا ئايرىتىدۇ. شۇڭا ئۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەت ئىللەتلىرىنىڭ فېئودال سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيدۇ، پۈتۈن بالا-قازانىڭ يىلتىزى ئەنە شۇ جايدا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتمەيدۇ. شۇڭا كۆزگە كۆرۈنگەن فېئودالىزم ئىللەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش يوللىرىنى بىلمەيدۇ. شائىر كۆز قارىشىدىكى بۇ ئاجىزلىقلار ئەينى زامانىدىكى تارىخىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئىدى. لېكىن، شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇ ئىدىكى، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەرنى ئۇلۇغ گۇمانىست، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، سەنئەتكار سۈپىتىدە يورۇتۇشقا، خەلق، ئەل يۇرتىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىش ئاساسىدا ھەل قىلىش ۋە يورۇتۇشقا ئىنتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ XV ئەسىرگىلا مەنسۇپ ئادەم بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگىمۇ مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شائىر ئۆز ئىجادىدا بىلىملىك، ئادالەتلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك پادىشاھ باشچىلىق قىلغان مەركەزلەشكەن دۆلەت، ھاكىمىيەت ئۇچۇن كۈرەش قىلىش غايىسىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ بۇ غايىسى پۈتۈن ئىجادىيىتىگە باشتىن-ئاخىر سىڭگەن گۇمانىزم غايىلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن.

مەرىپەتپەرۋەر ئادىل پادىشاھ باشچىلىقىدىكى مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇش ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، جۈملىدىن نەۋا-

ئى ياشىغان تۆمۈرلەر دەۋرىدە، بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشقا قارشى ھالدا ئالاھىدە كاتتا ئىلغارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەھمىيىتى چوڭ ئىدى.

شائىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قارىتا يۇقىرىقىدەك قاراش بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، شاھنىڭمۇ ياخشى - يامىنى بولىدۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئادىل پادىشاھ دۆلەتنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۈزەپ خەلققە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەكسىيەتچى يامان شاھ بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادىل، مەرىپەتپەرۋەر شاھلار ئوبرازىنى يارىتىپ («سەددى ئىسكەندەر» دە) ئۇلارنى ماختىسا، يامان زالىم شاھلارنىڭ («سەبئەئى سەييارە» دە) ئوبرازىنى يارىتىپ ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

نەۋائىي شاھلارنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشىنى دىنىي ئېتىقادقا قاراپ ئايرىمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، زالىم مۆئمىن (مۇسۇلمان) پادىشاھتىن ئادىل كاپىر پادىشاھ ياخشىراق. ئۇ:

شاھكى ئىش ئەدل ئىلە بۇنياد ئېتەر،
ئەدل بۇزۇق مۇلكنى ئاباد ئېتەر.
كاپىرى ئەدل ئانى ئاباد ئېتىپ،
مۆئمىنى زالىم ئانى بەرباد ئېتىپ...①

دەپ كۆرسىتىدۇ.

مەرىپەتلىك ئىدىيىلىك شاھ ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىجتىمائىي ئىدىيىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا (توققۇز ئوغۇز) مۇتەپەككۇرى فارابىينىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى پىكىرلىرىنىڭ ئاساسلىرى» دا ئوتتۇپىك

① «خازائىنۇل مەئانى»، 701 - بەت.

ئەزەربەيە تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. كېيىن XI ئەسىردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» تە كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا نىزامى گەنجىۋىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ «خىرەدنامە ئىسكەندەر» داستانلىرىدا بەدىئىي ئوبرازلار ئارقى- لىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «خەمسە» چىلىكتە ئاساس سالغان نىزامىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» سىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، ئىسكەندەر شىمالىي تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ئاجايىپ بىر ئۆلكىگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇ يەردە پۈتۈن خەلق شاد-خورام ۋە بەختىيار ھايات كەچۈرىدىكەن. ئۇ يەردە يا زۇلۇم، يا زورلۇق يوق ئىكەن، ئۇ جايدا، يە پادىشاھ، يا مىرشاپ، باي، كەمبەغەل، يا ئوغرى يوق بولۇپ ھەممە خەلق تەڭ باراۋەر خاتىرجەم ياشايدىكەن. بىر- بىرىگە ئازار بېرىشمەيدىكەن، ھەتتا ئىشىك-قوۋۇقلىرىمۇ قۇلۇپ سالمايدىكەن، ئىسكەندەر بۇ ئاجايىپ ئازاد خەلقنى كۆرۈپ ھەي- ران قاپتۇ. ئەگەر بۇنداق ئەلنىڭ دۇنيادا بارلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، دۇنيانى كېزىپ ئاۋارە بولمايدىكەنمەن دەپ ئويلاپتۇ.

چۈنكى، بۇ ئەلنىڭ ھاياتى، ئۆرپ-ئادىتى ئىسكەندەرنىڭ ئارزۇلىرىدىنمۇ يۈكسەك ئىدى. نىزامى ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ھاياتنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق بۇنىڭغا قانداق ئېرىشىش مۇمكىن؟ بۇنىڭغا نىزامى ھەم ئۆزىنىڭ دەۋرىدىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى. بۇ تېپىشماق ئەسىرلەر بويى تېپىشماق ھالىتىدە قېلىۋەردى.

نىزامىنىڭ داستانىدىكى «ئاجايىپ ئۆلكە» تەسۋىرى خىس- راۋ دېھلەۋىنىڭ «ئىسكەندەر ئەينىكى» داستانىدا يوق. بۇ ئە- جەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى خىسراۋ دېھلەۋى ئۆزىنىڭ ئىجتى- مائىي سىياسىي قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن مۇنداق ئۇتوپىيىدىن يىراق ئىدى. ئەمما يۇقىرىقى ئېپې-

زوت ئابدۇراخمان جامىنىڭ «خىرەدنامە ئىسكەندەر» داستانىدىن ئورۇن ئالغان. ئەمما نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا يوق. بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنى بېرتېلس: «تۆمۈرىيلەر سارىيىدا رەسمىي ھاكىمىيەت تۇتۇپ ئىشلىگەن ۋە ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەڭ يېقىن ئاغىنە بولغان ئەلشىر نەۋائىي ‹پادىشاھسىز ئۆلكە› ھەققىدە ئاشكارا سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىينىڭ ‹سەددى ئىسكەندەر› داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭدا كۆزلەنگەن مەقسىتى ‹پادىشاھسىز ئۆلكە› ئېپىزوتىنى تەلەپ قىلمايتتى. نەۋائىينىڭ ‹سەددى ئىسكەندەر› داستانىدا كۆزلىگەن باش مەقسىتى كامىل پادىشاھ ئوبرازى ئىدى. ئىسكەندەر نەۋائىي زامانىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئۆرنەك، ئىبرەت بولۇش لازىم ئىدى» دەپ ئىزاھلايدۇ. لېكىن يۇقىرىقى ئىدىيە ئەلشىر نەۋائىينىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىگە: «خەزائىنۇل مەئانى» ۋە «خەمسە»لىرىنىڭ ھەممىسىگە سىڭىپ كەتكەن.

نەۋائىي مەرىپەتلىك، ئادىل شاھ باشچىلىق قىلغان مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلىتى ئارقىلىق خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئىدېئالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇتوپىيىسىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقىلار ۋە زامانداشلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تۇرمۇشنى كۆزىتىش، چوڭقۇر ئۆگىنىش جەريانىدا يۇقىرىقى ئۇتوپىيىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇنداق فېئودالىزم ئىستىبداتى ھۆكۈم سۈرگەن شارائىتتا خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن فېئودالىزمغا قارشى غەيرىي كۈچ لازىم ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. شۇڭا دەسلەپ ئۇ ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى تەنقىدىي پاش قىلغان بولسا، كېيىنچە پۈتۈن فېئودالىزم جەمئىيىتىنى قارىلاشقا ئۆتتى.

بۇنداق ئەھۋال شائىرنىڭ لىرىك ئەسەرلىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلار شەخسىي شىكايەت يۈزىسىدىن قىلىنغان مۇلاھىزە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز زامانىسى ھەققىدىكى تېپىكلەشتۈرۈلگەن پىكىرلەردۇر، يەنى شائىرنىڭ ئۆز جەمئىيىتى ئۈستىدىن چىقارغان خۇلاسىسى ۋە ھۆكمىدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، شائىر دۇنيا قارىشىنىڭ تەرەققىياتى شۇ جايغا يېتىپ بارغانكى، ئۇ رېئال فېئودال جەمئىيەتنى رەت قىلىپ، يېڭى بىر ئالەم ئىزدىدى. لېكىن ئۇ يېڭى ئالەم قانداق بولىدۇ؟ بۇنى شائىر كونكرېت تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، قىلىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەۋائىينىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىكىلىق ئىدېئالى باشقا ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاشلا ئوتوپىك ماھىيەتكە ئىگە ئىدى.

لېكىن يۇقىرىقى ئىجتىمائىي ئىدېئاللار خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرى پاراۋانلىقى، تىنچ ھاياتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان خەلق كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ھەمىشە خەلق غەم - قايغۇسىنى قىلغان، خەلق بىلەن بىللە ياشىغان، ئۆز تەقدىرىنى خەلق تەقدىرى بىلەن باغلىغان ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئىدېئالىنىمۇ خەلق تۇرمۇشى، خەلقنىڭ ئۇلۇغ ھەرىكەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋى ئىجتىمائىي ئىدېئالنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئۆزىنىڭ زامانىسىدىكى ئۇلۇغ خەلق قوزغىلىڭى سەۋەب بولغان ۋە كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولسا، نەۋائىي ئىجتىمائىي ئىدېئالى ۋە ئۆزىنىڭ ئوپتىمىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ گۈلخان بولۇپ يانغان ۋە ماۋارە ئۇننەھرىدە مۇغۇل ئىستىلاسىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇپ، تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەب

بولغان «سەربەدارلار» ① ھەرىكىتى سەۋەبچى بولغان ۋە زېمىن بولغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرى ياشىغانلار ۋە زامانداشلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يۇقىرىدىكىلەر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ئېقىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ماددىي مەنبەلىرىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى. نەۋائىي دۇنيا قارىشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي دائىرىسى بىزگە ئۇنىڭ بارلىق ئىجادىيىتىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىزغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ.

## 3 - §. نەۋائىينىڭ لىرىكىلىرى توغرىسىدا

نەۋائىي يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىۋى ۋە ئۇنىڭ لىرىكىسى، ئەھمەد يۈكنەكى، نەسىرىدىن رابغۇزى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىقلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىدىن نىزامى گەنجىۋى، ناسىر خىسراۋ ھەم تاجىك - پارس ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكلىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، ھاپىزى، ئابدۇراخمان جامىي قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار لىرىكىلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، XV ئەسىر ئۇيغۇر — تۈركىي خەلقلىرىنىڭ لىرىك پوئېزىيىسىنى يۈكسەك چوققىغا كۆتۈرگەن شائىردۇر.

نەۋائىي ئۇيغۇر — تۈركىي خەلقلەر پوئېزىيىسىنى تېماتىكا جەھەتتىن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن زور يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا قارشى

① سەربەدارلار — دارغا ئېسىلغۇچىلار دېگەن مەنىدە. سەربەدارلار سەبزاۋارنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت قۇرغان (1337 — 1381)، دۆلەتنى قۇرۇشتا خوجا يەھيا زور رول ئوينىغان.

كۆرەش «قورالى»، خەلقنىڭ دۇنيانى بىلىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش قورالى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خەلقنى ئەخلاقىي، ئەستېتىك جەھەتتە تەربىيىلەشنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولغان لىرىك شېئىرنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەش قورالى ھېسابلاپ پۈتۈن ئۆمرى بويىچە لىرىك شېئىر يازدى. ئۇ لىرىكىنىڭ غەزەل، قەسىدە، مۇخەممەس، روبائىي، قىتئە، تۇيۇق قاتارلىق ھەممە شېئىرىي شەكىللىرىدە يازغان.

نەۋائىي لىرىكىسى دائىرىسىگە نەۋائىينىڭ زامانىدىشى ۋە ئۇستازلىرىدىن بىرى، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «خەت ژانىرى» نىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان سەئىد ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان شېئىرىي خېتى «ھەسبى ھال» (ھال ـ ئەھۋال بايانى) «تۆھپە تۇل ئەفكار» (پىكىرلەر سوۋغىسى) ۋە باشقا قەسىدىلىرى، بۇلاردىن تاشقىرى «خەمسە»، «مەنتىقۇتتەيىر» ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى لىرىك پارچىلارمۇ كىرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر ــ تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ توپلىمى خەلق ئىچىدە «چاھاردىۋان» دەپ ئاتالغان. بۇ كىتاب 50 مىڭ مىسراغا يېقىن لىرىك شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نەۋائىي بۇنىڭغا «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) دەپ نام قويغان. بۇ ئۆز ئىچىگە: «غەرايىبۇس سىغەر» (ياشلىق غارايىپلىرى)، «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دېگەن تۆت توپلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن «چاھار دىۋان» دەپ ئاتالغان.

ئىنسانپەرۋەرلىك نەۋائىي لىرىكىسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ لىرىك قەھرىمانىنىڭ يارغا بولغان مۇھەببىتى، يارنىڭ

گۈزەللىكى، ئۇنى سېغىنىپ زارىقىش، ھىجران ۋە ئۇنى يېڭىش قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

لىرىك قەھرىمان يار ئىشقىغا مۇنداق گىرىپتار بولىدۇ،

ۋەھكى، بولدۇم ئىشق ئارا بىر بىۋاپاغە مۇبتەلا،
بولمىسۇن ئەھلى ۋەفا مۇنداق بەلاغە مۇبتەلا.

(ئاھ، ئىشق ئارا مەن شۇنداق بىر بىۋاپاغا مۇپتىلا بولدۇمكى، ھېچبىر ۋاپا ئەھلى مۇنداق بالاغا مۇپتىلا بولمىسۇن.)①

لىرىك قەھرىمان ئۆز يارىغا شۇنچىلىك مۇھتاج بولىدۇكى، ئەنىڭ يولىدا ھەر قانداق شەرتنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدۇ:

بولدى راكىب، نىتتى كۆڭلۈم ئۆيىدە قىلسە نۇزۇل،
تىغ ئىلە كىم تارتمىش ئازۇرىدە كوكسۇمنى يارىب.②

(ئۇ ئاتلىق كېلىپ، تىغ تارتىپ، دەرتلىك كۆكسۈمنى يېرىپ، كۆڭلۈم ئۆيىگە چۈشسە نېمە بولىدۇ).

ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولغان لىرىك قەھرىمان ئۆز مۇھەببىتىگە شۇنچىلىك ئىھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇكى، سۆيگۈنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ:

زار كۆڭلۈمدە نىھان ئۆيلەكى جان دەيمۇ سېنى،
يوق ئىسە ئاشۇفتەجان ئىچرە نىھان دەيمۇ سېنى.

(سېنى بىچارە كۆڭلۈمگە يوشۇرۇنغان جان دېسەم بولامدۇ؟ ياكى سېنى ئىشقىي ئوتىدا كۆيگەن جېنىمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان دېسەم بولامدۇ؟)

---

① ئەلىشىر نەۋايى: «غەزەللەر»، 429 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

② يۇقىرقى كىتاب — 441 - بەت.

..........................................

ھۆسن مىرئاتى سەلۋ نازى لەتافەت شەمئى،
ساددە دىل دەيمۇ سېنى، جۆرەب زەربان دەيمۇ سېنى؟①
(سەن گۈزەللىك ئەينىكى، يېقىملىق ناز چىرىغى،
شۇڭا سېنى ساددا دىل دەيمۇ، تىلى چۈچۈك دەيمۇ).

نەۋائىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىنساننىڭ ئىرقى، ئېتىقادى، مىللىتى، نەسىل-نەسەبىگە قاراپ ئادالەتسىز مۇناسىۋەت قىلغۇچى فېئودال ئىستىبداتلارنىڭ دىنىي پەلسەپە سەپسەتىلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

نەۋائىي تۈرلۈك ئەل-يۇرت، تۈرلۈك دىنىي-ئېتىقادقا مەنسۇپ كىشىلەرنى تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بارلاس-ئارلات قاتارلىق قەبىلىلەرنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويمايدۇ. رۇس يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي «قىز ۋە ئۆلۈم» دېگەن داستانىدا «مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ» دېگەن غايىنى خاسچانلىق بىلەن ئىپادىلىگەندى. بۇنى 1936-يىلى يولداش ستالىن بىلەن مولوتوۋقا ئوقۇپ بەرگەندە، ستالىن چىن مۇھەببەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئۇلۇغلاپ «مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ» دېگەن مەشھۇر تەرىپنى بەرگەندى.

ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرى بولغان نەۋائىي مۇھەببەتنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغ كۈچىنى ئەينى زاماندىلا بۈيۈك ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۇلۇغلىغان:

كىمكە يەتكەي ئىشق دەردى داغدىن ئافەت ئاڭا،
داغى مېھرى سەلتەنەتتۇر دەرت ئىرۇر سىھھەت ئاڭا.

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «غەزەللەر» 541-بەت.

(كىمكى ئىشق بىلەن ئاغرىپ كۆيمىكىدىن ئاپەت يەتسە،
بۇ ئىشقىنىڭ كۆيۈكى — سەلتەنەت ئاغرىقى سالامەتلىكتۇر)

ئەمۇغ ئوتى بۇ يەڭلىغ تېز ئىكىنمۇ، ئەي كۆڭۆل ياخور،
ئاڭا مۇنچە ھارارەت شۇئىلەئى فورقەتىدىن ئىركىنمۇ؟
(ئەي كۆڭۆل، دوزاخ ئوتى ئەسلى شۇنداق ئۇلۇغمۇ،
ياكى بۇنىڭغا مۇنچىلىك ھارارەت پىراق ئوتىدىن كەلگەنمۇ؟)

شائىر ئۇچۇن ئىنسانغا مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچى ئىنساننىڭ ئىرقى، مىللىتى، دىنىي ئېتىقادىدىن قەتئىيــنەزەر، ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ئىنسان گۈزەللىكىدىن كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ ماھىيەتلىك ئىنسانىي گۈزەللىكىنى «گۈزەل يار» ئوبرازى ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىر گۈزەللىك توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، گۈزەللىكنىڭ ئومۇمىيىتى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ، گۈزەللىكنىڭ نىسپىي تەرەپلىرىدىمۇ كۆز تاشلاپ ئۆتىدۇ.

دەھر خۇش گۈلشەن ئېرۇر نەيلەكىم،
يوق ۋەفا گۈللەردىن زىۋەر ئاڭا.
(جاھان شۇنداق گۈزەل گۈلشەن بولسىمۇ، لېكىن گۈللەرنىڭ زىننىتى ئۇزۇن تۇرمايدۇ)

نەۋائى ئىنسان گۈزەللىكىنى يار ئوبرازىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىنتىلگەندە، ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ تەبىئىي رېئال گۈزەللىكىنى ئەدەبىياتقا خاس تىپىكلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىر تەرىپىدىن يارىتىلغان گۈزەل يار ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببىتى ۋە سېھرىي كۈچى بىلەن لىرىك قەھرىماننى ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋالغانلىقىدا.

شائىر ئۆزىنىڭ گۈزەل لىرىك قەھرىمانىنىڭ سىرتقى قىياپىتىنىلا تەسۋىرلەپ قالماي، ئۇنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى خىرىستىئان دىنىنىڭ شەپقەتلىك پەيغەمبەرلىرىدىنمۇ ئۈستۈن قويىدۇ:

دەمىڭ خىجلەتىدىن ئىچۈك قاچمىسۇن،
بۇ دەم چۈنكى ئەيسايۇ مەريەمدە يوق.

(ئەيسا ھەم مەريەم ئىمىشقا سەندىن قاچمىسۇن
چۈنكى ئۆزلىرىدە سېنىڭدەك نەپەس بولمىغاچقا خىجىل بولىدۇ).

شائىر ھەقىقىي گۇمانىست مەيدانىدا تۇرۇپ، سوفىزمىغا قارشى ھالدا ئىنسان گۈزەللىكىنى ئىسلام دىنى ئەپسانىسىدىكى ھۆر - پەرىلەردىن ئۈستۈن قويىدۇ.

گەر دېسەڭ ھەر يان پەرى شەكلىن نەمۇدار ئەيلەيىن،
ۋەھ، نى نەۋئى ئەيتەي ۋەلى مەندۇر جانانىمنى قىل.

(ئەگەر ئەتراپىتا پەرى سۈرەتىنى كۆرسەتمەكچى بولساڭ،
ئاھ. نىمە دەپ ئېيتاي، پەقەت گۈزەل جانانىمنى كۆرسەت)
دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ.

نەۋائىنىڭ لىرىك قەھرىمانى قانچىلىك قاتتىق ھىجران چەكسىمۇ، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. يار ۋەسلىگە (ئازادلىققا) يېتىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ.

قەستى جانىم قىلدى ھىجرىئەي قاتىلى خۇنغار كەل
قان تۆكۈپ جانىمنى ئالماق ئىستەسەڭ زىنھار كەل.

(ھىجران جانىمغا قەست قىلدى، ئەي قانخور قاتىل كەلگىن،
قان تۆكۈپ، جىسمىنى ئالماقچى بولساڭ چوقۇم كەلگىن)

تولۇق ئوپتىمىستىك روھقا ئىگە لىرىك قەھرىمان كۆرەشنىڭ يىراق ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز كۆرەشلىرىدىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىپ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ:

كىم ۋەسىل ئىچىشكىم ھىجران خۇمارى چەكمەدى،
خارسىز گۈل دەھر بوستانىدا ئىمكان ئېرۇر.
(كىم ھىجران دەردىنى تارتماي ۋىسال شارابىنى ئىچىپتۇ،
جاھان بوستانىدا تىكەنسىز گۈل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس).

شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىدىئالىدىكى مۇنداق ئوپتىمىستىك روھ ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانىنى مۇنداق خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ. «گۈزەل يار»ۋەسلىگە يېتىشنىڭ يوللىرىدىن بىرى «ۋاپا»نى دەپ ھېسابلاپ «ۋاپا»نىڭمۇ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ:

گەر ۋەفا قىلساڭ ئېرۇر ئاندىنكى باردۇر سەنبەرى،
يوقسەكىم ئالەمدە كۆرمىش نەۋئى ئىنساندىن ۋەفا.
(ئەگەر ۋاپا قىلساڭ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈسەن،
ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ئالەمدە ئىنسان بالىسىدىن كىم ۋاپا كۆرىدۇ).

ۋىسالغا ئۈمىد بىلەن قارىغان ناۋايى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ۋىسال پەيتىنىمۇ تولۇپ-تاشقان تەنتەنە بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

ۋەگەر خور ۋەسلى ئىستىقبالى مۇيەسسەر ئولسا ئول سائەت،
فەرىدۇن تەختى ئۇزرە بەزم تۈزدى جامى جەم چەكتى.

(ئەگەر ئاشىق ۋىسال پەيتىگە ئېرىشسە، ئۇ چاغدا پەرىدۇن تەختىدە بەزمە قىلىپ، جەمشىت جامىنى ئىچكەندەك بولىدۇ).

نەۋائىنىڭ ھاياتقا، ئۆزىنىڭ «گۈزەل يار» ىغا چىن دىلى بىلەن مۇھەببەت باغلىغان لىرىك قەھرىمانى كۈرەش يولىغا ئۆتۈپ غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىدۇ:

غەم ئەمەس، چۈن خاك راھىدا تاپارمەن جان ئىسى،
گەرچە موھلىك غەم يۈكى قەددىمنى ئەيلەپتۇر نىگون.

(گەرچە ھالاكەتلىك غەم يۈكى قەددىمنى ئېگىپ، مۈكچەيتىپ قويسىمۇ، نېمە غەم، چۈنكى ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن ھاياتلىق تاپىمەن) دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

VI ئەسىردىكى ئىستىبدات فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەتلىك ئاسمىنىدا يورۇق يۇلتۇزدەك چاقنىغان شائىر نەۋائىي تەپەككۇر قىلىشتا ئەركىنلىككە قاراپ يۈزلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي (تېئولوگىيىسى) نى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاتېئىزم يولىنى تۇتتى. نەۋائىي ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ قانات يېيىپ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەركىدۇنياچىلىق يولىغا قارشى ھالدا ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قاراش غايىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ غايە كۆپىنچە سۆيگۈ مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەندى. نەۋائىي دۇنياۋى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلىدى. شائىر ئالدى بىلەن «كىمكى ئىنسان بولسا، ئۇنىڭ مەھبۇبىمۇ ئىنسان بولۇشى كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى يولدىشىنى ئەپسانىۋى «ھۆر ـ پەرى» لەردىن، ھاياتلىق گۈلشىنىنى ئەپسانىۋى «جەننەت» تىن كۆپ دەرىجىدە ئۈستۈن

ئورۇنغا قويىدى. شۇڭا ئۇ سوفىزمنىڭ تەركىدۇنياچىلىقىغا، «جەننەت»، «ھۆر ـ پەرى» لەرگە زىت شېئىرلارنى يازدى.

ئۇ بۇ يولدا ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ دەھشەتلىك كۈچىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ جاسارەت بىلەن «ئاللا» نى رەت قىلىش دەرىجىسىگىچە يېتىپ باردى:

ئىھتىياجنى ئۇلۇستىن ئۈز خۇدايا، فەقىر ئىلە،
ئۇيلە فەقىرىكىم ئاڭا بولماس خۇداغا ئىھتىياج.

(خۇدا پېقىرلىق بىلەن كىشىلەرگە ھاجەتمەن قىلما،
شۇنداق پېقىر بولايكى خۇداغىمۇ ھاجەتمەن بولماي)

ناۋايىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى خەلق ھاياتى، خەلق مەن-پەئەتى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى تېپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ياراتقان لىرىك قەھرىمانلار ئوبرازىدىن شائىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجاد-يىتىنى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن ئېنىق كۆرۈ-ۋالغىلى بولىدۇ:

نى كەلسە خوش ئۆزۈڭكى خەلق كۆڭلى ئۈن،
رەقەھەك ئەيلەدى كاتىپى قەزا ھەرگىز.

(خەلقنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بېشىڭغا نېمە كەلسە، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت، چۈنكى قىسمەتنىڭ كاتىپى بولىدىغان ئىشلارنى قالايمىقان يازغان ئەمەس.)

ئەلىشىر نەۋائىي بىلىملىك، مەرىپەتلىك شاھنىڭ رەھبەرلى-كىدە مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلەتنى قۇرۇپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردا خىزمىتىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، ھاياتنى بىۋاستە كۆزىتىش جەريانىدا بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى قارىشىغا گۇمان قىلىپ تېڭىرقاپ تاقىتى تاق بولىدۇ.

نەۋائىي مەرىپەتلىك، بىلىملىك شاھ ئارقىلىق مەركەزلەش-كەن دۆلەت قۇرۇپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن فېئودالىزم جەمئىيىتىدە باشقىچە بىر غەيرىي كۈچ بولۇشى لازىملىقىنى ھېس قىلغانلىق-تىن، ئۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئايرىم نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش نۇقتىسىنەزەرى بىلەنلا تۇرۇپ قالماي، بەلكى ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش تەرەپكە ئۆتىدۇ. بۇ شائىر دۇنيا قارىشىنىڭ ئاخىرقى يېتىلگەن باسقۇچى ئىدى. شۇڭا ئۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ «ياخشىلىق» لىرىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ، ئوتتۇرا ئەسىر قاباھىتىنى ساتىرا ئاستىغا ئالىدۇ.

ھەزەر قىلماق تەقازا جاللاددىن بولماس،
قىلۇر، قەتىل ئويلەكىم نەتىغ ئولۇر پەيدا، نەقان پەيدا.
(تەقدىرنىڭ جاللاتىدىن ساقلىنىپ بولمايدۇ. ئۇ شۇنداق ئۆلتۈرىدۇكى، تىغنىمۇ، قاننىمۇ كۆرسەتمەيدۇ).
باكى:

كىمسە ھەرگىز كۆرمەدى چۇن ئەھلى دەۋراندىن ۋەفا،
ئولكى دەۋران ئافەتىدۇر، نى تەمانى ئاندىن ۋەفا.
(زامان ئەھلىدىن ھېچكىم ۋاپا كۆرمىدى، ئۇ بولسا زامان ئاپىتى، ئۇنىڭدىن نېمە دەپ ۋاپا تەما قىلغۇلۇق).

شائىرچە مانا بۇ فېئوداللىزم تۈزۈمىنىڭ تۈپكى ماھىيىتى ئىدى.

شائىر ھەتتا ئۆزى ئىشەنگەن پادىشاھ ھۆسەيىن بايقارانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىمۇ ساتىرا ئاستىغا ئالىدۇ.

ئەي نەۋائى گەر ۋەفاسىز چىقتى ئول سولتان ھۆسەيىن.
تاپتىڭ ئەلدىنكىم، تىلەرسەن ئەمدى سۇلتاندىن ۋەفا.
(ئەي نەۋايى ئۇ سۇلتان ھۆسەيىن ۋاپاسىز بولۇپ چىقتى،
ۋاپانى ئەلدىن تاپتىڭ، ئۇنى يەنە سۇلتاندىن تىلەمسەن.)

بىكەس ئولسام نى تە ئەججۇبكىم ۋەفادا جان بېرىپ،
تاپمادىم ئەھلى ۋەفا يارى جەھاننى ئاختۇرۇپ،
(ۋاپا ئۈچۈن جان بېرىپ، ھەممىدىن ئايرىلسام
نېمە بوپتۇ، چۈنكى جاھاننى ئاختۇرۇپ ۋاپادار
يار تاپالمىدىم.) دەپ ئاخىرقى قارارغا كېلىدۇ.
نەۋائى ئاخىرى مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:
يارۇتماس قۇياش تىرە شاھىم قاراسىن،
كى بۇشان ئېتەر تىرە ئانىڭ زىياسىن.
(قۇياش قاراڭغۇ كېچە مېنى يورۇتمىدى، بەلكى بۇ قاراڭغۇلۇق قۇياشنىڭ نۇرىنى خىرەلەشتۈردى.)

ئاچار شاھ ئۆزى بەند قىلغاننى، لېكىن،
خەلاس ئەيلە ئالماس ئۆزى مۇپتەلاسىن،
(پادىشاھ ئۆزى تۇتقۇن قىلغانلارنى بوشىتالايدۇ.
بىراق دۇچ كەلگەن بالادىن ئۆزىنى ـ ئۆزى قۇتۇلدۇرالمايدۇ).

دېمەك نەۋائىنىڭ XV ئەسىر فېئوداللىزم تۈزۈمىنىڭ ھالا-

كىتى توغرىسىدىكى دۇنيا قارىشىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغان كۆپلىگەن لىرىكىلىرى شائىر ئىجتىمائىي - سىياسىي قارىشىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ھازىرقى ماركسىزم پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ ساددا دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم كۆز قارىشى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. لېكىن XV ئەسىر ئىسلام تېئولوگىيىسى ئىدىيىۋى زامانىسىنى تۈتەكتەك قاپلاپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان دەۋر شارائىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، شائىرنىڭ يۇقىرىقى قارىشى غايەت زور يۈكسەك چوققىدۇر.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز ناۋائىي لىرىكىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى توغرىسىدىكى قىسقىچە بايانىدىن ئىبارەت.

ئەگەر شېئىرىيەتتە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش چىنلىق، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكى، زامانىۋىلىق، تەسىرچانلىق، ئوبراز قاتارلىقلار بەدىئىيلىكنىڭ ئۆلچىمى دېيىلسە، نەۋائىي شېئىرلىرىنى XV ئەسىر پوئېزىيىسىنىڭ چوققىسى دېيىشكە بولىدۇ.

نەۋائىي شېئىردىي ئوبرازلىرىنىڭ يارقىن، روشەن - تەسىرلىك، رەڭدار ئىكەنلىكىنى ناۋائىي تىلىنىڭ ئىنتايىن باي، رەڭدار، ئوبرازلىقلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. نەۋائىي شېئىرلىرىدىكى ئەڭ گۈزەل ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى شائىرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر كۈچىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شائىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال قاباھىتىنى پەقەت بىر قانچە مىسرالار ئارقىلىقلا تۆۋەندىكىچە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

كۆڭۈل ئۆز چەرىخ زالدىن، قىرسىن يىمەكىم ئاخىر،
ئەجەل سەرىشتەسىدىن ئۆزگە بوينۇڭغا كەمەند ئەمەس.
(قاقباش پەلەكتىن كۆڭۈلنى ئۈز، ئالدىنىپ قالما،
ئۇ بەرىبىر ئەجەل ئارغامچىدىن باشقا نەرسىنى بوينۇڭغا باغلىمايدۇ.)
ياكى جۇدالىقنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ساقىيا جامىدا ئەزگىل زەر ھەركىم، ھەر نىچە ئول
بولسا ئاچچىغ بولغىسىدۇر زەھر ھىجراندىن چۈچۈك.
(ئەي ساقى قەدەھكە زەھەر ئېزىپ بەر، ئۇ ھەر قانچە ئاچچىق بولسىمۇ، جۇدالىق زەھرىدىن تاتلىقتۇر.)

نەۋائى ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان ھەرپ ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشتا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن:

كۆڭلۈمە قاشىڭ خەيالى بولدى تەنۋىن «نۇن» ىدەك،
ئۇيلە «نۇن» غە نۇقتە بولدى داغى نىھان ئاقىبەت.
(قېشىڭنىڭ خىيالى كۆڭلۈمگە «ن» ھەرپى ئۈستىدىكى تەنۋىندەك بولدى. يوشۇرۇن داغ ئاقىۋەت ئاشۇ «ن» ئۈستىدىكى چېكىت بولدى.)
خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋائى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى يېڭى تېماتىكا ۋە غايىۋى مەزمۇننى بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۇكسەكلىككە كۆتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى.
شائىر شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا ۋە بەدىئىيلىكىگە چوڭ ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

نەۋائى ئۆزلىرىكىملىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق تۈركىي خەلق-لەر ئەدەبىياتى تارىخىدا بەدىئىي تىلنى بېيىتىشتا ناھايىتى چوڭ ھەسسە قوشتى.

## 4-§. نەۋائىنىڭ داستانلىرى توغرىسىدا

نەۋائىنىڭ دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى، ئالىم ۋە مۇ-ئەللىپلىك سۈپىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرى نۇرغۇن ۋە خىلمۇخىلدۇر. ئۇنىڭ پائالىيىتى ۋە تەشەببۇسلىرى پادىشاھ ھۆسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ساراي ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بەزەن قوبۇل قىلىندى ۋە بەزەن رەت قىلىندى. بۇ چاغدىكى فېئودالىزمنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى نەۋائى ئارزۇ-ئارمان-لىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى، لېكىن ئۇ شا-ئىر بولغانلىقتىن، ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىرقەدەر كەڭ ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەمدى قىلالمى-غان ئىشلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىپ شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇ ئاشۇ ئى-جادىي فانتازىيىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زاماندىشلىرىدىن، شۇنداق-لا بۇرۇنقىلاردىن ئۆتۈپ كەتتى. بۈيۈك سەنئەتكار كونكرېت تارىخىي مۇھىت-ئالەمدىلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىي، بەدىئىي فانتازىيىسى، سۆيۈملۈك قەھرىمانلىرى بىلەن بىرلىكتە غايىۋى ئالەمدە ياشىدى، ئەنە شۇ مۇھىتتىن نەپەس ئالدى. ئۇ قەھ-رىمانلىرىنىڭ بىرى بىلەن مۇشەققەتلىك ئېغىر ئازاب-ئۇقۇبەت چەكسە، يەنە بىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئارام ئالدى. سەنئەتكارنىڭ ئاساسىي ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۇنىڭ داستانلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

نەۋائى لىرىك شېئىرلىرىدا ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئۇچقۇن-

يانغىنلىرىنى قاراڭغۇ ئاسماندا چاقماق چاققاندەك ئەكس ئەت-
تۈرۈپ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ روھىي قىياپىتىنى
تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئېپىك
ئەسەر يېزىشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئېپىك ئەسەرلەرنى يازغان
ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرى نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خە-
سراۋ دېھلەۋى ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلاردىن تەنقىدىي ئۆ-
گىنىپ چىقتى ۋە خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش ئۈچۈن داس-
تانلىرىنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا يېزىشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە
قىلىپ قويىدى. ئۇ بۇ مەقسىتىنى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى-
نىڭ خاتىمىسىدە ئوچۇق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

گەرچە شۆھرەتلەرى جەھاننى تۇتتى،
غەۋغالارى ئىنس-ۇ جاننى تۇتتى.
چۇ فارسى ئېردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى
ئول تىل بىلە بولدى نەزم مەلفۇز.
بۇ كىم فارسى ئاڭلار ئول مەھرۇز.
مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم شۆھرەتى چۇن جەھانغە تولغاي،
تۈركىي ئېلىندە دەغى بەھرى ئالغاي،
نە چۈنكى بۇ كۈن جەھاندا ئەتراك،
كۆپتۈر خۇش تەبئ-ۇ سافى ئىدراك.

گەرچە ئۇلارنىڭ (نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلەۋىلەرنى
دېمەكچى — ئاپتور) سۆزلىرى ۋە شۆھرەتلىرى جاھانغا يېيىلىپ

كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يازغان نازۇك مەنىلەردە تۈركچە زەۋۇق تازراق، پارسچە زەۋۇق كۆپرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنىلەر پارسچە تىل بىلەن نەزىم ئېتىلگەنلىكتىن، پەقەت پارسچە بىلىدىغانلار بەھىر ئالالىدى. ھازىر جاھاندا ساپ ئىدراكلىق، خۇش تەبىئەتلىك تۈركىي تىلىدا يازىدىغانلار كۆپەيگەن شارائىتتا شۆھرىتى جاھاننى ئالسۇن، تۈركىي خەلقلەرمۇ بەھرى ئالسۇن، دەپ بۇ قىسسەمنى تۈركىي تىلدا تۈزدۈم، بۇ ئەپسانىنى ھېكايە قىلىپ يازدىم، دەيدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئىستىلاسىغا قارشى ھالدا IX ئەسىردىن X ئەسىرگىچە مەيدانغا كەلگەن تاجىك - پارس ئەدەبىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ناۋايىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسىرى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ چاغدا كۆزگە كۆرۈنگەن 355 شائىر ئىچىدە تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىغان ئاران 30 غا يېقىن شائىر بار ئىدى. بۇلارنىڭ سەركەردىلىرى: ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائىلار ئىدى. ئاتايى سەككاكىلار تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىش بىلەنلا چەكلەندى. داستان يېزىش بۇ دەۋردە لۇتفىدىن باشلاندى. بۇ يەرگە كەلگەندە شۇ نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا نەۋائى خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىدا داستان يېزىشنى، بىلىملىك ئادىل شاھ ئارقىلىق مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش ئېستېتىك ئىدېئالىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خان ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ يەردە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئىدېئالى بىلەن نەۋائىي داستانلىرىنىڭ ئىدېئالى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارمۇ - يوقمۇ؟ نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆرگەنمۇ - يوق؟ دېگەن سوئال تەبىئىي ھالدا

تۇغۇلىدۇ. بۇ مەسىلە تا مۇشۇ كۈنگىچە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن چەتتە قالماقتا. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە پروفېسسور بېرتېلسنىڭ پىكرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇ نەۋائىينىڭ ئىجادىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە شەرقىي تۈركىستانغا شىنجاڭغا باغلايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە نەۋائىي ئەسىرىدىكى «چىن» جۇڭگو ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستاندۇر). ئۇنىڭ ئۈچۈن چىن خاقانىنىڭ پەرزەنتى پەرھاتمۇ شەرقىي تۈركىستانلىقتۇر. ئۇ: «بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر قەدىمىي ئەدەبىي يادىكارلىق قۇتادغۇبىلىك بىلەن بىزنىڭ شائىرىمىز نەۋائىي تونۇشقانمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلە بىزنىڭ پىكىر ئېيتىشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، نەۋائىينىڭ قۇتادغۇبىلىك بىلەن تونۇشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ ئاساسلىق قول يازمىسى ھىراتتىن چىققان ئەمەسمۇ، بۇ پاكىت ئەلۋەتتە نەۋائىي بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بۇ توغرىلىق بىزدە ھېچقانداق ئېغىز ئېچىلمىدى.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، نەۋائىي قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ ئارىستوتېل بىلەن قىلغان سۆھبەت، مۇنازىرە شەكىللىرى قۇتادغۇبىلىكنىڭ شۇ ئاساسىي قىسمىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن نەۋائىي نىزامىغا قارىغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ھەقىقەتەنمۇ يېقىنلىشىپ كېلىدۇ، مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن نەۋائىي مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تەقلىد قىلغان ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت بىز بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن تىرادىتسىيىنىڭ ئەنە شۇ يىراق — قۇتادغۇبىلىكتىن كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەيمىز دېمەكچىمەن»① دەپ توغرا ئېيتىدۇ.

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 61 - بەت، 1983 - يىل ئالمۇتا.

نەۋائىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن تونۇشلۇقىنى مەشھۇر
شەرقشۇناس يۇسۇپ زىيا شىرۋانىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمۇ ئىسپاتـ
لايدۇ: «نەۋائى ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باقشى، شائىر، يازغۇـ
چىلارغا كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1470-
يىلى ھىراتتا ئابدۇراخمان باقشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ سۇلـ
تان ھۆسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ئىستامبۇلغا، تۈركىيە سۇلتانـ
لىقىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. بۇ چاغـ
دا نەۋائىمۇ ھىراتتا ئىدى. بۇ ئىشتا نەۋائى زور رول ئويـ
نىغان»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، نەۋائى ئۆز داستانلىرىـ
نى يارىتىشتا ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرى يۇسۇپ خاس
ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخـ
مان جامى قاتارلىقلاردىن تەنقىدىي ۋە ئىجادىي ھالدا
ئۆگەنگەنىكەن.

نەۋائى بىرنەچچە يىل پۇختا تەييارلىقتىن كېيىن، 1483-
يىلدىن باشلاپ «خەمسە» يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىككى يىلدىن
كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 1483 — 1485 - يىللىرىدا 52 مىڭ
مىسرادىن تەشكىل تاپقان داستانلار توپلىمىنى مەيدانغا كەلتۈردى.
بەش مۇستەقىل داستاندىن ئىبارەت مۇنداق كىتاب ئوتتۇرا ئەسىر
ئەدەبىياتى تارىخىدا «خەمسە» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ داستانلار: «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ
ھەيرانلىقى)، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»،«سەبئەئى-
سەييارە» (يەتتە سەييارە)، «سەددى ئىسكەندەر» (ئىس
كەندەر سېپىلى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

نەۋائى بۇ داستانلىرىدا XV ئەسىر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم

---

① يۇسۇپ زىيا شىرۋانى: «نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «شەرق ھەقىقىتى»،
1948- يىلى 6- سان.

مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ ئېلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك گۇمانىستى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن يورۇتتى.

### 1. «ھەيرەتۇل ئەبرار» توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

64 بابتىن تەركىب تاپقان تەلىم - تەربىيە خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەسەر «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانى «خەمسە» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بىرىنچى داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا باشتىن - ئاخىر بايان قىلىنغان بىرەر ۋەقەلىك يوق. ئۇنىڭ 20 بابى ماقالات بولۇپ، بۇ ماقالات داستاننىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان قىسىملىرى كىرىش ۋە خاتىمە قىسىملىرىغا تەۋەدۇر. كىرىش ۋە خاتىمە قىسمىدا شائىرنىڭ ئەدەبىي كۆز قاراشلىرى ئەكس ئېتىدۇ. نەۋائىي «خەمسە» گە سيۇژېتنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئالغانلىقى ئۈچۈن، جۈملىدىن بەدىئىي تىلدىمۇ خەلق ئەدەبىياتى بايلىقىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ مۇقەددىمە بابلىرىدىن بولغان 15 - بابىدا خەلق پوئېتىك ئىجادىنى بىلمىگەن ياكى ئۇنى مەنسىتمىگەن، خەلق شېئىرىيىتىدىن تەلىم ۋە بەھىر ئالالمىغان شائىرلارنى تەنقىدلەپ مەسخىرە قىلسا، داستاننىڭ قەلەم ئەھلىلىرى ھەققىدىكى 12 - ماقالاتىدا ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىدا ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ بىرلىكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەم ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرى بولغان نىزامىي، گەنجىۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامىلارغا مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ. ئۇ مەدھىيىلەر قۇرۇق گەپلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بەرىكەتلىك ئىجادىغا نىسبەتەن ئۆز زامانىسىگە لايىق چوڭقۇر ۋە ئىلمىي رەۋىشتە بېرىلگەن تەنقىدىي باھا ئىدى. شۇنىڭدەك نەۋائىي بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قانچىلىك ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكى

ئىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

«شەۋقىڭە كۆكسۇمنى شىكاف ئەيلەدىم ①
جىلدىگە كۆڭلۇمنى غىلاپ ئەيلەدىم.» ②

ئۇنىڭ ئۆز داستانلىرىنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا يېزىشتىن مەقسىتى، ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ھەر نەفەس ئەيلەپ تولا ئول جامنى،
سىغقارىپ ئول بادەئى گۈلخانىنى،
تۈرك سوزدى بىلە سالىپ قولۇم،
قىلسام ئەداھەي تولۇغۇم، ھەي تولۇم③.

نەۋائى ئۆز دەۋرىدىكى مەۋلانە جالالىدىنغا ئوخشىغان كاززاپلارنىڭ كىشىلەرگە پۇل بېرىپ، ئۆز نامىدىن شېئىر يازدۇرۇپ مېھنەتسىز شۆھرەت قازىنىشقا ھەرىكەت قىلغان شۆھرەتپەرەسلىكىنى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا ساتىرا ئاستىغا ئالغاندەك ئىلىمدىن شەخسىي غەرەز ۋە شۆھرەت قازىنىش يولىدا پايدىلانماقچى بولغانلارنى بۇ داستاندا قاتتىق پاش قىلدۇ:

ئىلىمنى كىم ۋاستەئى جاھ ئېتەر،
ئۆزنىيۇ خەلقنى ھەم گۇمران ئېتەر.
ئالىم ئۇچۇن گەر جاھ ئۇچۇن بولسا زەلىل،
ئىلىم ئانىڭ جاھلىغا بولغاي دەلىل④.

---

① 16 - بەت، شىكاف ئەيلەمەك — يارماق. ② «سەبئەئى - سەييارە».
③ يۇقىرىدىقى كىتاب 21 - بەت.
④ «ھەيرەتۇل ئەبرار» 95 - بەت.

نەۋائى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغىلا ئەمەس، ئەنە شۇ مەزمۇننى ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن ئىپادىلەشكە، يەنى ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ غايىۋىلىكى، مەزمۇندارلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشى ھېچ ۋاقىت شەكىلنىڭ رولىنى كەمسىتىشكە ئېلىپ كەلمەيتتى. ئۇ دائىم شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە ئىلغار ئىدىيىلەر بەدىئىي جەھەتتىن ياخشى ئىپادىلەنگەندىلا، كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرۇشى، تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىشى، جەمئىيەتكە نەپ كەلتۈرۈشى مۇمكىن. نىزامى ئۆز ئەسەرلىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن كامالەت باسقۇچىغا يەتكۈزگەنىدى. نىزامى ئەسەرلىرىنىڭ مانا مۇشۇ تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇپ داستاندا مۇنداق دەيدۇ:

«خەيلى فەساھەت باشىنىڭ ئەنسارى،
گەج ياقىن ئەنسارىنىڭ گەۋھەرى.
كانى فەزىلەت گەۋھەرغە ئەمىن.
بەھرى بەلاغەت ئارا دورىرى سەمىن.»①

دەپ تەكىتلەيدۇ.

ھەربىر مىللىي ئەدەبىياتتا ئەسىرلەر جەريانىدا يىغىلىپ كەلگەن ئىبىتبىتىك تەجرىبىلەر، يەنى ھاياتنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى قانداق ئۇسۇل، قانداق ۋاسىتىلەر بىلەن تەسۋىرلەش ساھەسىدىكى ئىجابىي ئۇتۇقلار ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئەدەبىي ئەنئەنە دەپ ئاتىلىدۇ.

① «ھەيرەتۇل ئەبرار»، 11 ـ بەت

ئەدەبىياتتا ھاياتنى تەسۋىرلەش جەريانىدا يېڭى تارىخىي ھارائىتتا ئېچىلغان يوللار، تەستىقلانغان يېڭى ئۇسۇل، ۋاسىتىلەر ئەدەبىي ناۋاتورلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىنى ئېگىللىمەي تۇرۇپ، ناۋاتورلۇق - يېڭىلىق يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس.

نەۋائىمۇ «خەمسە» نى يارىتىشتا شۇ يولنى بېسىپ ئۆتتى. نەۋائىغىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇش قىلغانلار ئاز بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. شۇڭا نەۋائى «خەمسە» ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىشنى قوشنا خەلقلەرنىڭ شائىرلىرىدىن تەنقىدىي ئۆگىنىشكە قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم «خەمسە» چىلىكتە يېڭىلىق ياراتتى. مانا مۇشۇ ھالنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» دا مۇنداق بايان قىلىدۇ: -

مەنكى تەلەب بولدى قويدۇم قەدەم،
باردۇر ئۇمىدىمكى، چۇ تۇتسام قەلەم،
يولدا سا بۇ يولدا نىزامى يولۇم،
قولدا سا خىسراۋ بىلەن جامى قولۇم،
بۇ كىتاب سورىدىدا رەۋا بولماغاي،
بۇكى نەۋائىغا نەۋا بولماغاي①.

نەۋائى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا شائىرلارنى تەبىقىلەرگە بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى «ئادنا تەبەقە» دەپ ئاتايدۇ. مۇتلەق كۆپ شائىرلارنى ئەنەشۇ تەبىقىگە مەنسۇپ قىلىدۇ. بۇ تەبىقىدىكى شائىرلارنىڭ ماھارىتى ئازراق، ئەمما داۋرىڭى كۆپرەكلىكىنى تەنقىد قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ كۆز قارىشى بىر قاتار

① «ھەيرەتۇل ئەبرار»، 16 - بەت.

ئەسەرلىرىدە سىستېمىلىق راۋاجلىنىدۇ. ئۇ ئۆز زامانداشلىرى توف-
رىسىدىكى بۇ پىكىرلىرىنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىمۇ يېرىم كۆل-
كە، يېرىم ئېچىنىش ھالىتىدە ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائى بۇ داستاندا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۈپ قانۇن-
لىرىدىن بولغان تىپ يارىتىشنىڭ بىردىنبىر قورالى — «بەدىئىي
توقۇلما» مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ:

سۆز ئارا يالغان كەبى يوق ناپىسەند،
ئەيلە ئانىڭ نەزمىنى دانايى سەند.

دېگىنىدە بەدىئىي توقۇلما، مۇبالىغە، فانتازىيە ۋە باشقىلارنىڭ
ئەدەبىياتتىكى رولىنىڭ چوڭلۇقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

نەۋائىينىڭ «خەمسە» لىرىگە كىرگەن ئەسەرلىرىنىڭ ھەم-
مىسى تۇرمۇشتا ئېنىق بولغان ۋەقەلەر ئاساسىدا يېزىلغان ئەمەس.
شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى، قەھرىمانلىرى كىشىنى
يېتەرلىك ھالدا ھاياجانغا سالالايدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى
مەۋجۇت ھاياتنىڭ بىرقانچە خاراكتېرلىك تەرەپلىرىنى كۆز ئال-
دىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

نەۋائىينى دىن ئەھلىلىرى «يالغانچى» دەپ ئابرويسىزلاندۇ-
رۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر چاغدا «ھەيرەتۇل ئەبرار» داس-
تانىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم ۋە تۈپكى قانۇنىيەتلى-
رىدىن بىرى بولغان تىپ يارىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى «بە-
دىئىي توقۇلما» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇنىڭ ئۆز دەۋ-
رىدىكى ئىلغار سەۋىيىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى داستانىنىڭ «ماقالات» قىسمىغا كەلسەك، ھەربىر
مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. مۇنداق مەسىلىلەر: زالىم پا-
دىشاھلارنى قارىلاش، ئالدامچى، دىنىي نىقابقا ئورۇنۇۋالغان

مۇناپىق روھانىيلارنى تەنقىد قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى ئادالەت، سەخىيلىك، ئەدەب - ئەخلاق، ۋاپا، دوستلۇق، راستچىللىق، تـوغرا - ھەقـقانىيلىق ھەقـقىدە ھەم ئىلىم - پەننىڭ پايدىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

يۇقىرىدا ئىبىتسپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي قارىشى ئىدىيىئالىستىك نۇقتىئىنەزەر بولۇپ، خەلق تەقدىرىنى پادىشاھقا باغلاپ قوياتتى. ئەگەر پادىشاھ مەرىپەتلىك، ئادىل بولسا، خەلققە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. جاھىل - نادان بولسا بالا - قازا بولىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇ سىنىيىي جەمئىيەتتە پادىشاھ قىيئوداللار سىنىپىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ داستاندا ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە زالىم شاھ ۋە ئۇنىڭ زۇلمىنى مۇنداق پاش قىلىدۇ:

قەسىردىكى، بەزم ئاندا مۇھەييا بولۇپ،
زىننەتى فىردەۋسى مۇئاللا① بولۇپ،
پەردەلەرى رىشتەسى② ئەل جانىدىن،
لالەيۈ شىنگىرافى③ ئۇلۇس قانىدىن...
كۆزلەرىدىن ئۇيقۇ چۇ مەزۇل④ بولۇپ
ھەربىرى بىر زۇلۇمغا مەشغۇل بولۇپ،
زۇلۇمنىڭ ئىرۇر كۈندۈزى قىسقىك كېچە،
زۇلمىڭ ئىلە قىسقىك نىچە بولغاي نىچە.

داستانىنىڭ 12 - ماقالاتىدا پادىشاھ ئەمەلدارلىرىنىڭ، يېزىدىن سېلىق يىغقۇچى دوغا - مۇتىۋەللىلەرنىڭ ھەربىر يېزىدا

① مۇئاللا — نامايان. ② رىشتە - يىپ. ③ لالەيۈشىنگىرافى— قىممەت باھا قىزىل تاش ۋە قىزىل بوياق. ④ مەزۇل — قاچماق.

ھەربىر ئۆيگە بارغاندا ئۇلارغا بالا ـ قازا، ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان زۇلمەتلىك سىياسىتىنى مۇنداق پاش قىلىدۇ:

ھاسىل ئۇشال ئۆيگە بەلا دارىبان①،
قايسى بەلا؟ بەلكى ۋەبا دارىبان.

لېكىن زالىم شاھلارنىڭ زۇلمىنى كۆرۈپ تۇرغان شائىر يەنىلا ئادىل شاھقا ئۈمىد باغلاپ:

شاھكى ئىشى ئادىل ئىلە بۇنياد ئېتەر،
ئادىل بۇزۇق مۈلكنى ئاباد ئېتەر.

دەپ يازىدۇ.

جۈملىدىن داستانىنىڭ 14 ـ ماقالاتىدا شاھ بەھرام ئوۋغا چىقىپ، شاھنىڭ چىرىك سىياسىتىدىن ۋەيران بولغان كەمبەغەل دېھقانىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. دېھقان بۇ يېزىنىڭ ۋەيرانىچىلىقى ئۆز شاھىنىڭ يېزا ئىگىلىك چىرىك سىياسىتىنىڭ كاساپىتىدىن بولغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلغاندا، بەھرام شاھ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ. كېيىن ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتتىن ۋاز كېچىپ، دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرىدۇ. بۇ ماقالاتتا فېئوداللار زۇلمى ئاستىدا ۋەيران بولغان يېزىنىڭ تىپىك تەسۋىرى بېرىلگەن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، شائىرنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى بولغان زالىم شاھنى «سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئادىل شاھقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن خام خىيالى — ئۇتوپىيىسى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شائىر پادىشاھنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىنىپىي ماھىيىتىنى چۈ-

① دارىبان — كىرىدۇ، بارىدۇ.

شىنىپ يەتمىگەندەك، دىنغا ئىشەنگەن شائىر دىنىڭمۇ ئىجتىمائىي ماھىيىتى — ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن. ئەمما ئۇ دىنىي شەرىئەت تونىغا ئورىنىۋېلىپ، كاززاپلىق قىلغۇچى شەيخزادىلەرنى گۇماندىم — ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ قاتتىق ساتىرا نەيزىسى ئاستىغا ئالدۇ:

بۇ ئەل ئېرۇ بارچە ياماندىن يامان،
ھەر نە يوق ئاندىن يامان، ئاندىن يامان.

شائىر داستاندا ئاتا - ئانىغا بولغان ھۆرمەتنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:

باشنى فىدا! ئەيلە ئاتا قاشىغا!
جىسمىنى قىل سەدقە ئانا باشىغا.
تۈن - كۈنىڭگە ئەيلەگەن نۇر بوش①
بىر سەن ئاي ئاتلا، بىرسەن قۇياش.

شائىر داستاندا يالغان سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان سەبىدىن ھالاكەتكە يولۇققان دۇرۇژ (بىر خىل قۇش) ھەققىدىكى مەسەللەرنى كەلتۈرۈپ، راستچىللىقنىڭ پايدىسى، يالغانچىلىقنىڭ زىيىنىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

شىر بىلەن دوستلاشقان دۇرۇژ شىرنى بىرنەچچە قېتىم «مەن ئوۋچىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالدىم» دەپ ئالدايدۇ. ئاخىرىدا راستتىن قىلتاققا چۈشۈپ قېلىپ ۋارقىرىغاندا شىر يالغان ئېيتىۋاتىسەن، دەپ كەلمەيدۇ. چۈنكى شىر:

① نۇر بوش — نۇر چاچقۇچى.

كۆپ ئۇشتىپ ئېردى بۇ يالغاننى،
ئويلا، گۇمان قىلدى چىن ئەفغاننى.

شائىر بۇ مەسىلىنى جەمئىيەتكە تەتبىق قىلىپ مۇنداق خۇلاسە قىلىدۇ:

سۆزدە، نەۋائى، نە دېسەڭ چىن دېگىل،
راست نەۋا ـ نەغمىگە تەھسىن دېگىل①

داستاننىڭ 11 ـ ماقالاتىدا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، نادانلىقنىڭ جاھىللىقى، ئەمما بىلىم ئېلىشقا بۇ دەۋردە كەمبەغەللەرگە ھېچقانداق شارائىتنىڭ يوقلۇقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

... خەلق كۆپۇ، يوق بىر يارى ئانىڭ،
كۆزىن ئېچىپ شەھرۇ دىيارى ئانىڭ،
كوچا كۆپۇ، ئۆي كۆپ بازار ھەم،
بىلمەيمن ئۇلكىم، قايان ئۇرغاي قەدەم.
غۇربەت ئوتى كۆڭلىگە كار ئەيلەبان،
جانىن يالغۇزلىغىن زار ئەيلەبان...
نە تاپىلىپ كۈندۈز ئۇنىڭ مەسكانى،
نە بىلىنىپ كېچە ئانىڭ مەمانى②.
غۇربەت ئارا ھالى ياماندىن ـ يامان،
ھەر نە يوق ئاندىن يامان ـ ئاندىن يامان.

شائىر مىنىڭ مۇشەققەتلەر چېكىپ ئىگىلىگەن بىلىمنى تەمە-

① تەھسىن ـ ئاپىرىن.
① مەمانى ـ تۇرار جاي.

لىيەت بىلەن باغلاپ، ئۇنى دۇنيانى ئۆزگەرتىش قورالىغا ئايلان-
دۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدۇ.

ئىلىم، نەۋائى ساڭا مەخسۇد بىل،
ئەندىكى ئىلىم ئولدى، ئەمەل ئەيلەگىل.

دەپ لىرىك قەھرىمان سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان شائىر ئۆز-
ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يەنىلا
شائىرنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى بولغان «بىلىملىك ئادىل شاھ» ئىگ-
لەيدۇ. داستاننىڭ كونكرېت قاراتمىلىقى بار ئىدى.

نەۋائىي مەملىكەتنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەم-
لەش، پاراۋانلىق ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن،
دەسلەپكى يىللاردا چوڭ ئىشلارنى قىلغان ھۆسەيىن بايقارانى
ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ساراي پىتنە ـ ئىغۋالىرى گىرداۋىدىن قاي-
تۇرۇپ چىقىشقا ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىگە چوڭ ئۈمىد
بىلەن قارايدۇ. نەۋائىي ئەنە شۇ ئىستېتىك ئارزۇلار بىلەن
ھۆسەيىن بايقارانى مەدھىيىلەپلا قالماي، رېئال ھەقىقەت بىلەن
رومانتىك نىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىدېئاللاشتۇرۇلغان
ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ مۇشۇ داستاننىڭ «شاھ غازايى» ھېكايى-
سىدە تەختكە چىققان ھۆسەيىن بايقارانى نىشانلاپ مۇنداق
تەسۋىرلەيدۇ:

ئادىل ئىشىكىنى كۇشاد ئەيلەدى،
تەخت ئۈزرە ئولتۇردىيۇ داد ئەيلەدى.
تۈزۈدى بۇزۇقلارنى ئىمارەت بىلە،
زۇلۇمنى دەفن ئەتتى ئەدالەت بىلە.

ھۆسەيىن بايقارا تاج ـ تەخت تالاشلىرى ۋاقتىدا سادىر بولغان خاتا ۋە ئۇقۇشماسلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. جۈملىدىن ئوغلى جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن موماينى رازى قىلىدۇ. شاھ قازى ھۇزۇرىدا ئۆز بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، مومايىنىڭ قولىغا قىلىچ بېرىپ، ئۇنىڭ ئاياغ ـ ئاستىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭگىلىرىنى تۆكىدۇ، لېكىن موماي شاھنىڭ ئادىللىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولىدۇ. نەتىجىدە شاھنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ، باي بولۇپ «زالى دار» (تىللا موماي) دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ داڭ چىقىرىدۇ.

دېمەك، نەۋائىنىڭ ھۆكۈمدارلار ۋە خەلق ھەققىدىكى قاراشلىرى تارىخىي چەكلىمىگە يولۇققان، زىددىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، گۇمانىزم تېپىدىكى ئىدىيىلىرىگە، خەلقپەرۋەرلىككە ئاساسلانغانلىقى ھەمدە ئەمەلىي مەقسەتلىرىنى كۆزلىگەنلىكى بىلەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، داستاندا بۇ، مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

نەۋائى بۇ داستاندا خەلق ئېغىز ئىجادى ـ مەسەللەر، چۆچەكلەر، ماقاللاردىن ئىجادىي، ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن داستاندىكى بىر قىسىم ئافورىستىك (ھېكمەتلىك) جۈملىلەر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ داستاننىڭ بەدىئىي تەسىرىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

### 2. «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى

يازغۇچى ياكى شائىر ئۆز زامانىسىنى قىزىقتۇرىدىغان، زاماندا شلىرىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى چىرمىۋالغان مەسىلىلەرگە خىلمۇخىل يول بىلەن جاۋاب بېرىشى مۇمكىن، ئۆز زامانىسىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىگە قانداق يول بىلەن بولمىسۇن، جاۋاب

بېرىش شۇ يازغۇچى ياكى شائىر ئەسىرىدىكى زامانىۋىلىك دېيىلىدۇ. نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتى زامانىۋىلىككە ئەڭ باي ۋە مەزمۇندار ئىجادىيەت ئىدى. نەۋائى «مەخسۇس ھال - ئەھۋال» دېگەن شېئىرى (ئۇستازى ھەسەن سەيد ئەردەشىرغا يازغان شېئىرىي خېتى) دا بىۋاستە ئۆز دەۋرى توغرىلىق گەپ ئېچىپ شاھ ئەبۇ سەئىدنىڭ زۇلمىنى پاش قىلسا، «ھىلالىيە» قەسىدىسى (ھۈسەيىن بايقارانىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن يېزىلغان ئەسەر) دە دوستى ھۈسەيىن بايقارانى دۆلەتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشقا چاقىرىدۇ. جۈملىدىن «تۆھپەتۇل ئەفكار» قەسىدىسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلىرىگە مەخسۇس ھالدا جاۋاب بېرىدۇ. پەقەت ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەرنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىپ، ئۆز قۇدرىتىنى كۆچەيتىشنى مەقسەت قىلغان تۆمۈرىلەر تاشقى سىياسىتىنى، بۇنى كۆچەپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان پادىشاھلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىدىكى مەركىزىي ئىدىيە بولغان بىلىملىك، ئادىل شاھ توغرىسىدىكى پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «مەملىكەتنى ئاۋات قىلىشتا نادان، جاھىل پادىشاھ بىلەن بىلىملىك، ئادىل پادىشاھ تەڭ ئەمەس، يەرنى شۇدىگەر قىلىشتا چوشقا باشقايۇ، دېھقان باشقا» دەيدۇ. جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ فېئودال يەر ئىگىلىرىدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ: «زالىم ھاكىمنىڭ تەقدىرى سەرگۈزەشتىلىكتۇر، خارلانغان كىشىلەر جەبرى قىلغۇچىلاردىن يۇقىرى، چۈنكى چۈمۈلە يولۋاستىن كۈچسىز بولسىمۇ، مۇنارغا يامىشىپ چىقالايدۇ» دەيدۇ. بۇلاردا زامانىۋىلىك بىۋاستە ئەكس ئەتكەن.

ئەمدى زامانىۋىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە شائىر ئۇزاق تارىخىي ۋەقەلىك ياكى ئەپسانە رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. نەۋائىنىڭ بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرگىنى «لەيلى

ۋە مەجنۇن» داستانىدۇر.

بۇ داستان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارقالغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» رىۋايىتىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان.

بۇ رىۋايەتنى ئۆز ئەسەرلىرىگە تېما قىلىپ، ئۆز دەۋر روھىنى، ئۆز ئىدىيالىنى ئىپادىلىگەن شائىرلار ئاز ئەمەس.

يۇقىرىقى رىۋايەتنى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا بىرىنچى ئادەم نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1203) ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا نەۋائى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىق ئىچىدە، 19 ئادەم يازغانلىقى مەلۇم.

ئەمما نەۋائى بۇ رىۋايەتنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمىغان ھالدا ئۆز ئىستېتىك ئىدىيالىغا خىزمەت قىلدۇردى.

نەۋائى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ قاباھىتىنى ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭقۇر بىلەتتى.

نەۋائى ئوردىدا مۆھۈردار، باش ۋەزىر بولۇپ ئىشلەپ، سارايىنىڭ چىرىك فېئودال ئىستىبداتىنىڭ سىرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن بولسا، فېئودال ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن سەمەرقەند، ئاستراباتلارغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا خەلق بىلەن بىۋاستە ئارىلىشىپ، فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ چىرىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خەلق بېشىغا قانداق بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى، جۈملىدىن ئۆز زامانىسىنىڭ خىلمۇخىل زىيالىي قاتلاملىرى بىلەن ئارىلىشىپ، شۇنداقلا فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى بولغان سوفىزمنىڭ خىلمۇخىل سۇلۇكلىرى (مەزھەپلىرى) بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئۇلاردىنمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

قىسقىسى، نەۋائى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولۇپ،

ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى — ھوقۇق، دىن، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ خەلق بېشىغا ئېلىپ كېلىدىغان بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز زامانداشلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر ئىدى.

بۇ دەۋردە خوتۇن - قىزلار ئېغىر پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە مۇپتىلا ئىدى. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ھوقۇقى مۇناسىۋەتلىرىدىن تامامەن مەھرۇم ئىدى. نەۋائىي «خەمسە»سىگە كىرگۈزۈلگەن «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى بولغان «مۇھەببەت» ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. بۇ مەسىلە نەۋائىي دەۋرى ئۈچۈن ئالغاندا، ئەڭ مۇھىم، جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

نەۋائىي داستاندا چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ئېلىپ كەلگەن پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ، فېئودالىزم تۈزۈمىنى، ئۇنىڭ قاباھىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ ۋە ياشلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن تراگېدىيىلىك پاجىئەگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن پايدىلانغانلىقىنى داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

... يۈز شۈكرىكى بۇ فەسانەئى دەرد،
ھەر لەھزەدە يۈز نىشانى دەرد،
جان پەردەلەرىدە ۋەرەق ①،
جاندىن بېرىپ ئول ۋەرەقنى ئۈششاق،
يازغاندا مىدادى ② كۆز قاراسى،
يازغان قارا قايغۇ ماجراسى.

---

① ۋەرەق — سەھىپە، بەرگ، يوپۇرماق.

② مىداد — سىياھ (قارا).

يۇقىرىقى پارچىدا ئۆز قەھرىمانلىرى بېشىغا چۈشكەن پاجىئە تۈپەيلىدىن، شائىر قەلبى پارە-پارە بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن بولسا، تۆۋەندىكى پارچىدا خەلق رىۋايەتلىرى شائىرنىڭ داستانىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئېستېتىك ئىدېئالىغا «لىباس ماۋزۇن» (مۇناسىپ كىيىم، چىرايلىق تاشقى شەكىل) بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن:

سەن خەستەكىم بۇ رەقەمنى چەكتىم،
تەھرىر① ئۈچۈن قەلەمنى چەكتىم.
يازماقدا بۇ ئىشقى جۇزۋدانە،
مەخسۇدىم ئەمەس ئىدى فەسانە.
مەزمۇنغە بولدى روھ مەيلى،
ئەفسانە ئىدى ئانىڭ تۇفەيلى،
لېكىن شۇ رەقەمگە قىلدىم مەزمۇن،
ئەفسانە ئاڭا لىباسى مەزمۇن.

گەرچە خەلق رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەر ئەسەر يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ۋە باشقا قەلەم ئەھلىلىرىنى ھېچكىم كەزمىگەن بوستانلارنى كېزىشكە، ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمىگەن گۈلستانلاردىن گۈللەر تېرىشكە چاقىرىدۇ. ئۇ ئەستايىدىل مېھنەت قىلغان كىشىگە ئىجاد بېغىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى چەكسىز-بىپايانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

نەۋائى بۇ قاراشلىرىغا خەلق ئېغىز ئىجادى ۋە «لەيلى-مەجنۇن» رىۋايىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان ئېستېتىك ئىدېئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

① تەھرىر — يازماق، تۈزمەك.

داستاندىكى باش قەھرىمان قەيس (مەجنۇن) كىچىكرەك قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى بولۇپ، لەيلى بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ۋە يېتىلگەن شائىر بولۇپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەتلىشىدۇ.

لېكىن مۇھەببەتتىن بايلىقنى ئۈستۈن قويىدىغان لەيلىنىڭ دادىسى، ئۆزىدىن كەمبەغەل بولغان قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلىغا قىزىنى بېرىشنى رەت قىلىدۇ ھەمدە لەيلى ئىشقىدا كۆيگەن قەيسكە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

«كىم تاپسە جۇنۇنغا پەيۋەند،<br>
مەجنۇنغا ئىلاج بەند ئىرۇر بەند.»

(كىمكى ساراڭلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق ئادەمگە كىشەن سېلىش كېرەك) دەيدۇ ۋە قەيسنى «مەجنۇن» (ساراڭ) بولغان دەپ ئەيىبلەپ، پۇتىغا كىشەن سېلىپ، سولاپ قويىدۇ، ئەمما قەيس كىشەننى چېقىپ تاشلاپ، تۈرمىدىن قېچىپ، دەشتى-چۆلدە سەرسان-سەرگەردانلىقتا ياشايدۇ.

ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قەيسنىڭ دەردى-ئازابى ۋە لەيلىنىڭ دادىسىنىڭ، يەنى فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى ۋەكىلىنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمىدۇ.

قەيس — باتۇر، چىدامىلىق، ۋىجدانلىق يىگىت. ئۇ ئۆز مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدىكى كۈرەشتە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ، فېئودال كۈچلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلىرىغىمۇ ۋە خىلمۇخىل بېسىملىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ۋىجدانىنىڭ ساپلىقى، لەيلىگە سادىقلىقىنى ساقلايدۇ.

داستاندا قەيس نەۋفەلنىڭ لەيلىنىڭ دادىسىغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنى لەيلىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن ئۈچۈن توختىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما لەيلىنىڭ ۋاپاتى ئۇلى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

قەيسنىڭ ئۆلۈمى فېئودال ئادەمخور جەمئىيەتكە بولغان قاتتىق ئىسيانكار روھنىڭ چوققىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، بۇ نەۋائىنىڭ فېئوداليزم تۈزۈمىگە بولغان كەسكىن نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ئۇ قەيسنىڭ يولىنى توغرا دەپ تەستىق-لايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ شۇ يول بىلەن مېڭىپ ۋەتەنگە يولباشچى بولغانلىقىنى تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن:

تا ئۇتتى جۇنۇن يولىن نەۋائىي،
كىم بولدى ۋەتەنگە رەھنە مايى.

دەپ تەكىتلەيدۇ.

داستاننىڭ سۆيۈملۈك، ئىجابىي قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى ئىسيانكار قىز لەيلى بولۇپ، ئۇمۇ سەۋىيە جەھەتتە خۇددى قەيستەك ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بىلىملىك، ۋىجدان-لىق، ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق جەسۇر قىزدۇر. قەيس ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ خىسلىتى ۋە قەدرى ـ قىم-مىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. شۇڭا فېئودال قارا كۈچلەر ئۇنى مەجنۇن ــ ساراڭ دەپ ھاقارەتلەيدۇ، ئەمما شائىر نەۋائىي پۇل ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتتە بىلىم ئىگىسى بولغان قەيسنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈپ، فېئودال قارا كۈچلەر چوقۇنغان ئىبنى سالامدىن يۇقىرى قويىدۇ.

قەيس بىلەن لەيلىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغان نەرسە ئاددىي ھېسسىياتتىكى مۇھەببەت قىزغىنلىقىلا ئەمەس، بەلكى

مۇھەببەتنى چۈشىنىش، ۋەدە، ۋاپا، ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇ-
رىسىدىكى قەلبلەرگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەقلىي چۈشەنچە
بىرلىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلە-
تىشى بىلەن پۇل ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان ئىبنى سالامغا
مەجبۇرىي نىكاھلانغان كېچىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن
زەھەرگە چىلانغان خەنجەر تەييارلايدۇ. ئەمما بەختكە قارشى
ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلغان، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن-
لەشكەن، يۇقىرى تەبىقىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىبنى سالام تويى
كېچىسى ئىچكىلىككە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەقسىتىگە
ئېرىشەلمەي شۇ تويى كېچىسى دۇنيادىن ئۆتىدۇ. گەرچە لەيلى
بۇ جاھالەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالسىمۇ، ئەمما قەيس ئىك-
كىسى ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك ھارارىتى
ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. قەيسنىڭ سەرگەردانلىقى، ئاتا-ئانى-
سىنىڭ ئۇنىڭ دەردىدە ھالاك بولغانلىقى ۋىجدانلىق قىزنىڭ
پاك يۈرىكىنى قان قىلىدۇ. ئاخىر ئۇ شۇ قارا كۈچلەرنىڭ زور-
لۇق-زومبۇلۇقلىرىغا قىلچە تىز پۈكمەي، چىن ئىنسانىي مۇ-
ھەببەت ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى بولغان ۋەدىسىگە ۋاپا
قىلىپ، پاك نومۇسىنى ساقلىغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قەيس بىلەن لەيلىدەك پاك ئىنسانىي مۇھەببەت قۇربان-
لىرى ئۇلۇغ شائىرنىڭ فېئودالىزم قارا كۈچلىرىگە قارشى ئىس-
يانكار روھىنىڭ رومانتىك ئىپادىسى بولسا، ئۇنىڭ گۇمانىزم
ئىدىيىسى ئەسەردىكى يەنە بىر ئىجابىي قەھرىمان نەۋفەل
ئوبرازىدا ئەكس ئېتىدۇ.

نەۋفەل قەيسنىڭ ھېچنەرسىسى ئەمەس، ئەمما ئۇ ئوۋغا
چىققاندا دەشت-باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن قەيسنى
ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ دەرت-ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇ-
نىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ھەتتا فېئودال جاھىل كۈچلەرنىڭ

ۋەكىلى بولغان لەيلىنىڭ ئاتىسىغا قانلىق جەڭ ئېلان قىلىپ،
ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. قەيس بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى
لەيلىنىڭ هاياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نەۋفەلگە بۇ
ئۇرۇشنى توختىتىش هەققىدە ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىنلا،
ئۇ ئۇرۇشنى توختىتىدۇ.

نەۋفەل قەيسكە شۇنچىلىك هېسداشلىق قىلىدۇكى، هەتتا
ئۇ قەيسنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا قىستايدۇ. دوستلۇقنى
ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا داستاندا ئىپادە قىلىنغان فېئودال
ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن قەيسنىڭ ئاتا-
ئانىسىغا بولغان هېسداشلىق نەۋائىينىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدى-
يىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۇرىدۇ.

داستاندا فېئودال ئىستىبدات قارا كۈچلەرنىڭ تىپىك ۋە-
كىلى سۈپىتىدە، لەيلىنىڭ ئاتىسى گەۋدىلىك هالدا تەسۋىرلە-
نىدۇ. ئۇ نادان، قارا قورساق مەخلۇق. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىنسا-
نىيەت تەقدىرىنى ئىلىم-پەن، مەرىپەت ئەمەس، «پۇل» هەل
قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەخلاقىي جەهەتتىن بۇزۇق، روهىي، جىسمانىي جە-
هەتتىن ئاجىز بولغان، لېكىن «باي» ئىبنى سالامنى يېتىلگەن
شائىر، ئىلىم ئىگىسى بولغان قەيستىن يۇقىرى قويىدۇ ۋە
قىزىنىڭ زار-زار يىغلاپ تۇرۇپ:

پەريادىكى ئۆلگۈدەك غەمىم بار،
تاڭ يوق، گەر ئۆزىمگە ماتەمىم بار.

دېگەن ئاه-پەريادى ۋە كۆز ياشلىرىغا قىلچە پەرۋا قىلماي
قىزىنى ئىبنى سالامغا مەجبۇرىي نىكاهلاپ بېرىدۇ. بۇ قىزىنى
ئىبنى سالامغا نىكاهلاپ بېرىش ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ

پۇل - مېلىغا سېتىش ئىدى. شۇڭا ئۇ داستاندا فېئوداللارنىڭ قارا كۆڭۈللىرىنىڭ تېپىپ ۋەكىلى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ قەيسەرنىڭ ئاتىسىغا قارىتىپ:

بىلمەدىڭمۇ شۇ گەۋھەر سەۋلەتىمنى،
ئەئراب ئارا مالۇ شەۋكەتىمنى؟!
ھەم ئوغلۇڭغا ھەم ساڭا بىلۇرمەن،
كىم ھەرنە قىلاي، بىسەم قىلۇرمەن،
بولسا يەنە بۇيلە ئەمىر زاھىر،
ئەۋۋەل ئانى ئەيلەگۈمدۇر ئاخىر،
سوڭرە ساڭا داغى قەھرى سۇرگۈم،
خەيلىڭنى بۇ دەشتىدىن يىتۇرگۈم.

(مېنىڭ شان - شۆھرىتىمنى ۋە ئەرەبلەر ئارىسىدىكى مال - دۇنيارىمنى بىلمەمسەن؟ ئوغلۇڭنىمۇ، سېنىمۇ نېمە قىلمەن دېسەم قىلالايمەن، ئەگەر بۇ ئىشلار يەنە تەكرارلانسا ئاۋۋال ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىمەن، ئاندىن ئۆزۈڭنىمۇ قەھرىمگە ئېلىپ، پۈتۈن ئەۋلادىڭ بىلەن دەشتىدىن يوقىتىمەن)

دەيدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئېيتقاندەك قەيسەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بىرىنچى قۇربانى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قەبىھلىكى شۇ جايغا يېتىپ بارىدۇكى، نەۋفەل قوشۇنلىرى ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىش بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، خەنجەرنى بىرىنچى نۆۋەتتە ئۆز قىزى لەيلىگە ئۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىلار داستاندا ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ مەرىپەت، ئىلىم - پەننىڭ دۈشمىنى «پۇل»نى كىشىلىك ئەخلاق ئورنىغا دەسسەتكەن ئىنتايىن جاھىل،

نادان ئادەم سۈپىتىدە ۋە فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ تىپىك ۋە-كىلى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئەمما شائىر فېئودالىزم قانچىلىك كۈچلۈك، ۋەھشىي بول-سىمۇ، ئۇ يەنىلا ئادالەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەي نىكاھ كې-چىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىبنى سالام ئۆلۈمى بىلەن ۋاسىتىلىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، نەۋائىي بۇ داستاندا لەيلى ۋە مەجنۇن پاجىئەسىنى فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قارشى-لىق كۆرسىتىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، ئەڭ يۇقىرى چېكى-دەپ ھېسابلاپ، شەخسىي ئەركىنلىكنى، كىشىلىك ئىنسانىي ھو-قۇقنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، فېئودالىزم تۈزۈمىنى قاتتىق قارىلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

× ×

داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ بەدىئىي خاراكتېرىنى يارد-تىش ئۇستىدە سۆز بولغاندا شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، داستان قەھرىمانلىرىدا ئىپادىلەنگەن رومانتىك روھ بىلەن رېئالىستىك ئامىللار بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن، چىنلىق ۋە زامانىۋى-لىك رىۋايەت ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشتىن تاشقىرى، پېرسو-ناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش، ئۇلارنى پسى-خولوگىيىلىك جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق بەدىئىي خاراكتېر يارىتىلغان. داستاندىكى پېزاژ تەسۋىرى قەھرىمان-لارنىڭ روھىي ھالىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلغان. بۇلاردىن باشقا شائىرنىڭ لىرىك چېكىنىشى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي كۈچىنى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا زور

كۆچ قوشقان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ داستانىدىن تۇغۇلغان مۇڭنى «تۈركىي سۇرۇن» (تۈركىي شېئىرىيەت) بىلەن ئىپادى-لىگەنلىكىنى داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مەن داغى بۇ مەينىكىم سۆزلۈپتىمەن،
تۈركۈنە سۇرۇن ئاڭا سۆزلۈپتىمەن.

× ×

ئەل كۆڭلىگە ئاندىن ئۇلغۇسى جۇپ.
كىم كەلدى بۇ نەۋھەنىڭ مۇڭى كۆپ.
مۇڭلۇغ مەنۇ مۇڭ بىلە پەيامىم،
مۇڭلۇغ كىشىلەر كەبى قەلەمىم،
شەك يوقكى قاچان بۇ ئوقۇلغاي،
كىم ئوقۇسا خاتىرى بۇزۇلغاي
كۆزىدىن چۇ ئاقىز سا ئەشك لەيلى.
مەجنۇن كەبى ياد ئېتەردى لەيلى.

شائىر «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىمۇ باشقا داستانلارغا ئوخشاش بىر قاتار ئەدەبىي كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەپ ئۆتىدۇ. يۇقىرىدا ئىپادىلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسەرنى ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش ئۈچۈن، جۈملىدىن ھەربىر خەلق ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بەدىئىي ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز مىللىي تىلى (تۈركىي تىل) بىلەن يېزىشتىن باشقا ھېچقانداق چارىنىڭ يوقلۇقىنى كېسىپ ئېيتىدۇ. بۇ نەۋا-ئى دەۋرى ئۈچۈن بىر ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەپ

ئېيتىشقا بولىدۇ.

### 3. پەرھاد ۋە شىرىن

نەۋائىي بۇ داستاننى 1484-يىلى يازغان بولۇپ، «خەمسە»دىكى باشقا داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا غايىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن باي. نەۋائىينىڭ ئىستېتىك ئىدېئاللىرى ھەممىدىن تولۇق، ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتكەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

داستاندا شائىر پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق، پاراۋانلىق، مېھنەت سۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، يېزا ئىگىلىك — سۇ مەسىلىسى، زالىم ۋە ئادىل شاھ قاتارلىق مەسىلىلەر، قىسقىسى، نەۋائىينىڭ ئاساسىي غايىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر مەركەزلىك ھالدا بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىمۇ شائىر باشقا ئىدىيەلەرگە ئوخشاشلا خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

«پەرھاد ۋە شىرىن» — ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان تراگېدىيىلىك ھېكايە. ئۇ — تۇمارىس - كەيخىسراۋ، ئاپراسىياپ - كەيخىسراۋ ئارىسىدىكى قاتتىق جەڭلەرنى مەزمۇن قىلغان قەدىمكى ھېكايىلەردىن كېيىن، مۇھەببەت ۋە نەپرەت تېمىسى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ئاتاقلىق تراگېدىيىلىك ھېكايە.

«پەرھاد ۋە شىرىن» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى خوتەن شاھزادىسى پەرھادنىڭ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىن ئىسكەن-

دەر زۇلقەرنەيىنىڭ شەرقتە يۈرۈش قىلىپ، خوتەن شاھى بىلەن قىلغان تىنچلىق كېلىشىمدىن كېيىن، خاتىرە سوۋغىسى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن «جاھاننامە» ئەينىكىدىن ئەرمەن دىيارىدىكى تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكە شىرىننى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولغانلىقى بىلەن باشلىنىدۇ. شاھزادىنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتىن بىئارام بولغان خوتەن شاھى ئۆز ئوغلىغا تۆت پەسىل سىما قىلىنغان «چاھار باغ» سالدۇرىدۇ. شاھزادىنىڭ بىتاقەت ئىشقىدىن خەۋەردار بولغان ئەقىللىق پادىشاھ يالغۇز ئوغلىنىڭ يىراق ئەرمەن ئېلىگە سەپەر قىلىشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. پەرھاد ئىرانلىق ئاق كۆڭۈل شاپۇرنىڭ يول باشلىشى بىلەن شىرىننىڭ ھاممىسى ئايال پادىشاھ ماھىنبانۇ مەملىكىتىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى پەرھاد سەلتەنەتلىك خوتەن ئوردىسىنىڭ دۇردانىسى ئەمەس، بەلكى مۇشەققەت قايناملىرىنى كېزىپ چېنىققان مۇھەببەت سەرگەردانى ئىدى.

شىرىننىڭ يۇرتىدا پەرھاد ئىككى تۈرلۈك قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ:

بىر تەرەپتىن، ئۇ شىرىن ئۈچۈن تاغ كېسىپ، سۇ باشلاپ باغۇ-ھەرەم سېلىش جاپالىق ئەمگىكىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، مەلىكە شىرىننىڭ پاك مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت كۈشەندىسى، جاھالەت ھامىيسى، كۆرەلمەسلىك - ھەسەتخورلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان زوراۋان پادىشاھ خىسراۋنىڭ ئۆچمەنلىكىگە دۇچ كېلىدۇ.

«پەرھاد - شىرىن»دىن ئىبارەت بۇ تراگېدىيىلىك ھېكايىدە ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، پاكلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ پاجىئەلىك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى رېئالىستىك ئاساستا قايتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن خىسراۋ ۋەكىللىك قىلغا زۇلمەت كۈچلىرىنىڭ يولسىز زوراۋان ۋە جىنايەتلىك ماھى-

يىتى پاش قىلىنغان، ھەققانىيەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈكلۈكنىڭ، پاكلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ كەلگۈسى تارىخىي غەلىبىسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. ھېكايە سيۇژېتلىرىنى رومانتىك ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان.

بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىرىيەت ماھىرلىرى بۇ گۈزەل خەلق ھېكايىسىنى داستانلاشتۇرۇش يولىدا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايەش قىلىشتى.

نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1203) بۇ داستاننى غەرب نۇسخىسىدا «خىسراۋ ۋە شىرىن» دېگەن نام بىلەن تاماملاپ، زور شۆھرەت قازاندى. ئۇ ئەسلى خەلق ھېكايىسىدىكى ئاساسىي دېتال بولغان خوتەن شاھزادىسى پەرھادنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى شاھزادە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى خاقانى چىنغا بېرىپ ئوقۇپ قايتقان بىلىملىك يىگىت سۈپىتىدە بايان قىلغانىدى. XIV ئەسىردە خىسراۋ دېھلەۋى (1242—1325) ھېكايىنى قايتا داستانلاشتۇرۇپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا «شىرىن ـ خىسراۋ» دەپ نام بەرگەن.

ئەلىشىر نەۋائى «پەرھاد ـ شىرىن» ھېكايىسىنى شەرق نۇسخىسىدا قايتا ئىشلەپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا «پەرھاد ـ شىرىن» دەپ نام قويدى①.

نەۋائى بۇ داستاننى يارىتىشتا ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان خەلق ئىجادىغا مۇراجىئەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ سيۇژېتىدىن ئىجادىي پايدىلاندى.

مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولسا، بۇ داستاندا ئېغىز ئىجادىدىن پايدىلىنىپ يازغان نىزامى، جامى ۋە دېھلەۋىلەرنىڭ

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: 〈پەرھات ـ شىرىن〉 تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى» «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1982 ـ يىلى 1 ـ سان، 9 ـ، 10 ـ بەتلەر.

ئىجادىيىتىدىن تەنقىدىي ھالدا ئۆگەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، ئۆز ئەسىرىدە يېڭىلىق ياراتتى.

تۆۋەندە بىز نەۋائى بىلەن نىزامى ۋە باشقىلارنىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانلىرىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

نىزامى ئەسەرلىرىدە ئۇرغۇن لىرىك چېكىنىشلەر ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا شائىر ئۆز دۇنيا قاراشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ. نەۋائى نىزامىنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئەسىرىگە تەدبىقلىغان. ئالىملار، تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بۇ خىل ئېلېمېنتلارغا سەل قارىلىدىكەن، نەۋائى پىكىر - خەزىنىلىرىدىن قىممەتلىك گۆھەر - دۇردانىلەر چىقىرىپ تاشلانغان ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆگىنىشكە چوڭ كاشىلا قىلىنغان بولىدۇ.

نىزامى ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى نەۋائى ئەسىرىدىمۇ ساقلاپ قېلىنىدى. مەسىلەن، نىزامى «خىسراۋ ۋە شىرىن» داستانى بىلەن «پەرھاد - شىرىن» داستانىنىڭ «ھەفت پەيكەر» (يەتتە گۈزەل) بىلەن «سەبئەئى - سەييارە»داستانلىرىنى ئەسلەپ ئۆتسەك كۇپايە قىلىدۇ.

نەۋائى نىزامى ئەسىرىدىكى پەرھادنىڭ مېھنەت سۆيەرلىكى، مەرتلىكى، ۋاپادارلىقى ۋە چىن ئاشىقلىقىغا ئوخشىغان ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز قەھرىمانى پەرھادتا ساقلىغان ھالدا بۇ ئوبرازلارنى راۋاجلاندۇرغان. نىزامى ئەسىرىدىكى «بەھرام» نىڭ بەزى مەرتلىك، قەھرىمانلىق، ئەپچىللىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ نەۋائى ئەسىرىدە ساقلانغان.

نەۋائى نىزامى داستانلىرىدىكى پوئېتىك خۇسۇسىيەتلەرنى خېلىلا چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ۋەزىن خۇسۇسىيەتلىرىنى نەۋائى ئۆز ئەسىرىدە ئەينەن ئىشلەتكەن.

نىزامى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ بۇنداق تېماتىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلىرى ئۆز زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسۋى قائىدىسى دائىرىسىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەزىبىر دوراپچىلىق، كۆچۈرمىچىلىككە ئوخشاش مەسىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

نەۋائى ئەسەرلىرىدە، يۇقىرىقىدەك ئوخشاشلىقلار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە.

نەۋائى ئالدى بىلەن نىزامى ئەسىرىدىكى «خەمسە» چىلىكتە ساقلانغان بەزى خاتالىقلارنى ۋە مەسىلەرنى تەنقىدى كۆرسىتىپ ئۆتتى ھەمدە ئۇنى تۈزەتتى. مەسىلەن، نىزامى ئەسىرى «خىسراۋ - شىرىن»دە بىرىنچى پېكىر ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى خىسراۋ ئۈستىدە بولىدى. نەۋائىنىڭ قارىشىچە، نىزامى داستانىدىكى شىرىننىڭ سۆيگىنى بولغان خىسراۋ ئۆزىدە ئۇرغۇن قارىمۇقارشىلىقلارنى يىغقان بىر كىشى.

خىسراۋ ئىران پادىشاھىنىڭ ئوغلى. ئۇ گەرچە پادىشاھ بولسىمۇ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئويلىماي، كۆپ چاغلاردا بىغەم يۈرىدۇ. ئۇ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن شەخسىيەتچى ئادەم بولۇپ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق جىنايى ئىشلارنى قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۇ ئىشق - ھەۋەسى تۇراقسىز، يېنىك تەبىئەتلىك، ھەۋەسكە بېرىلگەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرەمخانىسىدا گۈزەللەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلار بىلەن ئۆۋەتلىشىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. شىرىننىڭ ئۆزىنى ھەددى - ھېسابسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ۋىزانتىيە پادىشاھىنىڭ قىزى مارىيا بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ ۋە ئىسپىھان گۈزىلى شەكەرنى ھەمراھلىققا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ.

ئەمدى شىرىن بىلەن بىللە بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئەيش-ئىشرەت، ئويۇن-كۈلكە ۋە ئوۋغا چىقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېتىدۇ.

خىسراۋ ئاجايىپ قەھرىمان پەرھادنى ئۆز سۆيگىنى شىرىنگە ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا، بولۇپمۇ ئاخىرقى قىسمىدا، يەنى خىسراۋ شىرىننى نىكاھىغا ئېلىپ، مەملىكەتنى ياخشى باشقۇرۇشقا كىرىشكەن چېغىدا ياكى ئۆلۈم ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى يامان قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلغان چېغىدا، ئۇنى نىزامى ئاجايىپ قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

ئومۇمەن خىسراۋ سەلبىي قەھرىمان بولۇپ، ئاپتور بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ قۇسۇرلىرىنى پاش قىلىشنى مەقسەت قىلغان. نەۋائىيمۇ خىسراۋنى سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. لېكىن نەۋائىي سەلبىي تىپنى ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ بىرى قىلىپ ئېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئۇ شىرىنگە لايىق، ئالىيجاناب خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىنى ئاساسىي قەھرىمان قىلىپ ئېلىشنى خالايتتى. شۇڭا بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، نەۋائىي نىزامىنى تەنقىدلەيدۇ.

خىسراۋ دېھلەۋىيمۇ نىزامىغا ئەگىشىپ «پەرھاد-شىرىن» داستانىدا خىسراۋنى مەدھىيىلىگەن:

تاپىپ گاھ مەريەم ئاغۇشىدا① ئارام.
شەھەر مەۋلاسىدىن② گاھى ئالىپ③ كام.

① ئاغۇش — قۇچاق، باغىر. ② مەۋلانە — ساھىب، ھامىي، ئۇستاز.
③ كام — بەھرە، بەھرە ئېلىش.

دېمەك، خىسراۋ دېھلەۋىمۇ ئوخشاشلا نىزامى يولى بىلەن
ماڭغان، نەۋائى بەكمۇ ئەقىللىق، گۈزەل، ۋاپادار بولغان شىرىننى،
تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، خىسراۋغا لايىق كۆرمەيتتى. شىرىننىڭ
چىنىدىن ئارتۇق كۆرۈپ سۆيىدىغان ئادىمى مەرت قەھرىمان
پەرھاد ئىدى.

نىزامى ئەسىرىدە پەرھاد ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ،
پەرھاد بىلەن شىرىن مۇناسىۋەتلىرى بابلار سەھىپىسىدە ئەمەس،
بەلكى ئېپىزوتلاردىلا تەسۋىرلىنىدۇ.

نەۋائىنىڭ پىكرىچە بولغاندا، پەرھاد ـ شىرىن مۇناسىۋەتـ
لىرىنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، كېڭەيتىپ سۈرەتـ
لەش داستاننىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك ئىدى.

نىزامى مانا شۇنداق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ داستانىـ
دا بايان قىلىنغان پەرھاد ھەققىدىكى مەزمۇنلار نەۋائى تەرىپىـ
دىن تەنقىدلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە نەۋائى خىسراۋ دېھلەۋى قاتارلىقلارـ
نىڭ شۇ ماۋزۇدىكى داستانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ئاپتورـ
لار ئۆز داستانلىرىغا گەرچە بەزى ئۆزگىچىلىكلەرنى كىرگۈزـ
گەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسي سيۇژېت لىنىيىسى
يەنىلا نىزامى داستانىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ قەيت قىلىپ
ئۆتىدۇ. بۇ ھالدا ئەمدى كىشلەرنىڭ دىققىتى نىزامى ئەسىرىنى
نېمە ئۈچۈن شۇنداق تۈزگەن دېگەن مەسىلىگە قاراپ بۇرۇلۇشى
مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، نىزامى داستانىنى يېزىشقا
كىرىشكەن چاغدا، كۆپ ھالدا، تارىخىي رىۋايەتلەرگە مۇراجىـ
ئەت قىلىپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ سيۇژېتلىرىنى شۇ رىۋايەتلەر ئاساـ
سىدا تەشكىللەش ۋە تۈزۈشكە، ئۇ رىۋايەتلەرنى بۇزماسلىققا
تىرىشاتتى. نىزامى «خىسراۋ ـ شىرىن» دىمۇ مەلۇم دەرىجىدە
تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغانلىقتىن، خىسراۋنى شۇنداق

تەسۋىرلەشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، شۇ دەۋر ئەنئەنە-
نىسى سەۋەبىدىن بولغان، لېكىن ئەلىشىر نەۋائى، زۆرۈر تېپىل-
غاندا، ئۇنداق رىۋايەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىيات قانۇنىيەت-
لىرى رامكىسىغا سېلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ يەردە
شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزىدە ئىجابىي
ئىدىيىلەرنى سەلبىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇ
بولىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى، نىزامى تەرىپىدىن يارىتىلغان خىس-
راۋ ئوبرازىدا خېلى چوڭ قارىمۇقارشىلىقلار بولۇپ، نىزامى
ئۆز داستانىنىڭ ئاخىرىدا خىسراۋنى خاتالىقلىرىنى تونۇپ
تۈزەلگەن ئىجابىي قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان.

نەۋائى كۆز قارىشىنىڭ نىزامىغا ئوخشىماسلىقىدىكى ماھى-
يەت شۇ جايدىكى، ئۇ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەخلاقىي
قائىدىلىرى بىلەن باغلىق بولغان خىسراۋنىڭ ئۆز خاتالىق ۋە
قىلمىشلىرىنى تۈزىتىپ كېتىشىگە ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنمەيتتى. بۇ
يەردە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەينى زاماندا نىزامى تونۇپ
يېتەلمىگەن بەزى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نەۋائى تونۇپ
يېتىشكە مۇيەسسەر بولالىغان ۋە داستانىدىمۇ ئۇنىڭدىن كۆز
يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتمىگەن. نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر-
نىڭ ئىجادىدىكى بۇنداق نۇقسانلارنى تەنقىد قىلىپلا قالماي،
بەلكى شائىر سۈپىتىدە ئۇلار بىلەن بەيگىگە چۈشكەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن جاھان ئەدەبى-
ياتىدا، ئاجايىپ ئۆلمەس ئوبرازلارنى ياراتقان.

نەۋائى «پەرھاد - شىرىن» داستانىدا نىزامى تەرىپىدىن
باش قەھرىمان قىلىنغان خىسراۋنى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتى-
گە ئۇچرىغان يىرگىنىچلىك سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىر-
لەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ لەنەت تاختىسىغا مىخلايدۇ. خەلق ھېكا-
يىلىرىنىڭ ئەسلى مەزمۇنلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلى-

غان نەۋائى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىپ، ئۆگىنىپ، چىن شاھزادىسى پەرھادنى تاكى يونانلىق سوقرات تەلىماتلىرى ۋە چىن پەلسەپىسىگىچە خەۋەردار بىلىملىك يىگىت، خەلقىنىڭ شاگىرتى ۋە سىردىشى، خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى، گۈزەل ئەخلاقلىق، چىن مۇھەببەتكە سادىق ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

نەۋائىنىڭ ئىجابىي قەھرىمانىنى باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەشتىن مەقستى ئەدەبىياتنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرۇش، ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش، ئېسىل پەزىلەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى پەرھاد ۋە شىرىنگە ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ئۇلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئوبرازىنى ياراتقان.

پەرھاد ئۆزىنىڭ يۈكسەك پىكىرلىكلىكى، ۋىجدانلىقلىقى، ئەمگەكچانلىقى، مەردلىكى، چىدامىلىقلىقى، ئەمگەكچى خەلققە يېقىنلىقى، ئۆز سۆيگىنىگە ۋاپادارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالىيجاناب خىسلەتلەرگە ۋە ئاجايىپ پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان ئىجابىي قەھرىماندۇر.

نەۋائىنىڭ قارىشىچە، ئۇنداق خىسلەت-پەزىلەتلەر ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرىدە بولۇشى قىيىن، بۇ ھەقتە ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ سۇلتانلارغا بېغىشلانغان ماقالاتىدا ئوچۇق يازغانىدى.

نەۋائى پەرھادنى ئەنە شۇنداق ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولسا، خىسراۋنى پۈتۈنلەي سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. بۇ «خەمسە» چىنكىتە يېڭىلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجە بولدى،

ئەدەبىياتتا يازغۇچى ئۆز ئىدىيىسىنى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە تەشۋىق قىلىدۇ. بىز تۆۋەندە «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا شائىر ئىلگىرى سۈرگەن غايىۋى مەزمۇنلارنى ئوبرازلار بويىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز:

پەرھاد ئوبرازى، ئۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، چىن خاقانىنىڭ ئوغلى.

مەلۇمكى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خوتەننى ماچىن، قەشقەرنى تۆۋەن چىن دەپمۇ كۆرسىتىدۇ. نەۋائىي پەرھادنى چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «چىن» شىنجاڭنى كۆرسەتتى. قەدىمكى ۋاقىتلاردا ھازىرقى شىنجاڭنىڭمۇ چىن دەپ نامى بولغان①. ئادەتتە ئېيتىلىدىغان «چىنى تۈركىستان» مانا شۇ شىنجاڭغا قارىتىلغان.

سوۋېت ئالىمى بېرتېلس «مۇسۇلمانلار جۇڭگو خاقانىنى ئادەتتە خاقان دېمەي، فەغفۇر (Faqfur) دەيدۇ»②. دەپ يازغان. سىتەيىن «‹چىن ۋە ماچىن› خوتەننىڭ قەدىمكى نامى ئىدى»③ دەيدۇ.

نەۋائىي بۇ داستانىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھنەت

---

① قاسىم ئارىش: «ئۇيغۇرلار ۋە بەزى چەت ئەل تىللىرىدا ئۇچرايدىغان ‹چىن›، ‹چىن ماچىن›، ‹يىنا›، ‹چاينا› ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىگە قاراڭ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 1981 ـ يىل، 4 ـ سان.

② بېرتېلس: «نەۋائىي»، رۇسچە، 193 ـ بەت.

③ سىتەيىن: «غەربىي رايوننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1987 ـ يىل، 53 ـ بەت، 807 ـ، 808 ـ، 809 ـ بەت.

سۆيەرلىك، ئىجادكارلىق، سۇ مەسىلىسى، ئىلىم ھەققىدىكى بىر قاتار ئىدىيىلىرىنى پەرھاد ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

شائىر پەرھادنى خۇددى «سەددى ـ ئىسكەندەر» داستانىدىكى پېرسوناژلاردەك كىچىكىدىن خىلمۇخىل تۇغۇنۇش ئىچىدە تاۋلىنىپ ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. پەرھاد كىچىكىدىنلا سەگەك، چېچەن، ئەقىللىق بالا بولىدۇ. ئۇ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە زور ئىشتىياق ـ ھەۋەس بىلەن كىرىشىپ، تەبىئەت، ماتېماتىكا، مەنتىق ۋە باشقا پەنلەرنى كۆڭۈل قويۇپ، ئۆگىنىدۇ، نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

پەرھاد يالغۇز ئەقلىي تەربىيە ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە ھەربىي مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سۇ ئۈزۈش، چەۋەندازلىق، قىلىچۋازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئون يېشىدا 20 ياشلىق يىگىتلەردەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ماھارىتى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

پەرھادنىڭ كەمتەرلىك پەزىلىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۇنىڭ باشقا پەزىلەتلىرىنى يۇكسەلدۈرۈشىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئاددىي خەلق بىلەن ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارايدۇ. شۇڭا خەلق ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ كەمتەر تۇتىدۇ. نەۋائىي پەرھادنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەزىلىتىنى:

ئاڭا تەڭ پادىشاھلىق تا گەدالىق،
گەدالىققا تەڭ ئەتمەي پادىشاھلىق.

دىبان ھەم كۆڭلى پاكۇ ھەم كۆزى پاك،
تىلى پاكۇ، سۆزى پاكۇ، ئۆزى پاك.

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

پەرھاد خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، ھەمىشە خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ. خەلقنىڭ ئاھ-زارىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدۇ، شۇڭا پەرھادتىن خەلق كۆڭلى سۇ ئىچىدۇ. نەۋائىي پەرھادنىڭ خەلق دەردىنى ئۆز دەردى دەپ قارايدىغانلىقىنى:

بولۇپ ئەل ئەندۇھىدىن كۆڭلى غەمناك
ياقا چاكىنى كۆرۈپ، كۆكسىنى قىلىپ چاك

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

خەلقمۇ پەرھادنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ دەردىگە مۇڭداش بولسا، خۇشاللىقىغا يولداش بولىدۇ.

پەرھاد ئۆسۈپ چوڭ بولغانسېرى ئۆز ئىشلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ، ئۇنى غەم باسىدۇ. ئۇ خەلققە بەخت-سائادەت يارىتىش يولىدا چوڭراق ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىدۇ. خاقان ئۇنىڭ غەم باسقان كۆڭلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن يىلنىڭ تۆت پەسلىگە لايىق كېلىدىغان قەسىر سالدۇرۇپ، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولىدۇ. بۇ قەسىر ئۆزى ئۈچۈن سېلىنىۋاتقانلىقى پەرھادنى قىزىقتۇرالمايدۇ، بەلكى پەقەت ئىش ئورنىغا يىغىلغان ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ئىش-سەنئىتى قىزىقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىناكارلىقنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالىدۇ-دە، بىناكار بانى، نەققاش مانى، تاشچى قارۇنلار بىلەن دوستلىشىدۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكى ھەۋەس-ئىشتىياقىنى

قارۇنغا مۇنداق ئۇقتۇرىدۇ؛

دېدى: «ئالەمدە بول شۇغۇلىڭغە① مەشغۇل،
كى بۇ سەنئەت ئېرۇر كۆڭلۈمگە مەقبۇل.
گاھى يونغىل، گاھى نەقىش ئەيلە خارە②،
مەن ئەيلەي ئۇلتۇرۇپ، بىر-بىر نەزارە③»،

پەرھاد ئۇستىلار بىلەن بىللە ئىشقا شۇڭغۇيدۇ، كېچە-كۈندۈز ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە بىر يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھۈنەر-سەنئىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆگىنىۋالىدۇ.

بۇ ئىشنى داغى ئاز پۇرسەتتە قىلدى،
ئانىڭدەككىم كېرەك ئېردى بىلدى.

لېكىن تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، پەرھادنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئېچىلمايدۇ. خاقان ئۆز ئوغلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۆزىدىنىڭ تاجۇ-تەختىنى ئوغلىغا ئۆتۈنىدۇ. پەرھادنى تاجۇ-تەختىمۇ قىزىقتۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇ دۆلەت باشقۇرۇشنى خەلق ئالدىدا ناھايىتى چوڭ مەسئۇلىيىتى بار ئۇلۇغ ئىش دەپ ھېسابلاپ، ئۆزىدە دۆلەت باشقۇرغۇدەك بىلىم، تەجرىبە-ساۋاقنىڭ يوقلۇقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، دادىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ.

داستاندىكى پەرھادنىڭ بۇنىڭغا ئائىت ئەھۋاللىرى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان ئېپىزوتلار نەۋائىنىڭ «سەددى-ئىسكەن-

---

① شۇغۇل — ئىش-مەشغۇلات.
② خارە — تاش.
③ نەزارە — كۆرۈش، نەزەر سېلىش.

دەر» داستانىدىكى ئىسكەندەرنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ نەۋائىنىڭ غايىسىدىكى ئەڭ توپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى «شاھنىڭ خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى» مەسىلىسى ئىدى.

پەرھاد دادىسىغا شاھلىقىنىڭ خەلق ئالدىدا جاۋابكارلىقى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى، بۇ خىزمەتنىڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىش، تەجرىبە توپلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورايدۇ:

جەھاندا ھەركىشىم بار ئىشى،
ئىشىدا ئول كىشىنىڭ بار ۋەرزىشى①.

دېمەك، پەرھاد دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن باي تەجرىبە، ئىلىم، تەدبىر لازىم دەپ ھېسابلايدۇ. نەۋائى بۇ جايدا ئۆز دەۋرىدىكى تەخت ئۈچۈن ھېچنەرسىدىن ھېيىقمايدىغان، قارشى ھەممە ئەسكى ئىشلارنى قىلىشتىن، ھەتتا ئاتىسىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈشتىن يانمايدىغان ئىسيانكار شاھزادىلەرگە پەرھادنى قارشى قويۇپ، ئۇلارنى پەرھادتىن ئۆرنەك ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىنسانىنىڭ شەيئىلەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى «دۇنيانى بىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزگەرتىشتۇر».

ئەمدى داستاندا ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى كۈچىگە ئىشەنگەن شائىر پەرھاد ئىگىلىگەن بىلىمنى خەلق مەنپەئىتى يولىدا ئىشلىتىشكە ئۇرۇن تېپىش ۋە پەرھاد ئوبرازىنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن زىددىيەت-توقۇنۇشلىرىنى پەيدا قىلىشى زۆرۈر ئىدى.

---

① ۋەرزىش — تەجرىبە.

نەۋايى مانا مۇشۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، داستاندا ئەسلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇنۇ رىۋايەتكە تايىنىدۇ:

پەرھاد ئاتىسى ياساتقان چاھار باغ ۋە قەسىرگە ئېتىبار قىلماپتۇ، ئاتىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسىنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. لېكىن پەرھادنىڭ بۇ خەزىنىدىكى ھېچنەرسىگە كۆزى چۈشمەي، پەقەت نەقىشلەنگەن بىر ساندۇققا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە، شۇنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. لېكىن ئاتىسى ئۇنى كۆرسىتىشكە ئۇنىماپتۇ، پەرھاد ئۆز تەلىپىدە قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ، شۇڭا دادىسى ئامالسىز ساندۇقنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ساندۇق ئىچىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قۇلۇپ سېلىنغان بىر ئەينەك چىقىپتۇ. ئەينەكنىڭ ئۈستىگە «بۇنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن يۇنانىستانغا بېرىش كېرەك» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، پەرھاد بۇنى بىلىش ئۈچۈن يۇنانىستانغا بېرىشقا بەل باغلاپتۇ. كۆپ تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، ئاتىسى قوشۇلۇپ، مېڭىشتىن بۇرۇن بىر غاردىكى ئەۋلىيا «سۇھەيلى» ئالدىغا مەسلىھەت سوراشقا ئەۋەتىپتۇ («مەجالىسۇن نە فائىس» تا سۇھەيلى تالانتلىق شائىر سۈپىتىدە مەدھىيىلىنىدۇ). سۇھەيلى پەرھادقا يولدا ئۈچ خەتەر بارلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە بۇ ئۈچ خەتەرنى يېڭىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. پەرھاد ۋەزىرلەر ۋە بەلگىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقىپتۇ. يۇنانىستانغا قەدەم قويغاندا، بىر تاغدا ئاغزىدا ئوت چىقىپ تۇرغان ئەجدىھاغا يولۇقۇپ، ئۇنى 20 تال ئوقيا ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، غارغا كىرسە، ئۇ يەردە «كىم ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ غارغا كىرسە بۇ جايدىكى چوڭ يومىلاق تاشنى ئورنىدىن قوزغاتسۇن، ئۇنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدە ساقلانغان قىلىچ بىلەن قالقاننى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئالسۇن» دېگەن خەت تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، خەتتىكى گەپ بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، قىلىچ بىلەن قالقاننى

قولىغا ئاپتۇ. يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر چوڭ ئورمانلىقتا ئەھرى-
مەن ئىسىملىك دىۋىگە يولۇقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆڭكۈرى-
دىن «سولايمان ئۈزۈكى» نى ئاپتۇ. يەنە يولنى داۋاملاش-
تۇرۇپ، بىر چىمەنزارلىققا چىقىپتۇ ۋە بۇ جايدا بىر بوۋاي
بىلەن يولۇقۇپ قاپتۇ، بوۋاي بىر قورغاننى كۆرسىتىپ ئۇ جاي-
دىكى تىلسىمنى ئېچىشنى ئۆگىتىپتۇ-دە، كېيىن بىردەمدىلا
كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پەرھاد بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن
ئىش كۆرۈپ، قورغانغا بېرىپ سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ ياردىمى
بىلەن ئۇ جاينىڭ خوجايىنى ئارسلاننى يوقىتىپتۇ. كېيىن توق-
قۇز قەدەم مېڭىپ، بىر تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنى
كۆچەپ تېپىپتۇ، يەر ئاستىدىن قاتتىق قورقۇنچلۇق سادا ئاڭ-
لىنىپ، دەرۋازا ئېچىلىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەددى-ھېسابسىز
ئوقلار بىلەن قوراللانغان تۆمۈر ئادەملەر، تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن
ئادەملەر چىقىپ، پەرھادنى ئوققا تۇتماقچى بوپتۇ. پەرھاد
ئوقيا بىلەن ئۇلارنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەكلىرىنى پاچاقلاپ
تاشلاپتۇ. ئۇلار مەغلۇپ بوپتۇ. پەرھاد ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ئۇ
جايدىكى ھەددى-ھېسابسىز دۇنيا بىلەن «جاھاننامە» (جامى
جەمشىت) كە ئىگە بوپتۇ... دۇنيانى (مال) ئەسكەرلىرىگە بۆلۈپ
بېرىپ، ئۆزى ۋەزىرلىرى بىلەن سوقراتنى ئىزدەپتۇ، ئۇ تۇرۇ-
دىغان جاي غارلىق بولۇپ، تېپىش قىيىن بوپتۇ... لېكىن
«جاھاننامە» بىلەن قارىسا ئۇ جاي تېپىلىپتۇ، سوقرات بىلەن
كۆرۈشۈپتۇ... ئۇ ۋەزىر بىلەن پەرھادقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ
دۇئا قىپتۇ. كېيىن پەرھادنى يالغۇز ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ كېلە-
چەكتە ئاشىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئاشىق بولغاندا، ئۆز-
نى قانداق تۇتۇش لازىملىقى توغرىسىدا ئۇزاق نەسىھەت قىپتۇ،
ئاخىرى: «ئەينەكنىڭ تىلسىمى ئېچىلدى، چۈنكى ئىسكەندەر
تىلسىمغا كەلگەندە، قورغاندىكى تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ئادەملەر-

نىڭ كۆكسىدىكى ئەينەكنى ئۆز ئوقى بىلەن تەشكەن، خاقان خەزىنىسىدىكى ئەينەك شۇ تىلسىم بىلەن باغلانغان. «ئەمدى چىنغا بارغىن. ئۇ ئەينەكنى تاماشا قىل!» دەپتۇ ـ دە، سوقرات ئۆلۈپتۇ. پەرھاد ئۇنى چوڭ داغدۇغا بىلەن دەپنە قىپتۇ ۋە شاھزادە لەشكەرلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. ئىسكەندەر شەرققە يۈرۈپ، چىنغا كەلگەندە (مەھمۇد قەشقەرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىللىرى شەرققە يۈرۈش قىلىپ چىن (ھازىرقى شىنجاڭ) غا يېتىپ كەلگەندە، تۈرك (ئۇيغۇر) ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلگەندىن كېيىن، تۈرك خاقانى بىلەن بىتىم تۈزگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ①)، پەرھاد ئەسلىدە دادىسىغا سوۋغا قىلىنغان ھېلىقى «جاھاننامە»نى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى تاماشا قىپتۇ. پەرھاد ئەينەكتىن قورام تاشلار بىلەن قاپلانغان بىر چۆل-جەزىرىدە ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقانلىقى، ئۇلار قاتارىدا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش كېلىشكەن بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆستەڭ قېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، دىققەت بىلەن قارىسا بۇ يىگىتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئارقىدىن بىر توپ ئاتلىق قىزلار كۆرۈنۈپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن بەكمۇ كېلىشكەن گۈزەل ساھىبجامال بىر قىز پەرھادنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. پەرھاد بۇ قىزنى «جاھاننامە» دىن كۆرۈپ، ئاشىقى بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، بىر سوتكىدىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. يەنە ئەينەككە قارىسا ئەمدى ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پەرھاد ئۇ قىزنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ... ئاتىسى ئامالسىزلىقتىن ئۇنى ئۆزى دېڭىز ساياھىتىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. دېڭىزدا بوران چىقىپ كېمىلەر تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، بالا ئاتىسىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. ئاتىسى

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 122 ـ بەت.

چۈشكەن كېمە قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ، پەرھاد چۈشكەن كېمە دېڭىز ئوتتۇرىسىدا تاشقا ئۇرۇلۇپ پاچاقلىنىپ كېتىپتۇ، پەرھاد بولسا، بىر تاش ئۈستىگە چىقىپ قاپتۇ. ئۇنى شۇ جايدىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر سودىگەر قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. پەرھاد كېمىدىكىلەرگە ئۆزىنى سودىگەر دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا دېڭىز قاراقچىلىرى ھۇجۇم قىلغاندا، پەرھاد ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپ قاراقچىلارنى تارمار قىلىپتۇ...

سودىگەرلەر خۇشاللىقىدىن پەرھادقا نۇرغۇن مال-دۇنيا سوۋغا قىلغاندا، پەرھاد بۇلارنى رەت قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پەرھاد سودىگەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە يەمەنگە يېتىپ بېرىپتۇ. سودىگەرلەر ئارىسىدا كۆپنى كۆرگەن ئەقىل-پاراسەتلىك، ئۇستا رەسسام، شاپۇر ئىسىملىك بىر دانىشمەن بار ئىكەن. ئۇ پەرھاد-نىڭ جىمغۇر، خىيالچانلىقىدىن يۈرىكىدە بىر ھەسرەتنىڭ بار-لىقىنى پەملەپ، ئۇنى گەپكە سېلىپمۇ سىر ئالالماپتۇ، لېكىن پەرھادنىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ ھەممە ئىچكى سىرىنى بىلى-ۋاپتۇ. شاپۇر پەرھادنىڭ دەردىگە داۋا بولۇپ، ئۇ ئەينەكتە كۆرگەن قىز—دەشت ئەرمەنىستان مەلىكىسى شىرىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، پەرھادقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن پەرھاد بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ. شاپۇر رەسساملىق تالانتىغا تايىنىپ ئەرمە-نىستاندىكى پەرھاد كۆرگەن كۆرۈنۈشنى سىزىپ چىقىدۇ. پەر-ھاد ئەمدى ئىشىنىپتۇ. ئۇ شاپۇر بىلەن ئەرمەنىستانغا كەپتۇ.

رىۋايەتتىكى ئەنە شۇ ھېكايىنى پۈتۈن داستان ۋەقەلىكى-دىن ئالغاندا ئەڭ قىزىقارلىق، كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ئىس-تېئاتىسىيە① دېيىشكە بولىدۇ. مانا ئەمدى باش قەھرىمان پەر-ھادنىڭ قەھرىمانلىق قىلىشىغا مەيدان ھازىرلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمدى پەرھاد ئۆگەنگەن بىلىم، ھۈنەرلىرىنى ھايات

---

① ۋەقەلىك باشلىنىش ئالدىدىكى ھايات (تەبىئەت ۋە جەمئىيەت) تەسۋىرى.

بىلەن باغلايدۇ. پەرھاد: كىشىلەر ئۆگەنگەن بىلىمى ۋە ھۈنە-
رىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم، دەپ ھېسابلاي-
دۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەرمەنىستاندىكى پائالىيىتىدە روشەن ئىپادىلەن-
گەن. ئۇ ئەرمەنىستاندا جاپا چېكىپ، قانال قېزىۋاتقان مىڭلى-
غان كىشىلەر توپىغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئەمگەكتە مۆجىزە يارىتىدۇ.

دېدى: «بۇنىچە مەزلۇمى ستەمكەش،
فەلەك بىدادىدىن بولغان ئەلەمكەش.
كى ۋەيرانەلىغلارىدا يۈز ھالالدۇر،
ئەگەر قىلسام مەدەت، ۋەقتى مەھەلدۇر.
ھۈنەرنى ئەسرابان نېتەكۈمدۇر ئاخىر؟
ئالىپ تۇفراغقىمۇ كەتكۈمدۇر ئاخىر»!

مانا بۇ پەرھادنىڭ قارارى. ئۇ ئەنە شۇ قارارى بويىچە ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شۇنچە قىيىنغا چۈشۈۋات-
قان ئەمگەكنى نەچچە ھەسسىلەپ يېنىكلەشتۈرىدۇ.

كى ئۈچ يىلدا نە ئىش بىتمىش سەراسەر،
ئۆزى بىر كۈندە قىلمىشتۇر بەرابەر.
ئۇنىڭ تېشەلارىغە ھەر قارا تاغ،
پىچاق ئالىندە ئانداغكىم سارىغ ياغ.

يۇقىرىقى مىسرالاردا كاتتا مۇبالىغە قىلىنغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ مۇبالىغىلەر (رومانتىك خاراكتېرگە ئىگە) رېئال ئاساسقا ئىگە بولۇپ، جاپالىق ئەمگەكنى ئاسانلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كۈچلۈك قوراللارغا ئىگە بولۇش

ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

پەرھادنىڭ ئەمگەكتىكى ئىلمىي ئىقتىدارى، بولۇپمۇ كۆل قېزىش، قانال ئېچىش ھەرىكىتىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

داستاندا سۇ مەسىلىسى (تېمىسى) ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈرىلەر دەۋرىدە يېزا ئىگىلىكىدە سۇ ئاساسىي مەسىلە ئىدى. چۈنكى قالاق فېئودالىزىم سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى دېھقانلارنى شۇلۇۋېلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. نەۋائىيدەك ئىلغار كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەلۇم سۇ ئىنشائاتلىرىنى بەرپا قىلغان بولسىمۇ، فېئودالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىدىن تۇغۇلغان ئىچكى ئۇرۇشلار مىڭبىر جاپا- مۇشەققەتتە خەلقنىڭ قان- تەر بەدىلىگە كەلگەن سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ خەلق يەنىلا سۇسىز، قاغجىر قاقشاپ قالاتتى. خەلقنى سۇ بىلەن تەمىنلەش خىيالى نەۋائىينىڭ ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ئەبۇسەيىد ۋاقتىدا، يەنى خۇراساندىن سەمەرقەندكە سۈرگۈن قىلىنغان چېغىدىلا، ماۋرەئۇننەھرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىسىنى ئۆگەنگەنىدى. نەۋائىي ئۆزى تۇس ۋىلايىتىنىڭ «چەشمەئى گۈلىستان» بۇلىقىدىن مەشھەدكە سۇ ئېلىپ كېلىشتە ئون تاشقا (70km) غا يېقىن كېلىدىغان ئېرىق قېزىش ئىشىغا تەشەببۇسكار ۋە باش بولغانىدى.

بىراق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئاساسلانغان فېئودال مۇھىت ئەل-يۇرتنى سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئوپتىمىست شائىر نەۋائىي خەلقنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان زاماننىڭ كېلىشىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا داستاندا پەرھادنىڭ باشچىلىقىدا چوڭ كۆل قېزىلىدۇ. قانال ئېچىلىدۇ؛

ئارىقا قويۇلدىلەر «نەھرۇل ھەيات» ئىسىم،
فەلەكۋارىش ھەۋزىگە① «پەھرۇل نەجات» ئىسىم.

ئېرىق ۋە قانالغا قويۇلغان بۇ ئىسىملارنىڭ ئۆزىدىنلا نەۋائىنىڭ دېھقاننىڭ قېنى ۋە جېنى بولغان سۇ مەسىلىسىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

نەۋائىنىڭ قارىشىچە، سۇ — ھايات، سۇ — نىجات مەنبەسىدۇر. شۇڭا داستاندا ئېرىق، قانال ۋە كۆلنىڭ پۈتۈشى خەلقنىڭ تەنتەنىلىك بايرىمىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئارىق ناۋى چۇ بولدى سۇ مەقامى
تېگىرمەن ناۋىدەك بولدى خىرامى②،
خەلايىق ئىچرە تۈشتى ھەريان،
ئۇلۇس③ ئىچرە ئەلالا④ تۈشدى ھەريان.
مۇغەننىلەر⑤ ئىككى ياندىن نەۋاساز
تۈزۈپ ئول دۇرلاھىنى⑥ بىرلە ئاۋاز.

«پەرھاد-شىرىن» داستانىدا ئەكس ئەتكەن يەنە بىر تېما — ئىجادىي مېھنەت تېمىسى بولۇپ، پەرھادنىڭ ئەمگەكتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى شائىر پەرھادنىڭ تەجرىبە-ساۋاتىدىن ھاسىل بولغان ئىلمىنىڭ شاراپىتى ۋە بۇ ئىلىمنى ئەقلىي ھالدا ئىگىلىگەن پەرھاد ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە شائىر بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پەرھاد تىلىدىن ئەقىل-تەپەككۇر كۈچىگە مۇنداق باھا بېرىدۇ:

دېدى: ھەر ئىشكى قىلمىش ئادەمزات،
تەفەككۇر بىرلە بىلمىش ئادەمزاد.

---

① فەلەكۋارىش ھەۋز — ئاسمانغا ئوخشاش (چوڭ ۋە كۆك) كۆل.
② خىرامى — يۈرۈش، چىرايلىق يۈرۈش.
③ ئولۇس — خەلق. ④ ئەلالا — شاۋقۇن-سۈرەن. ⑤ مۇغەننى — چالغۇچى
⑥ دۇرلاھىنى — دەريا ئاۋازى، ئاھاڭى.

ئۆلۈم ئىچرە مەڭگۈ تا بولدى مەدھال،
تاپىلماس مۈشكۈلى مەن قىلماغان ھال.

بۇ يەردە ئۇ ئىنساننىڭ دۇنيادىكى باشقا مەخلۇقلاردىن ئاساسىي پەرقى ئۇنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق، مۈشكۈلاتنى تەپەككۇر كۈچى بىلەن يېڭىپ، ھەرقانداق ئىشنى ھەل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

پەرھاد ئوبرازىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك ئۆزئارا بىرلەشكەن ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي غۇرۇر شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغان ئالىيجانابلىق ئىشەنچىسىدە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خەلقپەرۋەرلىك بىلەن باغلانغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك ئالىيجانابلىققا ئىگە بولىدۇ. داستاندا پەرھاد شىرىننى چىن دىلىدىن سۆيۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ۋەتىنىنى، خەلقىنى تېخىمۇ سۆيىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئۇ قارا نىيەت، شەخسىيەتچى خىسراۋ ئەرمەن دۆلىتىنى ۋەيران قىلىشقا كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى بىرنەچچە قېتىم تارمار قىلىدۇ. پەرھاد بىلەن كۈچ ئېلىشالمىغان نامەرد خىسراۋ ئۇنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ جايدا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خىسراۋنىڭ شۇنچە كۆپ قورallىق كۈچىگە پەرھاد يالغۇز تاقابىل تۇرىدۇ. بۇنى ھەددىدىن تاشقىرى چوڭ مۇبالىغىچىلىك ۋە كەمچىلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن شائىر ئۇرۇشنىڭ خاراكتېر مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئادالەتسىز ئۇرۇش ئادالەتلىك ئۇرۇش ئالدىدا ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداق قىلغان دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا خىسراۋ ئادالەتسىز ئۇرۇشنى قوغ-

دىڭغۇچى قارانىيەت ئادەم بولغانلىقتىن، شۇنچە كۆپ ھەربىي كۆچ-
كە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا پەرھاد تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ.
بىراق خىسراۋ ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىن ئالغاندا
پەرھادقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پەس ئورۇندا
تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال داستاندا ئوبرازلىق ھالدا مۇنداق ئەكس
ئەتتۇرۇلىدۇ:

دېدى①: نەدۇر ساڭا ئالەمدۇر پېشە②
دېدى: ئىشق ئىچرە مەزمۇنلۇق ھەمىشە
........
دېدىكىم: ئىشققا كۆڭلۈڭ ئورۇندۇر؟
دېدى: كۆڭلۈمدە جاندەك ياشۇرۇندۇر.
دېدى: كۆڭلۈڭ فىدا قىلسا جەفاسى؟
دېدى: جانىمنى ھەم ئەيلەپ فىداسى.
دېدى: ئۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل.
دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغفار③ قىلغىل.
دېدىكىم: شاھقا بولما شىركەت ئەنە پىش④
دېدى: ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھۇ دەرۋىش.
دېدى: جانىڭغا بۇ ئىشدىن ئەلەم بار،
دېدى: ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار؟
دېدى: ئىشق ئىچرە قاتىلىڭ ھۆكۈم ئەتكۈم⑤.
دېدى: ئىشق مەقسۇدىمغا يەتكۈم.

يۇقىرىقى مىسرالاردا پەرھادنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە چەكسىز

---

① دېدى — خىسراۋدىن
② پېشە — كەسىپ، ھۈنەر
③ توۋا. ④ شاھقا تەڭ بولمەن دېمە دېگەن مەنىدە.
⑤ –مېنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلسمەن.

سادىق ئىكەنلىكى، چىن مۇھەببەت يولىدا ھاياتىدىن ئايرىلىشقا تـوغرا كەلسىمۇ، بۇنى ئۆزى ئۈچۈن بـەخت دەپ ھېسابلايدىـغانلىقى روشەن ئىپادىلەنگەن.

شۇنـىڭدەك خىسراۋنىڭ مۇھەببەتكە نىسبەتەن ھـايۋانىي نەپسى بىـلەن قىلىۋاتقان پەسـكەشلىكى ۋە باشـقىلارنىڭ ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، باي بو-لۇشتەك قارا نىيىتىمۇ تۆۋەندىكىدەك پاش قىلىنغان:

قىلىپ ئەل مۈلكى ئىچرە قەتلۇ تاراج،
ئالاي دەپ مۈلك ئەلدىن تەخت ئىلە تاج،
بىراۋنىڭ كىم بىرىپ مۈلكىنى بەرباد،
قىلۇرسەن دازىدىن كۆڭلىنى ناشاد.

پەرھاد ئۇرۇشتا خىسراۋنى نەچچە قېتىم يېڭىپ ئاخىرى ھىيلىگەر موماينىڭ ھىيلىسى بىلەن خىسراۋنىڭ قولىغا چۈشـۈپ قاملىدۇ. ئۇ قورغاندا پـۇت ـ قـوللىرىغا سېلىنغان كىشەنلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قورغانغا ئەركىن چىقىپ يۈرىدۇ، لېكىن قاچمايـدۇ. چۈنكى ئۇ نەزەربەنت قىلغۇچىلارنىڭ بالاغا قېلىشىنى خاھـلىمايدۇ، ئەمما ئۇ كـۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈستىـگە قاپـقـارا ماتەم كىيىمىنى كىيىپ، قايغۇلۇق قىياپەتكە كىرىۋالغان جادىگەر مو-ماينىڭ ھىيلە ـ مـىكرىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇ شەھەرنى خىسراۋ بېسىۋالغانلىقىنى، كېيىن شـرىننى مەجبۇرىي ھالدا نىكاھىغا ئال-غانلىقىنى، شىرىن بۇ ئىشقا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى، شىرىن چۈشكىدە يىتىپمۇ پەرھادنى يادىدىن چىقارماي «پەرھاد، پەرھاد» دەپ جان ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كىشىنى ئالداشنى ئويلاپمۇ كۆرمەيدىغان، پۈتۈن ھـاياتىنى چىن مۇھەببەتكە بېغىشلىغان، راستچىل، مەرد ئىنسـان پەرھاد جادىگەر موماينىڭ سـۆزلىرىگە ئىشىنىپ، 2 ـ يۈرتى ئەرمەنستاندا ئۆزىنى

ئۆزى ھالاك قىلىدۇ، ئۇ جان ئۈزەر ھالەتتە ياتقان چاغدىمۇ زالىم خىسراۋنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشنى ۋە خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئۆز دوستلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

كىبرەككىن جەم ئۇلۇپ تارتىپ سىپاھلار①،
تۇتۇپ سوگ②ئۇيلا كىم ئۆلگەندە شاھلار.
بۇگۇن خىسراۋغا چۇن ئەبرى بەھرۇن③،
قىلىب ئاھ ئوقلاردىن تىرى بارۇن.
قىغان ئوتىدىن ئۆرتەپ كىشۋەرىنى④،
كۆل ئەيلەپ تاجۇ ـ تەخت ئەفسارىنى.
بولۇپ گىريان بوزادە بىنەۋاغە،
بىرىك بارۇ يوقىنى سېلى قەناغە،
ۋەفا قەرزىن بۇ يەڭلىغ ئەياپ ئاباد.
رەۋانىمنى ئۆزىڭىزدىن قىلىڭ شاد،

بۇ پارچىدىكى ئوبىتمىستىك روھ شۇكى، گەرچە پەرھاد قورغاندا ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ خىسراۋدىن تامامەن يېڭىلگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرمايدۇ بەلكى پەرھاد روھى جەھەتتىن غالىب قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

نەۋائى گەرچە پەرھاد ئوبرازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئاساسي غايىسىنى ئىپادە قىلسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، پەرھادنىڭ شەخس قەھرىمانلىقىنى ھەددىي ـ ھېسابسىز ئاشۇرۇۋېتىشتەك ئوقسانلارغىمۇ يول قويىدۇ. مەسىلەن، شائىر پەرھادنى پۈتۈن ئەرمەن خەلقىنى تەشكىللەپ، خىسراۋغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچى قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىمەي،

① سىپاھ ـ قوشۇن. ② سوگ ـ ماتەم. ③ ئەبرى بەھرۇن ـ باھار بۇلۇتى. ④ كىشۋەرىنى ـ مەملىكىتىنى.

بەلكى خىسراۋنىڭ شۇنداق كۈچلۈك قوشۇنىغا يەككە - يېگانە قارشى تۇرۇپ كۆرەش قىلغۇچى قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ نەۋائىي دۇنيا قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەممە مۇتەپەككۇرلىرىغا ئورتاق كەمچىلىكتۇر. چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىدىئالىستىك پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇلار خەلقنىڭ دۇنيانى ياراتقۇچى ۋە دۇنيا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى بىردىنبىر كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ھەم بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇنداق تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، شائىر باشتا خەلق بىلەن شۇنچىلىك تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن پەرھادنى، سىنىپىي كۆرەشتە خەلقتىن ئايرىلغان شەخسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ خاتا قىلىدۇ. مانا بۇ داستاندىكى، بولۇپمۇ پەرھاد ئوبرازىدىكى بىر چوڭ كەمچىلىكتۇر.

شىرىن ئوبرازى. ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئوتتۇرا ئەسىر تۆمۈرىلەر دەۋرى ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بىر شارائىتتا، نەۋائىي تۆمۈرىلەرنىڭ بۇ ئىستىبدادىغا قارشى ھالدا زور جۈرئەت بىلەن ئاياللارغا ھۆرمەت نەزەرىدە قاراپ داستاندا شىرىن ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

شىرىن ھامىمىسى مېھرىبانۇنىڭ تەربىيىسىدە بىلىملىك، مەرىپەتلىك، دانا بىر قىز بولۇپ ئۆسۈپ - يېتىلىدۇ. ئۇ مەملىكەتنىڭ پاراۋانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسى ۋە مېھرىبانۇ بىلەن قانال قېزىش، سۇ چىقىرىشقا ئوخشاش دۆلەت، خەلقنىڭ تەقدىرىگە باغلىق بولغان چوڭ ئىشلارغا باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇ پەرھادنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن

كۆرەشكۈچى ئاجايىپ ئىسىل خىسلەتنى كۆرىدۇ. ئۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن پەرھادنىڭ قەھرىمانلىقى، ئىجادكارلىقى مەپتۇن قىلىدۇ. پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ بىر-بىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىدىيىۋى بىرلىك كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىز-مەت قىلىش، چۆللەرگە سۇ باشلاش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلىش، ۋەتەننى، خەلقنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىش جەر-يانىدا ئۆسۈپ-يېتىلىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. شىرىننىڭ مۇھەببەت ئۆلچىمى چوڭقۇر ئەخلاقىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئەخلاقىي-پەزىلەتلىك كىشىلەرنىلا چىن سۆيگۈ-مۇھەببەت بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇھەببەتكە ھايۋانىي تەبىئەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان قارانىيەت خىسراۋنىڭ تەكلىپىنى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن قەتئىي رەت قىلىدۇ:

ماڭا نە يارۇ نە ئاشىق ھەۋەستۇر،
ئەگەر مەن ئادەم ئولسام ئۇشبۇ بەستۇر.

يەنى ئۇ، مەن قانداقتۇ يار تۇتۇش، ئاشىق بولۇشقا ھەۋەس قىلمايمەن، ماڭا چىن ئىنسان بولۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە، مەن چىن سۆيگۈگە ئىگە بولغان، قەلبى پاك ئىنساننى سۆيىمەن دەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئەڭ قىيىن شارائىت ۋە ھاياتى ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان پەيتلەردىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەي، پەرھادقا سادىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى پەرھادقا يازغان خېتىدە ئېنىق ئىپادى-لىنىدۇ.

..............................

شىرىن خىسراۋنىڭ پەيلىنى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنەتتى، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ خىسراۋ ئاخىرقى ھېسابتا پەرھادنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، ھىيلە بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئاخىر ئەرمەنىستانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ، لېكىن خىسراۋ ئاخىرقى ھېسابتا مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرويانىڭ شىرىنگە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. شىرويا ئاتىسى تۇرغان چاغدا، ئۆز نىيىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاتىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ئەمدى شىرىن ۋەسلىگە ئېرىشىش خام خىيالىدا بولۇپ، شىرىن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى بىجانىدىل ئورۇندايدۇ. پەرھادنىڭ جەسىتىنى ئېسىل كىيىملەرگە ئوراپ، مېھرىبانۇ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ چاغدا شىرىنىنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، قۇللارچە ياشاش، يەنە بىرى، ھالاك بولۇپ، دۈشمەننىڭ قەستىنى تارمار قىلىش.

شىرىن كېيىنكى يولنى تاللىدى. ئۇ ھاممىسىدىن ئۆزى يالغۇز كىرىپ، پەرھاد بىلەن ۋىدالىشىش رۇخسىتى ئېلىپ، پەرھادنىڭ يېنىغا كىرىپ ۋاپادارى بىلەن مۇڭداشقىنىچە ئۇ دۇنياغا كەتتى... شىرىن ئەمدى مەقسىتىگە يەتكەنىدى. چۈنكى ئۇ قانداق قىلىپ بولمىسۇن پەرھاد بىلەن دىدارلاشتى.

ئىككىنچى تەرەپتىن، دۈشمەننىڭ مەقسىتىنى تارمار قىلدى. بۇ ئىككى ۋاپادار يار ئۆز ئىرادىلىرى بىلەن ھەرقانداق قارا تەقدىرگە بويسۇنمىدى. ئەكسىچە، تەقدىرنى ئۆز ئىرادىلىرىگە بويسۇندۇردى. مانا بۇ ئىنسان قەلبىنى مەڭگۈ ھاياجانغا سالىدىغان تراگېدىيە قەھرىمانلىرى ئالىيجاناب روھىنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

x x x

شاپور ئوبرازى. رىۋايەت ۋە تارىخنى چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازىيە، چىن خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق يىلتىزىنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. داستاندىكى دوستلۇق شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەندى.

شائىر ئوتلۇق ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى، دوستلۇقنى، ئازادلىقنى، پاراۋانلىقنى سۆيەتتى. ئۇنىڭ بۇ روھى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا مەركەزلىك ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ بۇ پىكرى «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىمۇ ئالاھىدە روھ بىلەن ئىپادىلەندى.

چىنلىق پەرھاد، ئەرمەنلىك شىرىن، ئىرانلىق شاپور شۇنداق خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ئەڭ گۈزەل سىمۋولىدۇر. شاپور بۇ داستاندا غايىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە تۇتقان ئىجابىي ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئىجابىي قەھرىمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

شاپور ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك بىر كىشى، ئۇ يېتىلگەن تالانت ئىگىسى نەققاش ۋە ئۇستا رەسسام. ئۇ داستاندا:

ھۈنەر بابىدا ئۇستادى زەمانە،
زەمان ئىچرە نەققاش يېگانە.
قەلەم ئەھلىغە ئانىڭ تارىخى دەستۇر،
جەھان ئەھلى دىبان ئاتىنى شاپور.

دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. پەرھاد شىرىننى «جاھاننامە» ئەينىكىدە كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولۇپ، سەرگەردانلىقتا يۈرگەندە

شاپۇر پەرھادقا شىرىننىڭ ئەرمەنىستاندا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ۋە ئۇنى ئىشەندۈرۈپ، ئەرمەنىستانغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە شىرىننىڭ ۋىسالىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇ پەرھادنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا سادىقلىق، سەممىيلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىدىن ئەرمەن خەلقىگىمۇ خىزمەت قىلىدۇ. خىسراۋ ئەرمەنىستانغا ھۇجۇم قىلغاندا، شاپۇر خىسراۋ بىلەن مەردلەرچە ئېلىشىپ، ئەرمەنىستان خەلقىگە ياردەم بېرىدۇ. پەرھادنى خىسراۋ ھىيلە بىلەن تۇتۇپ كەتكەندە، ئۆز بېشىغا كېلىدىغان خەۋپ-خەتەرنى قايرىپ قويۇپ، قورغانغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، شىرىنگە خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ ئۇ پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئالاقىسىنى بىر-بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. شاپۇرنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقىنى چىن دىلىدىن چۈشەنگەن پەرھاد ئۆلۈم ئالدىدا شاپۇرغا مۇنداق مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ:

... نە قانىكىم يۇتمادىڭ ھەمراھلىقىمدىن،
نەغەمكىن چەكمەدىڭ ھەمراھلىقىمدىن.
ماڭا ئول ۋاقتىدىن كىم ھەمدەم ئولدۇڭ،
گىرىفتارى بەلا ئۇ ماتەم ئولدۇڭ.

شاپۇر پەرھادنىڭ دېڭىزدا قىلغان ئادەمگەرچىلىكىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلاپ، ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇقىنى ئاخىرغىچە يەتكۈزىدۇ. پەرھاد ھالاك بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. پەرھادنىڭ ئىمىلدىشى بەھرام پەرھادنىڭ ئىزدەك-سورىقىنى قىلىپ، ئەرمەنىستانغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا شاپۇر بىلەن بەھرام شاھ ئىككىسى دۈشمەنگە قارشى بىرلىكتە قانلىق جەڭ قىلىپ، ئەرمەنىستاننى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. خەلققە بەخت يارىتىدۇ. بۇ پەرھادنىڭ ئاخىرقى مەقستى ئىدى.

ئەلۋەتتە، بۇ مەقسەتنى ئورۇندىغان شاپور پەرھادنىڭ ئەڭ قەدىر-
لىك دوستى چىن، ئەرمەن ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تارىخىي
دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كىتابخانلار قەلبىدە كۈچلۈك
تەسىرات قالدۇرىدۇ.

مېھرىبانۇ ئوبرازى. بۇ ئوبراز نەۋائىنىڭ ئوتۇپىك «بىلىملىك،
ئادىل، ئىدىئال شاھ» ھەققىدىكى ئاساسىي غايىسىنىڭ يەنە بىر
قېتىملىق بەدىئىي ئىپادىسى. نەۋائىي XV ئەسىر فېئودالىزم تۈزۈمى
ۋە ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ئىنكار
قىلىپ، ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلاندۇرغان شارائىتتا،
ئۇنىڭغا قارشى ھالدا، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ئەرلەر بىلەن
تەڭ ئورۇندا قويىدۇ ۋە ئاياللار ھوقۇقتا ئەرلەر بىلەن تەڭ بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئەقلىي قابىلىيەت، سىياسىي سالاھىيەت
قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇلۇشى
كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. نەتىجىدە مېھرىبانۇ ۋە ئۇنىڭ رەھبەر-
لىكىدىكى ئاياللارباشقۇرغان غايىۋى دۆلەتنى بەرپا قىلىدۇ.

مېھرىبانۇ — ئاياللاردىن چىققان بىلىملىك، ئادىل شاھ. ئۇ
خەلق پاراۋانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش
ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان سۇ مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل
قىلىپ، قانال قېزىپ، سۇ ئامبارلىرى ياساپ، ئۇلارنى سۇغا تولدۇ-
رۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ.

مېھرىبانۇ مەرىپەتلىك شەخس بولۇپ، ئۇ — بىلىم ئارقىلىق
جەمئىيەتنى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن-
ئان ئايال، شۇڭا ئۇ سېڭلىسى شىرىننىڭ تەربىيىلىنىشىگە
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنى بىلىملىك، گۈزەل ئەخلاقىي-
پەزىلەتكە ۋە ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە قىز قىلىپ يېتىشتۈرۈپ
چىقىدۇ. مېھرىبانۇ ئۆز دۆلىتىنى ئىلىم، قانۇن ئاساسىدا قۇرغان-
لىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى خادىملار، يەنى كېنىزەكلەر

بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىشكەن زىيالىيلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. شائىر داستاندا ئۇلارنى ئالاھىدە تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ ئاياللارنىڭ تەسۋىرى — شائىر ياراتقان مېھرىبانۇ ئىدېئال دۆلەتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئۈلگىسى، مەنىۋى كاپالىتى. مېھرىبانۇ پەرھادنى ئۆز سىڭلىسى شىرىنغا لايىق يىگىت دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ چىن مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۇلارغا جان-دىلى بىلەن ياردەمدە بولىدۇ. چۈنكى پەرھاد ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھامان سادىق ئاشىق، بىلىملىك، مېھنەتكەش ئىنسان، ئىجادكار قەھرىمان، ئادالەتپەرۋەر، قورقماس-جەسۇر پەھلىۋان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

پەرھادتىكى بۇ خىسلەتلەر بىلىملىك شاھ مېھرىبانۇ ياقتۇرىدىغان خىسلەتلەر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىرىن بىلەن پەرھادنى بىر-بىرىگە مەڭگۈ چىڭ باغلاپ تۇرغان ئىدىيىۋى بىرلىك، مۇھەببەت رىشتىسى ئىدى.

مېھرىبانۇ — قەھرىمان، جاسارەتلىك، پەم-پاراسەتلىك ئايال ھۆكۈمران. ئۇ بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى «تومارىس رىۋايىتى» دىكى تومارىسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ خەلقنى، ئازادلىق-ئەركىنلىكنى، پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ساپ مۇھەببىتىنى زالىم ئىران شاھى خىسراۋنىڭ خىيانەتكار تاجاۋۇزچىلىقىدىن جان تىكىپ قوغداپ، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئەمما ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن مېھرىبانۇ خىسراۋ بىلەن سۈلھ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسىنى قوللىنىدۇ.

داستاندا بىلىملىك، جاسارەتلىك ئادىل ئايال ھۆكۈمدار مېھرىبانۇ خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، پاراۋانلىقى ۋە ھەق-

قىي چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى قوغدايدۇ.

جاھىل، نادان، ئاچكۆز، تاجاۋۇزچى ئەر ھۆكۈمدار خىسراۋ خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، تىنچ ھاياتىنى ۋەيران قىلىپ ئىنسانىي ساپ مۇھەببەتنى ئاياغ-ئاستى قىلىدۇ.

بۇ جايدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نەۋائىينىڭ قارىشىچە، شاھنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئۇلارنىڭ جىنسىيىتىگە ئەمەس، ئىنسانىي پەزىلىتىگە قاراپ ئايرىلىدۇ.

نەۋائىينىڭ بۇ قارىشى XV ئەسىردىكى فېئودالىزم جەمئى-يىتىنىڭ روھىي، پەلسەپىۋى تايانچىسى — ئىسلام تېئولوگىيىسى ھەممە ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىنى ئۆز ئىسكەنجىسى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغان، ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ئويۇنچۇقى، ئۆي «قۇلى» غا ئايلاندۇرغان، شۇنداق شارائىتتا غايەت زور ئىلغار، تەرەق-قىيپەرۋەر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. نەۋائىي مېھربانۇ ئوبرازى ۋە ئۇردا خادىملىرى — كېنىزەكلەر ئوبرازى ئارقىلىق ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە ئىگە بولۇپ، بىلىم ئېلىش، ھۈنەر ئۆگىنىش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئۇلارنىڭ جەمئى-يەتتە خەلق تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھاكىمى-يەتنى باشقۇرۇشتەك مۇھىم ئىشلارغىمۇ قاتنىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا ۋە ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن ۋە دەۋر بۆلگۈچ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بەھرام ئوبرازى — بۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىكى «تۆۋە» قىلغان بەھرام شاھقىمۇ ۋە «سەبئەئى سەييارە» دىكى يەر يۈتۈپ كەتكەن بەھرام شاھقىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىنسانپەر-ۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك كۆز قاراشلىرى جەھەتتە «سەددى ئىسكەندەر» دىكى ئىسكەندەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ داستاندا ئادالەت-

نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ ئەسلى چىن خاقانى (خوتەن پادىشاھى) بولۇپ، پەرھادنىڭ ئىملىدىشى يېتىم بالا. پەرھادنىڭ ئاتىسى يالغۇز ئوغلىنىڭ دېڭىزدا ھالاكەتكە ئۇچراپ، دېرەكسىز يوقالغانلىقى سەۋەبىدىن دەرت - ھەسرەت چېكىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان ۋەلى ئەھدى بولمىغىنى ئۈچۈن بەھرام ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدۇ. ئۇ چىن ئىنسانىي بۇرچىنى ئۇنتۇماي ھەمىشە پەرھادنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ يۈرىدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پەرھادنىڭ ئەرمەنىستاندا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قوشۇن بىلەن ئەرمەنىستانغا كېلىدۇ. ئۇ ئەرمەنىستانغا كېلىپ بەختكە قارشى پەرھاد بىلەن شىرىن ھايا- تىنىڭ تراگېدىيىلىك ھالدا ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقۇپ، چوڭقۇر قايغۇغا چۆكىدۇ ۋە خىسراۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قاتتىق غەزەپ- كە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئەرمەنىستاننى خىسراۋنىڭ قارا نىيەت ئوغلى شىرويا بېسىۋېلىپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىۋاتاتتى. بەھرام ئەرمەنىستاننى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ زالىم قارانىيەت شىرويا بىلەن قاتتىق قانلىق جەڭ ئېلىپ بارـ دۇ، ئاخىرى شىرويانى ھالاك قىلىپ، ئەرمەنىستاننى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ ھەم ئەرمەنىستاننى قايتا قۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرـ دۇ. نەۋائىي بۇ ئوبراز ئارقىلىق بىرىنچىدىن، ئادالەت ھامان ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقارسا، ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ، جۇملىدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز (جۇڭگو) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكاز خەلقلىرىنىڭ تارىخ- تىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سەممىي دوستلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

داستاندا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خاقان، ۋەزىر، مەلىكول ئالىم سۇھەيلى قاتارلىق ئىجابىي ئوبرازلارمۇ بار.

سەلبىي ئوبرازلار. بۇ داستان ئىپىك ئەسەر (ياكى

گېپو ـ لىرىك ئەسەر) تىپىغا كىرىدۇ. مۇنداق ئەسەرلەردە پېرسو-
ناژلار خاراكتېرى ۋە ئوبرازى بەلگىلىك ۋەقەلىك ھەم ۋەقەلىك تە-
رەققىياتى جەريانىدىكى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.
ھەرقانداق ئەسەردە سيۇژىت ۋە زىددىيەتسىز قەھرىماننىڭ
خاراكتېرىنى ياراتقىلى بولمايدۇ ھەمدە ئىجابىي قەھرىمانلارغا
قارشى ھالدا بىر قاتار سەلبىي قەھرىمانلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىلى
بولمايدۇ.

بۇ داستاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجابىي قەھرىمانلارغا
قارشى ھالدا خىسراۋ، شىرويا، ۋەزىر بۇزۇرۇك ئۇمىد ۋە كاز-
زاپ جادۇ موماي قاتارلىق سەلبىي قەھرىمانلار تەسۋىرلىنىدۇ.
بۇ سەلبىي پېرسوناژلاردا ياخشىلىق ۋە چىن ئىنسانىي پەزىلەت-
لەردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. ئۇلار ھەرقانداق چاغدا، ھەرقان-
داق شارائىتتا ئۆز شەخسىي مەنپەئەت ۋە يامان غەرەزلىرىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئەسكىلىك، رەزىللىكتىن
باش تارتمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە تىنچلىق،
بەخت ـ سائادەت ئورنىنى ئۇرۇش، بالا ـ قازا ئىگىلەيدۇ. مەملى-
كەت بايلىقى ۋە خەلق مال ـ مۈلكى تالان ـ تاراجغا ئۇچرايدۇ،
گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ قاللىسى كېسىلىدۇ.

نەۋائى خىسراۋ، شىرويا، بۇزۇرۇك ئۇمىد ۋە مەككار-
جادۇ موماي قاتارلىق سەلبىي ئوبرازلارنىڭ قىلمىشلىرى ئارقى-
لىق، ئەينى زاماندىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تاجۇ ـ تەخت
ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ
تىنچ ھاياتىنى ۋەيران قىلغانلىقى، خەلقنىڭ قان ـ تەرى ھېسابىغا
ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ خەلق
ئاممىسىغا قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغانلىقى، نادان، جاھىل
ۋە ئادالەتسىزلىكى قاتتىق پاش قىلىنغان ۋە ئەيىبلەنگەن.

داستاندىكى سەلبىي قەھرىمانلار ئوبرازى XV ئەسىردىكى

فېئوداللىق جەمئىيەتنى ۋە ئۇنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىپىك ئوبرازلاردۇر.

خىسراۋ ئوبرازى. خىسراۋ — XV ئەسىردىكى نادان، جاھىل ۋە ئىستىبدات فېئودال شاھلارنىڭ تىپىك ئوبرازى، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىنى ۋە شەخسىي مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ بۇ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمايدۇ. خىسراۋنىڭ قارا نىيىتى تۆمۈرىلەر شاھزادىلىرىگە ئوخشاش خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە قوشنا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنى ۋە بايلىقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت.

خىسراۋ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ نادان، قارا قورساق، جاھىل شاھ، مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئەنە شۇ نۇقتىدىن چىقىپ، بىرنەچچە ئايالنىڭ بولۇشىغا قارىماي گۈزەل شىرىننى ئەمرىگە ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شىرىن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا، قورال-لىق كۈچ بىلەن ئەرمەن ئېلىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. زورلۇق كۈچى بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەندە، مەككارلىقنى ئىشقا سالىدۇ. خىسراۋنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى نەۋائىي شىرىننىڭ پەرھادقا يازغان خېتى ئارقىلىق مۇنداق ئېچىپ تاشلايدۇ:

...بولۇپ كۆپ زىكرى مەكتۇب ئىچرە پەرۋىز①،
ئۇنى دەپ گاھى زالىم، گاھى خۇنرىز②.
ئايتىپ ئارمانىنى ۋەيران قىلغانىنى
ئولۇسقە غاراتى جان قىلغانىنى
ئەگەر ئاشىق بۇ دەۋر مەردۇم③ خۇشراق،
ۋىسال ئىقبالىدىن مەھرۇم خۇشراق.

زالىم خىسراۋ ئىراندا خەلققە ھەددى - ھېسابسىز زۇلۇم
سالغان بولسا، ئەرمەنىستاندا خەلققە سالغان زۇلمىنى ئۇنىڭدىنمۇ
ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ ئەرمەنىستاندىكى كۆپلىگەن ئاۋات جايلارنى
ۋەيران قىلىدۇ. خىسراۋ خاراكتېر جەھەتتىن «تۇمارىس رىۋايە-
تى» دىكى كىرۇسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. كىروس بەزى مەنبەلەردە
كەيخىسراۋ دېيىلىدۇ، ماساگېتلارنىڭ داڭلىق، بىلىملىك، ئادىل،
جاسارەتلىك ئايال پادىشاھىغا ئۆيلىنىش باھانىسى بىلەن ماسا-
گېتلار ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، مال - مۈلۈك يىغىشنى مەقسەت
قىلغان، «پەرھاد - شىرىن» دىكى خىسراۋمۇ شىرىنگە ئۆيلىنىشنى
باھانە قىلىپ، ئەرمەنىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ، ئەرمەنىس-
تان خەلقىنىڭ بايلىقى، مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ.
كەيخىسراۋ ماساگېتلارغا قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ يېڭىلمى-
گەندە تۇمارىسنىڭ ئوغلى سپارگاپىسنى ھىيلە بىلەن قولغا
چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرىمەن دەپ پوپوزا قىلىپ، تۇمارىسنى
بويسۇنۇشقا ئۈندىسە، «پەرھاد - شىرىن» دىكى خىسراۋنىڭ
قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقى پەرھاد تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم

① پەرۋىز — خىسراۋنىڭ نامى.
② خۇنرىز — قان تۆككۈچى.
③ مەردۇم — يوق بولماق.

بارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئامالسىز قېلىپ، پەرھادنى جادۇگەر مومايى ئارقىلىق قولغا چۈشۈرمەك بولىدۇ. تۇمارىس رىۋايىتىدىكى قانخور كىروس تۇمارىس تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ، بېشى كېسىلىپ، ئۆز قېنى بىلەن تولدۇرۇلغان جام ئىچىگە ئۇنىڭ بېشى تاچىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قانخور «قانغا تويغان» بول-سىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. «پەرھاد - شىرىن» دىكى خىسراۋ بولسا، ئوغلى شىرويا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە ئۇمۇ رەزىل مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، نەۋائىنىڭ «تۇمارىس رىۋايىتى» دىن ئىجادىي پايدىلانغانلىقىدىن گۇمان قىلغىلى بولمىسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ، نەۋائىي خىسراۋ ئوب-رازى ئارقىلىق XV ئەسىردىكى نادان، جاھىل، ئىستىبدات، فېئودال شاھلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى شاھلارنى ۋاستىلىك يوسۇندا ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ، ئادالەت ھامان ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا سۈرىدۇ.

شىرويا ئوبرازى. بۇ ئوبراز ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىگە بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ ئاتىسى خىسراۋ بىلەن بىر تىپتىكى ئوبراز. ئۇ شەخسىيەتچىلىك، ئىنساپسىزلىق، رەزىللىك، ئەخلاقسىزلىق جەھەت-تە دادىسى خىسراۋدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ شىرىنگە ئاشىقلىق نىقابى بىلەن ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا شىرىنگە نىسبەتەن پەقەت ھايۋانىي نەپسىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئاتىسىنىڭ تاجۇ - تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئەرمەن مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ بايلىقىنى، خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، XV ئەسىردىكى نادان، جاھىل، ئىستىبدات، فېئودال شاھلاردەك ئەيش - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدى. ئەمما ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي بەھرام

شاھ تەرىپىدىن تارمار قىلىندۇ. نەۋائىنىڭ شىروىيا بىلەن خىسراۋ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پاجىئەنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىشىنىڭ قاراتمىلىقى بار ئىدى. فېئودالىزم تۈزۈمى ئۈچۈن مۇنداق قانۇنىيەت شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان پاجىئە ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. نەۋائى يۇقىرىقى پاجىئەلىك شاھ-شاھزادىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ شاھزادىلىرىگە ئىبرەت قىلىپ، ئۇلارنى تەنقىد قىلىپ، ئىناپ ۋە ئادالەتكە چاقىرغانىدى.

خىسراۋ ئۆز ئەتراپىغا شىروىيا، بۇزۇرۇك ئۇمىد، جادۇگەر مومايغا ئوخشاش بىر توپ قاغا-قۇزغۇنلارنى يىغىپ، خەلقنى بۇلاپ-تالىغانىنىڭ سىرتىدا قوشنا دۆلەت ئەرمەنىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئىلغار كۈچلەرنى — پەرھاد ۋە شىرىن ۋەكىللىكىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بىر قىسمىنى ھالاك قىلىدۇ. خەلقنىڭ تىنچ بەختىيار ھاياتىنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇ ھالەتلەرنىڭمۇ كونكرېت قاراتمىلىقى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارامۇ ئۆز ئەتراپىغا مەجدىددىن ۋەكىللىكىدىكى بىر ئوچۇم قارا نىيەت كىشىلەرنى توپلاپ، نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچلەرگە زەربە بەرگەن، ئۇ ھەتتا ھۈسەيىن بايقارانىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئوغلى بەدىئۇززامان مۆمىن مىرزا ئوغلىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى.

نەۋائى خىسراۋنىڭ ئۆز ئەتراپىغا يىغقان بۇزۇرۇك ئۇمىد، جادۇگەر موماي قاتارلىقلار ئارقىلىق ۋاقىتلىق غەلىبە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خىسراۋنىڭ ئاقىۋەتتىكى تراگېدىيىسى ئارقىلىق ھۈسەيىن بايقارانى ئاگاھلاندۇرۇپ ئادالەتكە ئۈندىگەنىدى.

رېئالىست شائىر ھەقىقەتنىڭ قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا «پەرھاد-شىرىن» داستانىنى شىروىيانىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ۋە بەھرام شاھ ھەمدە

ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن پوشور رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئامىسىنىڭ غەلبىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرمەنىستاندا تىنچ ھايات بەرپا قىلىنىدۇ. كىشىلەر قەلبىگە ئۆچمەس ئوپتىمىستىك روھ ۋە تۈگىمەس-پۈتمەس كۈچ ئاتا قىلىنىدۇ.

## 3. «پەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ بەدىئىيلىكى

«پەرھاد-شىرىن» ژانىر نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، لىرو-ئېپىك داستان ژانىرىغا كىرىدۇ. لىرىكا ھەرقانداق ئەسەردە بولىدۇ. بىلىنسكىي تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا، لىرىكا ئەسەر تېنىدىكى «قان» دۇر. ئەگەر تەندە قان ئايلىنىشى توختىسا ھايات توختىغاندەك ئەسەر لىرىكىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنىڭ تەسىرچانلىق بەدىئىي قۇدرىتىدىن ئايرىلىدۇ بەلكى ئۇ ئاجىزلىشىدۇ ۋە يەنە بېلىنسكىي تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا، لىرىكا— ئەسەرنىڭ ئاسمانغا پەرۋاز قىلىدىغان ئىككى قانىتىغا ئوخشايدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، شېئىر ئەگەر ئۆز لىرىكىسىدىن ئايرىلسا، گۈللۈكلەر ئىچىدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەك دەرھاللا يىرگىنچلىك قۇرتقا ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بەدىئىي ئەسەردىكى بەدىئىيلىك، تەسىرچانلىقنى كۈچ ھېسابلىساق، بۇ تەسىرچانلىق ئىستېتىك كۈچنى پەيدا قىلىدىغان ئامىلنىڭ بىرى ئەنە شۇ لىرىكىدۇر.

لىرو— ئېپىك داستاندا لىرىكا بىلەن ئېپىكا بىر-بىرىگە كىرىشىپ سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. «پەرھاد-شىرىن» داستانىدىمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق. بۇنىڭدىن باشقا لىرو-ئېپىك داستاندا لىرىك ئېلېمېنت مۇنداق ئۈچ ئورۇندا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئەگەر ئەسەرنىڭ ياكى ئېپىزوتنىڭ بېشىدا كەلسە، لىرىك كىرىش، ئەگەر ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى

جەريانىدا كەلسە، لىرىك چېكىنىش، ئەگەر ئەسەرنىڭ ياكى ئېپىزوتنىڭ ئاخىرىدا كەلسە لىرىك خاتىمە (تۈگەنچ) دېيىلىدۇ.

بۇ ئۈچ «ئېلېمېنت» نىڭ ھەرقاندىقىدا بولسۇن، شائىر ئۆز كۆزقارىشىنى ۋەقەلىكلەر تەرەققىياتى ۋە قەھرىمانلار تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

## 4. «سەبئەئى سەييارە» داستانى

نەۋائى «خەمسە» سىگە كىرگەن ھەممە داستانلىرىدا ئىككى تەرەپنى، بىرىنچىدىن،— ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلەۋى ۋە زامانىدىشى ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق «خەمسە» يېزىش ئۇستازلىرىدىن تەنقىدىي ئۆگەندى، ئىككىنچىدىن، «خەمسە»چىلىكنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان خەلق ئىجادى — رىۋايەت، ئەپسانىلەردىن پايدىلاندى، شۇنداقلا يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى.

نەۋائى ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش رولىغا ئىنتايىن دىققەت بىلەن قاراپ «خەمسە»دىكى ھەربىر داستانىنى ئۆز جەمئىيىتىدىكى خەلق تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىپ، «خەمسە» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ھەممە داستانلىرىدا يېڭىلىق ياراتتى.

نەۋائىنىڭ نىزامى ھەققىدىكى پىكىرلىرىمۇ ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا. ئۇ نىزامى ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندە، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. جۈملىدىن كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنى تۈزىتىپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى

ئاشۇرۇشقا، رېئال جەمئىيەت روھىنى ئېپادىلەشكە، زامانىۋىلىققا، ھەتتا توغرىدىن - توغرا قاراتمىلىقتا ئېلىپ كېلىشكە ئەھمىيەت بەردى.

ئۇ «سەبئەئى سەييارە» نى يارىتىش ئالدىدا ئۇستازى نىزامى گەنجىۋىنىڭ «ھەفت - پەيكار» داستانى توغرىسىدا مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. نىزامى «ھەفت - پەيكار» داستانىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلىپ، مەملىكەتنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلغۇچى ئىدىئال پادىشاھ ئوبرازىنى ياراتقانىدى. شائىر بۇنىڭدا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، مەسىلەن، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بەھرام پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، مەملىكەت پاراۋان ۋە ئاۋات بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا گەرچە تۆت يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەھرام دانالارچە تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، خەلق تۇرمۇشىدا چوڭ ھادىسىلەر يۈز بەرمەيدۇ. پەقەت بىر كىشى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. بەھرام تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. زالىم خىيانەتكار ۋەزىرنىڭ سىرلىرى پاش بولغاندىن كېيىن ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. بەھرام ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئوي - پىكرىنى دۆلەتنى باشقۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە بېغىشلىغانلىقتىن، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرغۇلىغان ئويۇن - تاماشىلاردىن ئۆزىنى چەتكە تارتىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە باشقىلار.

نەۋائى نىزامىنىڭ «ھەفت - پەيكار» نى تەكشۈرگەندە، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئۈچ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەببەت كىشىنى غەيرەتكە كەلتۈرىدىغان، ياخشى ئىشلارغا ئۈندەيدىغان ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇ دەپ قارايدىغان نەۋائى نىزامى داستانىدا بىرىنچى نۆۋەتتە ھەقىقىي، چىن ئىشق - مۇھەببەت يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا نەۋائى ئالدى بىلەن نىزامى ئەسىرىنىڭ ئەنە شۇ تەرىپىگە پىكىر بىرىپ:

بىرى بۇ كىم، يوق ئاندا مويايى دەرد،
قىلدىلەر ئىشق سۆزىدىن ئانى فەرد.

دەپ كۆرسىتىدۇ. ھەقىقەت نەۋائىنىڭ بۇ ئىنتىزارى توغرا ئىدى. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك نىزامى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشق مەسىلىسىنى ئاساسىي مەسىلە قىلىپ قويمىغانىدى. تارىخىي رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان نىزامى بەھرامنىڭ قەھرىمانلىقى، ھەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى كۆرسىتىشنى ئويلىغىنىدا خۇددى يې. ئە. بېرتېلس ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئۇنى مۇھەببەت ئازابىدا كۆرسىتىشنى ئانچە مۇناسىپ كۆرمىگەنىدى. نەۋائى بولسا ئۇنىڭغا قارشى ھالدا «سەبئەئى سەييارە» نىڭ سيۇژىتىنى مۇھەببەت ئاساسىغا قۇردى. ئۇ، بەدىئىي ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ئىككىنچى كەمچىلىكى، بەھرام فىتنەنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، يەتتە قەسىر سالدۇرۇپ، يەتتە قەسىرگە يەتتە مەملىكەتتىكى يەتتە پادىشاھنىڭ قىزىنى ئەكەلدۇرۇپ، ئۇيقۇ ۋە كەيپ ۋاقتىدا ئۇلارغا ھېكايە ئېيتقۇزۇش ئىدى. ۋەقە ۋە كىشىلەر خاراكتېرىنى ئىشىنەرلىك قىلىپ تەسۋىرلەشكە ھەرىكەت قىلىدىغان نەۋائى نىزامى ئەسەرلىرىنىڭ مانا مۇشۇ نۇقتىلىرىدا توختىلىپ، بەھرامنىڭ ئۇيقۇلۇق ۋە كەيپلىك ھالىتىگە ئەپسانىلەر زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ قىزلىرىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت، ھېكايىلەرنى بىلىشلىرى رېئال ئەمەس دەپ قارايدۇ. نەۋائى ئەپسانە، رىۋايەت، ھېكايىلەرنى ئېيتىش بۇ چوڭ سەنئەت ۋە ماھارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق ئىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، مۇنداق دەيدۇ:

بۇيلە تۆھمەتكى ئەيش ئۇچۇن بەھرام،
ياسادى يەتتە قەسر سۈركەلى كام،
يەتتە ئىقلىم شاھىدىن يەتتە قىز،
ھەربىرى لۇتفۇ ھۇسنى غايەتسىز،
يەتتە قەسر ئىچىگە كەلتۈردى،
كام ھەر كۈن بىرى بىلەن سۈردى.
تۇرفە بۇ كىم چۇ بولدى بار فەرەستە
قىلدى ئاقشامغە تېگرۇ تۆزنى مەست.
ئۇيقۇ كامىن ئالۇرغە مەستانە،
شۇلارغا بۇيۇردى ئەفسانە،
بۇ ئەجەبكىم، ئالار داغى دېدىلەر،
قىسسە خان قىزلىرى مەگەر ئىدىلەر؟!
تاڭدىن ئاخشامغە تېگرۇ پەيدار - پەي،
لېكىن ئىچكەي قەدەھ تولا - تولامەي
ئاڭا خۇد غەفلەت ئولدى دەبمۇ سىفەتە
ئۇيقۇسىغە فەسانە نەھاجەت؟
بولسا ھەم ئەقل مەنى قىلماسمۇ؟
قىسسە ئايتۇرغە كىشى تاپىلماسمۇ؟

دەپ كۆرسىتىدۇ. نەۋائى ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇنداق كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشىنى، ئۆز ئەسەرلىرىگە دىققەت بىلەن قارىماي، بىرئاز غۇرۇرغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان دەپ قاراپ:

كىم ماھارەت ئانى قىلىپ مەغرۇر،
ۋاقىئ ئولماي تۇشەر ئىشكە قۇسۇر!

بەلكى ئۇستاد ئىدىلەر كامىل،
بولدىلەر غەررەلىك ① بىلە غافىل.

دەپ كۆرسىتىدۇ.

نەۋائى ئۇستازلىرىدىن تەنقىدىي ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئەسىرى «سەبئەئى سەييارە» دە قىسسە ئېيتقۇچىلارنى خىلمۇخىل مەملىكەتلەردىن كەلگەن پادىشاھنىڭ قىزلىرى ئەمەس، بەلكى مۇساپىرلار قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

نەۋائىنىڭ ئۈچىنچى پىكرى بەھرام ئۈستىدە بولۇپ، نىزامى بەھرام ئوبرازىنى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، چوڭقۇر غايىۋى مەزمۇن بىلەن بېيىتىپ، فىردەۋسىگە قارىغاندا خېلى يۇقىرى كۆتۈرگەن. نىزامى بەھرام ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى، ئىلغار قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن بەھرامنىڭمۇ كەمچىلىكلىرى بار. ئۇ ئۆز سۆيۈملۈكى ھەققىدىكى فىتنەگە نىسبەتەن بۇرچىنى ئۆتىمەي، مەئىشەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ھەقىقىي سۆيگۈدىن بەھرىمەن بولمايدۇ ۋە باشقىلار... لېكىن نەۋائى بۇ تەرەپنى بىرئاز ئاشۇرۇپ، بەھرامنى «نادان» دەپ قارايدۇ. بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان مەسىلە.

نەۋائى تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازغاندا، تارىخنى بۇزماي ئەينەن تەسۋىرلەشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي پاكىتلارنى كۆپ ئۆگىنىشنى تەكىتلەيدۇ.

شۇڭلاشقا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇستازلىرىدىن تەنقىدىي ھالدا ئۆگىنىپ، ئىجادىي ھالدا ئىش كۆرىدۇ ۋە «سەبئەئى سەييارە» داستانىدىكى ئوبرازلارنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېڭى تىپتا يارىتىپ، ئۆز زامانىسىدىكى مۇھىم

① غەررەلىك — مەغرۇرلۇق.

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىدۇ... ئۇ «سەئبەئى سەييارە»لى پېزىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ يازغان داستانلىرىنى تەنقىدىي ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «بەھرام يەتتە مەنزىرە» ھېكايىسىنىڭ سيۇژىت رامكىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. داستاندىكى مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلىگۈچى ئوبراز پادىشاھ بەھرام ئوبرازىدۇر. بۇ ئوبراز زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە مۇرەككەپ ئوبرازدۇر. نەۋائىي بۇ ئوبراز ئارقىلىق بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى شەخسنى: ئادىل پادىشاھ ۋە ۋاپادار ئاشىقنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسىي ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ۋە شەخسىي كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن شۆھرەتپەرەس پادىشاھ ۋە شەخسىيەتچى ئاشىقنى گەۋدىلەندۇرىدۇ.

بىرىنچى، بەھرامنى تەبرىكلەيدۇ، مەدھىيىلەيدۇ. ئىككىنچى، بەھرامنى قارىلايدۇ ۋە پاجىئەلىك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ بىلىملىك، ئادىل پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مەقسىتى زامانىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا تەسىر قىلىش ئىدى. ئۇ تالانتلىق بىر شائىر سۈپىتىدە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ كۈچىگە بەكمۇ ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى ئەنە شۇ كۈچكە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

نەتىجىدە تەختكە چىققان بەھرام ھە دېگەندە دۆلەتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا دۆلىتى ئاۋات، خەلقى شادلىققا چۆمۈلۈشكە باشلىسىمۇ، لېكىن بەھرام بۇ پەزىلەتلەرنى ئۇزاق ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇ تېز ئارىدا ئەيش-ئىشرەت، ئويۇن-تاماشاغا بېرىلىپ كېتىدۇ. ئەيش-ئىشرەت، ئويۇن-تاماشا ۋە شەخسىيەتچىلىك شاھ بەھرامنىڭ ئىجابىي خىسلەتلىرىنى بارغانسېرى يوقىتىشقا باشلايدۇ. ئۇ سۆيۈملۈكى

دىلارامنى ھالاكەت قەھرىگە تاشلاپ كېتىدۇ. دىلارامنىڭ ۋىسالىغا ئىككىنچى قېتىم مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن بەھرام يەنە ئەيش ـ ئىشرەتكە، ئويۇن ـ تاماشاغا، ئوۋغا بېرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ ئەمدى تۈزەلمەس دەردۇ ئىللەتكە گىرىپتار بولغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەت ۋە خەلق ئىشلىرى ئىنتايىن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.
بەھرامنىڭ ئۆزىمۇ:

قىلمادى شاھ چۇ دادخاھنى ياد،
ئەل ئىلىك سۇندى قىلغالى بىداد.
مۇلك چۈن شاھ ئەرلىدىن قالدى،
قىلدى ھەر كىم، نەكىم قىلا ئالدى...
قۇرتتەك بۆرى بىرلە تولدى چايان،
دىمە قوي، بەلكى تۇئمە بولدى شو جان.

دەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى دۆلەت تەختىدە ئولتۇرماسلىقى كېرەك. داستاندا بەھرام ساراي ئەھلى ۋە قوشۇن دىلارام بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىدۇ، خەلق تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، بەھرام ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ھەمراھلىرىنى يەر يۇتىدۇ.
داستاندىكى بەھرام ئوبرازى مۇھىم، سىياسىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئوبرازدۇر.
نەۋائى بۇ ئوبرازنى ئۆز دەۋرىنىڭ ھايات شارائىتلىرى، ۋەقەلىرى، ئۇقتىسىنە زىرىدىن پايدىلىنىپ ياراتقانىدى. نەۋائى ئىجابىي بەھرام (بەھرامنىڭ تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى دەۋرى) ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارلارنى مەملىكەتنى ئىنساب ۋە ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشقا ئۈندىسە،

سەلبىي بەھرام ئوبرازى ئارقىلىق تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ شاھزادىلىرىگە خاس بولغان ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا، ھەددىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ئەسەبىيلىكنى قاتتىق ساتىرا ئاستىغا ئالىدۇ.

نەۋائى بەھرامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق، ھۈسەيىن بايقارانى ۋە باشقا تۆمۈرلەڭ شاھزادىلىرىنىمۇ ئاگاھلاندۇرماقچى، ئۇلارنى ھالاكەت يولىدىن قايتۇرماقچى بولغانىدى. شائىر ھېكايىلەردىكى پىكىر مۇلاھىزىلىرى ۋە پەندى-نەسىھەتلىرى ئارقىلىق ئەسلى مەقسىتىنى يەنىمۇ ئۇچۇقراق ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، داستاننىڭ خاتىمىسىگە «چۈش» ئېپىزوتىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بۇ ئېپىزوتتا تەسۋىرلىنىشىچە نەۋائى چۈشىدە بەھرامنى كۆرىدۇ. بەھرام ئۇنىڭغا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. كېيىن ھۈسەيىن بايقارا ھەققىدە سۆز قىلىپ، ئۇنىڭ سەلتەنىتى، ھەربىي شىجائىتى. خەلق پاراۋانلىقى ھەققىدە قىلغان ئىشلىرى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەرىپلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئادەتلىرىدىكى نۇقسانلىرىدىن ئەپسۇسلىنىپ، نادامەت چېكىپ، ھۈسەيىن بايقارادا شۇنداق نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

...ئول داغى ئەيش سىرى مايىلدۇر.
نەغمەيۇ سەۋت ① بىلەن خۇش دىلدۇر.
شاھلار ئىچىدە ماڭا ئېرۇر مانەند ②،
دېيەلەر مەن: ئېرۇر ماڭا فەرزەند،

---

① سەۋت — ئاھاڭ، كۈي، مۇقام.
② مانەند — ئوخشاش.

ئەمدى شاھنەھە دە سەلامىمنى،
سوگرە مۇنداق يېتۇر پەيامىمنى،①
كى جەھان كىمسەگە ۋەفا قىلماس،
شاھلىق تەختىگە گىرەۋ② قىلماس.
شاھكى مىڭ يىل ئانىڭ ھاياتىدۇر،
ھەرەز بولغاندا ياخشى ئاتىلۇر.

ھۆسەيىن بايقارانىڭ قىلىچىدىن قان تېمىپ تۇرغان شۇنداق زاماندا، مىسلىسىز جۇرئەت بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز-لەر نەۋائىنىڭ داستاندا ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئاساسىي مەقسىتى ئىدى. «چۇش» ئېپىزوتى پەقەت بەھرام ئوبرازىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن داستاننىڭ رېئالىستىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

شائىر داستاندا ئوتتۇرىغا قويغان ئىستېتىك ئىدىيەلىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يەتتە سايەھەتچىنىڭ ھېكايە-لىرىنى ئۆز ئىستېتىك ئىدىيەلىگە جۇر قىلىپ مەقسىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

بىرىنچى ھېكايىدىكى ئاھى ۋە فەرروخ ئوبرازلىرىدا سەخىلىك، ۋاپادارلىق خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ. جۈملىدىن گۈلچېھرە ساداقەتلىك، ۋاپادار ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئىككىنچى ھېكايىدىكى زاھىد زاھاپ ۋە باشقا ئوبراز-لاردا فېئوداللىق سارايدىكى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، مەنسەپپەرەسلىك، پىتنە-ئىغۋا قاتارلىق چىرىك ئىنسانغا يات، يامان سۈپەتلەر تەنقىد قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى

① پەيام — خەۋەر.
② گىرەۋ — كاپالەت، ۋەدە

ھالدا ئىلىم ۋە ھۈنەرنىڭ قىممىتىگە يۇقىرى باھا بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى ھېكايىدە بولسا، ساد ئوبرازى ئارقىلىق ئىنسانغا خاس بولغان مەردلىك، جاسارەت، شىجائەت خىسلەتلىرى ئۇلۇغلىنىدۇ.

تۆتىنچى ھېكايىنىڭ تېمىسى سېخىلىق، ئادالەت ۋە دوستلۇققا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ ھېكايىدىكى مەسئۇد بىلەن جۇنا ئوبرازى ئارقىلىق سېخىلىق ۋە ئادالەت گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەنسەپپەرەس جاھىل ھاكىم جەسۇر ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى بەللو ھەممەتلىك مەسئۇدنى زىندانغا تاشلايدۇ. بەللونىڭ قىزى گۈلرۇخ مەسئۇدنى زىنداندىن ئازاد قىلىدۇ. نەتىجىدە مەسئۇد بىلەن قىز بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ھېكايىدىكى دېھقان ئوبرازى خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇ راستچىللىق، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەتنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە كىشىگە ئالاھىدە تەسىر بېرىدۇ.

داستاننىڭ بەشىنچى ھېكايىسىدە: مېھىر ۋە سۇھە يىل ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار قاراقچى جابىر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى يېڭىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ئەسىرلەرنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ.

داستاننىڭ ئالتىنچى ھېكايىسىدە بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى شەخسنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، بۇلاردىن بىرى، مۇقبىل — بۇ ئاقكۆڭۈل، راستچىل، پەم-پاراسەتلىك يىگىت، ئىككىنچىسى، مۇدبىر بولۇپ، ئۇ يالغانچى، ئالدامچى، شەخسىيەتچى خىيانەتكار شەخس. مۇقبىل ئۆزىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن مۇقەررەر ھالدا بەختكە ئېرىشىدۇ. مۇدبىر بولسا، ئەكسىچە يالغانچىلىقى، ئالدامچىلىقى، شەخسىيەتچىلىكى

بىلەن ھالاك بولىدۇ.

يەتتىنچى ھېكايىدە مۇزىكانت خارەزىم ئوبرازى ئارقىلىق سەنئەتنىڭ سېھىرلىك، تەسىرلىك كۈچى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

بۇ يەتتە ھېكايىدە خەلق چۆچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش ھەممە ئىشتا ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ غەلىبىسى نامايان قىلىنىدۇ.

نەۋائى ئەنە شۇ خەلق ئىجادىيىتىدىن پايدىلىنىپ، باش قەھرىمان بولغان بەھرام شاھ بىلەن دىلارام ئوبرازىنى شۇ قېلىپنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. خەلق ئېغىز ئىجادىدىن مۇنداق ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش شائىرغا داستاندا ئۆز ئىستېتىك ئىدېئالىنى كەڭ، ھەر تەرەپلىمە گەۋدىلەندۈرۈشكە زور ئىمكانىيەت ياراتقان.

داستاندا شائىرنىڭ يۇقىرىقى تۆپ ئاساسىي ئىدىيىلىرىدىن باشقا، ئەدەبىي قاراشلىرى: يازما ئەدەبىياتتا خەلق ئېغىز ئىجادىدىن قانداق پايدىلىنىش، كلاسسىكلارنىڭ ئىجادىدىن قانداق پايدىلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىپ ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى يارىتىش، دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، ئەدەبىياتنىڭ شەكلى بىلەن مەزمۇن بىرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش، يازغۇچى شائىرلارنىڭ جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى، ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە پۇختا ئىشلەش، خەلق ۋە جەمئىيەتكە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشنىڭ يوللىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرىمۇ ئەكس ئەتكەندۇر.

### 5. «سەددى ئىسكەندەر» داستانى

بىز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى دېگەن ماۋزۇدا

«سەددى ئىسكەندەر» نىڭ نېمە ئۈچۈن نەۋائىنىڭ ئۆز ئۇستازى نىزامى گەنجىۋىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» سىگە ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ «خىرەدنامە ئىسكەندەر» داستانلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئىلىمنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەن راتسىئونالىست شائىر نەۋائى بىلىملىك، ئادىل شاھ خەلققە «بەخت - سائادەت يارىتىدۇ» دەپ قاتتىق ئىشىنەتتى.

ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىكى بەھرام شاھنىڭ دېھقاننىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەيش-ئىشرەتلىك ھاياتىنى تاشلاپ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان شاھقا ئايلانغانلىقىنى كۆرسەتسە، «سەبئەئى سەييارە» دىكى بەھرام شاھ جاھىل، نادان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلقنىڭ قارغىش - نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئاخىر ئۇنى «يەر يۇتۇپ» كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار شائىرنىڭ بىلىملىك، ئادىل شاھ توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى ئىدى.

شائىرنىڭ خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىدىغان بىلىملىك ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، بولۇپمۇ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ئىسكەندەر ئوبرازىدا ھەر تەرەپلىمە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىسكەندەر نەۋائى ئارزۇ قىلغان كامالەتكە يەتكەن پادىشاھ ئىدى.

ئىسكەندەر تارىختا ئۆتكەن جاھانگىر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكى) ئەمەس. شائىرنى ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تارىخى قىزىقتۇرمايدۇ. بۇ شائىر تەرىپىدىن يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، ئۇ بىلىملىك، ئادىل، خەلققە، پۈتۈن دۇنيا خەلقىغە بەخت - سائادەت يارىتىدىغان ئادىل شاھلارنىڭ ئۈلگىلىك ۋە تىپىك ئوبرازى.

داستاندا شائىر ئىسكەندەر ئوبرازىنى باشقا داستانلاردى-
دەك ئۇنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىپ بولۇپ، تەختتە ئولتۇرغان مەزگى-
لى بويىچە ئالمايدۇ. بەلكى ئۇنى تا كىچىكىدىن باشلاپ،
تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدىكى ھاياتىنىڭ خىلمۇخىل قارىمۇقار-
شىلىقلار، زىددىيەتلەر ئىچىدە ئۆستۈرۈپ كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.
بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، نەۋائىنىڭ ئىسكەندەرى خىسراۋ دېھ-
لەۋى ياراتقان ئوبرازدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. لېكىن
بۇ جەھەتتىن نىزامى گەنجىۋى قەھرىمانىغا يېقىنراق تۇرىدۇ.

نەۋائى شاھزادە ئىسكەندەر ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ
گۆدەكلىك يىللىرى، تەلىم - تەربىيىسى ۋە بالاغەتكە يېتىشىگە
چوڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسكەندەر ئۆز زامانىسىدىكى شاھزادى-
لەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ تاج - تەخت، مال - مۈلۈككە ئەمەس،
بەلكى ئىلىم - پەنگە، ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئىگى-
لەشكە ئىنتىلىدۇ. ئۇ ئارستوتېلنىڭ ئاتىسى ناقۇموجىس قولىدا
تەربىيىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكى، كۈچ - قۇدرىتى
بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى پادىشاھ فىلقۇس (داستاندا تەس-
ۋىرلىنىشىچە) ۋاپات بولىدۇ، فېئودال دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي
تۈزۈمى ۋە ئەنئەنىسى بولۇپ كېلىۋاتقان قائىدە - تۈزۈم بويىچە
ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى (ۋەلىي ئەھد) ئىسكەندەر تەختكە چىقىشى
كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ تەختكە چىقىشقا ئالدىرىمايدۇ. چۈنكى
ئۇ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئاددىيلا بىر ھەۋەس بولماي، بەلكى غايەت
چوڭ مەسئۇلىيەتلىك بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن
باي تەجرىبە، چوڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولۇش
لازىملىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز
پىكرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ ئىشقا كىبرەكتۇر تەۋانا كىشى،
ئەمەس مەن كەبى ناتەۋان كىشى...
نە بار شاھلىق ئەيلەرگە نىيەت ماڭا،
نە ئەيلەي دېسەم قابىلىيەت ماڭا.
چۈمەن ئەيلەدىم ئاجىز ئىزھارىنى،
بۇ ئىندىشەدىن كۆڭلۈم ئەزارىنى.
سىز ئەمدى ئۆزىڭىزغە شاھ تاپىڭ،
بۇ كىشۋەرغە كىشۋەر فەنا تاپىڭ①.

نەۋائى شاھزادە ئىسكەندەرنى ئۆز زامانىسىنىڭ مال - مۈلۈك، تاج - تەخت، مەنسەپ، مەرتىۋە، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن شەخسىيەتچى ۋە ھىيلىگەر شاھزادىلىرىگە ئەنە شۇنداق قارىمۇقارشى قويىدۇ.

نەۋائى ياشىغان ئىجتىمائىي جەمئىيەت مۇھىتىنى ۋە ئۇ دەۋردە تۆمۈرىلەر شاھزادىلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە ۋە تاج - تەخت تالىشىشقا ھەددى - ھېسابسىز بېرىلىپ كەتكەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنى نەزەرگە ئالغاندا، شاھزادە ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئەھمى-
يىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە روشەن چۈشەنگىلى بولىدۇ.

داستاندا شاھزادە ئىسكەندەر تاج - تەختنى رەت قىلى-
دۇ. بىراق ئەل - يۇرت، خەلق كەمتەر، ئەقىل - ئىدراكلىق ئىسكەندەرنى شاھلىق تەختىگە لايىق دەپ قارىشىدۇ. ئىسكەن-
دەر ئەمدى خەلقىنىڭ رايىغا يۈز كېلەلمەيدۇ، ئاخىر تەختكە چىقىدۇ. مەملىكەتتە، ئىنساپ ۋە ئادالەت ئورنىتىدۇ. ئۇ خەلق-
نىڭ بەخت - سائادىتى، پاراۋانلىقى، ئىلىم - پەن، مەرىپەتنى

① «خەمسە»، 659 - بەت.

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىش داغدۇغىلىق مۇراسىمىغا يىغىلغان خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

يىغىلغاچ ئۇلۇس شاھ قىلىپ ئىقتىدا،
خەلايىققا سۆز مۇنداق قىلدى ئەدا:
كى بەردى ماڭا دادگەرلىك ئىلاھ،
بار ئىبرسە خەلايىق ئارا دادخاھ.
كېلىپ ئالىمە ئەرزى ھال ئەيلەسۇن،
ئۆز ئەھۋالىنى قىيلۇقال ئەيلەسۇن.
قاشىمدا سۆزىن ئەرز ئەيلەسۇن ھامان
مېنى بىر ئۆزى يەڭلىغ ئېتىپ گۇمان...
ئەيان ئەيلەسۇن رېشۇ دەردۇ غەمىن،
ياقاي‌داد بەرمەك بىلە مەرھەمەن①.

ئىسكەندەر تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلق ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كېلىشكە باشلايدۇ. يېڭى تەختكە چىققان شاھ خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە داۋا بولىدۇ. خەلقنىڭ ئىككى يىل باج خىراجىتى تۆلىمەسلىكىنى جاكارلايدۇ. زالىم ئەمەلدارلارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە بەزىلىرىنى جازالايدۇ. بازارنىڭ مال باھاسىنى تەكشۈرىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ تاش-تارازىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلغانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى دەۋرىدە جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزەپ، ناھەقسىزلىكلەرگە خاتىمە بېرىدۇ.

ئىسكەندەرنىڭ ئادالەتلىك بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشى نە-

---

① «خەمسە»، ٤٤١-بەت.

تىجمىسىدە ئەل ـ يۇرت ئاۋات بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى باياشاد-لىققا ئېرىشىپ كۆڭۈللىرى شادلىققا تولىدۇ. ئەمدى ئىسكەندەر يالغۇز ئۆز ئەل ـ يۇرتىنى ئاۋات، خەلقنى پاراۋان قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا مۇشۇنداق ئاۋات، بەختىيار تۇر-مۇشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى ئىستەيدۇ. ئۇ بۇ مەقسىتىنى داس-تاندا گاھ تىنچلىق يولى بىلەن، گاھ ئۇرۇش يولى بىلەن ئە-مەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ.

لېكىن نەۋائى فېئوداللارنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئادالەتسىز ئۇرۇشلارغا قارشى بولۇپ، ئۇ ناھەق قان تۆكۈلۈش خەلقنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى باشقا داستانلىرىغا ئوخشاشلا «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ فېئوداللار مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قىلغان ئۆزئارا ئۇرۇشلىرىنى قارىلاپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

...بۇ گويا جەھان ئىچرە توپان ئېرۇر،
كى ئاندىن جەھان ئەھلى ۋەيران ئېرۇر①.

فېئوداللىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئادالەتسىز ئۇرۇشلارنى «توپان بالاسى» دەپ تونۇيدىغان شائىر داستاندا ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانىغا ئادالەتسىزلىك بىلەن قىلماقچى بولغان ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىن خاقانى ئىسكەندەرگە مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

...ئەگەر دوستىمەن دوستلۇق بۇ ئەمەس،
كىشى مۇنداق ئىشنى دوستلۇق دېمەس.

① «خەمسە»، 677 ـ بەت.

كى سەندەك ئۇلۇغ شاھ تارتىپ سىپاھ،
بىزنىڭ مۇلكنى قىلغاسەن جىلۋەگاھ.
ۋە گەر خودئەداۋەتكە قىلدىڭ غولۇ،
نەكۆرۈڭ ئەداۋەتكى بولدۇڭ ئارۇ①.

ئىسكەندەر چىن خاقانىنىڭ بۇ ئادىلانا قىلغان سۆزىدىن خىجالەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇلھ تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

نەۋائى ئۆز داستانىدا ئارستوتىل تىلىدىن، ئىلىم-پەن ئەھلىلىرى ئومۇمەن نىزاھ-ئاداۋەتنى رەت قىلىدۇ. لېكىن نىزاھ-ئاداۋەتنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلالمىغان شارائىتتا ئادالەتنى قورال كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىشنى ئىجابىيلىق دەپ قارايدۇ ئىسكەندەرنىڭ زالىم داراغا قارشى قىلغان ئادالەتلىك ئۇرۇشنى ئاقلايدۇ.

ئىسكەندەر ئۆز خەلقىگە ئەمەس، زۇلۇم ئاستىدا زەخمەت چەككەن ھەرقانداق خەلققە باشپاناھ بولىدۇ.

ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمى ۋە تۇرلۇك ئاپەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بەختىيار ھايات كەچۈرۈشكە ئىگە قىلىدۇ.

داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ تىمسالى بولغان «يەجۇجى ۋە مەجۇجى» لەر دەپ ئاتالغان بىر ۋەھشىي كۈچ قىرۋان ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىسكەندەر بۇ ۋەھشىي كۈچنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بىر جايغا ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر سېپىل سالماقچى بولىدۇ ۋە فرانسىيە، روسىيە، شام-رۇم قاتارلىق يەر يۈزىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېخنىك ئۇستىلارنى قاتناشتۇرىدۇ.

---

① «خەمسە»، 749-بەت.

كىشىلەر ئىبەردىكى ھەر مەرزۇبۇم①،
پەرەڭ ئۆلسۇنۇ رۇس ياشارمۇ، رۇم.
ئەگەر بولسا مەئمۇرى چابۇك② خەيال،
يەنە داغى ئۇستادى نازۇك خەيال،
كى نەچچە مىڭ ئۇستادۇ سەنئەتكارى،
تامام ئەتتىلەر سەددى ئىسكەندەرى.

بۇ سېپىل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ۋەھشىي دۈشمىنى بولغان يەجۇجى ۋە مەجۇجىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئىنسانىيەتنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سەددى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) دەپ نام قويىدۇ. بۇ، سېپىل داستاندا ئىنسانىيەت بەخت-سائادىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ شۇئارى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت-سائادەت يارىتىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ يالغۇز بىر خەلق، بىر مىللەتتىن بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قوشۇنى تەركىبىگە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كىرىدۇ.

يەجۇجى، مەجۇجىلەر ئىسكەندەر قوشۇنى بىلەن ھايات-ماماتلىق جېڭى قىلماقچى بولىدۇ. بۇ جەڭدە ئوتتۇرا ئەسىر جەڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى يەكمۇيەك جەڭگە چۈشۈش توغرا كەلگەندە، يەجۇجى ۋە مەجۇجىلەر قوشۇنىنىڭ دەھشىتىدىن تەمتىرەپ قالغان ئىسكەندەر قوماندانلىرى سۈكۈتتە قالىدۇ. لېكىن ئىسكەندەر قوشۇنى ئىچىدىن بىر ياش يىگىت ئوتتۇرىغا چىقىپ جەڭگە چۈشۈپ يەجۇجى-مەجۇجى قوماندانىنى سالما تاشلاپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئىسكەندەر ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ جەڭنى

① يەر يۈزى مەملىكەتلىرى.
② چابۇك — چاققان.

غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ يىگىت يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم ئۇنى تونۇيالمايدۇ. ئىسكەندەر خۇشاللىقىدىن ئۇنى قۇچاقلاپ ئېلىپ يۈزىنى ئاچقاندا ئۇ چىن خاقانىنىڭ قىزى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ھال ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. داستان ئېپىزوتىدىكى يۇقىرىقى ئىككى ھالەت مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

قاشىغە نەچچە پەھلىۋانى زەمان،
يېتىشمەك ھامانۇ تۇتۇلماق ھامان.
ئاڭا ھەر كىشىمۇ بارىز ئىدى،
يېتىشكەن دەم ئىلكىدە ئاجىز ئىدى.
يانا قىچقىرۇر ئېردى ئىستەپ غەنىم①،
ۋەلى ئاندىن ئەل كۆڭلىدە ئېردى بىم②.
ھەراسان بولۇپ خەلق مەيدانىدىن،
كېچەلمەيىن بىجەھەت جانىدىن...
بۇ ھالەتدە بىر چابۇك③ ئەيلەپ شىتاب④.
ياپىپ ئارەزى⑤ ئۆز رەجىنى نىقاب⑥.

بۇ تەشۋىشلىك ھالنى يوقىتىپ، غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن چىن خاقانى قىزىنىڭ ئاشكارىلىنىشى:

چابۇك جەمالىدىن ئالدى نىقاب،
دېگىل چىقتى مېغ ئاستىدىن ئافتاب.
ھەمۇل شوخى چىنى نەجۇد ئېردى ئول،
ھەمۇل چابۇكى ھۇرىزاد ئېردى ئول.

---

① روشەن، ② تەشۋىش، ③ چاققان، ④ ئالدىراپ، ⑤ يۈز - مەڭىز، ⑥ چۈمپەردە، چۈمبەل.

ئاياللارنى مۇنداق ئىدېئاللاشتۇرۇش پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىنىڭ ھەممە يىرىك شائىرلىرىنىڭ رومانتىكىسىغا خاس خۇسۇسىيەتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى ئىسكەندەردەك پادىشاھنى، يەنى پۈتۈن ھايات ۋە پائالىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەشكە بېغىشلىغان، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى ئادىلانە بىر تەرەپ قىلىدىغان پادىشاھنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئىسكەندەردىن ئىبارەت بۇ ئادىل شاھتىن ئۈلگە ئېلىشقا دەۋەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر نەۋائى ئۆز داستانىنىڭ خاتىمىسىدە ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە دۇئا ئوقۇسا، داستانىنىڭ «نەزەرىيە خاتىمە» سى ۋە «ھۆكۈما خىرەدنامە» سىگە ئۆتۈپ ئالىملار تىلىدىن ھۆكۈمدار ۋە خەلق، ھۆكۈمدار ۋە ئەمەلدار (سىپاھ) ھەققىدىكى ئۆز ئىستېتىك ئارزۇلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇنى ئارستوتېل تىلىدىن مۇنداق بېرىدۇ:

«...كىشى مۇھىر ئارانە قىلدى نىگار،
ۋاراقتا خەمۇل نەقش ئولۇر ئاشكار.
خەلايىقغە كۆرمە، قىلىپ بىنەۋارۇ،
ئۆزۈڭغە رەۋا كۆرمەگەننى راۋۇرۇ»
فىلاتون تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ:
«سىپاھ خاتىرىن لۇتىق ئىلە شادقىل،
رەئايەتنى ئادىل ئەيلەپ ئاباد قىل.
بۇ ئىككىگە سەندىن قاچان يەتسە كام،
تاپار شاھلىقىڭ رەۋناقۇ ئىنتىزام.»
سوقرات تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ:
«...ئولۇس رەنجىيغە ئىھتىمام ئەيلەمە،

ئۆزۈڭغە بۇ ئاتنى خىرام ئەيلەمە.
رەئايا تنى ئالدىڭدىن ئاسۇدە تۇت،
فەراغەت مىخودىدا ئۇيقۇدە تۇت.
ئالارغا چۇ تەسكىنۇ ئارامىدۇر،
ساڭا داغى ھاسىل بارى كامىدۇر،
رەئاياتغە بولسە فەراكەندەلىق،
تاپار سەلتەنەت ناخلى باركاندەلىق،
ئەگەر يوق بۆرى ھەيىلى پامالىدۇر،
ياقىن بىلكى چوپانغا ئە ەق خالىدۇر.①»

داستاننىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنلىرى سيۇژىتىنىڭ زىددىيەتلەر توقۇنۇشى، كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسىدا، گۈزەل شېئىردى تىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شائىر ئىلىم-پەن، ئەقىل كۈچىگە ئىشىنىپ بىلىملىك، ئادىل شاھ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، خەلققە بەخت-سائادەت ياراتماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ئۆتكۈر زىددىيەتكە ئىگە، سىنىپلارغا بۆلۈنگەن، ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايانغان بۇ قالاق فېئودالىزم تۈزۈمىنى نەۋائى ئويلىغاندەك ئىسلاھات يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىنقىلابىي يول بىلەنلا ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى، خەلقنى ئاندىن بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولاتتى. بۇنى ناۋايى بىلمەيتتى. بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنداق ئىدىيە تۇغۇلىدىغان ئىجتىمائىي شارائىت، ماددىي ئاساس نەۋائىي ياشىغان ئوتتۇرا ئەسىردە تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئەمما شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، نەۋائى ياشىغان ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا «بىلىملىك ئىلغار شاھقا تايى-

---

① «خەمسە»، 839 - بەت.

نىپ مەركەزلەشكەن فېئودالىزم دۆلىتى قۇرۇش ئارقىلىق خەلق-نى بەخت - سائادەتلىك قىلىش، ھەم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

نەۋائىينىڭ بۇ داستاندا يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن تاشقىرى ئۇنىڭ سىياسىي، بەدىئىي قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن.

داستاندا ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ ئۆز دەۋرىگە، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان فېئودال تەرتىپلەر-گە نىسبەتەن تەنقىدىي قاراشلىرى كۆزگە روشەن ھالدا چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ زور سىياسىي تەنقىدىي سۈپەتتە مۇشۇ زاماننىڭ فېئودال تەرتىپسىزلىكلىرى، ئۆزئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ مۇرەسسەسىزلىكلىرى توغرىسىدا داستاندا:

ئەداۋەتكە باغلاپ كەمەر ئىككى شاھ،
جەھان خەلقىنى ئەيلەپ ئىككى سىپاھ.
بارى تارتىبان قەتل ئۈچۈن تىغى تىز
قىلىپ تىغى تىز ئۆلتۈرۈرگە سىتىز.
ئاتا بىر تەرەپ گەر ئىرۇر فىل مەسەل،
يانا جانىب ئۆلسە، ئوغۇلغا مەھەل،
ئىككىسىگە كىن ئوتى سالغاي غەزەب،
ئۇل ئوت قان ئىچەرگە قىلىپ، تەلەپ.
ئاتاجان بىرىپ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەلى،
ئوغلى ھەم ئاڭا تىغ كىن سۈرگەلى.
قارىنداش تاپسا قارىنداشنى،
دىمۇ دەم تىلەپ كەسكەلى باشنى،
توشۇپ ئاشنالارغا بىگۇناھلىق،
كېتىپ ھەمنىشىنلارغە غەمخانەلىك.
نەۋائى ئۇلسا مۇنداغ ئىككى زات ئارا،
نە بولغان گۇمان قىلغىلىكى يات ئارا؟

دەپ ئەپسۇس چېكىدۇ ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا يېزىپ ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى، ئۆز مەدەنىيەتىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت بۇ پىكىرنى داستانلىرىنىڭ كىرىش سۆزلىرى ۋە خاتىمىلىرىدە ئېيتقاندەك، «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىمۇ تەكىتلەيدۇ، ھەتتا تۈركىي تىلىدا ئەسەر يازغاندا ھەم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىلىدىن، ھەم شەكلىدىن پايدىلىنىشتا، ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

موغەننى تۈزۈپ چەڭ ۋەزنىدە چەڭ،
نەۋا چەككى، ھەي، ھەي ئۆلەڭ جان ئۆلەڭ.
دېسەڭ سەنكى: جان قۇرداشىم يار - يار،
مەن ئايتايكى مۇڭلۇغ باشىم يار - يار.
ئەيالغۇڭ نېچە يار - يار ئۇلغۇسى،
مېنىڭ يىغلارىم زار - زار ئۇلغۇسى.

نەۋائى داستانلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئىجادىغا ئاساسەن يېزىلغان، ئۇ «سەددى ئىسكەندەر»نى يېزىشقا كىرىشكەندە خەلق ئېغىز ئىجادىدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «سەددى ئىسكەندەر» ھەققىدىكى ئەپسانىنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويىدۇ:

نېچە زايىل بولسە ھەياتى ئانىڭ،
تىرىلسۇن بۇ دەم بارى ئاتى ئانىڭ.

لېكىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكىسىنى بۇزۇپ قويماسلىقتا، ئۇنىڭغا يېڭىچە روھ بېغىشلاپ ئۇنى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلى-

دۆرۇشقا بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى.

نەۋائىنىڭ خەلق ئىچىدىن ئەنە شۇنداق ئۈستە-ئىق بىلەن پەيدىلانغانلىقىدىن ئۆگىنىش ھازىرقى كۈندىمۇ ئەھ-مىيەتكە ئىگە.

## 5-§. نەۋائىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىياتشۇناسلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا ئەرەب تىلىدىكى فىلولوگىيە پەنلىرى تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلدى ۋە ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جىددىي رەۋىشتە بېيىت-تى. ھازىرقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مەلۇ-ماتلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا نەزەرىيەچىلىرىدىن ئەبۇ ناسىر فارابى (X ئەسىر) نىڭ «شېئىر ۋە قاپىيىلەر ھەققىدە سۆز» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى سىنا (XI ئەسىر) نىڭ «ئارۇز توغرى-سىدا رىسالە» سى، جارۇللاھ ئابۇلقاسىم زاماخشارى (XII ئەسىر) نىڭ «ئارۇز ئۆلچەملىرى» ناملىق ئەسىرى ۋە سىراجىدىن سەك-كاكى (XIII ئەسىر) نىڭ «ئىلىملار ئاچقۇچى» قاتارلىق ئەسەر-لىرى مەيدانغا كەلگەن.

پارس-تاجىك تەتقىقاتچىلىرىدىن راشىدىن ۋات-ۋات (XII ئەسىر) نىڭ «سېھىر باغلىرى شېئىر نازۇكلۇقلىرى ھەق-قىدە»، شەمشىدىن مۇھەممەد ئىبنى قەيس رازى (XIII ئەسىر) نىڭ «ئەجەم شېئىرىيىتى ئۆلچەملىرى لۇغىتى»، نەسىردىن تۇ-سىنىڭ (XIII ئەسىر) «شېئىرلار ئۆلچىمى»، ۋاھىد تەبرىزىنىڭ «قىسسە توپلام» قوللانمىسى قاتارلىقلار ئىلمىي ئارۇز، ئىلمىي قاپىيە، ئىلمىي بەدىئىي (بەدىئىيلىك ئىلمىي) دەك ئۈچ تەلى-ماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئەسىر شەرق شېئىرىيەت ئىلمىنى تەشكىل قىلاتتى.

ئەمما يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب - پارس تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، شېئىرىيەتنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرەتتى. نەزەرىيىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئېلىنغان مىساللارمۇ ئەرەب - پارس شېئىر مەنبەلىرىنى ئاساس قىلاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا X - XI ئەسىرلەرگىچە ئەرەب ئىستىلاسىغا قارشى كۈرەشتە مەيدانغا كەلگەن پارس شېئىرىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. نەۋائىي دەۋرىدىمۇ بۇ ھالەت تېخى بۇزۇلمىغانىدى. بۇ دەۋردە شېئىرىيەتنى ئەيش - ئىشرەت، كۆڭۈل ئېچىش قورالىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىشنى خالىمايتتى. ھەتتا تۈركىي تىلدا يېزىلغان شېئىرنى شېئىر دەپ ھېسابلىمايتتى. نەۋائىينىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت ئەڭ چوڭ ئەسىرى «مەجالىسۇننەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) تا بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، نەۋائىي دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋردە ياشىغان 355 شائىردىن پەقەت 30 دىن ئوشۇقراقىلا تۈركىي تىلدا شېئىر يازىدىكەن. بۇ ھال خەلقنى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ سالماقلىق بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان ۋە خەلقنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قىلغان جەڭگىۋار قورالى بولغان شېئىرىيەتتىن ئايرىۋېتىشنىڭ ناھايىتى چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدىكى بۇ كېمەللىكنى سېزىپ، ئۇنىڭغا قارشى بىرىنچى بولۇپ كۈرەش قىلغانلار ئەتايى، سەككاكى، لۇتفى ھەم نەۋائىيلار بولدى. بۇ كۈرەشتە ئەتايى، سەككاكى، لۇتفىلارنىڭ نەۋائىيدىن پەرقى شۇ بولدىكى، ئۇلار ئۆز شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تۈركىي تىلدا يېزىپ، بۇ تىلنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئۈستۈنلۈك، ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايىش قىلىپ، شېئىرىيەت بىلەن خەلقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، تۈركىي تىلنى بېيىتىش، تۈركىي مەدەنىيەتنى بېيىتىشقا ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. نەۋائىي بولسا،

تۈركىي تىلدا ئىنتايىن كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىپ، باي مىراس ياراتقانلىقىنىڭ سىرتىدا، تۈركىي تىلدىكى ئىنتايىن باي مىراسلارنىڭ، تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ پارس تىلى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەۋزەللىك لىرىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئىسپاتلاپ، يېڭى بىر تارىخىي دەۋر ياراتتى.

ئۆزىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى يېقىنراقتىن ھېسابلىغاندا، ئورخۇن تۈرك ـ ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرى تىلىغا نىسبەتەن كۆرۈ نەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، XI ئەسىر قاراخانىلار دەۋرىدىكى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يۈكسەك بەدىئىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن «خاقانىيە» بەدىئىي تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى بەدىئىي تىلىنىڭ شەكىللىنى شىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىياغا موڭغۇل ئىستىبلاسىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇ تىل موڭغۇللارنىڭ قەدى مى يەتكەن يەرگىچە يېتىپ باردى ۋە كېڭەيدى. بۇ دەۋردە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە بۇ تىل ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاينىڭ نامى بىلەن «چاغا تاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ئەمما تۆمۈرىلەر دەۋرىدە يۇقىرىدىمۇ پارس تىلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. بۇنى بۇزۇپ تاشلاپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، باي ئەدەبىي تىلىنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئەلىشىر نەۋائى «مۇھاكەمە تۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) ئەسىرىدە ئورۇندىدى. بۇ ئەسەر نا ۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى 1499 ـ يىلى يېزىلىپ تاماملانغانىدى. بۇنى ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرساق، خۇددى ئا. دانتىنىڭ «خەلق تىلى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدەك (لاتىن تىلىنى رەت قىلىپ، ئىتالىيان

تىلىدا ئەسەر يېزىشتەك) چوڭ تارىخىي ۋە نەزەرىيىۋى ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

نەۋائىي ھەربىر خەلق تىلىدا مىللىي بەدىئىي ئەدەبىيات يارىتىش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەدىئىيلىك پەقەت مەلۇم تىللارنىڭ (پارس ۋە ئەرەب) ئىمتىيازى ھېسابلانغان ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران قارىشىنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىدۇ. ئەكسىچە تۈركىي تىلنىڭ (خاقانىيە تىلىنىڭ) بەدىئىي ئىمكانىيەتلىرىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ۋەزىپىسى — مىللىي تىلدا (تۈركىي تىلدا) بەدىئىي ئەدەبىيات يارىتىش يۈزىسىدىن مۇھەممەت خارەزمى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، گادايى ۋە باشقا بىر تۈركۈم «تۈركىيگۇي» (تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغۇچى) شائىرلار باشلىغان، شۇنداقلا نەۋائىينىڭ ئۆزى تەرەپتىن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، ھاياتىيلىقى تەستىقلانغان ئىجادىي ئېقىمنىڭ ئىشلىرىغا نەزەرىيە جەھەتتىن خۇلاسە قىلىش ۋە تۈركىي پوئېزىيە يارىتىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي ئۆتۈقنى مۇستەھكەملەش ئىدى. «مۇھاكەمە تۇل لۇغەتەين» نىڭ يېزىلىپ پۈتكەنلىكى توغرىسىدا شائىر ئۆزى:

بۇنامەكى، يازدى قەلەمىم تارتىپ تىل،
تەئرىخىن ئانىڭ جەمادىيەل - ئەۋۋەل بىل،
كۈنىنىڭ رەقەمىنى چارشەنبە قىلغىل،
توققۇز يۈز يىلدىن ئۆتۈپ ئېردى بەش يىل①.

دېگەن. بۇ ئەسەر ھىجرىيە 905 - يىلى (مىلادى 1499- يىلى) قەمەرىيە ھېسابى بىلەن جامادىيەل ئەۋۋەل (5- ئاي) ئېيىنىڭ

① «بۇلاق»، 1980- يىل 1- سان، 143- بەت.

چارشەنبە كۈنى يېزىلىپ بولغان.

نەۋائىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرى XX ئەسىردە دۇنيا تۈركشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ ئەسەرگە سوۋېت ئالىمى ئا. ك. بىرافكوۋنىڭ مۇنۇ باھاسى ناھايىتى لايىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ: «‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين› — بۇ شۇنداق كىتابكى تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئۇنىڭدا گەپ تىل ئۈستىدىلا ئەمەس، بۇ كىتابتا يەنە باشقا بىر پىكىر، يەنى ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆزى ھايات چاغدىلا ھەممە تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىنغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلشىر نەۋائى ھەققانىي ھالدا شۇنداق بىر شان - شەرەپكە سازاۋەر بولدىكى، ئۇزۇن ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئابرويى راسا كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە، ئۇ ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇردى. نەۋائى ئۆزىنىڭ ‹مەنتىقۇتتەير› ناملىق داستانىدا ئېيتقاندەك، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى بولغانلىقى بىلەن ئېپتىخارلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر.» ①

بىرافكوۋنىڭ يۇقىرىقى باھاسىنى نەۋائىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئىپادىلەيدىغان تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن تاققاسلىساق، ئىش تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ:

تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملەكەتنى بىر قەلەم.

شائىر «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دە ئالدى بىلەن تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىدە توختىلىپ، «سۆز بىر مەرۋا-

① «بۇلاق»، 1980- يىل 1 - سانىدا «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 146- بەت.

يىتتۇر، ئۇنىڭ دەرياسى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل بىر روشەن ئېكران، ئۇ پۈتۈن مەنىلەرنى توپلىغۇچىدۇر. ئانداغكى، گۆھەر غەۋۋاسىنىڭ ① ۋاستىسى بىلەن دەريادىن جىلۋە نامايىش قىلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى جۆھىرىگە كۆرە زاھىر بولىدۇ. شۇنداقلا كۆڭۈلدىكى سۆز گۆھەرلىرىمۇ نۇتۇق ماھارىتىدە ئىختىساس ئىگىسى شەرىپىگە نائىل بولغانلار ۋاستىسى بىلەن زىننەتلىنىپ چىقىدۇ» ② دېگىنىدە، تەپەككۇرى باي بولغاندىلا، تىلىغا باي بولغىلى بولىدۇ، دېگەن پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ. كېيىن سۆزنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى(بۇ جايدا سۆز ئەسەر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ) توغرىسىدا سۆزلەپ: «... سۆزنىڭ قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى سۆز ئىگىسىگە قاراپ بىلىنىدۇ ۋە شۆھرەت تاپىدۇ...» ③ دېگىنىدىمۇ يەنىلا جەمئىيەتكە پايدا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باي تەپەككۇر ئىگىسى — شائىر، مۇتەپەككۇر بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ساۋاتسىز نادان ئادەم تەپەككۇرىدىن جەمئىيەتكە پايدىلىق سۆز چىقىشى — ئەسەر يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ سۆزنى داۋام قىلىپ «سۆز گۆھىرىنىڭ پەرقى مۇندىنىمۇ بىغايەترەك ۋە مەرتىۋىسى مۇندىنىمۇ بىناھايەراقتۇر. ئانداقكى ياخشى سۆز بولسا، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن ئۆلۈك تەنگە پاك جان كىرىدۇ. يامان سۆز بولسا، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھرى كىرىدۇ» ④ دەپ ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا چوڭ باھا بېرىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى توغرىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا فىردەۋسى غەزنەۋىلەر شاھى سۇلتان

---

① غەۋۋاس — گۆھەر ئېلىش ئۈچۈن دەريانىڭ تېگىگە چۆشكۈچى كىشى.

② «بۇلاق» 1980- يىل 1- سان، 147- بەت.

③ «بۇلاق» 1980 يىل 1- سان، 147- بەت.

④ «بۇلاق» 1980 يىل، 1- سان، 148- سان.

مەھمۇدنىڭ «شاھ نامە» سىنى رەت قىلىشىغا قارشى ھالدا:

مىسرالاردىن ياراتتىم بىنا،
خۇدا ياراتقان زەماندەك دۇنيا.
ئەسىرلەرگە بۇ بولۇر شاھكىتاب،
ئەسىرلەر ئاشا ياڭرار بىر خىتاب.

دېسە، «قۇتادغۇبىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىر ئىجادىغا چوڭ باھا بېرىپ «شائىرلارنى مەنە دېڭىزىدىن ئۈنچىلەر تېرىپ چىققۇچىلار» دەپ ئاتايدۇ. نەۋائىمۇ ئەنە شۇ كلاسسىكلارنىڭ يولىدىن ماڭىدۇ.

سۆز كۆچىگە (ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا) شۇنچىلىك ئىشەنگەن شائىر ئەمدى ئۆز ئانا تىلى (تۈركىي تىل — خاقانىيە تىلى) بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى بەدىئىي تىلدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان پارس - تاجىك تىلىنى سېلىشتۇرۇشقا ئۆتۈپ مۇنداق دەيدۇ: «... ئەمدى سۆز بايانى بىلەن گەپ داستانىغا كەلسەك، تۈرلۈك - تۈرلۈك شەھەر، يېزا - قىشلاق، تاغۇ - دەشت، قىر ۋە سەھرا، دەريا - دېڭىز خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى بىرەر ئۇقۇم ۋە مەنىنى ئۇقتۇرۇشتا ئۆز تىلىغا ئىگە ... تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى، كۆپ ھاللاردا، ئەڭ ئۇششاق ئۇقۇملار ئۈچۈنمۇ مۇبالىغە يولى بىلەن مەخسۇس سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ياكى ئالىملىرى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگۈچە باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، دومسايماق، ئۇمۇنماق، ئاۋسانماق، ئىڭگىرمەك، ئۇخرانماق، ئاۋۇنماق، قىستىماق، قىينىماق، سوۋۇرماق، چايقالماق، قىزغانماق، يېلىنماق، مۇڭلانماق، ئىندىمەك، تېرىكمەك، قىڭغايماق، سىيپىماق، سۈركەنمەك، كۆيۈنمەك، ئىگرىماق، بوخسىماق، تامشىماق، سېقارماق، ئۆرتەنمەك،

سىڭدۈرمەك ...، گاڭگىرىماق، يادىماق ... ئاجايىپ نازۇك ئۇقۇم-
لارنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئىنسان ئۆز هاياتىدا دائىم موهتاج
بولۇپ تۇرىدىغان بۇ يۈز ① سۆزگە سارت ② (پارس) تىلدا لايىق
ۋارىيانت تېپىلمايدۇ. پارسلار، هەتتا بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىك-
نىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئۇقۇملارنىڭ بەزىلىرىنى
ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىرقانچە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان ئۇزۇن
جۈملىلەرنى تۈزۈشكە ۋە جۈملىلەردە ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىشلى-
تىشكە مەجبۇر بولىدۇ» ۋە ئومۇمەن پارسچىدا ۋارىيانتى تېپىلماي-
دىغان مۇنداق سۆزلەرگە بىردىن شېئىرىي مىسال كەلتۈرۈپ
ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، «ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ بەزىلىرى مەي تە-
رىپىدە مۇبالىغىلەر قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە بۇ هال مەي ئىچىش-
تە رىئايە قىلىنىدىغان بىر قائىدە بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىرى
«سىپقارماق» سۆزىدۇر. بۇ بابتا بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇبالىغە بولماس.
تۈركىي شېئىردا بۇ سۆز مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ساقىياتۇت بادەكىم ③، بىرلەھزە ④ ئۆزۈمدىن باراي،
شەرت بۇ كىم، هەرنىچە تۇتساڭ لەبا - لەب سىپقاراي.

بۇ «سىپقاراي» سۆزىدىن ئاڭلىنىدىغان ئۇقۇمنىڭ نازۇك
تەرەپلىرىنى ئىپادىلەشكە پارسچە شېئىردا قانداق ئىلاج قىلىش
مۇمكىن؟ مەينى چۈچۈك ۋە شىرىنلىكىدىن بىر يولى ئىچىۋەت-
مەي، لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇپ تامشىپ - تامشىپ ئىچىشكە تۈركىي
تىلدا (تامشىماق) سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ نازۇك مەنە تۈركىي

① نەۋائى بۇ ئورۇندا نەق يۈز سۆزنى مىسال كەلتۈرگەن. بۇ يەردە قىسقار-
تىلدى.
② سارت — ئەسلى پارس بولۇپ، تۈركىي خەلقلەر ياشىغان جايلاردا ماكانلى-
شىپ قالغان قەبىلىلەر بەزىدە «سارت» ۋە «تاجىك» دېيىلىدۇ.
③ بادە — ئىچىملىك، مەي. ④ لەھزە — بىر تىنىق.

شېئىردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ساقى چۇ ئىچىپ، ماڭا تۇتار قوش،
تامشى - تامشى ئۇنى قىلاي نوش»①.

كېيىن، «بۇخساماق»، «يىغلىماق»، «ئىڭرىماق»، «قىمسانماق»، «قىزغانماق»، «ياسانماق» قاتارلىق سۆزلەرگە بىردىن شېئىرنى مىسال كەلتۈرۈپ، تۈركىي بەدىئىي تىلىنىڭ پارس بەدىئىي تىلىغا قارىغاندا ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى جانلىق مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ بىر خۇلاسە قىلىپ ئىككىنچى مەسىلىگە مۇنداق ئۆتىدۇ: «... ئومۇمەن ئېيتقاندا، سارت (پارس) لارنىڭ تىلىدىكى سۆز يېتىشمەسلىك ھادىسىسىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىش توغرا كەلسە، گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ، چۈنكى مۇنداق ئەھۋاللار بەك كۆپتۇر. جۈملىدىن ھەممە شائىرلار ۋە سۆز سەنئەتكارلىرى نەزەرىدە روشەن ھەم ئېنىق بولغان تەجنىس ② بىلەن ئىھام ③ پارس تىلىدا يوق دېيەرلىك بولۇپ، تۈركىي تىلدا ناھايىتى كۆپتۇر. بۇنداق سۆزلەر شېئىرغا ئالاھىدە زىننەت ۋە سەنئەت بەخش ئېتىدۇ. مەسىلەن، (ئات) سۆزىنى ئالساق، بىر مەنىسى بىرەر نەرسىنىڭ ئېتى، يەنە بىر مەنىسى مىنىدىغان ئات، ئۈچىنچى مەنىسى بىرەر نەرسىنى ئاتماققا بۇيرۇش بولۇپ بۇ تەجنىس تۆۋەندىكى شېئىردا مۇنداق كېلىدۇ:

«چۈن پەرىيۇ ھۇردۇر ئاتىڭ، بېگىم،
سۇرئەت ئىچرە دېۋدۇر ئاتىڭ، بېگىم.

---

① نوش قىلماق — ئىچمەك.

② تەجنىس — ئومۇنىم سۆزلەر. ③ ئىھام — شېئىر سەنئىتىدە ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىش.

ھەر خەدەڭگىكى، ئۆلۈش ئاندىن قاچار.
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ، بېگىم.

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، پەقەت تۈرك شائىرلىرىغا خاستۇركى، سارتلاردا يوقتۇر ۋە بۇنى تۈرك شائىرلىرى ‹تۇيۇغ› (تۇيۇق) دەپ ئاتايدۇ...» يەنە شائىر تەجنىسكە «ئىت»، «تۈز» دېگەن سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇلارنىڭمۇ پەقەتلا تۈركىي تىلدا بولۇپ، پارس تىلىدا يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ ئۆتىدۇ. كېيىن «... شۇنىڭدەك ھەر خىل غىزا ـ تاماقلار تۈركىي تىلدا ‹يىگۈلۈك› (يېمەكلىك) دېيىلىدۇ. سارتلارنىڭ كۆپچىلىكى، بەلكى ھەممىسى يېمەكلىكنىمۇ، ئىچمەكلىكنىمۇ ‹خۇرد› دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار بىر تۇغقان ئەركەك قېرىنداشلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكىنى ئايرىماي، ھەممىسىنى ‹بۇرادەر› دەيدۇ. تۈركلەر چوڭىنى ‹ئاغا›، كىچىكىنى ‹ئىنى› دەيدۇ، پارسلار قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ‹خاھەر› دەيدۇ، تۈركلەر چوڭىنى ‹ئېگىچى›، كىچىكىنى ‹سىڭىل› دەيدۇ. تۈركلەر يەنە ئاتىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنى ‹ئاپا ئاغا›، ئانىنىڭ ئاغا ئىنىسىنى ‹تاغا› دەيدۇ. پارسلار بۇنىڭ ھېچقايسىغا ئات قويماي ئەرەبچىدىكى ‹ئەممە› ۋە ‹خالە› سۆزلىرىنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) گە ‹خەرگاھ› دەپ ئات قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈڭلۈك، ئۈزۈك، تورلۇق، باسرۇق، چىغ، قانات، كۆزەك، ئۇق، بېغىش، بوسۇق قاتارلىق بۆلەكلىرىنى تۈركچە ئېيتىدۇ. تۈركلەر كېيىكنىڭ ئەركىكىنى ھۇنە، چىشىسىنى قىلچاقچى، سويقۇننىڭ ئەركىكىنى بۇغا، چىشىسىنى مارال دېسە، سارتلار بۇلارغا ‹ئاھۇ› ۋە ‹كوزەن› دىن باشقا سۆز تاپالمايدۇ. تۈركلەر ياۋا تۈڭگۈزنىڭ ئەركىكىنى قاۋان، چىشىسىنى مېكىجىن، كۈچۈكلىرىنى چورپە دېسە، سارتلار ھەممىسىنى

«خۇك» ۋە «گوراز» دەيدۇ... تۈركلەر ئۈردەكنىڭ ئەركىكىنى سۇنە، چىشىسىنى بۇرچىن دېسە، سارتلار بۇنىڭغا ئات قويالماي ھەممىسىنى مورغابى دەيدۇ...» ① شائىر بۇلاردىن باشقا يەنە چارۋا ماللارنىڭ يېشىغا قاراپ ئاتىلىشى، ئېگەر ـ جابدۇق ئاتالغۇلىرى، قوي ئەزالىرىنىڭ ئاتىلىشى قاتارلىق ئاتالغۇلارنىمۇ پارس تىلى بىلەن بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تۈركىي تىلنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ناھايىتى كۈچلۈك نەق ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

شائىر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار «چى»، «دەك»، لار، لەر ۋە پېئىل يىلتىزلىرىغا «غاچ، قاچ، گەچ، كەچ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۈرئىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ، مىساللار كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ ۋە ئاخىرى: «... مۇنداق سۆز ياساش ئۇسۇللىرى پارسلاردا يوق. ئۇلار مۇنداق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى تۈركچە ئالىدۇ...» ② دەپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر ئۆز كىتابىدا تۈرك تىلى بىلەن پارس تىلىنى ھەر تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي بەدىئىي تىلنىڭ چوڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئومۇمىي خۇلاسە قىلىپ، زامانداشلىرىغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ: «... يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىلدا مۇنداق ئىنچىكىلىك ۋە نەپىسلىك ناھايىتى كۆپ، بۇگۈنگىچە ھېچ كىشى ئۇنى چىن ماھىيىتى بىلەن مۇلاھىزە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاشكارا بولماي كەلمەكتە. بىزنىڭ تەييارغا ئاشىق بىلىمسىز ياشلىرىمىز ھەدېسىلا ئىشنىڭ ئوڭمىيىنى كۆزلەپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا قىزىقماقتا ۋە شۇغۇللانماقتا. ۋەھالەنكى، ئەگەر كىشى ياخشىلاپ مۇلاھىـ

① «بۇلاق» 1980- يىل، 1- سان، 157- بەت.

② «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988- يىل.

ژە ۋە تەھلىل قىلىنغان بولسا، تۈركىي سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن نەقەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇسلۇب جەھەتتىن نە قاتارلىق پەسەھە ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا مەنىنى راۋان، ئېنىق، ئۇچۇق ئىپادىلەشنىڭ ئاسانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. تۈركىي تىلىنىڭ كەڭ مەنىلىكلىكى ياكى ھەر تەرەپلىمىلىكى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ھالدا، ئەمدى بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدىكى شائىرلار ئۆزىنىڭ شۇنداق گۈزەل ۋە باي تىلى تۇرۇقلۇق ئۆز قابىلىيەت ۋە ماھارىتىنى باشقا تىل بىلەن كۆرسىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسا ئىدى، ئەگەر ئىككى تىلدا يېزىش ئىقتىدارى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يازسا ئىدى...①» دەيدۇ ۋە پارس تىلىدا يېزىشقىمۇ قارشى چىقمايدۇ.

شائىر يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساسلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: «... بۇ سۆزلىرىمدىن دۈشمەنلەر بىلەن مۇخالىپلىرىم مېنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغە قىلىۋاتىدۇ ۋە پارس تىلى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا ئۇنى رەت قىلىشتىمۇ گەپنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، دەپ گۇمان قىلىشمىسۇن، ھالبۇكى، پارس تىلى تەتقىقاتىدا ۋە پارسچە سۆزلەردىن پايدىلىنىشتا ھېچكىم تېخى مەنچىلىك ئىش قىلالىغىنى يوق. بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ئارتۇقراق بىلمەس ...»② مانا بۇ ھەم ئىلمىيلىق ھەم ئىلمىيلىققا تايانغان ھەققانىي جاسارەتتۇر.

نەۋائىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈركىي تىلدا ئەسەر يېزىش مەسىلىسى قاراڭغۇ - فېئودال ئوتتۇرا ئەسىردە ئاجايىپ بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇيغۇر تۈركىي

① «بۇلاق»، 1980- يىل، 1- سان، 159- ، 160- بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب 160- بەت.

خەلقلەر ئەدەبىياتى تەرەققىيات تارىخىدا بىر مەشئەل بولۇپ يانغانىدى.

× × ×

نەۋائىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرىدىن بىرى «مىزانول - ئەۋزان» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. نەۋائى بۇ ئەسىرىنى كلاسسىك شېئىرىيەت نەزەرىيىسى بولغان «ئارۇز» غا بېغىشلىغان.

ئارۇز نەزەرىيىسى شەرق - ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا مىڭ يىللاردىن بىرى ئىشلىنىپ كەلدى. بۇ نەزەرىيە ئۈستىدە ئىشلىگۈچىلەر ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى تەكرارلىغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا ھەربىر ئاپتور ئۆزىگە خاس بەزى يېڭىلىقلارنى قوشۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى ئەلىشىر نەۋائى بولۇپ، بۇ زات ئارۇز نەزەرىيىسىنى ئەرەب ياكى پارس تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىلدا، تۈركىي شېئىرىيىتى ئاساسىدا چۈشەندۈرگەنلىكى بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

«ئارۇز» ئاتالغۇسى شەرق ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا قەدىمدىن بىزگىچە ئاساسەن ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىر مەنىسى بەلگىلىك بىر شېئىردىي سىستېما مەنىسىنى ئۇقتۇرسا، ئىككىنچى مەنىسى، ئەنە شۇ شېئىر سىستېمىسى ھەققىدىكى تەلىمات مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ.

نەۋائىنىڭ «مىزانول - ئەۋزان» ئەسىرىدە بولسا، «ئارۇز» ئاتالغۇسى ئەنە شۇ ئىككىنچى مەنىدە يەنى شېئىر تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى تەلىمات مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

«ئارۇز» نەزەرىيىسى نەۋائى دەۋرىگىچە، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئاساسىدا قايتا-قايتا ئىشلىنىپ بېيىپ كەلدى. نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە شائىر «ئارۇز» نەزەرىيىسىنى تۈركىي خەلقلەر ئەسىرلەر جەريانىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات-شېئىرىيەت ئاساسىدا قايتا تەدبىقلاپ ئىشلەپ چىقىپ ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ نەمۇنىلەر ياراتتى.

نەۋائى «ئارۇز» نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەر يازغان ئاپتورلارنى «ئارزۇيلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ تەرىپىچە، ئارۇز «نەزم ئەۋزانىنىڭ مىزانىدۇر» (شېئىر ۋەزىنلىرىنىڭ ئۆلچىمىدۇر).

نەۋائىچە ئارۇز ئىلمى شېئىرىيەتتىكى رىتىم ۋە ئۇنى ئېنىقلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى پەندۇر.

نەۋائى «ئارۇز» ئاتالغۇسىنىڭ قەيەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلىغان چېغىدىمۇ ئارۇز چۈشەنچىسىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەنە بىلەن باغلايدۇ.

نەۋائىنىڭ ئېيتىشىچە «ئارۇز» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇخىل پىكىرلەر بولۇپ، نەۋائى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز قارىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىرىنى تاللىۋالىدۇ.

نەۋائىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا «ئارۇز» ئىلمىغا ئاساس سالغان ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد (XII ئەسىر) تۇغۇلغان چاغدا «ئارۇز» ناملىق بىر ۋادا بار ئىكەن. شۇ ۋادىدا ئەرەبلەر ئۆي (ئوتاۋ، چېدىرلار) تىكىپ يەرمەنكە قىلىپ، ماللىرىنى باھالاپ سېتىشىدىكەن. ئۆينى ئەرەبلەر «بەيت» دەپ ئاتايدىكەن. ئۆينىڭ ئۈستىلىرىنى بولسا «رۇكىن» دەپ ئاتىشىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ شېئىر تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەلىماتى «ئارۇز» (ئۆلچەملەر ماكانى) دەپ ئاتالغان ئىكەن.

شېئىرنىڭ ئايرىم ئېلېمېنتلىرىغىمۇ ئەنە شۇ ئەرەب ھايا-

ئىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنغان ئىكەن. مەسىلەن، ئىككى مىسرا، يەنى بىر پىكىرنى تولۇق ئىپادىلىگۈچى شېئىر بۆلىكىگە «بېيىت» دەپ، شېئىر تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ جەملىنىشىگە بولسا «رۇكىن» دەپ نام قويۇلغان ئىكەن.

نەۋائىنىڭ پىكرىچە «بۇ پەن ئارۇز بىلەن مىزان قىلىنىپ، مەۋزۇنىنى نامەۋزۇندىن (ۋەزىنگە چۈشىدىغانلارنى ۋەزىنگە چۈشمەيدىغانلاردىن) ئايىيۇرلەر، گويا قىممەت ۋە باھاسى مەلۇم بولۇرلەر. بۇ مۇناسىۋەت بىلە «ئارۇز» دېيىشۇرلەر».

«مىزانۇل ئەۋزەن» نىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرسەك، «ئارۇز» نەزەرىيىسى ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى قىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ:

1. رۇكنلەر ھەققىدىكى تەلىمات.
2. زىھافلار ۋە فەرلەر ھەققىدىكى تەلىمات.
3. بەھىرلەر ھەققىدىكى تەلىمات.
4. تەقتى ھەققىدىكى تەلىمات.
5. ۋەزىنلەر ھەققىدىكى تەلىمات.

«مىزانۇل - ئەۋزەن» دە «ئارۇز» نەزەرىيىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسىملىرى ئۈچۈن ھەربىرىگە ئالاھىدە فاسىل (باب، بۆلۈم) ئېچىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ جايدا شۇ نەرسىنى تەكىتلەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، «ئارۇز» ۋەزنىنى تا مۇشۇ كۈنگىچە «ئەرەب ئەدەبىياتىغا خاس» بىزگە ئەرەبلەردىن كىرگەن دېگەن قاراش بار. ئەمما نەۋائىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئۇنىڭ ئالغان مىساللىرىغا قارىغاندا بۇ ۋەزىن تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاللىبۇرۇنلا بار بولۇپ، پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلانمىغان، خالاس.

× × ×

نەۋائىينىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت مۇھىم ئەسىرىنىڭ يەنە بىرى «مەجالىسۇننەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) دۇر. بۇ مۇھىم ئەسەر بولۇپ، نەۋائىي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن ئاناتومىيىسىنى ئۇ ئەسەرسىز چۈشەندۇرۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئەسەر مىلادى 1490 - يىلى يېزىلغان. نەۋائىي بۇنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«نەزىم ئىلمى ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر ۋە شېئىر پېنىنىڭ كامىللىرى نازۇك - ئىنچىكىلەپ گەۋھەرلەرنىڭ ئومان دېڭىزى ۋە ئاتەش رەڭلىك ياقۇتلارنىڭ كېنى بولالايدۇ. بۇلار ئەزىز جامائەت، ئۇلۇغ قەۋم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نام - ئاتلىرى ۋە ھۆرمەتلىك سۈپەتلىرى زامان سەھىپىلىرىدىن ۋە دەۋران تارىخ لەۋھەسى بەتلىرىدىن يوقىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئەسەر (يازغانلار) ئەسەرلىرىدە تارىخ ئالىملىرى تارىخلىرىدا بابلار ئېچىپ زىننەتلەپتۇ ۋە ئۆز كىتابلىرىغا بۇ جامائەت باياناتىدىن زىننەت بېرىپتۇ. جۈملىدىن خۇراسەن ئالىملىرىدىن ئەمىر دۆلەت شاھ ‹تەزكىرە توششۇئەرا› (شائىرلار تەزكىرىسى) ئاتلىق تەزكىرە يېزىپتۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپ رىيازەت تارتىپتۇ. دۆلەت شاھ - شائىرلارنىڭ تارىخىي تەزكىرىسىنى ياخشى توپلاپتۇ. ئەمما ئۇ كىتابتا بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ زاتى، خىسلەتلىرى ۋە ئۆتكەن پاساھەتلىكلەرنىڭ ئېتى بايان قىلىنىپتۇ ۋە يېزىق قۇرلىرىغا قەيت قىلىنىپتۇ. بۇ مۇبارەك ياخشى زامان ۋە خۇشال دەۋران شائىرلىرى خۇش تەبئىيلىرى شېئىرىنىڭ كۆپرەك ئۇسلۇبىدا، خۇسۇسەن غەزەل تەرزىدە ھەممىدىن كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرالايدۇ. بۇلارنىڭ شېئىرلىرى راۋان ۋە يېنىك، يۇمشاق، پاكىزلىقتا يېتىشەلەيدۇ، بۇلارنىڭ ناملىرى

بۇرۇنقى شائىرلار قاتارىدا بولۇشىدىن مەھرۇم ۋە سۆزلىرى ئۆز
ئەرتىپ ـ قائىدىدە نامەلۇم قالغانلىقتىن، سۇنۇق كۆڭلۇمگە كەلدى-
كى، بىرلەچچە ۋاراق پۈتۈلگەي ۋە بۇ ئەسىر شائىرلىرى، دەۋر
دانا ئالىملىرى بۇ ۋەراقىدە قەيىت ئېتىلگەي، تاكى بۇ ئۈممىد-
ۋارلار ھەم بۇرۇنقى شائىرلار ئۇلۇغ كىشىلەر يېنىدا بايان قى-
لىنغاي. بۇ ئەگىشىپ ماڭغانلار ھەم ئۇ رەھبەرلەر سىپېگە قو-
شۇلغاي دېگەن ئۈممىد بىلەن بۇ رىسالىنى بىتتىم. مەن ئۇلار-
دىن بەزىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسامۇ خىزمەتلىرىگە يەتمەپتىمەن.
ۋە بەزىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتىپتىمەن ئەمما
ئۇلار بۇ ئالەمدىن كېتىپتۇ. بەزىلىرى ھازىر ھا-
يات بار. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تەبئىي (ئىلمىي) نەتىجىلىرى-
دىن بىرئاز نېمە، نىشانە يوسۇنلۇق نەمۇنە كۆرسىتىلدى. ئەم-
ما بۇ مەقسەتلەرگە يېتىلدى. ئۇ سەككىز قىسىم قىلىندى ۋە
ھەربىر قىسىم بىر نەفىس مەجلىسقە ئات قويۇلدى ۋە مەجمۇ-
ئىغا «مەجالىسۇن نەفائىس» ئاتى قويۇلدى»① دەپ كۆرسىتىدۇ.

«مەجالىسۇن نەفائىس» بىر تەزكىرىدۇر. بۇ خۇددى ئۆزى كۆر-
سىتىپ ئۆتكەندەك زامانداشلىرىغا بېغىشلانغان كىتاب بولۇپ، نەۋائى
بۇ كىتابى بىلەن زامانداشلىرىنىڭ خاتىرىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرگەن.
بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ يارىتىلىش تارىخى، تۈزۈلۈش ۋە يېزىلىشى
جەھەتتىن بۇ دەۋر تەزكىرىلىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەمىر دۆلەت شاھ سەمەر-
قەندىنىڭ 1486—1487 - يىلى تۈزگەن «تەزكىرە تۇش - شۇئارا»
ناملىق تەزكىرىسى ئۆزىنىڭ مەزمۇندارلىقى بىلەن ئۆز زامانداش-
لىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئىكەن ... دۆلەت شاھنىڭ تەزكىرىسى
ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن يۈزدىن ئارتۇق تاجىك، ئەزەربەيجان،
ئىران شائىرلىرى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئالاھىدە مە-

① «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ كىرىش قىسمىدىن ئېلىندى.

لۇماتلار تـوپلاپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ روپىخىتىنى ۋە بەزىـ لىرىدىن نەمۇنىلەرنى بەرگەن. ئۇنىڭ تەزكىرىسى شۇ شائىرلارنىڭ ھايات ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. نەۋائى ئۇنىڭ تەزكىرىسىگە ئىجابىي باھا بەرگەن.

دۆلەت شاھتىن كېيىن نەۋائىنىڭ ئۇستازى ۋە زامانداشى ئابدۇراخمان جامىي «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر بابىـ دا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن تاجىك، ئەزەربەيجان، ئىران شاـ ئىرلىرىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن.

نەۋائىنىڭ ئۇلاردىن كېيىن يازغان «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرى ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېزىلغان بولۇپ، سۈپەت جەھەتتىن يېڭى تەزكىرە ئىدى. بۇ تەزكىرىـ نىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى شۇ ئىدىكى، ناۋايى ئۇنىڭغا ئۆز دەۋرىدىكى شائىر ۋە قەلەم ئەھلىلىرىنى كىرگۈزۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ قويغان. نەۋائىنىڭ بۇ ئەسىرى يۇقىرىدا كۆرسەـ تىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇرۇن يېزىلغان تەزكىرىلەرنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، ئۇ تەزكىرىلەرنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلىغان. بۇ جەھەتتىن «مەجالىسۇن نەفائىس» زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، شۇ دەۋر ئەدەبىي ھاياتىنى ئۆگىنىشتە بىردىنبىر مەنبە بولۇپ، دۇنـ يا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلدى.

نەۋائى تەزكىرىسىنىڭ يۇقىرىقىلارنىڭ تەزكىرىسىگە ئوخشىمايدىـ غان جايى شۇكى، ئىلگىرىكىلەر ئۆز زامانىسىدىكى پارس، ئەزەربەيجان، ئىران شائىرلىرىنى ئۆزىنىڭ تەزكىرىسىگە كىرگۈزگەن بولسا، نەۋائى ئۇيغۇر، تاجىك (پارس)، ئەزەربەيجان، ئىران ۋە باشقا تۈركىي خەلق شائىرلىرىنى ئۆز تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈپ، تەزكىرىسىنى تولۇقلىدى. نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» نى پارس تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تۈرك تىلى بىلەن يازدى. شۇنداق قىلىش

نەتىجىسىدە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىككە ئاساس
سالدى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى تەزكىرىچىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە نەۋائىدىن كېيىن تەزكىرە
يازغانلار ئۆز دەۋرىدىكى مەۋجۇت ئەدەبىياتتىن ئېلىپ يازدى.
بۇنىڭغا مەۋلانە فەخرى، بىن مۇھەممەت ھىراتى بىلەن ھېكىم
شاھ مەھمۇد قازۋىنىيى تەرىپىدىن «مەجالىسۇننەفائىس» نىڭ
تەرجىمىلىرىگە قىلىنغان قوشۇمچىلار، ھەسەن ناسىرى بۇخارى
1587 - 1588 - يىللىرى تۈزگەن «مۇزاككىرول - ئەھباب»، سام
مىرزا ئىسمائىل تۈزگەن «تۆھپەيى - سامى»، فەزلى تۈزگەن
«مەجمۇئا تۇش - شۇئارا»، تەببى يېزىپ چىققان «مەجمۇئا
تۇش - شۇئارا فىروئۇز شاھى» قاتارلىق تەزكىرىلەر روشەن
مىسالى بولالايدۇ.

چۈملىدىن ھ. ئورسالىنىڭ كۆرسىتىشىچە، XVI ئەسىرنىڭ
ئاخىرى، XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەزەربەيجان تەنقىدچىسى
سادىقبېك ئافشار «مەجمۇئول خەۋەس» ناملىق ئەسىرىنى، نەۋائىنىڭ
«مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە يازغان ئىكەن.

نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» نى سەككىز بابقا بۆلگەن بو-
لۇپ، بۇ سەككىز بابقا كىرگۈزۈلگەن شائىرلارنىڭ بەزىلىرى نە-
ۋائى ياش ۋاقىتلىرىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ياكى نەۋائى بىلەن
زاماندىش شائىرلار ئىدى ۋە بەزىلىرى ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان
بەلگىلىك دەرىجىدە شېئىر يازغان يەرلىك ئەمەلدارلار ئىدى.

«مەجالىسۇن نەفائىس» قا كىرگۈزۈلگەن شائىرلارنىڭ سانى
ھەر خىل نۇسخىلاردا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئابدۇلمانىنان ھا-
جى ئابدۇۋاھاپ ئوغلى قول يازمىسى كۆچۈرگەن نۇسخىدا 321
نەپەر دېيىلگەن بولسا، سۇلتان ئەلى مەشھەدى كۆچۈرگەن نۇس-
خىدا 355 دېيىلىدۇ. ھازىر تەتقىقاتچىلار كۆپرەك مۇشۇ نۇس-
خىنى ئاساس قىلماقتا.

«مەجالىسۇننەفائىس» قا كىرگۈزۈلگەن شائىرلارنىڭ كۆپ-
چىلىكى پارس - تاجىك تىلىدا، ناھايىتى ئاز قىسمى تۈركىي
تىلىدا شېئىر يازىدىغان شائىرلار ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدىكى
تۈركىي شائىرلارمۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۈركىي
تىلنى «پەس كۆرۈپ» تاجىك - پارس تىلىدا شېئىر يېزىشنى
ئۆزىنىڭ سەلتەنەتى دەپ ھېسابلايتتى. بۇ تۈركىي خەلقلەر ئۈ-
چۈن تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. «مەجالىسۇننەفائىس»
قا كىرگۈزۈلگەن شائىرلار كەسپىي شائىرلار ئەمەس ئىدى. بۇ-
لار ھۈنەرۋەنلەر، كاسىپلار، ئالىملار، سىپاھلار، سودىگەرلەر، ئو-
لىما - دىنىي زاتلار، تۈرلۈك ئەمەلدارلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باش-
قا تەبىقە كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئەمما بۇ شائىرلار
ئىچىدە دېھقانلار سىنىپىدىن چىققان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى.
چۈنكى ئۇلار XV ئەسىر فېئودالىزم تۈزۈمىدە بىلىم ئېلىش، سا-
ۋات چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىناتتى.
«مەجالىسۇننەفائىس» تا ناۋايى يۇقىرىقى ھەر خىل كە-
سىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىنى قانداق قىيىنچىلىق شارا-
ئىتتا ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئۇلارغا قولىدىن كەلگەن ياردىمىنى
ئايىمىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، فېئودالىزم ئىستىبداتىنىڭ بۇن-
داق ئېغىر شارائىتى ئىنسان ئىجادىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى،
ئىنسان ئىجادىنى بوغۇپ يوق قىلىدىغان كىشەن ئىكەنلىكىنى ئېنىق
كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە فېئودالىزم تۈزۈمىنى قارىلايدۇ. بۇنداق
شارائىتتا نابۇت بولغان تالانتلىقلارغا: ئەشرەپى، قۇتۇبى، مىر-
مۇخلىس، دەرۋىش دېخا، گادايى قاتارلىق شائىرلارنى مىسال
قىلىپ ئۆتىدۇ.
نەۋائى «مەجالىسۇننەفائىس» تا ھەربىر شائىرنىڭ قىس-
قىچە تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈر-

دۇ ۋە ئۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باھالايدۇ. مەسىلەن، مەۋلانى مۇھەممەت ئالىم، بابا سەۋدايى، مۇھەممەت سالىخ قاتارلىق شائىرلارغا بېرىلگەن باھا ۋە مۇلاھىزە بۇنىڭغا تىپىك پاكىت بولالايدۇ.

نەۋايى شائىرلارغا باھا بەرگەندە، ئۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۇلارنى زامان، سىياسەت، تارىختىن ئايرىتىپ قويماي مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

نەۋائىي تەزكىرىدىكى شائىرلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىجادى ئۈستىدە تـوغرىدىن توغرا، ئوچۇق مۇلاھىز يۈرگۈزىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئەھۋالغا قاراپ كىنايە يولى بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا، خالىس مەيداندا تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. نەۋائىدىكى بىر ئالاھىدە خىسلەت شۇكى، ئۇ ئالىيجاناب كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن دۈشمەنلەشكەن شائىرلارنىڭ ئىجادىنى باھالىغاندىمۇ شەخسىي غەرىزىنى ئارىلاشتۇرماي، ئۇنى خالىس مەيداندا تۇرۇپ باھالايدۇ.

«مەجالىسۇننەفائىس» نىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك تەرەپلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ خەلقچىللىق تىندىنسىيە بىلەن يېزىلغانلىقىدۇر. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدىمۇ باشقا ئەسەرلىرىدەك خەلق مەنپەئىتىنىمۇ ياخشىلاشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەيدانى، مېھىر-مۇھەببىتى خەلق ئىچىدىن چىققان شائىرلار تەرەپتە تۇرىدۇ. بىز بۇنى نەۋائىينىڭ، بولۇپمۇ ھاكىم سىنىپلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان ساتىرىك شائىرلارنى بەكمۇ قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەنلىكىدىن كۆرەلەيمىز.

مەسىلەن، بىر قازىغا بىر ئىشەكنى پارە بېرىش ئارقىلىق، قازىلىققا ئېرىشكەن بىر كىشىنى تەنقىد قىلغان شائىر ھەققىدە توختالغاندا، نەۋائىي ئۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ: «سەيىد ئابدۇلھەق ئاستىراباتىي، بۇ كىشى ئاستىراباتلىق، ئۇنىڭ بىر كىشىنىڭ خوجەد ۋىلايىتىنىڭ قازىسىغا ئىشەك بېرىپ «سەدرانى»

ها قازى بولغاندا ئېيتقان مۇنۇ قىتئەسى مەشھۇر؛

هەمى گەشت دەر شەھەر شەخس زىخوجان،
كى قازى شەۋەر سەدىر رازى نەم شود.
بىبدادەش خەر رىشۋەگەشت قازى،
ئەگەر خەرنەمى بود قازى نەم شود.

(شەھەردە خوجەدلىق بىر كىشى قازى بولماقچى بولغانىدى.
سەدىر رازى بولمىدى «ئۇنىمىدى». بىر ئېشەكنى پارە بېرىپ
قازى بولدى. ئەگەر ئېشەك بولمىغان بولسا، قازىمۇ بولالمايتتى.»
بۇنداق هالنى سەيد كازمى «مەجالىسۇن نەفائىس» 66 كىشى)
نىڭ ساتىراسىدىمۇ ئۇچۇق كۆرىمىز. ناۋايى مۇنداق شائىرلارنى
بارلىق كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۇەتلەپ ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.
جۈملىدىن نەۋائى هاكىم سىنىپلار ئىچىدىن چىققان ئايـ
رىم قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ ئەخلاقىنىڭ بۇزۇقلۇقى، ئۇلار يازغان
شېئىرلارنىڭمۇ هېچ قانداق ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەسـ
لىكىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

مەسىلەن، «خوجامو سايىپ-ئاندىن ئەجەپراق كىشى ئىدى.
ئۇ داغى نازارەت بىخوتلۇقىدىن مۇسۇلمانلارغا ئاجايىپ زۇلۇمـ
لارنى قىلىۇرغا بەل باغلاپ ئېردىكىم، قازى دىۋاندىن بىۋاستە
سىياساتقا موستاۋجىب بولدى ۋە ئەل ئۇنىڭ شەررىدىن خالاس
بولدىلەر...»

جۈملىدىن هىرات «ئادەمزاتلىرى» دىن مەۋلانە خىرامى
ھەققىدە «... ئاما ئۆزىدە ئادەملىكتىن ئەسەر، بەلكى بويى
يوقتۇر» دەپ يازسا، ئوبۇلقاسىم بابىر مىرزانىڭ مۇلازىمى ۋە
لى قەلەندەر ھەققىدە «خىرە ۋە بىھايات كىشى ئىدى، سوخەنـ
دالار ئارىسىدا بەدبىشەرلىكتە مەشھۇر ئېردى» دەپ يازىدۇ.

دېمەك، نەۋائى ئۆزى گەرچە يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلقچىلىق مەيدانى مۇستەھكەم، سىنىپىي مۇھەببەت - نەپرىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

«مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ئەدەبىي جەھەتتىن شەكىللىنىشىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بولغان. ئۇنىڭ يېزىلىش ئۇستىلى، جۈملىلىرىنىڭ ساددا - چۈشىنىشلىكلىكى، ئىخچام ۋە پۇختىلىقى نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

نەۋائى — چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سۆز ئۇستىسى. ئۇنىڭ بۇ چىۋەرلىكى «مەجالىسۇن نەفائىس» نى تۈزۈشتىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەربىر شائىرغا تېگىشلىك كىچىككىنە پاكىتنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭدا شۇ شائىرنىڭ ئۆزىنى ياكى ئىجادىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى خاراكتېرلىك ئېپىزوت ياكى ئىبارە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن.

مەسىلەن، بۇخارالىق «كەۋسىرى» دېگەن شائىر توغرىلىق مۇنداق يازىدۇ: «قابىلىيەتلىك، خۇش سۆھبەت شىرىنگۇي كىشى ئىدى. بىر كۈن ھوجرىسىدا ئۆزىگە يارىشا تابىخ قىلۇرمىش، مەۋلۇلىدىن بىرەر كىرىپدۇر ۋە قازان ئاستىغا تۇتۇن قويۇپتۇر. مەۋلۇنە دەپدۇركىم: «تابىخ ئىشىدا مەدەت قىلماقىكىم شېرىك بولۇرسەن» نەۋائى ئەنە شۇ كىچىك بىر ئېپىزوت ئارقىلىق، ئۇنىڭ خۇش خۇي، چاقچاقچى ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

نەۋائى ئۆز تەزكىرىسىدە شائىرلار ئىجادىنى يورۇتۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ شەخسىي ھاياتىنى، تەقدىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىجادى ۋە شەخسىي ھاياتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنىمۇ گەۋدىلىك ئېچىپ بېرىدۇ. مانا شۇ-

نىڭ بىلەن ئاپتور ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىمكانىيەت تاپىدۇ. شۇڭا «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇش بىلەن بىللە خېلى زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قىممەتلىك ھۆججەتتۇر.

«مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ئەڭ زور بىر قىممىتى ئۇنىڭ ناۋائىي ياشىغان دەۋرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئىجادىنى توپلاپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىدىدۇر.

ناۋائىي دەۋرىدە شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى (مەتبەئە يوق شارائىتتا) كۆپەيتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇ چاغدىلا يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ناۋائىي ئۇلىنى خەلق ئاغزىدىن ئاڭلاپ يېزىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

دېمەك، بۇ جەھەتتىن ئۇ ناۋائىي دەۋرى ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، ئەدەبىياتشۇناسلىقتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

«مەجالىسۇن نەفائىس» پەقەت باي ئەدەبىي ماتېرىيال ۋە ئەدەبىي-تەنقىد سۈپىتىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ئەھمىيەتكىمۇ ئىگىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا شۇ دەۋر تارىخىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، شائىرلاردىن باشقا، دۆلەت ئەربابلىرى، ئىلىم، مەدەنىيەت-سەنئەت ئەھلىلىرىنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشكە دائىر مۇھىم مەلۇماتلارمۇ كىرگۈزۈلگەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «مەجالىسۇن نەفائىس» نەۋايى ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ يىرىك، ئەڭ مۇھىم ئەسىرىدۇر. «مەجالىسۇن نەفائىس» XV ئەسىر ئەدەبىي ھاياتىنى ئۆگىنىش،

ئۇنى تەتقىق قىلىشتا، ئەدەبىياتشۇناسلىقنى ناھايىتى باي، ئېنىق، ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان تارىخىي ھۆججەتتۇر.

## ٥-§. نەۋائىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

نەۋائى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭ رول ئويناپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇردۇر.

نەۋائى ئۆزىنىڭ ئىستېتىك ئىدىيىسىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئېلىپ، ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىي ئەنئەنىسىنى ۋە نەسىردىن رابغۇزى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفىلارنىڭ ئىجادىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆز ئىجادىنى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا كۆتۈردى.

نەۋائى ئۆز دەۋرىگىچە بولغان پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئېرىشكەن ئۇتۇقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. ئۇ ئۆز دەۋرىگىچە بولغان پارس، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى ئىجادىي ئۆگىنىپ «چاھار دىۋان» ياكى «خەزائىنۇل مەئانى» قاتارلىق لىرىك شېئىرلار توپلاملىرىنى ئىجاد قىلدى ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نىزامىي گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامىي قاتارلىق خەمسىچىلەردىن ھەم ئىجادىي، ھەم تەنقىدىي ھالدا ئۆگەندى. نەۋائى ئۇلاردىن ئۆگىنىشتە:

«ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامىي پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق.»

دېگەن ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئۆگىنىپ، «خەمسە» نىڭ ئېچى دۇنيا كۆرمىگەن «يېڭى تىپى» نى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «چاھار دىۋان» ۋە «خەمسە» لىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاكتۇئال، ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئىلغار ئىدىيە ئاساسىدا يۈكسەك ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ، گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئادالەتلىك ئىدىيىلىرىنى ئالغا سۈرۈپ، فېئودالىزم تۈزۈمىنى، زالىم شاھلارنى، ئۇلارنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى بولغان روھانى، زاھىدلارنى قاتتىق پاش قىلدى.

نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى دائىرىسىگە «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە» ھەم پروزا ئەسىرى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەرنىڭ سۆيگىنى) كىرىدۇ.

ئەدەبىياتشۇناسلىققا «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» «مىزانۇل-ئەۋزان»، «خەمسەتول مۇتەھەييىرىن» ۋە «مەجالىسۇننەفائىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى كىرىدۇ. يۇقىرىقىلار نەۋايىنىڭ پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ باي ئىبىل مىراسىدۇر.

نەۋائى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بىر ئىنقىلاب قىلدى. يەنى «تۈركىي تىلدا بەدىئىي ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ» دېگەن پارسگويلارنىڭ سەپسەتىسىنى ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ، ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئەسەر يارىتىشتا پارس ئەدەبىي تىلىدىن، لېكسىكا بايلىقى ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن كۆپ دەرىجىدە باي ھەم گۈزەللىكىنى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىنى تىكلىدى ۋە ئۆزى ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىي تىلدا يۇقىرىقى ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ فارسگويلارنى مات قىلىپ، ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن غايەت زور خىز-

مەتلەر قىلدى. شۇڭا نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ شۆھرىتى ئوتتۇرا
ۋە يېقىن شەرقتىكى پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىغا، ئوتتۇرا ئا-
سىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئۇلار ئىچىگە
مەڭگۈ ئورۇنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بۇ جايلاردا تۆت
ئەسىردىن ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ، مەدرىسلەردە ئەدەبى-
يات دەرسلىكى، خەلق ئىچىدە ئوقۇش كىتابى بولۇپ خىزمەت
قىلىپ كەلدى.

نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۆزىدىن كې-
يىنكى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆر-
سەتتى. بۇ خەلقلەرنىڭ يازغۇچىلىرى ئۈچۈن زور بىر ئىلھام
مەنبەسى ۋە ئۆسۈپ-يېتىلىش مەكتىپى بولدى. شۇڭا ئۇلار نە-
ۋائىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇخەممەسلەر يازدى.

بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئەڭ يېقىن قېرىنداش، تىلىمۇ ئەڭ
يېقىن، بىر يىلتىزداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان ئۆزبېك
خەلقىگە ۋە ئۆزبېك شائىرلىرىغا نەۋائىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ
بولدى. نەۋائىدىن كېيىن جەمئىيەت سەھنىسىگە چىققان ئۆزبېك
شائىرلىرى: تۇردى، مەھمۇر، مۇقىمى، گۇلخانى، مۇنىس، ئاگاھى،
كامىل، فۇرقەت، زاۋقى، ئەۋەز ئوتار قاتارلىقلارغا نەۋائى ئى-
جادىي بىۋاستە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىغا ئىلھام ۋە
ئىستېتىك ئىدېئال بەردى. جۈملىدىن باشقا قېرىنداش مىللەت
شائىرلىرى ھىلالى (تاجىك) كىشۋارى، فۇزۇلى، ئاخوندوۋ (ئە-
زەربەيجان)، مەخدۇم قولى (تۈركمەن)، ئاباي (قازاق)، ئابدۇللا
توقاي، قەييۇم ناسىرى (تاتار) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەۋائى
ئىجادىيىتىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، نەۋائى تەسىرىدە ئۆسۈپ-
يېتىلگەن يازغۇچى، شائىرلاردۇر.

نەۋائى ئىجادىيىتىگە ئىستېتىك ئىدېئال بەرگەن، نەۋائى
پوئېزىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، نەۋائى-

نىڭ ئاساسلىق قەھرىمانى بولغان پەرھادنىڭ ۋەتىنى — ھازىرقى شىنجاڭ ناۋائىي مىراسلىرىدىن ناھايىتى ئوبدان بەھرىمەن بولدى.

XV — XVI ئەسىرلەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ خىلمۇخىل نۇسخىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇنداق نۇسخىلار تاشكەنت، دۇشەنبە، ماتېرىيال بۆلۈملىرىدىن تاشقىرى، يەنە بەزى چەت ئەل مۇزېيلىرىدىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى XV ئەسىردىلا نەۋائىي شېئىرلىرىغا مۇزىكا ئىجاد قىلىپ، ئاجايىپ ئۆلمەس ناخشىلارنى ياراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا خەزىنىسى بولغان «12 مۇقام» نىڭ ھەممە مۇقاملىرىدا دېگۈدەك نەۋائىينىڭ غەزەللىرى تېكىست قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى سەئىدخان، ئابدۇرېشتخان، قىدىرخان، ئامانىساخان، خىرقىتى، سەلاھى، ئەرشى، نۆۋبىتى، زەلىلى، ئۆمەرباقى، نىزارى، زىيائى، غېرىبى مۇھەممەد سادىق، مولالاسىدىق يەركەندى، موللائەلەم شاھيارى، سەبۇرى، بىلال نازىمى قاتارلىق شائىرلىرىمىزغا نەۋائىي ئەدەبىي مىراسى ناھايىتى زور بىر ئىلھام مەنبەسى ۋە ماھارەت مەكتىپى بولغانىدى.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا شەرھلەپ تەرغىپ قىلىشتا چوڭ خىزمەت قىلدى. مەسىلەن، ئۆمەر باقىنىڭ شەرھلىرى ئارقىلىق نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە كەڭ تارقىتىلغاندىن تاشقىرى، كېيىن ئۇلېتوگرافىيە ئۇسۇلىدا نەشىر قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلدى.

XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا نىزارى، زىيائى، غېرىبىلار نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى زور كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلدى.

ئۇلار نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگەن داستانلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ روھىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىسقا، ئىخچام تۈرلىرىنى ئىشلەپ چىقتى، بۇلار خەلقىنىڭ روھىنى ئويغىتىشقا چوڭ تۈرتكە بولدى.

نەۋائىنىڭ مەڭگۈ ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىر-بىرىگە ئەنئەنە شەكلىدە ئۆتۈپ كېلۋەردى. نەۋائى ئەسەرلىرى سەييىدىن ئەزىزى، ئەھمەد زىيائى، ئىمىن ئۆمەر، نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، كېۋىرنىياز، زۇنۇن قادىر، ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوۋ قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلارغا چوڭ بىر ئىلھام مەنبەسى ۋە ماھارەت مەكتىپى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەۋائىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922—1945) «تەسىراتىم» دېگەن شېئىرىدا:

قېنى شۇ نەۋائى، قېنى بىر كۆرسەم،
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنىڭ بىر سۆيسەم.
قاراپ تۇرسام، «خەمسە» نى يازغاندا،
قاراپ تۇرسام، قەلەمدە گۆھەر قازغاندا،
قاراپ تۇرسام، شېرىنگە گۈللەر تىزغاندا...
..........................................
قوي شائىر سۆزلەۋەمە جۆيلۈپ يوققا
نەۋائى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا...
يۈرىكى سىغمايدۇ ئالەمدەك لەھەتكە،
روھى يۈلەنمەيدۇ ساماغا — ئەھەدكە،
ئۇنىڭ مازارىنى ھەربىر ۋاراقتىن ئىزلە،
گۈمبەز قەبرىنى ھەر مىسرادىن ئىزلە.

ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،
ئۇ ھەر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن.

دەپ نەۋائىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى يۈرىكىدە مەڭگۈ ھايات ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ.

نەۋائىنىڭ پۈتۈن خەلق ئارىسىدا ئەڭ سۆيۈملۈك شائىر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كىتابلىرى خەلقنىڭ كۈندىلىك روھىي ئوزۇقىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەل ساياھەتچى، تەتقىقاتچى ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى دەرھال ئۆزىگە جەلپ قىلغان. مەسىلەن، مەشھۇر تۈركشۇناس (رۇس) سىرگىي مالوۋ مۇنداق دەيدۇ: «نەۋائى بۇ يەردە كىتابخانلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۆيۈملۈك ئاپتور ئىكەن، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل قول يازمىلار ئوچۇق مىسال بولالايدۇ. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىدىن بىرى بولغان لوپنۇردا نەۋائى شېئىرلىرى ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، دىكلاماتسىيە ئۈچۈن يادلىنىدىكەن، ھەتتا نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ سىيۇژىتلىرىنى خەلق چۆچەك، ھىكايە قىلىپ ئېيتىدىكەن. بۇ توغرىلىق بىزگە مەركىزىي ئاسىيانى ساياھەت قىلغان سوۋېت ساياھەتچىسى سىۋېن ھىدىن مەلۇمات بىرىدۇ»① دەپ ھەيرانلىق بىلەن قەيت قىلغانىدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋە خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەلىشىر نەۋائى ئىجادىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ۋە مۇتەپەككۇر نەۋائىنىڭ ئەدەبىي مىراسى ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتى تارىخىدا زور

① مالوۋ، س. يې. «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي تىل ۋە يېزىقىدا ئەمىر ئەلىشىر نەۋائى» 480 - بەت («ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 62-63 - بەتكە ئېلىنغان نەقىل).

ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە.

تارىختىكى ھەرقانداق بەدىئىي مىراسلارغا ئوخشاش نەۋائىي ئەدەبىي مىراسلىرىمۇ كەمچىلىك - خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس، يەنى نەۋائىي ئىجادىغا ئۇ ياشىغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېكسپىلاتاتورلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلارنى كېلىشتۈرۈش مۇمكىن دەپ قارايدىغان ئىدىيەۋى قاراشلار سىنىپىي ئانتاگونىيىنى چۈشەنمەي، بىلىملىك ئادىل شاھقا تايىنىش ئارقىلىق خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش مۇمكىن دەپ قارايدىغان ئۈتۈپىيىلىك قاراشلار سىڭگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەينى زاماندىكى دىنىي ئېقىم ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن تۇغۇلغان ئىدېئالىستىك دىنىي قاراشلارمۇ سىڭگەن. شۇڭا نەۋائىي ئىجادىغىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

ئەمما ئۇنىڭ دەۋر چەكلىمىسى ۋە دەۋر شەرت - شارائىتى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن يۇقىرىقىدەك كەمچىلىكلەر ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئەسەرلىرىگە ھەرگىز داغ چۈشۈرەلمەيدۇ.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەتلىرىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ: «... ئۈمىدىم ئولدۇركى ۋە خىيالىمغا شۇنداق كېلىشتۈركى، سۆزۈم مەرتىۋىسى ئەۋجىدىن قايتمىغاي ۋە بۇ يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ تەنتەنىسى ئەلا دەرىجىدىن ئۆزگە يەرنى ياقتۇرمىغاي» دەپ كېلەچەكنى توغرا مۆلچەرلىگەن.

نەۋائىي ئىلمىي - بەدىئىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەۋائىيشۇناسلىرى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرى-

لىق ئۇنلىغان مونوگرافىيىلەر، يۈزلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىنـدى. سوۋېت نەۋائىيشۇناسلىقى بۇ ساھەدە چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. بۇ جەھەتتە ۋ. ۋ. بارتولد، ي. ئە. بېرتىلس، ئا. شەرە فىددىنوۋ، ۋ. زاھىدوۋ، ۋ. ئابدۇللايوۋ، ئى. سۇلتانوۋ، ئا. ھەيتمەتوۋ ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتمەي تۇرالمايمىز.

دېمەك، نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ماھىيىتى بىلەن XV ئەسىر زۇلمەتلىك فېئودالىزم ئاسمىنىدا چاقنىغان شېئىرىيەت قۇياشى ئىدى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟

2. ئەلىشىر نەۋائى ھاياتىدا قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

3. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭلار. سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگەن داستانلار قايسىلار؟ ئۇنىڭدا شائىرنىڭ قايسى تۈپكى كۆز قارىشى تەسۋىرلەنگەن؟

5. نەۋائىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى قايسىلار؟

6. «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دە نېمىلەر دېيىلگەن؟

7. «مەجالىسۇننەفائىس» قانداق ئەسەر؟

8. نەۋائىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى قانداق؟ سىلەر نەۋائىنىڭ قايسى ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقتىڭلار؟

## ئۈچىنچى قىسىم

# سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

# I باب. ئومۇمىي بايان

## (1678 — 1514)

### §1-. موگغول دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەن (1363) دىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس سەمەرقەندتىن كېلىپ، ئالمىلىقتا تەختكە ئولتۇر-دى. تۇغلۇق تۆمۈر قايتا قۇرغان چاغاتاي خانلىقى ئىلياس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەنە بىر قېتىم پارچىلاندى. بۇ پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي كۈچ تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈر) ئىدى. ئىلياس سەمەرقەندتىن ئالمىلىققا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۆمۈر ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا تۇرۇشلۇق چا-غاتاي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، بەلخنى ئىشغال قىلدى. ئارقى-دىنلا ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىن ئۆتۈپ ماۋارەئۇننەھر رايونىغا كىردى ۋە سەمەرقەندنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى-نىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن ئاغدۇرۇلغانىدى. 1365-يىلى تۆمۈر قوشۇنلىرى تاشكەنتكە كۆچكەندە، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەندكە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۆمۈر قوشۇنلىرى چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ زەربە يېگەن، چاغاتاي قوشۇنلىرى سەمەرقەندنى قايتا ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ بۇ غەلىبىلىرى خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىدى. شۇنىڭدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن چاغاتاي قوشۇنلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ماۋا-

رەقىبلىرىنى رايونىدىن چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە
چاغاتاي خانلىقىنىڭ ماۋارەئۈننەھىردىكى ھۆكۈمرانلىقى تامامەن
ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئورنىنى تۆمۈر ئىگىلىدى.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئېخىر تالاپەتتى ئىلىياس ئۆلگەندىن
كېيىن بولدى. بۇلاجى بەگنىڭ بىر قېرىندىشى قەمەرىددىن «بىر
كۈن ئىچىدىلا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 18 بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاش-
لىدى①» ۋە خانلىق ئورنىنى تارتىۋالدى. قەمەرىددىنىڭ سەل-
تەنىتى 12 يىل داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ باشتىن ـ ئاخىر
ماۋارەئۈننەھىرنى ئالىشىپ تۆمۈر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. لېكىن
بۇ ئۇرۇشتا ئۇنىڭ قازانغان نەتىجىلىرى ئاز بولدى.

قەمەرىددىن ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەخت يەنە چاغا-
تاي ئەۋلادىغا ئۆتتى: يەنى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى
خىزىر خوجا تەختكە چىقتى، قەمەرىددىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋال-
غان چاغدا، خىزىر خوجىنى بۇلاجى بەگنىڭ چوڭ ئوغلى خۇ-
دايدات يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغانىدى. خىزىر خوجا تەختكە چىق-
قاندىن كېيىن، تۆمۈر بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.
بۇ چاغدا تۆمۈر كىچىك ئاسىيادا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن چاغاتاي خانلىقى تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كار-
نىزون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قىسمەن غەلىبىلەرگە
ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر كىچىك ئاسىيادىن قايتىپ
كېلىپ، خىزىر خوجىنى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا مەغلۇپ قىل-
دى. ئاندىن تۆمۈر ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىپ، قەش-
قەر ۋە ئالمىلىقنى ۋەيران قىلدى، ئالمىلىقتا ئوت قويۇپ ئۇنى
خارابىغا ئايلاندۇردى.

خىزىر خوجا ئالمىلىقنى تاشلاپ، كۇچا، قاراشەھەرلەر ئار-

---

① «تارىخى رەشىدى».

قىلىق بەشبالىق (جىمسار) غا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئۇ يەرنى پايتەخت قىلدى. بۇ قالدۇق چاغاتاي خانلىقى مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا بەشبالىق ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالدى. شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خىزىر خوجا تۆمۈرنىڭ ماۋارەئۈننەھىردىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى.

خىزىر خوجا (1408) ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى. بىرنەچچە قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئاخىر يۇنۇسخان غەلىبە قىلدى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. يۇنۇسخان كوراگان خاندانىغا ئوخشاش «سۇلتان» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى.

ھىجرىيىنىڭ 872 - يىلى (1468 - يىلى) يەركەن ۋە خوتەننى ئابابەكرى مىرزا دوغلات ئىشغال قىلىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ھىجرىيىنىڭ 879 - يىلى (1474 - يىلى) يۇنۇسخان قەشقەر ھۆكۈمدارى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا بىلەن بىرلىكتە ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى، قەشقەرمۇ ئابابەكرى مىرزىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ھىجرىيىنىڭ 892 - يىلى (1487 - يىلى) سۇلتان يۇنۇسخان ئورنىغا ئوغلى مەھمۇدخان خان بولدى. مەھمۇدخان (سۇلتان مەھمۇد) شايبانىخان بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى ۋە ئاخىر شايبان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

سۇلتان مەھمۇدخانغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن چاغاتاي - موغۇل دۆلىتى مانا شۇنداق مۇنقەرز بولدى. بۇ دۆلەتنىڭ موغۇل دۆلىتى دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىرى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئىدارە تەشكىلاتلىرى ۋە رەسمىي مۇراسىملىرى تولۇق موڭغۇل ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق بولغانلىقىدىن بولغانىدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى موڭغۇل

ئىدى. بۇ ھۆكۈمدارلار مۇسۇلمان بولغان دەۋردىمۇ يۇقىرىقى تەرتىپلەر يۈرگۈزۈلۈپ، مەھمۇدخان دەۋرىگە قەدەر داۋام قىلغان، پەقەت دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارلا ئۆزگەرگەنىدى. ئەما سۇلتان مەھمۇدخان ئۆلۈپ سەككىز يىلدىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخان قۇرغان دۆلەتتە، يەنى سەئىدىيە دۆلىتىدە، يالغۇز ھۆكۈمدارلارلا چاغاتاي نەسلىدىن بولۇپ، دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئۇيغۇرچە بولدى، قوشۇن ئۇيغۇرلاردىن تۈزۈلدى. ھەربىي تۈزۈممۇ ئۇيغۇرچە بولدى. مانا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ئۆلۈشى بىلەن چاغاتاي-موغۇل دۆلىتى يىقىلغان دېيىشكە بولىدۇ. سۇلتان سەئىدخاندىن باشلاپ ئاپپاق خوجا يېغىلىقى ۋە جۇڭغارلار ئىستېلاسىغىچە داۋام قىلغان دۆلەتنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي دۆلىتى ياكى يەرلىك دۆلەت دېيىشكە بولىدۇ.

بىز يەركەن — سەئىدىلەر خانلىقىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قەدىمىراق ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

چىڭگىزخان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، نايمان خانى كۈچلۈكخاننى يوقىتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى يۇتۇۋېلىش نىيىتىدە بولدى ۋە 1219-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا جىتەنويان ئىسىملىك سەركەردىسىنى 20 مىڭ قوشۇن بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ماڭدۇردى. جىتەنويانغا ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۈچلۈكخان بارلىق كۈچىنى يىغىپ خوتەندىن ئىسسىقكۆل يېنىغا بېرىپ تەييارلىق قىلدى، ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولدى، كۈچلۈكخان مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەرگە قاچتى، قەشقەر ئاھالىسى ئۇنىڭدىن ئوبدان ئۆچ ئالدى. كۈچلۈكخان قەشقەردە تۇرالماي ئۈچ ئادىمى بىلەن يەنە قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا يوشۇرۇندى. جىتەنو-

يان قوغلاپ كەلدى ۋە ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى چىڭگىزخانغا ئەۋەتتى. جەنتەنويان كۈچلۈكنىڭ يەركەن، خوتەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىنى ئۇرۇشسىزلا ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرتلارغا بالايىئاپەت بولغان چىڭگىزخان شەرقىي تۈركىستاننى قۇتقۇزغۇچى بولۇپ قالدى.

ھىجرىيىنىڭ 615 - يىلى (1218 - يىلى) چىڭگىزخان ئالتە شەھەر رايونىغا ئۇيغۇرلاردىن ماڭلاي سۈيە ئىسىملىك بىر كىشىنى ۋالىي قىلدى (ماڭلاي سۈيە — سۈيۈملۈك پېشانىلىك دېمەكتۇر — ئا) ماڭلاي سۈيەنىڭ بىر پۇتى ئاقساق (توكۇر) بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭگىزخان ئۇنى «دوغلات» دەيتتى (دوغلات — موڭغۇل تىلىدا ئاقساق دېمەكتۇر — ئا). شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1224 - يىلىغا قەدەر ئالتە شەھەرگە ھۆكۈمدار بولغان ماڭلاي سۈيە ئائىلىسىنى تارىخلاردا دوغلات ئائىلىسى (سۇلالىسى) دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، دوغلات ئەۋلادىنىڭ بىرىنچى ھۆكۈمدارى — ماڭلاي سۈيە دوغلاتتۇر. بۇ كىشى ئۇيغۇر بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئىدى.

دوغلات جەمەتى توغرىسىدا «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۆزلىگەندە، «دوغلات جەمەتى موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مانا شۇ دوغلات جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، دوغلاتلار ئەڭ بالدۇر ئۇيغۇرلاشقان موڭغۇل قەۋملىرىدىن بىرى ئىدى.

دوغلاتلارنىڭ چاغاتاي خانلىقىدا بولاجى بەگ دەۋرىدىن باشلاپ رولى چوڭ بولدى. چاغاتاي خانلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى تەختكە چىقىرىش، ئۇرۇش ۋە سۈلھ تۈزۈش قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلىش شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلاجى بەگ شەرقىي

تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر چاغاتاي دۆلىتى قۇرۇش ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇش ـ تالاش، جەڭگى ـ جېدەلدىن خالىي تۇ-رۇش تەرەپدارى ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 730 ـ يىلى (1333 ـ يىلى) ئىسەن بۇقاخاننى ئالمىلىقتا تەختكە چىقاردى. ھىجرىيىنىڭ 748-يىلى (1351 ـ يىلى) تۇغلۇق تۆمۈرنى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەگلەر بېگى بولدى. بۇلاچى بەگ ئۆل-گەندىن كېيىن ئوغلى خۇدايدات بەگلەر بېگى بولدى. قەمەر-دىن بەگ شەرقىي تۈركىستاندا چىڭگىزخان ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈم-دار بولۇشىنى ھاجەتسىز دەپ قاراپ، ئۇنى ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھىجرىيىنىڭ 768 ـ يىلى (1371 ـ يىلى) ئىلياس خانغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغاندى. لېكىن ئىچكى جەھەتتە خۇدايدات ۋە باش-قىلار قارشىلىق قىلغانلىقى، تاشقى جەھەتتە تۆمۈر (ئاقساق تۆ-مۈر) ھۇجۇم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمى-دى. قەمەرىدىن بەگ تۆمۈردەك بىر دۇنياۋى جاھانگىرغا قار-شى شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمانلىق ئۆلگىسىنى ياراتتى. قەمەر-دىن بەگنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىدى. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەركەن ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى، يەتتىسۇ ئۆلكىلىرى پۈتۈن-لەي قەمەرىدىن بەگنىڭ قولىدا بولغان.

دوغلات قەۋمىدىن بولغان ئاتاقلىق شەخس مىرزا ئابابەك-رى دوغلات ئىدى. ئۇ تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. ئابابەكرى مىرزا ھوشيار، ھىممەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ياشلىق ۋاقتىدىكى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ــ ئاكىسىنىڭ ئوغلى مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يېزىپ قالدۇرغان: «دوست مۇھەممەد دوغلات دۆلىتىگە موغۇل

ئەمەلدارلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۆلى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرپانغا ئېلىپ كەتكەن ۋە ئىككى - ئۈچ يىل يېنىدا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى بەرگەنىدى. مىرزا ئابابەكرى دوغلات دوغلات يۇرتىنى موغۇل ئىستىپلاسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ھىجرىيىنىڭ 872 - يىلى(1442 - يىلى) ئابابەكرى مىرزا ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن يەركەنگە كېلىپ شەھەرنى ئالدى. مۇھەممەد ھەيدەر ئۆلى يوقتىش ئۈچۈن 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. ئابابەكرى خوتەننىمۇ ئىشغال قىلدى. يەركەننى قايتا ئىسلاھ قىلىپ، مۇستەھكەم قورغان سالدى. ھازىرقى يەركەن سېپىلى شۇدۇر. ئۇنىڭ بۇ ئىسلاھاتلىرى «تارىخىي رەشىدى» دە يېزىلغان.

ئابابەكرى مىرزا يەنە غەربىي تىبەت (لاداخ ۋە بالىستان) نى ئىشغال قىلىپ، تىجارەت يولى ئېچىش قارارىغا كەلدى ۋە ھىجرىيىنىڭ 877 - يىلى (1447 - يىلى) غەربىي تىبەتكە ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇ ئەسكەرلەر مەشھۇر لاداخ يولى بىلەن مېڭىپ «توبىدا» ۋە «ماريول» (ھازىرقى لاداخ)، ھازىرقى بالىستان ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلىپ كەشمىرغىچە باردى. بۇ يەرلەر ئابابەكرى مىرزا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ قولىدا بولدى.

ھىجرىيىنىڭ 879 - يىلى (1449 - يىلى) سۇلتان يونۇس خان ۋە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا 50 مىڭ قوشۇن بىلەن ئابابەكرىگە ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ھەيدەر مىرزا قەشقەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئابابەكرى مىرزا قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، شەھەرنى ئىسلاھ قىلدى، سېپىل سوقتى. ھازىرقى كونىشەھەر سېپىلى شۇ دەۋردىن قالغان سېپىل. ئۇ ئۆزىگە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى؛ ئۇ ھىجرىيىنىڭ 881 -

يىلى (1451 - يىلى) بەدەخشاننى بويسۇندۇردى.

مىرزا ئابابەكرى كۆپ ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلدى. شىنجاڭنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى يەرلەر ھەمدە غەربتە پەرغانىگە قەدەر سۇلتان ئابابەكرى مىرزىغا تەۋە بولدى. ھىجرىيىنىڭ 716 - يىلى (1486 - يىلى) ئۆزبېك خانى شايبان ئىران شاھى ئىسمايىل تەرىپىدىن مەرۋىدە ئۆلتۈرۈلدى. مىرزا ئابابەكرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئارتباش يولى بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلدى، ئۆزكەنت قاتارلىق يەرلەرنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يەنە سەئىد خاندىن پەرغانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، ئەنجاننىڭ شەرقىدىن تۇتلۇق دېگەن يەردە قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ھىجرىيىنىڭ 917 - يىلى (1487 - يىلى) ئابابەكرى مىرزا يەركەنگە قايتىپ كەتتى.

تۇتلۇق ئۇرۇشىدىن كېيىن سۇلتان ئابابەكرىنىڭ ئەقلى - ھوشى بۇزۇلۇپ، خەلققە زۇلۇم سېلىشقا، قان تۆكۈشكە باشلىدى. دۆلەت ئەربابلىرىنى ماڭا «سۇيىقەست قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈردى. ئۆز ئىنىسى مۇھەممەد شاھنى تامغا مىقلاپ ئۆلتۈردى. يەركەندە ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنى «سۇيىقەستچى» دەپ ئۆلتۈردى.

سەئىدخان پەرغانىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە ئۈچ يىل سۇلتان ئۇنۇۋانى بىلەن تۇردى. ھىجرىيىنىڭ 921 - يىلىنىڭ (1491 - يىلىنىڭ) باشلىرىدا، سەئىدخان ئارتىبىشى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. سۇلتان ئابابەكرى قەشقەرگە بېرىپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى، سەئىدخان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. سەئىدخان توققۇزاققا چېكىندى ۋە ئاندىن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى.

يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئابابەكرى

قوشۇنلىرىدا ۋەھىمە تۇغۇلىدى. ئاباەكرى ئامالسىز يەركەنگە قايتىپ كەتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەئىدخان قەشقەرگە يەنە قايتا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئىشغال قىلدى. ھاپال قالماي يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئابابەكرى مىرزا ئورنىغا ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى قالدۇرۇپ ئۆزى خوتەنگە كەتتى. جاھانگىر خان سەئىدخاننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ يەركەننى تاشلاپ قاچتى. سەئىدخان يەركەننى ئۇرۇشسىز ئىشغال قىلدى ۋە دەرھال ئابابەكرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئابابەكرى خوتەننى تاشلاپ قاراڭغۇ تاغ تەرەپكە قاچقانىدى. ئۇ يەردىن تىبەت تەرەپكە قاچتى. تىبەتلىكلەر كىرگۈزمىدى. ئاندىن يەنە قايتىدىن يەركەن تەرەپكە ماڭدى. سەئىدخان ئۇنى ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئالدى، لېكىن يولدا بىر قونالغۇدا مىرزا ئابابەكرى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ 300 يىل داۋام قىلغان دوغلات ئالتە شەھەر دۆلىتى 1516 - يىلى ھالاك بولدى. ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئىدارە تەشكىلاتى چاغاتاي دۆلىتىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ 1514 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادى، مۇغۇللارنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 8 - ئەۋلاد نەۋرىسى سەئىدخان دوغلات قەبىلىسىنىڭ 6 - ئەۋلاد باشلىقى ئابابەكرى دوغلاتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى① ۋە ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان (موغۇلىستان) نىڭ چوڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. پايتەختى قەشقەر بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي پايتەختنى يەركەنگە يۆتكىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يەركەن خانلىقى» دەپمۇ ئاتالدى.

---

① «تارىخىي رەشىدى»

«تارىخىي رەشىدى» 4 - بابتا ئېيتىلىشىچە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە قىتانە (چىڭ، مىڭ سۇلالىلىرىنى كۆرسىتىدۇ) لەرنىڭ چېگرىسىدىن جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

«تارىخىي رەشىدى» 69 - بابتا ئېيتىلىشىچە سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە دېھقانچىلىق راۋاجلانغان، چارۋىچىلىق رونەق تېپىپ، مال - چارۋا كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، قەشقەر تۆزلەڭلىكى ۋە تاغلىق رايونلاردا يايلاقلار يېتىشمەي قالغان. سۇلتان سەئىدخان ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كاتتا بىر پىلان تۈزۈپ، موغۇلىستاننى بويسۇندۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن يەنىمۇ راۋاجلاندۇرماقچى بولغان.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇرلار بولغاچقا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە شەھەرلەرنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تۆھپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

خانلىقتا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى زاماندىكى سەئىدىيە خانلىقى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشى كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكەن. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ 55 - بابىدا ئېيتىلىشىچە، سەئىدخان ھەر ئالتە كۈندە بىر قېتىم يەركەنگە بېرىپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تۇرغان، بارگاھىنى يەركەندىكى «ئەرك ئوردىسى» غا يۆتكىگەن. بۇ ئوردا ئەسلىدە ئابابەكرى ھۆزۈرلىنىدىغان جاي بولۇپ، ئاددىي خەلق ۋە ئەسكەرلەر يېقىن بارالمايدىغان، ئاقسۆڭەكلەرلا كەيپ - ساپا قىلىدىغان جاي ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقى (1513 — 1678) ئىلگىرى - ئاخىر 164 يىلغا يېقىن دەۋر سۈردى. ئۇنىڭ كۈچەيگەن ۋاقتىدا دۆ-

لەت تېررىتورىيىسى يۇتكۆل تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن تاشقىرى، يەنە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، ئىسسىقكۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە بەداخشان، ۋاخان رايونلىرىغا قەدەر بارغانىدى. بىر مەزگىل شىزائىنىڭ غەربىگە قەدەر بېسىپ باردى ۋە كەشمىرنى ئىشغال قىلدى. مانا شۇ يۈرۈشتە ئۆزى ئاغرىپ يولدا ئۆلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن خانلىقىمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتتى①.

## 3-§. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا ئوخشاش ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى، ئۆزىنىڭ سانسىز مەدەنىي مىراسلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى. كلاسسىك ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا راۋاجلاندى ۋە گۈللەندى. بۇ جەھەتكىچە، باي مەزمۇن ۋە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا سەئىدىيە خانلىقىدا بارلىققا كەلگەن تىنچ، مۇقىم بولغان ۋە گۈللەنگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن سەئىدخان ۋە ئابدۇرىشىدخانلار تەرەققىيپەرۋەر، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەتكە چىن دىلىدىن چوڭقۇر ئىشتى

① «تارىخىي رەشىدى» دە مۇشۇ جايغىچە يېزىلغان.

ياق باغلىغان، خەلقپەرۋەر، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن
بولغاچقا، ئۇلار يالغۇز دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش،
تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە جاسارەت
ۋە غەيرەت كۆرسىتىپلا قالماي، چاغاتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىر-
قى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبىدىن
ئۈزۈلۈپ قېلىشقا تاس قالغان مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، ئەدە-
بىيات - سەنئەت تراديتسىيىسى «ئەنئەنىسى» نى قايتىدىن را-
ۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خەلق ئاممىسىنى جاھالەت
ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تەۋەسىدىكى ھەرقاي-
ى جايلارغا دۆلەتتىن ياردەم بېرىلىدىغان خانلىق مەدرىس،
كتەپلەرنى قۇرۇپ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندىن
اشقىرى، كىتابخانا ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەسىس
قىلىپ، ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانى-
يەتلەرنى ياراتتى. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئوردا ئىشىكى»
دېگەن جايىغا ئورۇنلاشقان «خانلىق مەدرىس» بىلەن ھازىرقى
يەركەن ناھىيىلىك قول سانائەت ئىدارىسى ھارۋا چابدۇق
كارخانىسى ئورنىدىكى «خانلىق مەدرىسە»، يەركەندىكى ئوردا
كۆل ئەتراپىغا جايلاشقان «دىۋانخانا» (دۆلەتلىك كىتابخانا)
شۇ ۋاقىتتا يالغۇز سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەل-
كى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق مەملىكەتلىرى تەۋەسىدە-
كى ئەڭ داڭلىق مەشھۇر بىلىم يۇرتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات
ئورنى ئىدى. بۇ مەدرىسلەردە زامانىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن
قىدىرخان، ئايازى قاتارلىق كىشىلەرمۇ مۇدەررىسلىك قىلاتتى.
ئۇلار ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئوردۇ تىلى، ھېساب، تارىخ،
ئەدەبىيات، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى
قاتارلىق ئۆز زامانىسىدىكى پەنلەردىن دەرس ئۆتەتتى. بۇ مەك-
تەپ، مەدرىسلەرگە سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى

ئورۇنلاردىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇغاندىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردىن ھەمدە ئىراق، ئىران، ئەرەب، ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ كۆپلىگەن تالىپلار كېلىپ ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى.

سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە قۇرۇلغان بۇ مەدرىس ۋە مەكتەپلەر خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - مەرىپەتكە باشلاپ، ئۇلارنىڭ جاھىللىق ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كۆپ ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە گىراماتىكىسىنىڭ ئورنىغا ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىپ ياكى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا سەل قاراشتەك ناچار خاھىشلاردىن ھەم ساقلىنالمىغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخانلار موڭغۇللار دەۋرىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ شان - شۆھرىتىنى پۈتۈن ئالەمگە قايتىدىن نامايان قىلدى. سۇلتانلىق تەۋەسىدىكى جايلاردىن بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تالاپ كېلىپ 2500 كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇغىلى بولىدىغان يەركەندىكى «قىرىق گۈمبەز» دەپ ئاتالغان مەسچىت بىلەن 12000 كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان يەركەن كونىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى جامەنى ياسىتىپ خەلقنىڭ پايدىلىنىشىغا بەردى. مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى قەشقەر قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىن ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئىچىگە يۆتكەپ قايتىدىن ياساتتى (مازارنىڭ بۇرۇنقى ئورنى دەريا ياقىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرياغا سەل كېلىپ بىرنەچچە قېتىم مازار ئەتراپىنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن دەريا ياقىسىدىن يىراقراق بولغان شەھەر ئىچىگە — خەلق باغچىسىنىڭ ئارقىسىدىكى «ئاق

مازار» دېگەن جايغا يۆتكەلگەن). بۇلاردىن باشقا ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىمخان) نىڭ مازىرىمۇ قايتىدىن ياسانقۇزدى.

سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخانلار ئەينى يىللاردىكى تېر-رورلۇق ۋە تۇرلۇك ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەر كەلتۇرۇپ چىقارغان ئادالەتسىزلىك تۇپەيلىدىن، ھەر تەرەپكە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئالىملار، يازغۇچىلار، ھۇنەرۋەنلەر، شائىرلارنى، دانىش-مەن، دۆلەت ئەربابلىرىنى يىغىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا ئۇ-لارنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىن باشقا، بۇ ھۇنەر-سەنئەت بىلىم ئىگىلىرىنى سەئىدىيە خانلىقىنى گۇللەندۇرۇشتىن ئىبارەت ئور-تاق ئىشقا جەلىپ قىلىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۇردى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ھېسابلانغان مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر، ئالىم ۋە شائىر مەۋلانە خۇلقى، شائىر ئايازبېك قوشچى، مۇقامشۇناس ئالىم ۋە شائىر قىدىرخان، ئالىم موللا يۇسۇپ قەشقەرى، مۇلۇك چالىش-خوجا سالىھ قاتارلىقلار سەئىدە خانلى-قىنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇر-مۇشىنى ياخشىلاش يولىدا كۆپلەپ كۈچ چىقارغاندىن باشقا، «تارىخىي رەشىدى»، «دىۋان خۇلقى»، «دىۋان قىدىرى»، «جا-ھاننامە» گە ئوخشاش تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئار-قىلىق سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-نىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن زور ھەسسە قوشتى. سەئىدىيە خانلى-قىدا شەكىللەنگەن ھەرتەرەپلىمىلىك گۇللىنىش ۋەزىيىتى يەنە نۇرغۇن ئالىملارنى، شائىرلارنى، يازغۇچى ۋە تەرجىمانلارنى، خەتتاتلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقتى. ئۇلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئالىم-لىرى، يازغۇچى، شائىرلىرى، جۇملىدىن ئۆز دەۋرىدىكى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، بېسىش، تارقىتىش، دىۋان

تۈزۈش، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۇيـغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈشتەك مەدەنىيەت پائالىيەتـلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئىجاد قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزگەن قىممەتلىك سەنئەت بايلىقى 12 مۇقام خانلىقىنىڭ ئىمكانىيەت ۋە شەرتـشارائىت يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە مەلىكە ئامانىساخان ۋە مۇزىكا ئۇستىسى قىدىرخانلار تەرىپىدىن رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۇلار يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىپ، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. شۇنداق قىـلىپ سەئىدىيە خانلىقىدا مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات جەھەتتە قاراخانىلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش گۈللەنگەن بىر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئۇ كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە نېمە ئۈچۈن قاراخانىلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن «ئالتۇن دەۋرى» مەيدانغا كەلدى دەيمىز؟

2. سەئىدىيە خانلىقى مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قانداق ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى؟

3. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭلار؟

## II باب. سەئىدخان

سەئىدخان موگغۇل ئىستىبلاسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن بىر مەزگىللىك پارچىلىنىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، چوڭ تېپتىكى بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق خانلىق — سەئىدىيە دۆلىتىنى يەرپا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللەپ ياشنىشىغىمۇ زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە شائىر خاقان ئىدى.

سەئىدخاننىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى مىلادى 1466 - يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى ئاقسۇدا تۇغۇلدى① دېيىلسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «سەئىدخان تەخمىنەن مىلادى 1484 - يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان»② دېيىلگەن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 1490 - يىلى تۇغۇلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

«سەئىدخان كۆڭلۈك مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەتپەرۋەر كىشى ئىدى... ئۇنىڭ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى نۇرلاندى. سەئىدخان ئېسىل نىجادكار ۋە ئالىيجاناب كىشى ئىدى.

① ئا. سابىت، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 1 - قىسىم، 76 - بەت.

② ۋ. غوپۇر، ئە. ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» 717- بەت.

تەكەللۇپنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا جەسۇر ۋە جەڭگىۋار بولۇپ، سىپاھگەرچىلىكتە قوماندان ئىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ ئېيتىشىچە، موڭغۇل، ئۆزبېك، چاغاتاي ئۇلۇسلىرى ئىچىدە سەئىدخاندەك ئۇستا مەرگەن يوقتۇر①»، «تارىخ رەشىدى» (زەيلى) دە سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش)، مۆھۈر ئويۇش، زەرگەرلىك، نەققاشچىلىق، مېمارچىلىق، سازچىلىق، ئوق ئۆتمەس تۆمۈر كىيىم ياساش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مېتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر-سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىقتىدارلىق ئادىمى ئىدى. ئۇ سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چاھارتار (تۆتتار)، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى بەھۇزۇر يازالايتتى، قىسقىسى، ئۇ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئىستىبداتلىق ماھىرى ئىدى» دەپ بايان قىلىدۇ.

سەئىدخان يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ناھايىتى تېز شۆھرەت تاپتى ۋە كۆپ ھىمايىگە ئىگە بولدى. ئۇ «يەركەن خانلىقىنىڭ» چوڭ خانى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئالدى بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن فېئودال ئۇششاق بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈردى. ئۇ دەسلەپ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەر كوراگاننى ئېلىپ، بۆلۈر (لاداخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر)غا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايلارنى يەركەن خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئارقىدىن بەدەخشاندىكى باشباشتاق بۆلگۈنچى ھۆكۈمرانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ قايتتى. بۇ مەزگىللەردە سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇرخان (1503 — 1547) چالىش

① ئابدۇكېرىم راخمان: «يەركەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 - يىل 1 - سان 20 - بەت.

(قارا شەھەر) دىن تارتىپ تۇرپانغىچە بولغان جايلارنىڭ خانى ئىدى،
سەئىدخاننىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن مەنسۇرخان بىلەن ئىتتى-
پاقلىق كېلىشىم تۈزۈپ، بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇجايلارنىمۇ ئۆزىگە بىر-
لەشتۈردى. نەتىجىدە سەئىدخان زامانىسىدا قۇمۇلدىن بەدەخشانغا
قەدەر بولغان جايلاردا ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

ئومۇمەن ئالغاندا، سەئىدخان پۈتۈن شىنجاڭ رايونلىرىدا
بىرقەدەر مۇقىم ۋەزىيەت تۇرغۇزدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ جاي-
لار چاغاتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىدىغان كۈرەش
مەيدانىغا ئايلىنىپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدى. بولۇپمۇ ئابابەك-
رى مىرزىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئىقتى-
سادىي ۋە سىياسىي زۇلۇملار چېكىدىن ئاشقانىدى. سەئىدخان
تەختكە چىققاندىن كېيىن ئادالەت ئورنىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ،
پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان ئون يىللىق ئالۋان - سېلىق مەجبۇر-
يىتىنى كەچۈرۈم قىلدى. خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن
خانلىق خەزىنىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق خەزىنىلەرنى مۇ-
ۋاپىق ھالدا تەقسىملەپ خەلققە بەردى ھەمدە ھەرخىل ئىقتى-
سادىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.

سەئىدخان مەرىپەتپەرۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دەۋرى-
نىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىدى. ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ۋە باشقا پەنلەر بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيى-
لەپ يېتىشتۈردى. ئابدۇرەشىدخان، مىرزا ھەيدەر كوراگان قا-
تارلىق كىشىلەر سەئىدخاننىڭ بىۋاستە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيى-
لىشى ئاستىدا يېتىشكەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىملىرى
ھېسابلىنىدۇ. سەئىدخان دەۋرىدە مەدەنىيەت جەھەتتە گەرچە
مەلۇم يۈكسىلىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت-
تە ئەرەب ۋە پارس تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچراش نەتىجىسىدە
ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى كۆرۈنەرلىك ھالدا بۇزۇلۇشقا ئۇچرى-

دى. بۇنداق ھالەتنى سەئىدخان دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ سەلبىي جەھەتى دېيىش مۇمكىن.

سۇلتان سەئىدخان مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسۈپ-يېتىلدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يونۇس خان ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەتپەرۋەر خانى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يار-دىمى بىلەن ئالىم مەۋلانە ئىلى يەزدىگە شاگىرت بولۇپ 12 يىل ئوقۇپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىمى بولۇپ يېتىشكەندى. سە-ئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەدخان يونۇسخاندىن بىۋاستە تەربىيە ئالدى ۋە ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم-مەرىپەت سۆيى بىلەن يۇغۇردى.

سەئىدخان يەنە بىر نەۋرە تۇغقىنى ئوبۇلقاسىم بابىر بى-لەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەندى. دېمەك ئۇ 20 ياش ۋاقىتلىرىدا ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئۆز دەۋ-رىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىمى بولۇپ يېتىشىپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتىنمۇ خېلى تونۇلغان شائىر بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنى، بولۇپمۇ شائىرلار ۋە مو-غەننىي (سازەندە) لەرنى ئارتۇقچە ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇلارنى ئەتىۋارلىدى.

شائىر سۇلتان سەئىدخاننىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى تولۇق «دىۋان» سۈپىتىدە ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن «تارىخى رەشىدى» دە ئۆرنەك قىلىنغان بەزى شېئىرلىرىدىن ئۇ-نىڭ خېلى كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

ھۆر① بىرلە جەننەتۇل-مەئۋانى كۆڭلۈم ئەيلەسۇن،
يارنىڭ② كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل-مەئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر③ ھەردەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشاندۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى④ بار.
بىر سۇجۇك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە⑤ گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار⑥.
يۈزى ئۆزرە كاكۇلۇ زۇلفىن⑦ پەرىشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشۇفتە⑧ كۆڭلۈمنىڭ ئەجەپ سەۋداسى بار.

شائىر سۇلتان سەئىدخاننىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدا شائىرنىڭ «جانان»غا بولغان چوڭقۇر ئىشقى-مۇھەببىتى ۋە كۆچلۈك ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ سىمۋولىستىك ئاساستا روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پوئېتىك ئەسەرلىرىدە «يار» دېگەن

① ھۆر — ئەپسانىلەردە سۆزلىنىدىغان جەننەتتىكى پەرىلەر.

② يارنىڭ كويىدا — يارنىڭ كوچىسىدا.

③ لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر — يارنىڭ جۇپ لېۋىدىن چىققان ھەر تىنىقتا ھاياتقا نىشان بېرىلىدۇ.

④ ئىككى قاشىدىن تۇغراسى — يارنىڭ ئىككى قېشى ئۇنىڭ ئاشىقلىرىغا ھايات يولىنى كۆرسەتكۈچ مۆھۈر (بەلگە).

⑤ لەئلى جان بەخشىڭدە — سۆيگۈنۈمنىڭ لېۋىدە ئۆلۈككە جان ئاتا قىلىدىغان نەپەسلىرى بار.

⑥ مەسىھ ئەنفاسى — ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە ئەيسا پەيغەمبەر ئۆلۈككە دەم سالسا، ئۆلۈك تىرىلگەندەك، يارنى سۆيۈش ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۆلگەن ئاشىقلىرىنى تىرىلدۈرىدۇ.

⑦ كاكول ۋە زۇلفىن — تال-تال بولۇپ يۈزلىرىگە چېچىلىپ تۇرغان چاچ.

⑧ ئاشۇفتە — زارلانغان، نالە قىلغان.

سۆزنى ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ «يار» سۆزىنى كۆپ تىلغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبى: بىرى، «يار» سۆزى ئىسلام تېئولوگىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئەڭ «مۇقەددەس» دەپ قارالغان «ئاللا - تەڭرى» گە سىمۋول قىلىنغان. يەنە بىرى بولسا، كلاسسىكلىرىمىز ئۆز ۋەتىنىنى مۇقەددەس بىلىش، ۋەتەن - ئەل تۇپرىقىنى ئۇلۇغلاش سۈپىتىدە «يار» سۆزىنى «يۇرت - ۋەتەن» گە سىمۋول قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەقسەت ۋە غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمدى بۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىل ئەھۋالدا «يار» سۆزى ئىشقى - مۇھەببەتكىلا قارىتىلغان تەرەپلەرمۇ خېلى كۆپ. فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ۋە ئەينى دەۋر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن كاشىلىلىرى تۈپەيلىدىن، يازغۇچى شائىرلىرىمىز خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە ئازادلىققا تەلپۈنۈشلىرىنى، شۇنداقلا ئەركىن مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇش، گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈش ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «يار» سۆزىنى ئىشقى - مۇھەببەتكە قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات گۈزەللىكلىرىنى يۈشكە بولغان چوڭقۇر ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇ نۇقتىدىن بىز سۇلتان سەئىدخاننىڭ شېئىرلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېس - تۇيغۇسىنىڭ بۇ شېئىرغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئۆز ۋەتىنىنى گۈلشەن ئىچىدىكى گۈللەرنىڭ رەناسىغا ئوخشاتسا، ئۆزىنى شۇ گۈلنىڭ بۇلبۇلى شەيداسىغا ئوخشىتىپ، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر ۋە ئالىيجاناب مېھرى - مۇھەببىتىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

ھۆر بىرلە جەننەتۇل - مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتۇل - مەئۋاسى بار.

دېگەن مىسرالاردىمۇ ئۆز ۋەتەن تۇپرىقىدا يۈز مىڭلىغان ھۆر-پەرىلەر بار، بۇلار ئالدىدا جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەرنى كۆڭلۈم نەئەيلىسۇن (قانداقمۇ تارتسۇن) دېيىش ئارقىلىق، خەلققە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ شېئىرلىرىدىكى:

«شۈكرى لىللا ھالەتىم زاھىر بولۇپدۇر يارغە،
ئەمدى ئۆزىنى① كۆرسەتەي يار ئالدىدا ئەغيارغە②.
سەير ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچرە ئول سەرۋى رەۋان،
بەندە بولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدۇرەفتارغە.»

دېگەن مىسرالاردىمۇ شائىرنىڭ يۈكسەك سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. سەئىدخان شېئىرلىرى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە باي بولۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا چوڭقۇر شېئىرىي پىكىر، مۇئەييەن بىر مەزمۇن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە سەئىدخاننىڭ پارسچە يازغان شېئىرلىرىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم.

سەئىدخان مىلادى 1533 - يىلى يىل بېشىدا 7000 قوشۇن بىلەن تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى بىرقانچە پارچە ھاكىمىيەتلەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇ جايدىن يەركەنگە قايتىشىدا ئالىي ئېگىزلىكتە ئىس ئېلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن شۇ

① ئۆزنى — ئۆزەمنى.
② موللامىرسالىھ كاشغەرى «چىڭگىزنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 99 - بەت.

ىېلىنىڭ ئاخىرى يولدا ۋاپات بولدى.

سەئىدخان ئۆز ھاياتىدا خېلى ئۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، بەلكى شائىرنىڭ مەخسۇس دىۋانلىرى بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ئېنىق ماتېرىيال يوق. شۇنداقتىمۇ سەئىدخان قۇدرەتلىك ۋە گۈللەنگەن سەئىدىيە خانلىقىنى بەرپا قىلىپ، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرقەدەر زور ئىمكانىيەت ۋە شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەنلىكىدەك مەرىپەتپەرۋەرلىك پائالىيىتى ۋە زور تۆھپىسى بىلەنمۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا لايىق.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟

2. سەئىدخان «سەئىدىيە دۆلىتى» نىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟

3. سۇلتان سەئىدخان شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

# III باب. ئابدۇرەشىدخان

## 1 - §. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاياتى

ئابدۇرەشىدخان مەشھۇر دۆلەت ئەربابى، داڭلىق سىياسىئون، تالانتلىق ھەربىي سەركەردە سۈپىتىدە تۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ-قۇدرىتىنى ھەم ماھارىتىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە «سۇلتان سەئىدخان تىرەندازلىق ① ۋە چابۇكسۇۋار ② لىقتا بىمەسەل، بىمانەند ئىدى. ئەمما ئابدۇرەشىدخان تىرەندازلىق ۋە چابۇكسۇۋارلىقتا ئۇلۇغ خاندىن ئېشىپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان پادىشاھ زادەئى دىلاۋەر ۋە مەردانە خۇش مەنزەر ۋە نىكوسە يىگىرمە ئۈچ ياشىدا تەختخانىغە ئولتۇردى. شېئىر فارسى ۋە تۈركىنى خوپ ئېيتۇر ئىدىلەر. خۇش سەۋاد ئىدى. ھەر نەچچەبى ئىملا خەت بولسە، خوپ يادا ئالغاندەك ئوقۇر ئېردى ③.» دەپ بايان قىلىندۇ.

---

① تىرەندازلىق — مەرگەن، مەرگەنلىك.

② چابۇكسۇۋار — چەۋەنداز.

③ «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 105 - بەت.

ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1533 - يىلى خان بولدى. ئابدۇ-
رەشىدخان دەۋرى (1533 — 1569) سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ بىر-
قەدەر مۇستەھكەملەنگەن، تەۋەلىكى كېڭەيگەن، سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە مەلۇم گۈللىنىش ھاسىل قىلغان
دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان 1520 - يىلى
موغۇلىستان خانلىقى تەۋەسىدىكى پەرغانە شەھىرىدە دۇنيا-
غا كەلگەن. ئۇ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى دەسلەپ پەرغا-
نىدە، كېيىنچە كابۇلدىكى تاغىسى بابىر شاھنىڭ ئوردىسىدا ئوقۇش
بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئابدۇرەشىدخان ئائىلىسىنىڭ شاھ ئائىلىسى، شۇن-
داقلا ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ئائىلە بولۇشى ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى
بىرقەدەر مۇھىم بولغان مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن ماتېماتىكا،
لوگىكا، تىبابەت، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، پەلسەپە،
ئەدەبىيات، تارىخ، مۇزىكا قاتارلىق بىلىملەردىن خەۋەردار بو-
لۇپ يېتىلىشىگە تولىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئابدۇ-
رەشىدخان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن قەشقەر ۋە يەر-
كەنلەردە ئوقۇدى، مەرىپەت ئىزلىدى. ئۇ دادىسى سۇلتان سە-
ئىدخاننىڭ تەسىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشى-
لەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا پەن - مەدەنى-
يەتنى قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان
خەلقپەرۋەر بىر كىشى بولۇپ يېتىلدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نۇ-
نۇملۇك چارىلەرنى ئىشقا سالدى. ئابدۇرەشىدخان خانلىقتا تەۋە
بولغان بارلىق جايلاردىكى تالانت ئىگىلىرىنى، قابىلىيەتلىك
ئالىم - ئەدىبلەرنى، مۇزىكانتلارنى، ھۈنەر ئەھلىلىرىنى ئۆز ئەت-
راپىغا توپلاپ، مەدەنىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلىپ
قىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى-

دىكى مۇھىم تۆھپىسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئەۋج ئېلىپ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى، مۇتەئەسسىپ-روھانىلار ۋە سوپى-ئىشانلارنىڭ سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئارقا-ئارقىدىن ئۇچراۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا، ئابدۇرەشىدخان مىسلىسىز جۈرئەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، 12 مۇقامنى قىدىرخان ۋە مەلىكە ئامانىساخانلارغا رەتلەتكۈزۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇردى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» سىدە ئېيتىلىشىچە: «ئابدۇرەشىدخان موللا، فازىل شائىر پارس ۋە تۈركىي نەزمىنى ياخشى ئېيتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا گوياكى فىساغورۇس سانى (ئىككىنچى فىساغورۇس) ئىدىلەر.» سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر قېتىملىق راۋاجلىنىش ۋە چوڭ رەتلىنىشنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ئىشلارغا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىۋاسىتە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قاتناشتى. چۈنكى، ئۇ «مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا بىلەتتى. بەلكى مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىپىسى ئىدى. ئۇ چاھارتار (تۆت تار)، دۇتار-قالۇن، تەمبۇر، راۋاپ، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. ئابدۇرەشىدخان ساز چالغاندا ھەرقانداق بى مازاق (زوۋقى يوق) كىشىلەرگىمۇ تەسىر قىلاتتى ۋە تەسىرلىك ھالەت پەيدا قىلاتتى. ئابدۇرەشىدخان خۇش نەۋىس ئىدى (خەتنى چىرايلىق يازاتتى). پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى»①.

① «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) 74-بەت.

ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسلىرى ھەر ساھەدىكى سەنئەت ئەھلى خان ئوردىسى ئەتراپىغا توپلانغانىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئابدۇرەشىدخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئائىلىلارنىڭ كىشىلىك ئورنىنى ھۆرمەتلەشتە ئەمۇنە كۆرسەتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئىنساپ - ئادالەتنى، مەردلىك - ۋاپادارلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ زامانىدا ئەدلى-ئادالەت ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەخلاقىي - پەزىلەت ئۆز زامانىسىغا لايىق ھالدا نۇر چېچىپ سەئىدىيە ئاسمىنىدا پارلىغانىدى.

ئابدۇرەشىدخان سەئىدىلەر دۆلىتىنىڭ خانلىق تەختىدە خان بولۇپ ئولتۇرغان (1533 — 1569)27 يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئۇ 49 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولدى.

ئابدۇرەشىدخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن جەسىتى يەركەندىكى پادىشاھلار قەبرىستانلىقى «ئالتۇن مازار»غا دەپنە قىلىنغانىدى.

## 2-§. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئابدۇرەشىدخان سۇلتانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئەتراپىغا ھەر ساھە زىيالىيلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا بىمالال ئىمكانىيەت ۋە شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەندىن تاشقىرى، شەخسەن ئۆزى قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ توغرىلىق مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدىيە» (زەيلى) كىتابىدا: «... ئابدۇرەشىدخان پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل ئىدى»، «ئابدۇرەشىدخاننىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئىدى»① دەپ يازغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ئاساسەن شېئىرىيەتكە قارىتىلغانلىقىنى، ھەم پارس، ھەم تۈركىي تىلدا يازىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىيات رەشىدى» قاتارلىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى بىلەن «سۇلاتىننامە» ② «مەشۇقنامە» دېگەن داستانلار توپلىمىنى يازغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، چۈنكى ئابدۇرەشىدخان ۋە ئامانىساخانلاردىن

---

① «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) 74 — 78 - بەتلەر.

② موللا نىمەتۇللابىننى موللا نېمە تۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «كىرىش سۆز» 12 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى.

يۈز يىل كېيىن تەختكە چىققان ئاپپاق خوجا (خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان) ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەنە بىر قېتىم زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز مەسلىكى ۋە سىياسىي ئېھتىياجىغا خىلاپ بولغان ئىلغار مەزمۇندىكى كىتاب-ئەسەرلەرنى تامامەن دىگۈدەك كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىدى.

شۇڭا بىز ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا پەقەت «تارىخىي رەشىدى-زەيلى» «چىڭگىزنامە»دە قالدۇرۇلغان بىرنەچچە غەزەلى بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇرمىز. ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ بىر قىسىم غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ھەق، ئادالەت، تەڭلىك، باراۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن-ھەقىقىي ساپ مۇھەببەت، ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلاردىن تاشقىرى، مەخسۇس ئىجتىمائىي تېمىدىكى غەزەللەرنىمۇ يازغانلىقى شائىرنىڭ ئادالەتپەرۋەر ۋە گۇمانىزملىق قاراشقا ئىگە بىر زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇرەشىدخان گەرچە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىكتەك ئىلغارلىقلىرى ئارقىلىق تارىختىكى فېئودال ھۆكۈمرانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە گەۋدىلەنگەن ئىدىيىۋى تېندېنتسىيىدىن روشەن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. شائىر غەزەللىرىدە ئادالەت توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، دۇنيانىڭ كارى چاغلىق، تەخت ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان شاھلارمۇ بىر كۈن يوقىلىدۇ. شۇڭا زالىم پادىشاھ شەددادقا ئوخشاش رەھىمسىز بولما. سېنىڭ قولۇڭدىكى دۇنيا-دۆلەت

پەقەت ئىتقا تاشلاپ بەرگەن سۆڭەكچىلىكلا بىر نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ مەزمۇن ئابدۇرەشىدخاننىڭ تۆۋەندىكى شېئىرلىرىدا روشەن ئەكس ئەتكەن.

دۇنيا بىر ھۆسن ئەھلىدەك نامېھرىۋانى يىش ئەمەس.
كىمكى سۆيسە سودىدىن كۆپرەك زىيانى يىش ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەررۇف تۇتماغىل شەددادىدەك، ①
نەچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇستىخانى يىش ئەمەس.
دۇنياغە پەرزەنتى ئادەمنى ئىشۇەرتمەكتىن غەرەز،
قۇللۇغۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى يىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە «مەندۇرمەن» دېگەن ئول شاھلار،
جان بېرۇردە بىر گەدايى ناتەۋانى يىش ئەمەس.
ئى رەشىدى بولماغىل مەغرۇر جەھان گۈلزارىغا
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىرغا زانى يىش ئەمەس ②.

(دۇنيانىڭ خۇددى ساھىبجاماللارنىڭ بىۋاپالىقىدەك مېھرىبىسىزلىكى ئاز ئەمەس. كىمكى دۇنيانى ــ بايلىقنى سۆيسە ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. دۇنيانى مەڭگۈلۈك دەپ ئويلاپ شەددادتەك زالىم بولما ③. چۈنكى دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بەرگەنچىلىكلا. دۇنياغا ئادەم باللىرىنى كەلتۈرۈشتىكى غەرەز ئۇلارنى خۇدا ئەمرىنى تۇتامدۇ ـ يوق؟ دېگەننى سىناش ئۈچۈندۇر. تەخت ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان شاھلارمۇ ئۆلۈم ئالدىدىن ئاجىز گادايى بىلەن باراۋەر.

① شەدداد ــ ئەرەبلەردە ئۆتكەن بىر زالىم پادشاھ.

② ئا. راخمان: «يەركەن خانلىقى توغرىسىدا» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 83 ـ يىل 1 ـ سان) ماقالىسىدىن ئېلىندى.

③ «تارىخى رەشىدىيە» (زەيلى) 26 ـ 270 ـ بەتلەر.

نى رەشىدى سەنمۇ جاھاننىڭ مەئىشەت گۈلزارىغا ئالدىنىپ ئارتۇقچە مەغرۇرلانما. قايسى بىر گۈلشەننىڭ گۈللىرىمۇ ئاخىرخازان بولماي قالمايدۇ.)

شائىرنىڭ بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتتۈرگەن قاراشلىرى ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بېرىلگەن تەنبىھ بولۇپ، دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەلگىلىك ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان تەھلىل قىلىدىغان بولساق ئۇنىڭدا، شائىرنىڭ غەزەللىرىدە دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ پانتېزملىق قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مۇئەييەن پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلەۋالالايمىز. سەئىدىيە دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمىدا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتلىرى بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. جۈملىدىن ئابدۇرەشىدخانمۇ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان ئىدېئالىستىك تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسىدىن خالى بولالمىغان تەرەپلىرىمۇ بار.

شائىر ھېچبىر ئەجىرە-ئەقىدىسىز ئۆزىنى بىرەر ئارزۇ-ئارماننىڭ ئىشقۋازى دەۋېلىشنى تولىمۇ بىمەنىلىك ھېسابلايدۇ.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان بىر غەزىلىدە:

«ئى رەشىدى سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھايى-ھۇيى قىلمادىم.» ①

(ئەي رەشىدى، سەن ئىشق يولىدا بىرەر قېتىم ئاھ-ھەسرەت چەكمەي تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمىگىن)

---

① «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) 76 - بەت.

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### 3 - §. ئابدۇرەشىدخان شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

#### 1. ئىدىيىۋى مەزمۇنى

شائىر گەرچە خان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۆۋەن تەبىقە ئەمگەكچى خەلق بىلەن ئوخشاش ئادەم دەپ قاراپ، ئەمەل تۇتقان كىشىلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى، ئەمەلنى پەش قىلىپ ئۆزىنى ئۈستۈن ئورۇندا قويۇۋالماي، بەلكى ئادالەت بىلەن خەلققە بەخت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا گەرچە تەڭلىك، باراۋەرلىك دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدىغان بىر خىل غايىۋى چۈشەنچە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل غايىۋى چۈشەنچىلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، ئۇنى تەشەببۇس قىلىشى شائىرنىڭ ئىلغار كۆزقاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان ئەمەلدارلار ئىستىلىدا ساقلىنىۋاتقان چوڭچىلىق، مەنمەنلىك ۋە ھوقۇقىغا يۆلىنىپ خەلق ئاممىسىنى بوزەك قىلىشتەك زالىملىق ۋەھشىيلىكلەرنى ئەيىبلەيدۇ، قارىلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.

پادىشاھلىقنى مال - دۇنيا توپلاشنىڭ، باشقىلارنى بوزەك قىلىشنىڭ قورالى دەپ قارىماسلىق، بەلكى ئۇنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراش توغرىسىدىكى ئىلغار كۆزقاراش رەشىدى غەزەللىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.

«پەدەر كۈش پادىشاھى دانە شايەد،
ئەگەر شايەد بەچۇز شەشى پايەد.»

(ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچى پادىشاھلىققا لايىق ئەمەستۇر، ئەگەر لايىق دەپ قارالسىمۇ، ئۇ ئالتە ئايدىن ئارتۇق دەۋران سۈرەلمەيدۇ.)

ئابدۇرەشىدخاننىڭ پادىشاھلىق ئورۇن مەسلىسى توغرىسىدا ئوغلىغا خەت يېزىپ، كۆزقارىشىنى قايتا ‑ قايتا بايان قىلىشى تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئۇز دەۋرىنىڭ زور ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بىر مەسىلە ئىدى. چۈنكى شائىر ياشاۋاتقان زاماندا ئەشەددىي روھانى خوجا ئابدۇللا ئەھرارنىڭ ئۇلۇغبەگنى ئوغلى ئابدۇلەتىپكە① ئۆلتۈرگۈزگىنىگە ئوخشاش، شاھنىڭ ئۆگەي ئانىسى خانىشمۇ تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىنىڭ كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇرغان مەلىكە ئامانىسانىڭ پەرزەنتى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇز ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن، ئابدۇكېرىمخاننى ۋە بىر قىسىم خۇسۇمەتچى سوپى ‑ ئىشانلارنى قۇترىتىپ، ھەر خىل پىتنە ‑ ئىغۋالارنى تارقىتىش ئارقىلىق، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈۋاتقان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. ئۆتكۈر پەم ‑ پاراسەت بىلەن بۇنى سېزىۋالغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەرھال ئوغلى ئابدۇكېرىمخانغا خەت يېزىپ، بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارمايدىغانلىقى ۋە ئابدۇلەتىپنىڭ پاجىئەسىدىن ساۋاق ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى ئاگاھلاندۇرغان.

---

① ئابدۇلەتىپ گەرچە ئاتىسى ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان بولسىمۇ، ئالتە ئايدىن كېيىن يەنە شۇ سوپى ‑ ئىشانلار غەرەزلىك ھالدا «ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن كىشى پادىشاھ بولالمايدۇ» دەپ، ئابدۇلەتىپنىڭ ئىنىسىنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇ ئارقىلىق ئابدۇلەتىپنى ئۆلتۈرگۈزگەن.

دېمەك، بىز بۇنىڭدىن شائىر شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر تېمىسى ئۆز زامانىسىدە يۈز بېرىۋاتقان ئوردا زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شائىرنىڭ كىشىلىك ئەدەب ـ ئەخلاق، پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە قارىتىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمۇ بار. شائىر بۇ خىل شېئىرلىرىدا ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھايات گۈزەللىكلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ ھەم ئىنسانىي مۇھەببەتكە قارىتا سەمىمىي-سادىقلىقنى گۈزەل شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىزھار قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئابدۇرەشىدخان شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ھوقۇقنى قانداق يۈرگۈزۈش، ئادالەت، ھەققانىيەت، سەمىمىي ـ ساداقەت، مەردلىك، سېخىيلىق، ئىنسانىي مۇھەببەت قاتارلىق زور سىياسىي، ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

## 2. بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

ئابدۇرەشىدخان غەزەللىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ھېسسىياتىنىڭ موللۇقى، شېئىرىي پىكرىنىڭ ئۆتكۈر ۋە ئويۇللۇقى، شېئىر مىسرالىرىنىڭ كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا باي ئىكەنلىكى، پەلسەپىۋى پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھاياتىي كۈچىنىڭ جەزبىدارلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

شائىر ھەر مىسرا شېئىرىغا بەدىئىي تىل ئىشلىتىش جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدەنگەنلىكى ۋە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ غەزەللىرى تىل جەھەتتىكى راۋانلىقى ۋە يارقىن ئوبرازچانلىقىغا ئىگە بولۇشتەك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر غەزەللىرىدە ئوبرازلىق تىلدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزى دېمەكچى بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنى ۋە ئىدېئال چۈشەنچىلىرىنى مەلۇم مىسرالار ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن:

گەر قەدەتدا سەرۋى گۈيەم، سەرۋەرا رەفتار نېست،
گەرلە بەتدا غۇنچەم خانەم، غۇنچەرا گۇفتار نېست①
(گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى.
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى)

شائىر بۇ مىسرالاردا سېلىشتۇرما، ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ «جانان» ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئادەمدىن ئىبارەت گۈزەللىك بەرپا قىلغۇچى مۆجىزات ئىگىسىنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ ئۇلۇغلايدۇ. جۈملىدىن سەرۋى قانچىكى چىرايلىق، زىلۋا بويى بولسىمۇ، ئۇ ئادەمگە ئوخشاش ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. غۇنچە قانچىكى گۈزەل بولسىمۇ، ئۇ ئادەمگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەردىن تامامەن مەھرۇم. شۇڭا ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ. ھالبۇكى، جانان غۇنچە بىلەن سەرۋىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندىن سىرت، خۇش قىلىق ۋە شېرىن سۆزلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە گۈزەلدۇر. شۇڭا بۇ خىل نەرسىلەر بىلەن ئادەمنى تەڭلەشتۈرۈش تولىمۇ بىمەنىلىك. ئادەم جىمىكى مەخلۇقتىن ئۇلۇغ دېگەن ئىجتىمائىي چۈشەنچىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر شېئىرلىرى تىل جەھەتتىن پاساھەتلىك بولۇپلا قالماي، شېئىر خاھىشچانلىقىمۇ ئېنىق. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشىلەردە روشەن ئىستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ.

① «تارىخىي رەشىدى» («زەيلى») 75 ـ بەت.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇي-
پىكىرلەرنى قۇرۇق، يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەرخىل
تەسۋىرى ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھېس قىلغىلى بولى-
دىغان كونكرېت جانلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ سۈرەتلەپ بەر-
گەن. شۇڭا تىلى ئاددىي، راۋان، ۋەزنى يەڭگىل بولۇپ، ئۇنىڭدا
چىن شېئىري ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

## 3. تارىخىي چەكلىمىلىكى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان شېئىرلىرى بەدىئىيلىك ۋە ئىدى-
يىۋلىك جەھەتلەردىن پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۆز زامانىسى-
دىكى شېئىرىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئۈلگىلىرىدىن ھېساب-
لانسىمۇ، بىراق سۇلتان ئابدۇرەشىدخان فېئوداللىق جەمئىيەت،
بولۇپمۇ پۈتۈن ئەتراپىنى تەركىدۇنياچىلىق ئېقىمى قاپلىغان
مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ياشاپ ئىجاد قىلغانلىقى ئۈ-
چۈن، دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. سەئىدىيە دەۋ-
رىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمىدا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىمات-
لىرى بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە، ئابدۇرەشىدخان
ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ بىر مەزھىپى بولغان ئىدېئالىستىك تە-
سەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسىدىن ساقلىنىپ قالالمىدى. بەلكى ئاشۇ
تارىخىي شارائىتتا بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالالىشىمۇ ئەسلا
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي
ئېتىقاد تەسىرىنىڭ شائىرغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا،
بەزى شېئىرلىرىدا خۇداگۆيلۈقنى، پىسسىمىزم ئىدىيىسىنى ئىپا-
دىلەپ قويۇشتىن خالىي بولالمىدى.

مەسىلەن:

ھەق يولىدا جان چېكىپ بىر جۇستۇجويى ① قىلمادىم،
تەۋبە سۆيىدىن تېنىمنى شۇستۇشويى② قىلمادىم.
ۋە نىچۇك مەقبۇلى بولغاي بۇنەمازىمكى مېنىڭ،
چۈنكى خۇنابى جىگەر بىرلە ۋۇزۇيى③ قىلمادىم.
ئۆتتى ئۆمرۈم دۇنيانىڭ مەسلىھەتىدىن ۋادەرىخ.
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تارۇ مويى قىلمادىم،
كېچەلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن، ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،
كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابىرويى قىلمادىم.
ئەي رەشىدى سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە.
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھايى-ھۇيى قىلمادىم④.

بۇ مىسرالاردا شائىر خۇداغا قۇلچىلىق قىلالمىغانلىقىغا، ۋاقىتنى خۇدا يولىدا سەرپ قىلالمىغانلىقىغا ئېچىنىش، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇشتەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ قويغان. بۇ خىل ئىدىيىلەر شائىرنىڭ رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئىلغار ئىدىيىدىكى ئەسەرلىرىگە نۇقسان يەتكۈزەلمىسىمۇ، ئەمما شائىرنىڭ ئاشۇ خىل مەزمۇندىكى بەزى شېئىرلىرىغا نىسبەتەن تەنقىدى قاراشتا توغرا كېلىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئابدۇرەشىدخان قاچان، قەيەردە تۇغۇلدى؟ ئۇ سەئىدىيە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق

① جۇستۇجوي — ئاقتۇرۇش، ئىزدەش.
② شۇستۇشو — يۇيماق، تازىلىماق.
③ ۋۇزۇ — تاھارەت، تاھارەت ئالماق.
④ «تارىخىي رەشىدى» («زەيلى») 76 - بەت.

چارىلەرنى قوللاندى؟

2. ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۇھىم تۆھپىسى نېمە؟

3. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە نېمە-لەرنى بىلىسىلەر؟

4. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

5. ئابدۇرەشىدخان شېئىرىي تىل ئىشلىتىشكە قانداق ئەھمىيەت بەردى؟ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

6. شائىر شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكلىكى نېمە-لەردىن ئىبارەت؟ ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىغا قانداق قارىشىمىز كې-رەك، نېمە ئۈچۈن؟

## IV باب. قىدىرخان يەركەندى

### 1-§. شائىرنىڭ هاياتى

يۈسۈپ قىدىرخان ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق مۇزىكىشۇناسى هەم شائىرى ئىدى.

يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سەئىدىيە دەۋرىدە ئۆتكەن مەشهۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە مۇزىكىشۇناس بولۇپ، ئابدۇرەشىدخان ئوردىسىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. سىياسىي جەھەتتە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتى، مەدەنىي هاياتىنىڭ جانلىنىشى يولىدا زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

قىدىرخانىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. پەقەت XIX ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك تارىخچى موللا ئىسمەتوللا بىننى موللا نىمەتوللا مۆجىزى قىدىرخان ھەققىدە توختىلىپ: «مۇزىكا ئىلمىنىڭ 13-پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر، بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماهارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن، ئەلىشىر نەۋائىي هەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاهاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ... ئۇ ئابدۇرەشىدخان پادىشاهدىن ئىككى يىل

كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن»① دەپ يازغان. دېمەك قىدىرخان ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى ئىسمى ئاخىرىسىغا تەخەللۇس ئورنىدا قوشقان ئىكەن. ئۇ 1572 - يىلى يەركەندە ۋاپات بولغان.

قىدىرخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە تازا گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى — ئابدۇرەشىدخان زامانىدە ياشىدى. ئابدۇرەشىدخان مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشى بولغاچقا، قىدىرخانغا ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىنى قەدىرلىدى. ھەتتا قىدىرخاننى «غىزا»دىمۇ، يېتىپ - قوپۇشتىمۇ يېنىدىن ئاجراتمىدى».② قىدىرخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە ۋەزىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا پايدىلىق مەسلىھەت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ چىقارغاندىن باشقا خاننىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە ئابروييىنى ئۆستۈردى. ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى ۋە قانۇن - تۈزۈمگە ئائىت ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە قىدىرخاننىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنغانىدى. چۈنكى، قىدىرخان ئوردا بىلەن خەلق ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپ، خەلق ئارىسىدىكى ئىشلارغا ئارىلىشىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى بىۋاسىتە ئاڭلايتتى. ئۇ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا خاتىرىلەنگەندەك «جەندە-كۈلا كىيىپ يۈرۈر ئىردى»③. خەلق تەلىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك

① «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى» 55 — 59 - بەتلەر.)

② «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» 59 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 34 - بەت.

رول ئوينىدى.

قىدىرخان مۇزىكا چېلىشقا ماھىر بولۇپ، مۇزىكا ئىلمىدا ئۆلگىدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز تېپىلىدۇ. شۇڭا مۆجىزىنىڭ ئەسىرى «تارىخىي مۇسىقىيۇن»دا «مۇزىكا ئىلمىنىڭ 13 - پىرى» دەپ قىدىرخاننى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ مۇزىكا ئىلمى جەھەتتىكى نام - شۆھرىتى XV ئەسىر سەئىدىيە سۇلتانلىقى تەۋەسىدىن ھالقىپ ئىراق، ئىران، تەبرىز (ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر)، خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلىخ، شىراز (قەدىمكى ئىراننىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى) قاتارلىق جايلارغا يېيىلغانىدى. ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇزىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي قىدىرخاننىڭ قېشىغا كەلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا يەركەن ئەينى دەۋردە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانلىقى شۈبھىسىز. قىدىرخان ئۆزىنىڭ مۇزىكانتلىق ھاياتى داۋامىدا راۋاپنى ئىسلاھ قىلغان ھەمدە «ھەشتار» ناملىق سەككىز تارلىق چالغۇ ئەسۋابىنى كەشپ قىلغان. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. تۆۋەندە بىز مانا مۇشۇ جەھەتتە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 2 - §. قىدىرخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

قىدىرخان ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا مەۋلانە خۇلقى، ئايازى، نەفىسى (ئامانىسساخان)، مىرزا مىرەك چالىش قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ يەركەن خانلىقى مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

قىدىرخان «دىۋان قىدىرى» توپلىمىنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئىلھام ۋە مەدەتكارلىقى نەتىجىسىدە يېزىپ چىققان. جۈملىدىن ئۇ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى، ئىلمىي ماقالىلەرنى، مۇزىكا ئىلمىي ھەققىدە بىرقانچە رىسالىلەرنى يېزىپ چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. قىدىرخان 12 مۇقامنى مەلىكە ئامانىساخان ۋە ئامانىساخاننىڭ ئاتىسى مەھمۇد ئاكا ۋە ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن رەتلەپ چىقتى ھەم ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى يېڭىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ مۇقام تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا نەۋائىي شۆھرىتىنى خەلقى ئالەمگە يەنە بىر قېتىم تارقاتتى. چۈنكى قىدىرخان نەۋائىينىڭ نەپىس ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيتتى ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شېئىرلار يازاتتى. شۇڭا ئۇ كۆپلىگەن مۇقام تېكىستلىرىنى نەۋائىينىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تاللىدى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، نەۋائىي لىرىكىلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشى ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تارقىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كېلىشىدە قىدىرخاننىڭ مۇناسىپ تۆھپىسى بار.

شائىرنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېيتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر ياكى بۇ ئەسەرگە ئائىت قول يازمىلار تېخى مەلۇم بولمىغان ئىدى. پەقەت 1985-يىلى ئەسەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا قىدىرخاننىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ۋە دىۋانىنى توپلاشقا دائىر يازغان مۇقەددىمىسى يەركەن خەلقى ئىچىدىن تېپىلدى. بۇ «مۇقەددىمە» گەرچە قىدىرخاننىڭ دىۋانىنى ۋە شائىرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىزگە تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن قىدىرخان ۋە ئۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدا

بىزنى ئىشەنچلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«مۇقەددىمە» دەپ ئاتالغان بۇ بىر پارچە ئەسەر 27 بەت (ئەسلىدە 28 بەت بولۇپ بىرىنچى بېتى يوقالغان)، پاتلانغان خوتەن قەغىزىنىڭ ھەر بېتىدە 13 قۇردىن خەت بولۇپ، پارسچە يېزىلغان. يېزىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ «مۇقەددىمە»نىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى قىدىرخاننىڭ قاپىيىلىك تۈزگەن ئۆزئارا بىر يۈرۈش سىستېمىغا ئىگە جۈملىلىرىنىڭ كۆپ جايلىرى ئورۇنسىز تىنىش بەلگىلىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلانغان. خاتا ھالدا بولسىمۇ «مۇقەددىمە» نى كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئىشتىياق بىلەن پەش ۋە باشقا تىنىش بەلگىلىرىنى قىزىل سىياھتا قويىۋەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول يازما ياخشى ساقلانمىغان. مۇقاۋىسى يوق، مۇقەددىمىنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئاپتور بىرنەرسە يېزىپ قالدۇرمىغان. كۆچۈرگۈچى كاتىپمۇ ئىسىم ۋە تارىخنى يېزىپ قالدۇرمىغان. «دىۋان قىدىرى»نىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنىشىچە، شائىر قىدىرخان ئۆزىنىڭ ياشلىق كۈنلىرىدىن تارتىپ تۈرلۈك بەزمە، ئولتۇرۇشلاردا يولۇققان ئەھۋاللار ئۈستىدە شېئىر يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شاھ، شاھزادىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ خەلق ئارىسىغا تارىلىپ كەتكەن. ئۇ ھەمىشە بەت بولۇپ كەلگەن سۇلتان مۇھەممەت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان ئىبنى سۇلتان (بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغان) ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ كىشى قىدىرخانغا يازغان شېئىرلىرىنى توپلاش توغرىسىدا ئىلتىپات قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئولۇس تەبئىڭ سەھاب يامغۇرىدىن،
بولۇپ سىراپ ئەل، نەزەمىڭ، دۇرىدىن.

سۆزۈڭ بەر ئەۋجى فەلەك چەكتى ئەلەمنى،
كى سۈردۈڭ ئەرشى لەۋھىغە قەلەمنى.
ۋە لېكىن بىرقەدەر پىكرى فەرىشان،
بەنا تۈننە ئىشىدەك بولمىش فەرىشان.
تىلەرمىز بۇ فەرىشان بولسا مەجمۇئ،
رەۋان بولكىم ئەمەستۇر ئۆزر مەسمۇئ①

مۇشۇ ئىلتىپاتتىن كېيىن قىدىرخان ئۆز شېئىرلىرىنى توپ-
لاشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خەلق ئارىسىدا تارىلىپ
يۈرگەن بېيىتلىرى 2000 دىن ئارتۇق ئىكەن. بۇنىڭدىن قارى-
غاندا تارالمىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

قىدىرخان ئۆزىنىڭ بۇ «مۇقەددىمە»سىدە ئورغۇن قەسىدە
ۋە باشقا جىلدلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. دىۋان توق-
قۇز مۇجەللەت (جىلد) قىلىپ تۈزۈلگەن. يەنى: 1. «روھنى
ئارتتۇرۇچىلىرى»، 2. «تاللانغان ۋەزىنەتلىكلىرى»، 3. «شاھانە
بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى»، 4. «لەتافەت ئارىلاش ۋە يېتىشكەن-
لىرى»، 5. «ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان، كۆڭۈلگە ياقار-
لىرى»، 6. «ئىملىسىز تاق بېيىتلىرى»، 7. «لەتىف ۋە راۋانلىقى
مۇقەررەر مۇئەممالار»، 8. «تەبىئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش
غەزەللەر»، 9. «رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۆتىدىللىكلىرى» قاتارلىق
ئەسەرلىرى بارلىقىنى ئېيتقان. ۋە «بۇ بېيىت، شېئىرلار ئۆز
خىلى بويىچە رەتلەندى» دەپ «مۇقەددىمە»نى يېزىشتىكى مەق-
سەتلىرىنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا شائىرنىڭ دىۋانى
خېلى زور ھەجىمدىكى بىرلەچچە بۆلۈملۈك دىۋان بولۇشى
مۇمكىن.

① «دىۋان قىدىرى» نىڭ «مۇقەددىمىسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986، 3-4-بەتلەر.

«دىۋان قىدىرى» توققۇز پارچە شېئىرلار توپلىمىدىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، تېخى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. قىدىرخان پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسى 12 مۇقامىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە سەرپ قىلدى. شۇڭا ئۇ «دىۋان قىدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئىچىگە مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن شېئىردي پارچىلارنى كىرگۈزگەنلىكى مەلۇم. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

كەمبەغەل كىيسە كۆلاھنى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس①.

يەنە بىر شېئىرىدا مۇقامنىڭ بۈيۈك قىممىتىنى تەرىپلەپ:

مۇقام جەھاندا تاڭنىڭ سەباسى،
جەھ'نغە جانىكى قالۇن سەداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۈلبۈل نەۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ بەھاسى②.

دەپ يازسا، تۆۋەندىكى شېئىرىدا

ھەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىنىڭ گۈلىستانىدا،
قۇزغۇن ئۆلۈپ، بۈلبۈل كۈلەر نەغمە مەشرەپ داستانىدا.
ئۇن ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتەگە مەشئەل ياقار
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس- دىلكەشتەلەر بوستانىدا.

دەپ يېزىپ ئەينى دەۋردىكى زالىم، ۋەھشىي كۈچلەرنىڭ

---

① ② «دىۋان قىدىرى» نىڭ مۇقەددىمىسى»، 6 - بەت.

مۇقامنى رەتلەشكە قارشى تۇرغانلىقىنى پاش قىلىدۇ ۋە مۇقامغا بولغان ھۆرمەت ئەقىدىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئېيتىلغان قىدىرخاننىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى مۇقامنىڭ تىغ ئۇچى بىۋاسىتە ھالدا جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

فەلەكتىن بىر سەدا كەلمىش ساچىپ ھەردەم ھەلاۋەتنى،
گەداي ئىزلەپمۇ جەننەتتىن تاپالماس ئۇ سەخاۋەتنى.
ئەتا قىلسا مۇنارىمنى ياساپ كەۋسەرۇ ھەل تاشتىن،
قىدىر ئۆلمەس مۇقام ئىچرە قىلىپ گۈمران جەھالەتنى.

«دىۋان قىدىرى»دا يەنە ئىسلام دىنىغا كىرگىلى ئۇنىمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب ئىستىپلاسىغا قارشى كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «تېگىشىلگەن قان» ناملىق شېئىر بولۇپ ئۇنىڭدا:

قىلىچ، نەيزە ئۇرۇلماقتا تومەنىمىڭ ئاجىزە جانغە،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بىر مۇسۇلمانغە.
جەھاننى قەتلى ئەتمەككە سېتىپ قۇللارنى سۇلتانغە،
دىيارىمنى خاراب قىلدى چېچىپ دىشۋارنى ھەريانغە.
تەجاۋۇز قەتلى ئاملاردىن كۆمۈلسەكمۇ بەياۋانغە،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك شەھىدانغە①.

دەپ يازىدۇ.

قىدىرخان مۇزىكانتلىق ھاياتى جەريانىدا راۋاپنى ئىسلاھ قىلغاندىن باشقا يەنە «ھەشتار» ناملىق سەككىز تارلىق چالغۇ ئەسۋابنى كەشىپ قىلغان ھەم «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئى-

---

① بۇ شېئىرلار «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»دىن ئېلىندى. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1982 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

جاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەندى.

گەرچە مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرچە تولۇقى بىلەن قولىمىزدا بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ 12 مۇقامنى رەتلەپ سىستېمىلاشتۇرغانلىقىدەك تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشقا تامامەن ھەقلىق.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قىدىرخاننىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭلار؟
2. نېمە ئۈچۈن قىدىرخاننى سەئىدىيە خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ چىقاردى دەيمىز؟
3. قىدىرخان قايسى مۇزىكا ۋە قايسى مۇقامنى كەشىپ قىلغان؟
4. دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟
5. قىدىرخاننى نېمە ئۈچۈن مۇزىكىشۇناس ۋە شائىر دەيمىز؟ بۇنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

# ٧ باب. ئامانىساخان

## 1 - §. ئامانىساخاننىڭ ھاياتى



سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار ئۆز دەۋرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دانىشمەنلىرىدىن بولغاچقا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. بۇ مەزگىلدە ھەر ساھەدىن نۇرغۇن ئالىملار، ھەربىي قوماندانلار، تارىخچىلار، مەشھۇر تېۋىپلار، مۇزىكشۇناسلار، شائىرلار مەيدانغا كەلگەنىدى. مانا شۇلار ئىچىدە ھەر جەھەتتىكى تالانت ۋە قابىلىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان خۇش تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ بىرى، مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخاندۇر.

ئامانىسا مىلادى 1534-يىلى تارىم ۋادىسىدىكى دولاننىڭ تېزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللىسىدە («شاھ ئاتا» مەھەللىسى دېگۈچىلەرمۇ بار) مەھمۇد ئىسىملىك بىر نامرات تۇتۇنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئامانىسا مەھمۇت ئاكىنىڭ 3-بالىسى ئىدى. ئىلگىرى تۇغۇلغان ئىككى بالىسى ۋاقىتسىز ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن پەرزەنت داغىدا يۈرىكى موجۇلغان ئاتا-ئانا بۇ ئارزۇلۇق قىزىغا «ئامانىنا» (ئېسەن بول دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىسىمنى تاللاپ قويغان ئىكەن.

ئامانىسا سەككىز ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالىدۇ. مەھمۇت ئاكا گەرچە كەمبەغەل بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىغا قارىماي ئارزۇلۇق قىزى ئامانىنانىڭ غېرىبسىنىپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئامانىسا كۈندۈزلىرى مەكتەپتە خەت ساۋادىنى چىقارسا، كېچىلىرى ئاتىسىدىن ساتار چېلىشنى، مۇقام

ئېيتىشنى ئۆگىنىدۇ. ئامانىساخاننىڭ ئاتىسى مەھمۇت ئاكا ئەسلىدە
ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ تەمبۇر ھەم ساتارنى ناھايىتى ياخشى
چالاتتى. مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، مۇقام ئېيتىپ، تۈرلۈك قى-
زىقچىلىقلارنى قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. كۆڭلى
يايرىغان يېزا خەلقى ئۇنى ئۇستازىمىز دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن
مۇزىكا ۋە مۇقامدىن ساۋاق ئالاتتى، بىرلىكتە مۇزىكا چېلىپ
شېئىر قوشاق ئېيتىشاتتى. بۇ خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاما-
نىسانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئامانىسا توققۇز
ياشقا كىرگەن يىلى يۇرتتا تەبىئىي ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەبىدىن
ئۇنىڭ ئائىلىسى تەكلىماكاننىڭ بۇرجىكىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىغا
كۆچۈپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئامانىسا ئۇ يەرگە بارغاندىن
كېيىن بىر تەرەپتىن مۇزىكا ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلە
ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا نەۋائىي، بابۇر قاتار-
لىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدۇ. 14 ياشقا كىرگەندە،
كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالغىدەك دەرىجىدە مۇزىكىنى ماھىر-
لىق بىلەن چالالايدىغان بولىدۇ ھەم بىر قانچە مۇقامنى تولۇق
ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. ئامانىسا ئۆزى شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن
بولغاچقا مۇقام تېكىستلىرىنى خاتىرىلەپ مۇلاھىزە قىلىشقا باش-
لايدۇ. شۇ زاماننىڭ مۇزىكانتى ۋە شائىرى يۈسۈپ قىدىرخانمۇ
مەھمۇت ئاكىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇراتتى، يۈسۈپ قىدىرخان
بىلەن مەھمۇد ئاكىنىڭ مۇقامنى ساقلاپ قېلىشى ۋە رەتلەش
توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ئامانىسادا مۇقامنى يېڭى يولغا سېلىش
تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ بۇچاغقا كەلگەندە خېلى پىشقان

مۇزىكانت، ماھىر خەتتات ۋە تالانتلىق شائىر سۈپىتى بىلەن مۇقامنى رەتلەش ۋە ئىجادىي بېيىتىش يولىدا ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ.

«تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» «مۇزىكا ئىلمىنىڭ 17-پىرى مەلىكە ئامانىسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفىسى» (نەفىس شېئىرلار توپلىمى) ناملىق بىر شېئىرىي كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى.»① دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

يۇقىرىقى كىتابتا ئامانىساخانغا مۇناسىۋەتلىك يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: «سۇلتان ئۆز ۋەزىر-ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ، قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە قانداق زۇلۇم-سىتەم سېلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى. بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇدنىڭ قىزى

①② «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» 65-بەت.



ئامانىساخان ھەققىدىكى قولىيازمىدىن ئۆرنەك

ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ
قېلىپ، مەھمۇدتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھ-
مۇد ‹مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن. مۇشۇ قىزىمىز ماڭا
تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان. قىزىم چالىدۇ›—
دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان: ‹ئەمىسە قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن›-

دېدى. مەھمۇد قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەد-
جىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى. بو-
لۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرىنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغان-
دا، سۇلتان قىزىنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ بىھوش بولۇپ كەتتى.
شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى:



ئامانىسا خان ھەققىدىكى قولىيازمىدىن نۇسخە

ساڭا يۈز شۈكرى، يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر مىسكىنغە ئابدۇرەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ.
(خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى بىزگە ئادىل پادىشاھ بەردىڭ،
پەقىر ـ مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ)

فەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغاندى؛

ئەي نەفسى كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.
(ئەي نەفسى، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغىن
شاھىڭ ھەققىدە دۇئا قىلماي، قاتتىق گۇنا قىلدىڭ)

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفسى دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟»ــ دەپ سورىغاندى. قىز: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن؟ مەن نەۋائى، زەلىلى، فۇزۇلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزەمنىڭ، نەفسى مېنىڭ تەخەللۇسىم.» ــ دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. ئاتىسى: «13 ياشقا كىردى.» ــ دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئاڭغىچە ئامانىسا خېنىم قوپۇپ ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارىسىدەنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: «قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ

تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىلىڭ› — دېگەنىدى، قىز دۇۋەت، قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۇ ئىزەن ماڭا،
گۇيا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.
(خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،
گۇيا بۇ ئۆيدە بۇگۇن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن
ئۈندى)

سۇلتان كۇلۇپ ‹ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ› — دېدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ ‹بىز ھېلى كېلىمىز.› — دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەر گاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىر-لەرگە بولغان ئەھۋالىنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇستىگە دەۋاج ياپتى. دەرھال ئۇن قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر تەييارلاندى. تۇن يېرىمىدا 40 كىشى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.» ①

مەلىكە ئامانىسانىڭ كېيىنكى 20 يىللىق ئۆمرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ يالقۇن-لۇق يۈرەك تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈر-دىغان كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ قىدىرخان قاتار-لىق مۇقام ئۇستىلىرى بىلەن بىرلىكتە كىشىنى ھەيران قالدۇرار-

① «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، 34 -، 35 -، 36 - بەتلەر

لىق شىجائەت بىلەن تۈرلۈك ئىلمىي پائالىيەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى.

## 2-§. ئامانىساخاننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئامانىساخان ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، مۇقامنى رەتلەش ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خانلىق تەۋەلىكىدىكى مەشھۇر مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار، شائىرلار ئوردىغا تەكلىپ قىلىندى. ئوردىغا توپلانغانلار ئىچىدە قىدىرخانمۇ بار ئىدى. قىدىرخان شۇ مەزگىللەرنىڭ ئۆزىدە پۈتۈن ئەتراپقا داڭقى كەتكەن خۇش ئاۋازلىق مۇزىكانت ۋە تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇ 12 مۇقامنى توپلاش ۋە رەتلەش جەريانىدا ئامانىساخانغا يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولدى. ئامانىساخان قىدىرخاننى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئەل ئىچىدىن ئالغان مۇزىكىلىق ئوزۇق بويىچە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇ ساھەدە كامالەتكە يەتتى. ئامانىساخان 12 مۇقام مۇزىكىسىنى ئىسلاھ قىلىپ سىستېمىلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى.

بىرىنچى، X ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ۋە كەڭ تېررىتورىيىگە يېيىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىلەن ئۆزىگە تەسىر قىلغان، بىراق ئۆزلەشمىگەن مۇقاملاردىكى غەيرىي ئېلىشالغۇلۇققا خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي پائۇزا ۋە ئاھاڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە رەتكە سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى «چوڭ نەغمە»، «داس-
تان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت مۇقام تەركىبلىرىنى ھەرقايسى
مۇقاملىق كۈي شەكلى بويىچە يۈرۈشلەشتۈردى ۋە قېلىپلاش-
تۇردى.

ئۈچىنچى، مۇقام مۇزىكىلىرىنى دىنىي ئىبارىلەر ۋە بىر-
قەدەر چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن تولغان شېئىرىيەتتىن
ئازاد قىلىپ، ئۆز دەۋرىدە كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلىك رول
ئويناۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن تېكىستلەشتۈردى.

دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلىي - قابىلىيىتى ئارقىلىق 12
مۇقامنى رەتلەپ تېكىستلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە قەدەر
ساقلىنىپ كېلىشىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى. مۇقامنى رەتلەش،
يۈرۈشلەشتۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ
ئىستېداتىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئىشرەت ئەنگىز» (خۇشاللىق
قوزغاش) مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، مۇزىكا ئىلمى ساھەسىگە
ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئامانىسا ئۆز زامانىسىنىڭ يېگانە
شائىرەسى، تالانتلىق يازغۇچىسى ۋە ماھارەتلىك خەتتاتى بولۇپ،
ئۇ «دىۋان نەفىسى» ناملىق غەزەللەر توپلىمىنى يازغاندىن
باشقا، خوتۇن - قىزلارغا قارىتا تەربىيە ۋە نەسىھەت قىلىشنى
مەزمۇن قىلغان «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق
كىتابىنى ۋە خەتتاتلىق نەغمىچىلىككە بېغىشلانغان «شۇرۇھۇلقۇ-
لۇپ» (قەلبلەر شەرھىسى) ناملىق بىر رىسالىنى يازدى.
ئىسلام دىنى ۋە فېئودالىق قائىدىلەر بويىچە، دىنىي ئەقىدىلەر-
دىن ھالقىپ كېتىدىغان بىرەر ئىلغار كۆز قاراش ۋە ئىلمىي
مۇتالىئەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەينى ۋاقىت ئىدىيولوگىيە-
سىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاياللار ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا
ئەرلەر ئۈچۈنمۇ تەھقىپ قىلىنىۋاتقان مۇزىكا، ئۇسسۇل دېگەن-
لەر ئاللىقاچان چەكلىنىپ مەخپىي ھالەتكە كۆچكەن بىر شارا-

ئۇتتا ئامانىسانىڭ دىنىي خۇراپات، ئىجتىمائىي توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، پارلاق مول ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن تارىخ سەھنىسىدە نامايان بولۇشى ئۇنىڭ كۆز قاراش جەھەتتىن زامانىسىدىن كۆپ ئۈزاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. لېكىن شائىرەنىڭ بۇنداق ئىلغار قاراشلىرى مۇزىكا ھەم ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى جەمئىيەتتىكى ۋە ئوردا ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتتىق توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىقىغا دۇچ كەلمەي قالمىدى. خۇسۇمەتچى سوپى - ئىشانلار «ئامانىسا دېگەن بۇ شاياتۇن خۇداغا قىلىدىغان ھەمدۇسانا، زىكرى، تەلقىن ئورنىغا شەيتاننىڭ ناۋاسىنى قايىنىتىۋەتتى. بۇنى مەنئىي قىلىش كېرەك. سازلارنى كۆيدۈرۈپ، مۇقام كىتابلارنى يوقىتىش كېرەك» — دەپ چۇقان سېلىشسا، يەنە بىر قىسىم ئوردا پىتنىچىلىرى ئامانىسانى خاننىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئۈچۈن «دولانلىق ئوتۇنچىنىڭ قىزى» دەپ كەمسىتتى.

ئامانىسا بۇ خۇسۇمەتچى سوپى - ئىشانلارنىڭ ئوردا پىتنىچىلىرىنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىنى قىلچە مەنسىتمىگەن ھالدا ئىجادىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارغا تىغمۇتىغ قارشى كۈرەش قىلىپ، فېئودالىزمغا قارشى ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇردى. ئاخىر پىتنە - پاساتچىلار قارا قوللىرىنى بىۋاستە ئامانىسانىڭ ئۆزىگە سوزۇپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق سۇيىقەستى ئىشقا ئاشمىدى.

ئامانىسا جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ياشاپ 1567 - يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى يەركەندىكى سەئىدىيە سۇلتانلىقى قەبرىستانلىقى «ئالتۇن مازار»غا دەپنە قىلىندى.

مەلىكە ئامانىسانىڭ ۋاپاتى گۈللىنىۋاتقان سەئىدىيە خانلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئابدۇرەشىدخان ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. خان بۇ ئېغىر قايغۇ ۋە جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلمەي سەۋدايى كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئابدۇرەشىدخان بىلەن شائىرە ئامانىساخاننىڭ تۆھپىسى ۋە نامى خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى 12 مۇقام مۇزىكىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى خەلقىمىز قەلبىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قەدەر مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئامانىسانىڭ ھاياتى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭلار؟

2. ئامانىسانىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭلار؟

# IV باب. ئاياز بەگ قوشچى

## 1 - §. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

ئاياز بەگ قوشچى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەر- كەنىنىڭ «قوشچى» يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. «ئايازى» شائىر-



لىك ئۆز ئىسمى بولۇپ، «بېك» (بەگ) ئەمەل مەرتىۋە نامى، «قوشچى» ئۇنىڭ يۇرتى. بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شائىر ئاياز بېك سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان ئوردىلىرىدا ۋەزىرلىك مەنسىپىدە يەنى «بەگلەر بېگى» بولغان ھەمدە سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتە كۆپ كۈچ چىقارغان. ئاياز بەگ دۆلەت ئەربابى ۋە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزى ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

شائىر ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولغانلىرى ئۇنىڭ «جاھاننامە» ۋە «مەھمۇدنامە» ناملىق داستانى، شۇنداقلا مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ناملىق كىتابىدا نەقىل سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئىككى پارچە غەزىلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندا (1533 - يىلى)، يەنە بىرىنى ئابدۇرەشىدخان ھېيت - بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە كاتتا توي قىلىپ بەرگەندە يازغان. شائىر ئايازنىڭ ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانلىق تەختكە چىقىشىغا بېغىشلانغان «كەلدى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ساقىيا مەي فەرەھ بەخش تۇتكىم بەھار كەلدى،
ئىشرەت زەمانى يەتتى ئول گۈلئۇزار كەلدى.
بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر، ئاچىلدى رەڭگى گۈللەر،
تۇت جام روھ پەرۋەر كىم غەمگۇزار كەلدى.
كۆرسەتتى جىلۋە سۇمبۇل، ئاچىلدى نەرگەس گۈلى،
بولدى قىغاندا بۇلبۇل، ئەبر ئەشكبار كەلدى.
دەۋران ئەيشۇ-ئىشرەت، بەش كۈن ئىرۇر غەنىمەت،
چۈن چەرخى بى مۇرۇۋۋەت ناپايدار كەلدى.
يەتكۈرسە غۇسسە گەردۇن چەكپارە بولما مەھزۇن،

ئەسكىن غەمىگە كۆلگۈن مەيى سەزاۋەر كەلدى.
باشىمنى كۆيى مەيدان قىلسام يوق ئەمدى ئەرمان،
ساھىب قىران دەۋران ئول شەھسۇۋار كەلدى.
ئەي دەھر سەرفەرازى ئابدۇرەشىد غازى،
دەرگاھىغا ئەيازى ئۇممىدۋار كەلدى.①

مەزمۇنى: ئەي ساقى (شاراپ قۇيغۇچى)، خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى شارابتىن قۇيغىنكى، باھار كۈنلىرى كەلدى. خۇشاللىق زامانى يېتىپ كەلدى. چۈنكى گۈل يۈزلۈك سۆيگۈنىمىز كەلدى. چىمەن باغلار نۇرلىنىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى. شادلىق شارابىدىن يەنىمۇ قۇيغىنكى، غەمگۇزارىمىز كەلدى. زېمىندىن كۆك، يېشىل مايسىلار ئۆزىنى كۆرسەتتى. نەرگىس گۈللەر ئېچىلدى. گۈلنى كۆرۈپ گۈل ئاشىقى بۇلبۇللار نالە- پىغان چېكىشكە باشلىدى. بۇلبۇلنىڭ نالە- پىغانىغا بولۇتمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئەيش- ئىشرەت دەۋرى قىسقا. ناھايىتى بەش كۈن بولىدۇ. ئۇنى غەنىيمەت دەپ بىلىش كېرەك. شادلىق شارابى بىلەن ئۆزۈڭنى غەمدىن يىراق قىلغىن. غەمنى پەسەيتىشكە ئۇنى گۈللاپ تۇرغان شاراب لايىقتۇر. ئەمدى مەن بېشىمنى جەڭ مەيدانىنىڭ بىر توپى قىلسام ھېچ ئارمىنىم يوق. چۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئىگىسى بولغان بەختلىك پادىشاھىمىز كەلدى. ئى زامانىڭ ئالىي پاراسەتلىكى بولغان ئابدۇرەشىدخان غازى! سىزنىڭ ئوردىڭىزغا ئايازبېك ئۇممىدۋارلىق بىلەن كەلدى.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا ئابدۇرەشىدخان زامانىسىنىڭ خۇددى باھارغا ئوخشاش كائىناتقا ۋە كىشىلىككە خۇش سائادەتلىك ياخشى كۈنلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەيش- ئىشرەتلىك دەۋرانلارنىڭمۇ پەقەت بەش كۈنلۈك— ئۆمرى قىسقا بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا

① «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ۲۹- بەت

ئۆيىگە چۆكۈپ كەتمەي كىشىلىككە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈ-
زۈپ مۇرۇۋۋەت قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن
ئۇنىڭ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا كۆرسەت-
كەن تىرىشچانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

شائىر يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئىرۇر ئىيدۇ ـ باھار ئەييامىدۇر ساقى لەبالەب جام تۇت،
ئەيش ـ تەرەپ دەرۋانىدۇر جامى مەي گۈلفام① تۇت.
جەمشىد فەرشاھى جەھان چۈن قىلدى ئەزمى گۈلىستان،
جەمئىتى ۋەختى زامان خۇشتۇر ئىشرەت جام تۇت.
مەلۇم ئېرمەس دەۋران ئىشى چۈن مۇنقەلىبتۇر گەردىشى،
ھەرگىز بولۇر دەپ كىشى بۇ دەۋرنى مەدام تۇت.
بۇ دەمكى باردۇر فۇرسەتىڭ ئەھباب ئىلە جەمئىتىڭ،
لۇتف ئىلە بەزمى ئىشرەتىڭ ئەھلىنى شىرىن كام تۇت.

..............................................

مەزمۇنى: (ھېيت ۋە باھار كۈنلىرىدۇر، «ئەي» ساقى جامنى لىققىمۇلىق تولدۇرۇپ تۇت، جەمشىدكە ئوخشاش جەھاننىڭ شاھى بۇ گۈلىستانغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ھازىر ھەممە خۇشاللىققا چۆمۈلگەن چاغ، خۇشاللىق جامىنى تۇت. زاماننىڭ ئىشى مەلۇم ئەمەس. ئۇ ئايلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يەنە پۇرسەت كېلىدۇ دەپ ئويلىما. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، ھازىر شۇنداق ياخشى پۇرسەتكى، ھەممە دوست ـ يارانلار يىغىلغان ۋاقىتتۇر. مەرھەمەت ئەيلەپ بۇ سورۇن ئەھلىگە گۈزەل سۆزلىرىڭنى تۇت.)

شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى گۈل-

① گۈلفام — گۈل رەڭلىك، قىزىل.

① «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) 41 ـ بەت.

لەنگەن ئىجتىمائىي ۋەزىيەتكە نىسبەتەن جاراڭلىق قەسىدە ياڭ-رىتىپ، بۇ خۇشاللىق كۈنلەرنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆمرىنى شاد-خۇرام ئۆتكۈزۈپ ھايات پەيزىنى سۈرۈشكە چاقىرغان.

شائىر يۇقىرىقى شېئىرىدا زامانىنىڭ ئىشى مەلۇم ئەمەس. ئۇ ئايلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دېيىش ئارقىلىق فېئودال-لىق جەمئىيەتتە بۇ بەخت-سائادەتنىڭمۇ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، مۇنداق خۇشاللىق كۈنلەر كىشىلەرگە دائىم يار بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى جا-كارلاپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۆز قارى-شىنى يۇرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزى ماتېرىياللاردا «جاھاننا-مە» داستانى تونۇشتۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاپتورى ئايازبېك قوشچى دېيىلگەن، بەزى ماتېرىياللاردا «ئاياز شىكەستە» دېيىلگەن. ئە-مەلىيەتتە بۇ ئىككىسى بىر كىشىنىڭ نامىدۇر، چۈنكى بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز ئىچىدە بىر تەخەللۇسنى قوللىنىشتىن سىرت، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا تەخەللۇسنى قوللىنىش ئەھۋالى ئادەتتە ئۇچ-راپ تۇرىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ يولۇقۇشى ئانچە ئە-جەبلىنەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك. «جاھاننامە» داستانىنىڭ قا-چان يېزىلغانلىقىغا كەلسەك داستاندىكى:

يىل ئاتى ئېردى ماچىن تەۋارىخىندا،
رەجەپ ئاي فەرخۇندە تارىخىندا.
تۈگەتتىم جەھان مېھنەتۇ غۇسسەسىن،
قىلىپ نەزم بىر داستان قىسسەسىن.

دېگەن مىسرالاردا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى قەيت قىلىپ ئۆ-تۈلگەن. بۇ جايدىكى «فىرخىندە-فەرخۇندە» سۆزى ئەبجەت ھېسابىدا ھىجرىيە 939-يىلى (مىلادى 1532-يىلى) غا توغ-را كېلىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئالاقىدار بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەينى زامانىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇنلۇقىمۇ ئەسەرنىڭ دەل ئاشۇ يىللاردا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاپتور ئۆزىنىڭ يىگىتلىك ۋاقىتلىرى بىر ۋىلايەتتە ئۆتەكەنلىكى، ئۇ يەر ئاپتور ئۈچۈن بىر ۋەتەندەك بولۇپ قالغانلىقى (لېكىن ئۇ يەر ئاپتورنىڭ ۋەتىنى ئەمەس) مەزكۇر جايدىكى مەلۇم ۋەيرانچىلىقلاردىن كېيىن ئاتىدىن-ئاتىغا خان بولۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭ «قەدىمى قولى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. كەينىدىنلا ئۇ خاننىڭ ئەنجاننى ئالغانلىقى ۋە ئابابەكرى قولىدىن قەشقەرنىمۇ... ئالغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلار شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، يەنى 1510-يىلى سەئىدخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بابىرنىڭ قېشىغا كابۇلغا كەتكەنلىكى، 1512-يىلى ئەنجانغا يېنىپ كەلگەنلىكى قوشۇن تەشكىللەپ 1514-يىلى قەشقەرنى ئابابەكرى قولىدىن تارتىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن ئايازى قوشچىنىڭ 1510-يىللار ئەتراپىدا ئەنجاندا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانلىقى 1512-يىلىدىن كېيىن سەئىدخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ 1514-يىلى قەشقەرگە كەلگەنلىكى ھەمدە «بىر ئۆكسۈك 20 يىل — 19 يىل» (بۇنى سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ۋاقىتتىن ھېسابلىغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ). ئۆتۈپ سەئىدخان تاپشۇرغان ۋەزىپە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا، يەنى بەدەخشانغا بارغانلىقى، ئەنە شۇ يەردە «جاھاننامە» داستانىنى يازغانلىقىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

«داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولۇپ (1533-يىلى)، ئابدۇرەشىدخان تەختكە ئولتۇرغان ۋا-

قىتلارغا توغرا كېلىدۇ. دەۋر جەھەتتىن ئالغاندا «جاھاننامە» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى «چاغاتاي دەۋرى»نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا، يەنى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىشىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ تىل جەھەتتە ئۆزى بىلەن زاماندىش ياكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بەزى ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىنى نىسبەتەن كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ XVI ئەسىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ تەسىرىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەسەردە: «ئۆگمەك - ماختىماق»، «چىغاي - كەمبەغەل»، «تاپۇغ - خىزمەت»، «قولماق - تىلىمەك»، «ئىدى - ئىگە، تەڭرى»، «قازىق - ئورەك» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ۋە بۇ تىلدىكى «ئوق، تۇق» قوشۇمچىلىرى قاتارلىقلار خېلى ئىزچىل ئىشلىتىلگەن①.

داستاننىڭ سيۇژىتى خەلق چۆچەكلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان، يەنى بۇ داستان ۋەقەلىكى — ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى بىلەن داستانلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا كۈچلۈك فانتازىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن،

«① جاھاننامە» ② نىڭ بونيادى»دىكى 111 - بېيتتە مۇنداق بىر ھېكايە مىسال كەلتۈرۈلىدۇ.

پەرزەنت داغىدا ئۇزۇن يىل قايغۇ - ھەسرەتكە گىرىپتار بولغان سىمىن شەھرىدىكى شەھرىيار ئېلىنىڭ پادىشاھى شەھ-

① «جاھاننامە» «لەشكەر تەييارلىغۇچى سۆزى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 5 — 60 - بەتلەر.

② «جاھاننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 9 - بەت.

سۋار كۆنلەرنىڭ بىرىدە فىرۇز شاھ ئىسمىلىك بىر ئوغۇلغا ئىگە
بولۇپ، مۇرات - مەقسىتىگە يېتىدۇ. فىرۇز شاھ بالاغەتكە يەت-
كەن كۈنلەردە مەي ئىچىپ مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ - دە،
ئاجايىپ بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە چاھارباغدىكى بىرقەسىر-
گە كىرىدۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن پەرىلەر ئارىسىدا تۇرغان رەنا
ئىسىملىك بىر پەرىزات فىرۇز شاھنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. فى-
رۇز شاھ رەنا بىلەن قىزغىن سۆھبەت ۋە شىرىن بەزمىلەرنى
بىللە ئۆتكۈزىدۇ. ئويغىنىپ ئۆزىنى ئاۋۋالقى ھەرەم-
دە كۆرگەن فىرۇز شاھ پەرىزات رەنانىڭ ئىشقى - پىراقىدا
ئۆرتىنىپ ئاخىر كېسەلگە دۇچار بولىدۇ. ئوغلىنىڭ كېسىلىگە
ھېچقانداق شىپا تاپالمىغان پادىشاھ شەھسۋار سەلىم ئاتلىق
ۋەزىرىنىڭ مەسلىھىتىگە ئاساسەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادىنى
ئوۋغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئوۋ جەريانىدا شاھزادىنىڭ ئالدىغا بىر
كېيىك يولۇقىدۇ. شاھزادە كېيىكنى قوغلاپ، چۈشىدە كۆرگەن
چاھار باققا كېلىپ، قالىدۇ ھەمدە بۇ يەردە پەرىزات رەنانى
ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا ھۇشىدىن كېتىدۇ. رە-
نا شاھزادىنى ھۇشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، نەسەپ ۋە ھال
ئەھۋال سورىشىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.
ئۇ شاھزادىگە ئۆزىنى تىرەن، مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئۈچ قې-
تىم ئويغىتىشنى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدىغان-
لىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ.

شاھزادە شەرتكە ئاساسەن پەرىزات ئويقۇغا كەتكەن پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، بىرىنچى قېتىم پەرىزات ياتقان تەختى
پايە بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق سوئال قويىدۇ:

«نە كىم سەرگۇزەشت ئەيلەگەن ئېردى تەخت
فەلەك جەۋرىلە زۇلمىدىن نەزم - سەخت»

تەختى پايە ئۈنىڭغا نىل دەرياسى ۋادىسىدا ئۆسۈپ-يېتىلگەن ئۆزىنىڭ ۋاقىتتىن بۇيان ئۆز سايىسى ۋە شېخى بىلەن ئۇرغۇن بەزمىچىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، كۆپ قۇش-لارنى بەھرىمەن قىلغانلىقى، ئاخىرىدا ۋەيرانچىلىق قىسمىتىگە مۇپتىلا بولۇپ قۇرۇغانلىقتىن، كېسىلىپ تەختى پايە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. پەرىزات تەختى پايە ھېكايىسىدىن تەسىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئويغىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شائىر تەختى پايە ھېكايە-سى ئارقىلىق ئالەمنىڭ بىقارارلىقىنى دەلىللەيدۇ. پەرىزات ئىك-كىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاش قاچا بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ.

«سۇراھىي① ئىچى ھەم تولا قان ئىدى،
فەلەك دەردى بىھەد بايان ئىدى.»

تاش قاچا ئۆزىنىڭ ئەلبۇرس تېغىدىكى قورام تاش، ھەت-تا ئەلبۇرس تېغىغا ئاسماندىن چۈشكەن سەنگى (مېتورىت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ سۇلايمان، جەمشىت، كەيقۇبات ۋە ئىسكەندەر دەۋرلىرىنىمۇ كۆرگەن. كېيىن ئۇبۇل خەيرى ھەك-كاك ناملىق تاشچى تەرىپىدىن يونىلىپ بۈگۈنكى قاچا شەكلىگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شائىر بۇ دېتال ئارقىلىق مېتو-رىت ھەم قورام تاش ھادىسىسىمۇ ئالەم ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى-دىن خالىي ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ.

پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتنىڭ يېنىدا تۇرغان شام بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ.

---

① سۇراھىي – ئىدىش، شىشە.

«دىپىەلمەي غەمىن شەمئى ھەم زار ئىدى،
فەلەكتىن بەسى ئۆتلىرى بار ئىدى.»

شام ئۆزىنىڭ نەسلى قوزا بولۇپ، كېيىن قوي بولۇپ ئىككىنى قوزىلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ مېيىدا شام ياسىغانغا قەدەر ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەر ئۈستىدە سۆزلەيدۇ. شائىر شام ھېكايىسى ئارقىلىق ئالەم ئۆزگىرىشلىرى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پەرىزات شاھزادىغا ئۆز رايىنى بېرىپ، دادىسى شاھ تاجى ۋە ئانىسى ماھرۇيىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئىككى ئاي توي قىلىپ نىكاھلىق بولىدۇ. شائىر بىر خۇشاللىق ئۈزىدا بىر قايغۇنىڭ تۇرىدىغانلىقىدىن بىشارەت قىلىپ، فىرۇز شاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغۇل ھىجرىدە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئانىسى شەھسۋارنىڭ ئوغلىنىڭ دەرىكىنى ئالالماي بىمارام بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ ۋە ۋەزىر سېلىمنىڭ تىلىدىن كەنئانلىق ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى ھىجران ۋە ۋىسال قىسسىسىنى بېرىدۇ. بۇ چاغدا، شاھزادە فىرۇز ئاتا ـ ئانىسىنى چۈشىدە كۆرىدۇ ۋە چەكسىز پەرىشانلىق ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ ئاخىرى پەرىزات رەنا بىلەن سىمىن شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ ۋە ئۇ شەھەرگە يېتىپ بارىدۇ. شەھسۋار ئوغلىغا خانلىق سەلتەنىتىنى بېرىپ، ئاندىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. فىرۇز شاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. كېيىن پەرىزات ۋاپات بولۇپ، شاھ تەركىدۇنىيا بولىدۇ. خەلقىنىڭ تەلىپى ۋە ۋەزىر فىرۇز رايىنىڭ تەكلىپى بىلەن فىرۇز شاھ ئوغلى فەررۇخسۋارغا شاھلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ.

---

فىرۇز شاھ تەركىدۇنىيالىقتا يۈرگەندە، يەنە ياشلىق چېغىدا ئۇچراتقان ھېلىقى كىيىكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ

ئىزىدىن يەنە چاھار باغقا كىرىپ قالىدۇ. قارىسا، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمىغان①.

دېمەك، ئاياز بەگ ئۆز داستانى «جاھاننامە» دە كائىنات تىكى ئاسمان ئۈستى، دېۋە-پەرىلەر، مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە مىنېراللاردىن تارتىپ، تاكى ئىنسانىيەت، روھىي ھايات، تەپەككۇرغىچە ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشتە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئاساسىدا تەكىتلىگەن. شائىر ئايازى:

تۈزۈلگەن زەماندىن فەلەك گەردىشى،
ئىرۇر خاندانلارنى بۇزماق ئىشى②.
......
قەيان باردى بۇ ھەم نەشىنلەر دېمەس،
ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆز غەمىن يېمەس.»③

ئىكەنلىكىنى بەددىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلدى. شائىر ئۆز داستانىدىكى ۋەقەلەردىن قىسقا ئۇمۇرنى خەلققە، جامائەتكە بېغىشلاش لازىملىقىنى، پادىشاھلارنىڭ ئادىل ۋە رەھىمدىل بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ رېئاللىستىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

«جاھاننامە» داستانى ئايازبېك قوشچىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە مۇھىم ۋە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ زور ھەجىملىك داستان بولۇپ، ئۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن 64 باب، 2650 مىسرا (1325 بېيىت) دىن تەشكىل تاپقان، مەسنەۋى شەكلدە

① «بۇلاق»، ئومۇمىي 9- سان، 99- بەت.
②③ «بۇلاق» 9- سان، 99- بەت.

يېزىلغان، ئەينى دەۋرنىڭ كىتاب تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە
تەڭرى، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ چاھارىيارلىرى سۈپەتلىرىگە 60
مىسرا قەسىدە بېغىشلانغان. داستاندا يەنە ئەسەرنىڭ يېزىلىش
سەۋەبلىرىگە ئائىت مۇقەددىمە خاراكتېرىدە 160 مىسرالىق
بايان بار. ئەسەرنىڭ ئاپتور ھېسسىياتلىرىغا ئالاقىدار خاتىمىسـ
گە ئاتالغان 32 مىسرالىق بايان بار. خاس «جاھاننامە» قىسمـ
نىڭ ئۆزى 2398 مىسرا بىلەن بايان قىلىنغان.

بەزى مەنبەلەردە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئاياز بېگنىڭ
«جاھاننامە» داستانى بارلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن
بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئانچە چوڭقۇر بولمىغانىدى. پەقەت ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى مەدەنىي مىراسلىرىنى يىغىش، توپلاش
ۋە نەشر قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن يېقىنقى بىر-
قانچە يىللاردىن بېرى مەزكۇر داستان «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە
ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، داستاننىڭ قولغا كېلىش سەۋەبى
توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ
داستاننىڭ يېگانە قول يازمىسى 1981 - يىلى خەلق ئارىسىدىن
تېپىلىپ، 1982 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
قوليازمىلار فوندىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتە
تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىـ
دىن 1985 - يىلى نەشر قىلىندى.

بۇ قوليازما پاتلىق خوتەن قەغىزىگە نەستەئلىق خەت
نۇسخىسى بىلەن ئىككى ستون قىلىپ كۆچۈرۈلگەن. قوليازما
جەمئىي 56 ۋاراق (داستان قىسمى 112 بەت، بىرىنچى
ۋاراقنىڭ بىرىنچى بېتى ئاق قالغان) ھەربىر بەت 13 قۇر
بېيىتتىن ئىبارەت. بېيىتلار قارا سىياھ بىلەن، ماۋزۇلىرى قىزىل
سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

قوليازمىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ قايتا تۈزىتىلـ

گەنلىكى، بەزى سۆزلەردە مەزمۇن ۋە ئىملا جەھەتتىكى خاتالىقلارغا يول قويۇلغانلىقى، مەزكۇر قول يازمىنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسلى نۇسخا بولماي، كېيىنكى يىللاردا كاتىپ تەرىپىدىن قانداقتۇر بىر نۇسخىغا (بەلكىم ئەسلى نۇسخا بولۇشىمۇ مۇمكىن) ئاساسەن كۆچۈرۈلگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.①

قول يازمىنىڭ ئاخىرىدا داستان تۈگىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان «تمت الكتاب بعون الملك الوهاب — سەفى ئىگىمىز تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب ئاياغلاشتى» دېگەن جۈملىدىن كېيىن، پارس تىلىدا شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى ۋە ئابدۇراخمان جامىلارنىڭ دىنىي ئىستىغپار مەزمۇنىدىكى تۆت غەزىلى ۋە ئاپتورى نامەلۇم بىر رۇبائى، ئاندىن ئاخىرىدا يەتتە بېيىتلىق (6 - بېيىتنىڭ ئاخىرقى تەرىپى بۇزۇلغان) بىر غەزەل بار. قەلىمىدىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

داستاندا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىن ئېلىنغان تەسۋىرى پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. (140 — 144 - بېيىتلارغا قاراڭ) بۇ ھالنى ئاپتورنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىك يازغۇچىلار بىلەن يېقىن تونۇش ئىكەنلىكى بىلەن ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ فانتازىيىلىك، يەنى رومانتىكىلىق داستان ژانىرىنى يارىتىشقا ئىنتىلگەنلىكى بىلەن باغلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

دېمەك، ئايازى XVI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن شائىر. ئۇنىڭ «جاھاننامە» داستانىنى ئۇيغۇر كلاسسىك - داستانچىلىقى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم داستانلارنىڭ بىرى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز.

---

① «جاھاننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى 2 - بەت.

## §-2. «جاھاننامە» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

«جاھاننامە» ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەنلا كۆزگە تاشلانماستىن، بەلكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ مولluقى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇنلۇقى بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ.

داستاندا تەسۋىرلەنگەن فىرۇز شاھنىڭ ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، پەرىزات رەنانى ئۈچ قېتىم ئۇيغىتىش بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەقەلىك ۋە ئىلىم - پەننىڭ قەدرىگە يېتىش، بىلىم ئەھلىنى ئۇلۇغلاش، ئەدەب - ئەخلاق، ئاتا - بالىلىق، مېھرى-مۇھەببەت، سۆيگۈ - مۇھەببەتتىكى ۋاپادارلىق، پاك ۋە چىن مۇ-ھەببەتنى قەدىرلەش، كىشىلەر ئارا ۋاپادارلىق قاتارلىق بىر-قاتار مۇھىم مەسىلىلەر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەزمۇنلار ئارقى-لىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

داستاندا ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولغاندىلا ھەرقانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەت يەنىلا ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ نۇقتا فىرۇز شاھ بىلەن رەنا ئوبرازىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. پەرىزات رەنا ئۈچ قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، فىرۇز شاھ ھەر قېتىمدا بىر - بىرىدىن مۇ-رەككەپ، سەللا دىققەت قىلىنمىسا توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان، كىشىلەردىن ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ ھېكايىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنى ئۈچ قېتىم ئويغىتىپ ئۇنىڭ شەرتىنى بىجا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى: فىرۇز بۇ شەرتنى بىجا كەلتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايانغان. يالغۇز فىرۇز

شاھلا بىلىملىك كىشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەشۇقى رەنامۇ شۇقەدەر بىلىملىككى، ئۇ فىرۇز شاھ ئوتتۇرىغا قويغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق، توغرا ۋە ئادىل جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاياز كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلەشكە چاقىرىدۇ. بىلىملىك بولغاندىلا، مۇشكۈل ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق بىرتەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ داستاندىكى:

بىرى كۆڭۈلنى ئىلىم ئىلە پەرۋەرىش—
قىلىپ بىلمىگەن ئىلىمدىن ئۆزگە ئىش①

دېگەن مىسرالىرىدا ئىسپاتلىنىدۇ.

پەرىزات رەنانىڭ 2 ـ قېتىم ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشىغا يەنە بىر قوشۇمچە ھېكايە، يەنى دىۋە ئېلكىدىكى قىز ھېكايىسى سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىدا باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن. شائىر داستاندىكى قىزدىكى باتۇرلۇق ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە ئارقىلىق كىشىلەرنى مەرت ۋە باتۇر بولۇشقا چاقىرىدۇ، ئاجىزلارغا كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق ۋە ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بۇ داستاندا شائىرنىڭ پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان مەزمۇنلارمۇ خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، فىرۇز شاھ رەنانى ئۈچ قېتىم ئويغىتىپ مۇرادىغا يەتكەندىن كېيىن بەخت ـ سائادەتكە چۆمۈلىدۇ. لېكىن ئۇ ۋىسال ئارزۇسىغا قانغان ئاشۇنداق خۇشال كۈنلەردە ئانىسى پەرزەنت ھىجرانىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئاتىسىمۇ ئوغلىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماي بىمار بولىدۇ. فىرۇز شاھمۇ چۈشىدە ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ پەرىشان بولىدۇ. ئۇ رەنا

① «بۇلاق» ۋ ـ سان 114 ـ بەت.

بىلەن سىمىن شەھرىگە ئاتلىنىپ ئاتىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئاتىسى ئوغلىغا خانلىق سەلتەنىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

فىرۇز شاھ تەختتە ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرىزات رەنامۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، شاھنى چوڭقۇر دەرت - ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. فىرۇز شاھ ئۆز ئورنىنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تەركىدۇنيالىقتا يۈرگەندە، ياشلىق چېغىدا ئۇچراتقان ھېلىقى كېيىككە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن چارى باغقا كېلىپ قالىدۇ. قارىسا ئۇنىڭدا ھېچنەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. دېمەك شائىر ئۆز داستانىدا شەيئىلەر-نىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قەدەر بولغان ئارد-لىقتا ھەرخىل ئۆزگىرىشتە، ھەرىكەتتە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، كېيىنىڭ ئورنىنى كۈندۈز ئالغاندەك كائىناتتىكى ئالەم ئۆزگى-رىشلىرىنىڭ مۇقەررەر بىر قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ساددا دىيالېكتىكا ۋە ساددا ماتېرىيالىستىك ئاساستا ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «جاھاننامە» ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقى بىلەن پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆزىدە ئومۇملاشتۇرغان.

### 3 - §. «جاھاننامە» داستانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«جاھاننامە» داستانى ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىكى جەھەتتىكى بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەنمۇ خېلى مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرىدۇر.

داستاندىكى فىرۇز شاھنىڭ پەرىزات رەنانى ئويغىتىشتا ئىشلەتكەن ئۈچ ھېكايە جەلب قىلىش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق ئىكەنلىكى بىلەن كىشىنىڭ قەلبىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. بۇ ئۈچ ھېكايە ئۆزىنىڭ مۇلاھىزە

خاراكتېرىنىڭ كۆچلۈكلۈكى بىلەن كىتابخانىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، مەلۇم خۇلاسە چىقىرىشقا ئېلىپ بارىدۇ - دە، بۇ ئارقىلىق كىتاب-خانىنىڭ كېيىنكى ۋەقەلەرگە بولغان تەقەززالىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، كىتابخانىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلۋالىدۇ. داستاننىڭ قىزىقارلىق ۋە كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى سېھرى كۈچكە ئىگە بولۇشى، ئەلۋەتتە، شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئىنكاسى.

شائىر تىل قاپىيە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، داستاننىڭ تىلى ياڭراق، جاراڭلىق ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بو-لۇپلا قالماي، بەلكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. داستاننىڭ تىلى يەڭگىل بولۇپ، شېئىرىي پىكرى راۋان ۋە چۈشىنىشلىك.

ئاياز بىنىڭ «جاھاننامە» داستانى مول تەسەۋۋۇرغا ۋە كۈچ-لۈك شېئىرىي ھېسسىياتقا ئىگە. مۇھىمى داستاندا لىرىك ھېس-سىيات بىلەن ئېپىك ۋەقەلىك، تەسەۋۋۇر بىلەن كۈچلۈك شېئى-رىي ھېسسىيات، مۇلاھىزە بىلەن مەنتىقىي خۇلاسە ئۆزئارا ئور-گانىك بىرىكىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا شائىر داستاندا بىرمۇنچە رېئال ۋەقە-ھادىسىلەرنى فانتازىيىلىك ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىر-لىگەن. مانا بۇنداق يېزىش داستاننىڭ جەزبىدارلىق كۈچىنى ئالاھىدە دەرىجىدە ئاشۇرغان.

تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ داستان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلىمېنتلىرىنى نىسبەتەن كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ XII ئەسىر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيت-قاندا، ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ خېلىلا چوڭقۇر تەسىرىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئاياز بېك قوشچى كىم؟ ئۇ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟

2. ئايازبېك قوشچىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قانداق ئەسەرلىرى بار؟

3. «جاھاننامە» قاچان، قەيەردە يېزىلغان، سىلەر بۇ ھەقتە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.

4. «جاھاننامە» داستانىنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكىنى ئۆز تىلىڭلار بىلەن بايان قىلىپ بېقىڭلار.

5. داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟

6. 2 - داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى قاراشلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟

7. داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

# VII باب. مىرزا ھەيدەر

## 1 - §. مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى»نىڭ بىرىنچى كىتابىدا ئۆزى توغرىلىق: «مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەركى ئادەملەر ئارىسىدا مىرزا ھەيدەر ① دەپ تونۇلغان» دەيدۇ. ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا بولسا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھىندىستان شاھى زوھرىدىن بابۇرنىڭ ھامىسىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىكەنلىكى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللار بار.

بابۇر شاھنىڭ «بابۇرنامە»سىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئوغۇل ھەيدەر مىرزا» ئىدى. ئاتىسىنى ئۆزبېك ئۆلتۈرگەندىن سوڭ، كېلىپ مېنىڭ مۇلازىمىتىمدە ئۈچ - تۆت يىل تۇرۇپ، سوڭرە ئىجازەت تىلەپ، قەشقەرگە خان قاشىغا (سۇلتان سەئىدخان قېشىغا) كەتتى.

بازگەردەر بە ئەسلى خود ھەمەچىز،
زەرۆرى سافىيونو قىراۋ ئۇ ئەرزىز②.

---

① ھەيدەر — ھايات دېگەن مەنىدە.

② «تارىخىي رەشىدى» ۋە ئۇنىڭدىكى شېئىرلارلى سۆزلەھتە بىۇ ئەسەرنىڭ ئەھمەد زىيائى تەرجىمە قىلغان يېڭى تەرجىمىسىنىڭ قول يازما نۇسخىسى ئاساس قىلىندى — ئاپتور.

(ھەممە نەرسە ـ ئالتۇن، كۈمۈش،
قوغۇشۇن ئۆز ئەكسگە قايتىدۇ.)

مىرزا ھەيدەر بۇ تارىخنى «تارىخىي رەشىدى» بىرىنچى كىتابى بېشىدىلا مۇنداق ئىسپاتلايدۇ: «مېنىڭ ئاتامنىڭ ئاتىسى بىرنەچچە ئەۋلادقىچە خاقانلارنىڭ ھامىلىرى ئىدى. مەن بەندە 13 يېشىمدا يېتىم قېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە يەتتىم. ئۇ مېنى ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن يېتىملىك جاپاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ كۆيۈنۈشلۈك ئورنىغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ قولىدا 24 يىل ئىشلىدىم. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن پەزىلەتلىك ئادەم بولدۇم. ئىلىم ئىگىسى بولدۇم. خەتتە، ساۋاتتا، شېئىر، ئىنشا سەنئىتى، رەسساملىق ۋە ئالتۇن يالىتىش سەنئەتلىرىدە ھەممىدىن ئۇستا بولۇپ يېتىشتىم. تامغا ئويۇش، تاش قىرىش، زەرگەرلىك، ئات جابدۇقلىرىنى ئىشلەش، ئوقيىچىلىق، ئوقيا ياساش قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ ئۇستا ماھىرلىرىدىن بولدۇم. شۇنىڭدەك ھەربىي بىلىملەر، جەڭ پىلانى، چارلاقچى، شىكار باشلىقى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سەئىد خاندىن ئۆگەندىم.» — دەيدۇ.

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى سەئىد خاننىڭ تاغىسى مەھمۇدخان ئۆزبېك خانى شايبان بىلەن غەربىي تۈركىستاندا بولغان ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مىرزا ھەيدەر ھەربىي ئالىم ھەم سىياسىئون، يېتۈك شائىر ھەم تارىخچى ھەم ئۇستا قول ھۈنەرۋەندۇر.

مىرزا ھەيدەر «سەئىدىيە خانلىقى»نى قۇرغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ سەئىدخاننىڭ ئەڭ ياخشى، تالانتلىق ھەربىي قوماندانلىرىدىن ئىدى، جۈملىدىن سەئىدخاننىڭ يېقىن سىياسىي مەسلە-

ھەتچىسى ھەم رەشىدخاننىڭ يېقىن دوستى ھەم ئۇستازى ئىدى. ئۇ سەئىدخان دەۋرىدىكى زور سىياسىي ئىشلارغا بىۋاستە قاتناشقان، شۇنداقلا ئۇنىڭ شاھىدى بولغان.

سەئىدخان 38 ياشقا كىرگەندە، «ئىشانلارغا قول بېرىپ» ئىسلام ئۈچۈن «چوڭ بىر ساۋابلىق» ئىش قىلماقچى بولۇپ، تىبەتكە «غازات» قىلىپ، تىبەت خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە شۇ چاغدىكى جوڭگو ۋە تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ مەركىزىي بولغان ئۇرساڭ (ھازىرقى لاسا)دىكى بۇتلارنى ۋەيران قىلماقچى بولىدۇ.

سەئىدخان ھىجرىيە 938 - يىلى (1532 - يىلى) «تىبەت»كە «غازات» ئۈچۈن 5000 لەشكەر بىلەن ئاتلىنىدۇ. بۇنىڭ باش قوماندانى مىرزا ھەيدەر بىلەن خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىسكەندەرخان ئىدى. لېكىن سەئىدخان ئۆزى كېسەل بولۇپ قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ھەممە ئىشنى مىرزا ھەيدەرگە تاپشۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئۇرساڭغا بېرىپ پۈتۈن بۇتلارنى ۋەيران قىلىپ قايتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆزى 1533 - يىلى تومۇز ئايلىرىدا قايتىپ يولدا ۋاپات بولىدۇ.

بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، قارا نىيەت ئەمىر ئىبلى تاغاي ئۆزۈندىن بېرى ئەمەلگە ئاشۇرالماي كېلىۋاتقان «مەقسىتى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولۇپ، قەشقەر ۋالىيسى ئەمىركەبىر سېيىد مۇھەممەد مىرزىنى تۆھمەت بىلەن رەشىدخانغا ئۆلتۈرگۈزىدۇ. ئەمما سىر پاش بولۇپ قېلىپ ئۆزىمۇ ھالاكەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئوردىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان مەنسۇرخانمۇ ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ رەشىدخاندىن يېڭىلىدۇ. رەشىدخان بۇ ئىشتا ئىبلى تاغاينىڭ تۆھمىتى بىلەن گۇناھسىز مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ خاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رەشىدخان ناھايىتى چوڭ ئەقىل-

پاراسەت، جاسارەت بىلەن ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىپ شۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە خاندانلىقنى ساقلاپ قالىدۇ.

مۇنداق شارائىتتا تىبەتتىكى ھەيدەر مىرزا بىلەن ئىسكەندەر «غازات» ئۇرۇشىنى ئۇرساڭمۇچە داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئارقا سەپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى تىبەتتىكى تەبىئىي شارائىت ۋە يەرلىك قارشىلىق ھەممە خاندانلىقتىن كەلگەن زىددىيەتلەر پارچىلاپ ۋەيران قىلغانىدى. ئۇلار قايتىپ خاندانلىق چېگرىسىغا كەلگەندە 5000 ئادەمدىن ئاران 22 ئادەم قالغانىدى.

بۇ ھالنى ئۇ «تارىخىي رەشىد» نىڭ ئىككىنچى كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ (ئىسكەندەر مىرزىنى دېمەكچى) تىبەتتە تارتقان جەبىردىن رۇخسەت سوراشتا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭغا تۆت كىشى قوشۇپ بەردىم. بەش كىشى ئايرىلىپ كەتتى. ئىسكەندەر مىرزا رەشىدخانىنىڭ بىزگىمۇ رەھىم قىلىشىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز رەھىم، ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. دېدىم»:

«دۇنيا ئېلىدىن ۋەفا كۈتۈپ بولمايدۇ،
ئىچۇ ۋە تاشدا ئۇنىڭدىن سەفا بولمايدۇ.
بۇنداق كىشىدىن ئەھلى ۋەفا ھالىغا،
جەبرى ئىلە جەفادىن ئۆزگە بولمايدۇ».

بۇ ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى رەشىدخانغا ئاچچىقى ئىدى. ئۇ 2 ـ كىتابىدا داۋام قىلىپ... «22 كىشى بىلەن يولغا چۈشتۇق، ئىسكەندەر سۇلتان كەتتى... يەتتە كۈندە پامىرغا كەلدۇق، پامىردىن بەدەخشانغا كەتتۇق. بەدەخشاندا ئانامنىڭ ھەمشىرە ئوغلى مىرزاخاننىڭ بالىسى سۇلايمان شاھ بار ئىدى. ئۇ بىزنى

ياخشى قارشى ئالدى.

بېيىت:

مەن رەقىبلەر كويىدا ئۇ، ئاينى قانداق ياد ئېتەي،

كاپىرىستانلىق ئىچرە قانداقمۇ ئاللاھۇدەي.

مۇنداق بىر ئىسلام دىيارىغا يەتتۇق:

خۇشلۇقۇمدىن قارار قىلىپ تۇرالمايمەن،

ئېھسانىڭنى ساناپ ئېلىپ بارالمايمەن.

گەرتىلىمدا ھەر بىر تۈكۈم بولسا بىر تال،

مىڭ شۈكرۈڭنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمايمەن.

ۋاخانىغا كەلگەندە رەشىدخاننىڭ بىر خىزمەتچىسى بىلەن

ئۇچرىشىپ قىلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئەۋەتتىم.

پارسى بېيىت:

نالە قىلسام تاش دىلىدىن چىققىسىدۇر نالىلەر،

يىغلىسام گەر قاپقارا لايدىن ئۈنەر كۆپ لالىلەر.

رەشىدخان خوتۇن - بالىلىرىمنى ئىسكەندەر ئارقىلىق بەدەخشانغا ئەۋەتىپ بەردى. قىشنى بەدەخشاندا ئۆتكۈزۈپ ئەتىيازدا كابۇلغا كەلدۇق... مەن ھىندىستانغا كەلدىم. لاھورغا كەلگەندە، بابۇر شاھنىڭ ئوغلى كامران مىرزا لاھوردا پادشاھ ئىدى. بۇ يەردە «قىزغىن قارشى ئېلىندىم» دەيدۇ. كامران مىرزا خىزمىتىگە بارغاندىن كېيىن:

كۆرۈرمەن بۇ شاھ ۋەسفىنى بىھېساب،

كېلۇرتار ئاڭا قانچە مەيدان كىتاب.

بۇ جۇملەنى گەر يازسا سەئىدى ئۆزى،
بولار بەلكى بىرقانچە دەپتەر يۈزى.

دەيدۇ، بۇ جايدا يەنىلا ئۇنىڭ سەئىدخانغا بولغان ھۆرمىتى
بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھىندىستانغا كەلگەندە بابۇر دۇنيادىن ئۆت-
كىنىگە 2 - 3 يىل بولغانىدى، بابۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇمايۇن
شاھ، كامران شاھ، ھىندال شاھلار ئارىسىدا بىرلىك بولمىغانلى-
قى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىدىن بىرنەچچە ھەسسە
ئاز بولغان شىرخان قوشۇنىدىن گاڭگى ئۇرۇشىدا (1540- يىل)
يېڭىلىپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن مىرزا ھەيدەر ئۇلارنى كېلىشتۈ-
رۈش ئۈچۈن بىر سۈلھ يىغىنى ئاچىدۇ. يىغىنىدا ئۇ مۇنداق
پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا خوراساندا ۋاپات بولغاندا، ئۇ-
نىڭ 12 ئوغلى بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەي، خوراساننى شاھ
بەگ خانغا بېرىپ قويدى. شۇڭا ئۇلار ھازىرغىچە خەلقنىڭ تاپا-
تەنىسى بىلەن كىشەر تەبىئىتى ئالدىدا مۇرتەددۇر، بۇ شۇنداق
ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشتىكى، بىر يىل ئىچىدە رۇمغا كەتكەن
بەدىئۇززامان مىرزىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. مەرھۇم با-
بۇر شاھ كەڭ ھىندىستاننى ئېلىپ سىلەرگە تاپشۇرۇپ كەتتى.
سىلەر شۇنداق ھىندىستاننى شۇنچىلىك شىرخانغا ئالدۇرۇپ قوي-
ساڭلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ھاسىلى بىلەن خوراسان ئارىسىدا نې-
مە تاپاۋەت (پەرق) بار؟ شىرخاندىن شاھ بەگكىچە قانداق پەرق
بار؟ سىلەرگە خالايىقنىڭ ئېتىرازى قايسى خىلدا بولغۇسىدۇر!
ئالاھەزەل، بۇ خۇسۇستا باشنى تەپەككۇر ياقىسىغا ياخشى تىقىپ،
ئىززەت ياقىسىدىن چىقىرىش لازىم. تاكى خەلق ئارىسىدا باش
كۆتۈرۈش ھاسىل بولغاي. ئىش بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاسان ئىدى،
سۇسلۇق سەۋەبى بىلەن قىيىنلاشتى. ھازىر ئىش ئاسانلىق

بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. كۆڭلۈمگە كەلگەننى ئەرز قىلماقچىمەن؛ خېلى قىيىنچىلىق بار، ئەمما ئاسان ئىش بولىشىدىن ئىلگىرى قىيىن قىلىپ قويۇلدى. ئەگەر بۇ قىيىنچىلىققا سەبىر قىلىنمايدىغان بولسا، بۇنىڭدىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ» دەيدۇ.

دېمەك، ھەيدەر مىرزا بابۇر شاھ باللىرىنى تەشكىللىدى ھەمدە ئۆزى ئۇلارغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، 400 كىشى بىلەن كەشمىرنى ئېلىشقا قارار قىلدى ۋە كەشمىرگە كەتتى. بۇنى ئۇ «تارىخىي رەشىدى» بىرىنچى كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ «... ھىجرىيە 947 - يىلى (1540 - 1541) 1 - ئاينىڭ 22- كۈنى كەمشىرۋاندىن ئۆتتۇم.

سېنىڭ كەلگەنىڭ نىسارى ئۈچۈن،
بولۇپ تۇشتى قار، زور گوياكى دىنار①
ھاۋا ئۆزرە چىققۇچى ھەربىر بۇلۇت،
بۇت ئاستىغا چاچماقتا كۆپلەپ سار②

1541-1542 - يىللىرى ئۇ 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەشمىر پادىشاھى كاچچەكىنىڭ 5000 ئاتلىق ئەسكىرى ھەم كۆرەشچى پىللىرىنى يېڭىپ، كەشمىردە تەختكە چىقىدۇ ۋە كەشمىرنىڭ ھاكىمى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كەشمىرنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىشى ئىدى.

مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» نى شۇ كەشمىردە يازغان. ئۇ بۇ توغرىلىق ئىككىنچى كىتابىنىڭ ئاخىرىدا: «بۇ «تارىخىي رەشىدى» ھىجرىيە 952 - يىلى ئوبدان شەھەر بول-

---

① دىنار — تىللا.
② سار — چاچقۇ

ھان كەشمىردە (خۇدا بۇ شەھەرنى ئاپەت ۋەيرانلىقىدىن ساقلىغاي) دوستلار تەرىپىدىن مىرزا ھەيدەر كوراگان دەپ مەشھۇر بولغان مۇھەممەت ھۆسەيىن كوراگان ئوغلى مۇھەممەت ھەيدەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ كەشمىر تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 5- يىلى تاماملاندى» دەپ كۆرسىتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشچە، ئاپتور «تارىخىي رەشىدى»نى 1542—1546- يىللىرى ئىچىدە يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئەدىب، ئېھتىمال، ئەنە شۇ كەشمىر شەھىرىدە دۇنيادىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.

## 2 - §. «تارىخىي رەشىدى» توغرىسىدا

ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى بىرىنچى كىتابنىڭ بېشىدىلا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «... مۇھەممەد ھۆسەيىن كوراگاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەركى ئادەملەر ئارىسىدا مىرزا ھەيدەر دەپ تونۇلغان. مەن تارىخ يېزىشقا كىرىشتىم. سەۋەبى (ھىجرى) 951- يىلى (1542) بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ھېكايىلەرنى يادىدا تۇتقان بىرەر كىشى قالماپتۇ.» دەيدۇ. ئاپتور شەرق ۋە غەرب موغۇل، چاغاتاي خانلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ بۇ پىكرىنى بىرىنچى كىتابنىڭ بېشىدىلا تۆمۈرلەر دەۋرىنىڭ تارىخچىسى شەرەپىددىن يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» سىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى چىڭگىزخاندىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە تارىخلاردا يېزىلغان. ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ ھالى شەرھ قىلىنغان ئەمەس. بەلكى ھەرجايدا سۆز سۆرۈشتۈرۈلسە، خانلار ئەھۋالىغا توختالغاندا تەرتىپكە لايىق يېزىلمىغان... شۇ سەۋەبدىن مەن بۇ تارىخنى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن باشلىدىم، چۈنكى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن

ئاۋۋالقىلىرى يېزىپ قالدۇرۇلغان ...»

مىرزا ھەيدەر ئۆزى يېزىپ ئۆتكەندەك، كىتابىنى شەرقتە شىنجاڭدا چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەتكە چىققىشىدىن (1348) باشلايدۇ. ئۇ بۇنى شەرقتە — شىنجاڭدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققىشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى رەشىدخاننىڭ تەختكە چىققىشى (1533-1569) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىدۇ. جۈملىدىن شەرقىي چاغاتاي (تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن باشلانغان) خانلىقى بىلەن 1370- يىللىرى ماۋارەئۈننەھرنى ئاساس قىلىپ غەربىي ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن تۆمۈرىلەر سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ۋە تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ھەرىكەتلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان بابۇر شاھ بىلەن سەئىدخاننىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى، بۇ چاغدا ماۋارەئۈننەھردە شايبانىخاننى ئىسمايىل شاھنىڭ ئۆلتۈرۈشى؛ سەئىدخاننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ تۇرغان ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى؛ ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن ئۇچرىشىپ تىنچلىق يولى بىلەن پۈتۈن سەئىدىيە خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى؛ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە بابۇر شاھ دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلەر ۋە ئەڭ ئاخىرى سەئىدخاننىڭ ئىشانلارغا مۇرىد بولۇپ «تىبەت» كە «غازات» قا بېرىپ قايتىشىدا يولدا ۋاپات بولۇشى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۈرسەتپەرەس ئىنلى تاغاينىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش قىلىش سۈيىقەس-

تىنىڭ پاش بولۇپ قېلىپ قېچىشى ۋە ھالاك بولۇشى؛ ئەڭ ئاخىرى ھەيدەر مىرزىنىڭ تىبەتتىن قايتىپ ئامالسىز بەدەخشان ئارقىلىق ھىندىستانغا — بابۇر شاھ ئوغۇللىرى يېنىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشى ۋە 400 ئەسكەر بىلەن كەشمىرنى ئىشغال قىلىپ ئۇ يەردە سەلتەنەت سۈرۈشى قاتارلىق تارىختا «ئاق قالغان» ئىككى ئەسىرلىك جەرياندىكى ئىشلارنى يېزىپ چىقىپ، 200 يىللىق بوشلۇقنى تولدۇرۇشتەك شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى بېجىردۇ.

ئاپتور كىتابقا «تارىخىي رەشىدى» دەپ ئات قويۇشنىڭ سەۋەبىنى ئىسلامىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بىرىنچى كىتابنىڭ بېشىدىلا كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى: «تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا رەشىددىن سەۋەب بولغان. بۇنىڭ ئالدىدا بۇراقخان، كەبەكخانلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرالمىغان. بۇ تارىخ ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن رەشىددىن① دىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تارىخنى «رەشىدى» دەپ ئاتاش لايىق كۆرۈلدى.

ئىككىنچى، ئۇ ئابدۇرەشىدخاننى مۇغۇل خانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ «يەنە بىر سەۋەب مۇغۇل خانلىرىنىڭ ئاخىرى رەشىدخان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تارىخ ‹تارىخىي رەشىدى› دەپ ئاتالدى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

كىتاب ۋەقەلىك جەھەتتىن ئەينى زاماننىڭ خۇددى ئاپتور ئېيتقاندەك «تەزكىرى زەنجىرلىرى ئۈزۈلمەي بىر-بىرىگە باغلانغان» تەپسىلىي تارىخى بولسىمۇ، تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش تىلى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە» دەك ئەسەر بولۇپ، بەدى-

① ئەسلى تۇغلۇق تۆمۈرنى مەۋلانە جامالىددىن دىنغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. لېكىن، بۇزات ئۆلگۈرمەي ۋاپات بولغان. بۇ ئىشنى ئوغلى رەشىددىن بېجىرگەن. ئۇلارنىڭ مازىرى ئاقسۇدا.

ىنى ئەسەر سۈپىتىدە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تارىخىدا قىممەتلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

«تارىخىي رەشىدى» نى بەدىئىي ئەسەر دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئىككى ئەسىرلىك ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىككى توملۇق داستانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ خۇددى شەرق داستانچىلىقىدەك ۋەقەلەر بايانى جەريانىدا ۋەقەلىككە بولغان ئۆز قارىشىنى شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. نەسرىي بايانلىرىدىمۇ ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان نەسرىي، شېئىرىي تىل ئىشلىتىلگەن ئورۇنلار ھەممىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچ بىلەن ئوقنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇقراقتۇر. تىغنىڭ تىلى گەرچە تېز بولسىمۇ، «فەتھ مۇبىن» (روشەن فەتھ) نىشانىسىنى مەھكەم تەدبىردىن تاپقىلى بولىدۇ. نەيزە مەيدان ئايۋانلىرىدا ھەرقانچە شەمشەردەك يالتىرىسىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبىسى توغرا تەدبىر شولىسى بولۇپ يورۇق بېرىدۇ. شەمشەرنىڭ ھۆكمى ئەگەر تۈز پىكىرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولسا، ئۇنىڭ قوبۇلى دۈشمەن گەردىنىگە چۈشىدۇ. ئوقنىڭ سالامى ئەگەر تەقدىر بىلەن بولسا، دۈشمەن يۈرىكىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بەخت روشەنلىكى جەڭ مەيدانى توزانلىرىدىن ئارتىدۇ. مەئرىكە قاراڭغۇلۇقتا يورۇق تەدبىر قولىنى تۇتىدۇ.

بېيت:

تەدبىر زەمانىسىدا بىر ياخشى پىكىردەل،
قوم دېڭىزىدەك مىڭ سۈپاھىدىن ئەۋزەل.»

يۇقىرىقى كەلتۈرۈلگەن پارچىنى ئەلۋەتتە بەدىئىي ئەسەر دېمەي بولمايدۇ.

ئۇنىڭدا تەدبىرنىڭ جەڭدىكى رولى بىر پارچە گۈزەل رەسىمدەك كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەسەردە باشتىن-

ئاخىر تەكرارلانغان ئەلە شۇنداق ھالەتلەر بۇ ئەسەرگە ئەڭ چىرايلىق بەدىئىي تۇس بېرىپ، ئۇنى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلانـدۇرىدۇ.

كىتابنىڭ 2 - قىسمىدا ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيـغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىنىپىي قاتلاملىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ «باغۋەنچىلىك» ئادەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىن سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ ھەم سەئىدخاننىڭ قەشقەر ھۆكۈمرانى ئابابەكرى مىرزا ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «سۇلتان سەئىدخان ئۇچماراۋان دۆڭدىن لەشكەر بىلەن قەشقەرگە سەپەر قىلدى.

بېيىت:

قوشۇن بولدى تەييار، تۇتۇچى جەھان،
ئاتنى مىنىپ بولدى دەشتكە رەۋان،
ياغى قەستىدە باغلادى بېلىنى،
ئۆچ ئالماسسىلە تېز قىلىپ نەيزىنى.
خېچىرىنە ئۇلاغ تاۋسقلە بۇ تەگرى چۆل،
زەمىن ئالتە ۋە سەككىز بولدى ئاسمان.
(زېمىن ئالتە، ئاسمان سەككىز بولدى ئول)

سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرىنى يىراقتىن كۆرۈپ 15 مىڭ كىشى دەپ قىياس قىلدى، قىياس توغرا چىقتى.

كىمكى ۋەھىمە بىرلە، لەشكەر سانار،
بىرى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ تۇيۇلار.»

---

بۇ يەردە سەئىدخان پىسخىكىسىنىڭ، ئۆز دۈشمىنىنىڭ

كۆچىگە نىسبەتەن مۆلچەرىنىڭ تەمكىن، توغرا ئىكەنلىكى سۈرەتلىنىدۇ.

سەئىدخان ئۆز بارگاھلىرىنى قورۇپ تۆمەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئابابەكرىنىڭ قەشقەردىكى قورغانىغا رازۋېتكا ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ئىلىنغان مەلۇماتلىرىنى ئۆز قوماندانلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭ خۇلاسىسىنى سەئىدخان ئاغزىدىن بىرلا بېيىتكە ئىخچاملاپ مۇنداق بېرىدۇ:

چېرىكى بىپايان قومدىن تولا،
كىشىسى نىھان قان دېڭىز ئارا.

مانا بۇ باتۇر قوماندان سەئىدخاننىڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى توغرا مۆلچەرى، ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى.

جەڭ باشلىنىدۇ. جەڭدىكى سەئىدخان لەشكىرىنىڭ غەيرەت-جاسارىتى، قەھرىمانلىقى، جەڭ كارتىنىسىنى شائىر مۇنداق سۈرەتلەپ بېرىدۇ:

بارى شىر يۈرەك، بابىردەك كۆچى،
بۆلۈتنى تېشەر نەيزىسىن ئۇچى.
بارى شىر يۈرەك كىينەدىل① جەڭچىلەر،
جەھان كۆيدۈرۈر ياغى② ئەزگۈچىلەر.

يۇقىرىقى كۆپلىت بىر تەرەپتىن سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش ۋەھشىيىتىنىڭ

---

① كىينەدىل — يۈرىكى (دىلى) ئاداۋەتلىك.

② ياغى — دۈشمەن. (دۈشمەنلىك).

رېئالىستىك كارتىنىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان سەئىدخان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتىكى ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە خۇراسان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەر-كەردىسى خوجا ساقىي ئەلى ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ.

ئۇرۇش بىر ئايغا سوزۇلىدۇ. چۈنكى قەشقەر «قەلئەسى» بەك مۇستەھكەم ئىدى. بۇ چاغدا قىرغىزلار سەئىدخانغا بوي-سۇنغان بولۇپ، سەئىدخان لەشكىرىنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇنداق تەمىنات ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، شۇڭا سەئىدخان قىرغىزلار سەركەردىسى مۇھەممەدنى يەركەن-گە رازۋېتكىغا ئەۋەتىپ دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئىشەنچلىك مەلۇ-مات توپلاپ، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئالدى بىلەن يەركەننى ئېلىپ ئاندىن قەشقەرنى ئازاد قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن «يېڭىسار» قەلئەسىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار يولغا چىقىپ يېڭىسارغا ئون پەر-ساھ يىراقلىقتىكى «ناساكات» دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. سەئىدخان ئۆز قوشۇنىنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىغا ۋە ئىدىيىۋى ھالىتىگە سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلاتتى، ئۇ تەرتىپ-ئىن-تىزام ۋە ئۆز غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچ قوشۇن جەڭگىۋارلىقى-نىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ قوشۇنى ئىچى-دىكى موكىر باتۇرنىڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا — بابۇر شاھ ئالدىغا قاچماقچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، لەشكەرلىرىگە بىر قېتىم «غەلىبە ئىشەنچ» تەربىيىسى ئېلىپ بارغانلىقىنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

---

تېگىدە زەفەرىنە مۇبارەك ئەتتى
سەئادەت يېقىن، تىزگىنداش نۇسرەتى.

ئوزەڭگۈ ۋە تورانى باتۇرلىرى،
ھەممە ئالدىرار كېسەللىك دىللىرى،
بارابەرلەر بىردىن تۇگۈن تاشلىغان،
بېرىپ نەيزە گوسنى تارتقان كامان.

سەئىدخاننىڭ يوقىرىقى ئوتقىدىن كېيىن سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچى ئارتىپ، ئىرادىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى شائىر ئىخچام قىلىپ مۇنداق ئىككى مىسرا بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ:

قىلىپ ھەملە بىر ـ بىرىگە بۇ ئىككى يار،
بىرى رۇستەم ئول، بىرى ئىسپەندىيار.①
(بىرى رۇستەم ئول، بىرى ئىسپەندىيار.)

مىرزا ئابابەكرى «يېگىسار ئورۇشى» دا ئوزۇن ئۆتمەي ھەممە لەشكىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئاخىرى ئىلاجسىز دېھقان، باغ ـ ۋەن، ئوششاق قول ھونەرۋەنلەرنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ئېلىپ كېلىدۇ. شائىر بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ:

كەمانغە كەمانداز كېرەك ئەۋەللا،
ئىچىش ھەمدە تارتىش ئۇنى راستىنلا.
رەۋەم (باتۇرانە) تارتقىلى قانچە يىللار كېرەك،
كەماننى كەمانداز تارتىشقا بەك.

① ئىسپەندىيار ـ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 5 ـ پادىشاھى. ئۇ ياۋروپا تارىخلىرىدا دارا (دارىيوس) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يېڭىسار قەلئەسىنىڭ باشلىقى ئابابەكرى ئەمىرلىرىدىن ئاختا قىلىنغان ئەلىك ئىسمىن دورغا دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشنى «سۇلھ» بىلەن ھەل قىلىشقا تېزلا كۆنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا سەئىدخانىنىڭ ۋەكىلى سەئىد مۇھەممەد مىرزا كەلگەندە، ئۇ ئابابەكرى ئۈستىدىن قار - يامغۇردەك شىكايەت تۆكىدۇ ۋە «يېڭىسار قەلئەسى» ئاخىرى «سۇلھ» بىلەن ئېلىنىدۇ. بۇ خەۋەر قەشقەر بىلەن يەركەنگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇرۇشمايلا ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولىدۇ.

ئابابەكرى يەركەننى چوڭ ئوغلىغا تاشلاپ بېرىپ، دۆلەت بايلىقىنى 100 قېچىرغا ئارتىپ قاچىدۇ. ئوغلى يەركەن تەختىدە تۆت كۈن ئولتۇرىدۇ ۋە بۇ يېڭى خان جاھانگىر مىرزىمۇ تەختنى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇنى شائىر:

قېچىپ ئالماق باشنى ئۆز جايىدا تۇرغان ۋاقتىدا،
ياخشى باتۇرنىڭكى قالغان باشى يۇرت ئۈستىدە.

دەپ ئابابەكرى ۋە ئۇنىڭ خانلىرىنىڭ ماھىيىتىنى مەسخىرە بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ. جاھانگىر مىرزا يەركەندىن كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن، خوراسانلىق ئۇيغۇر سەركەردىسى غوجا ئېلى باتۇر ئىنىكى، ئۈچ ئەسكەر بىلەن يەركەنگە بېسىپ كىرىدۇ.

ئابابەكرىنىڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزا ئاتىسى بىلەن تىببەت چېگرىسىدىكى «سانجۇ» دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، خوتەنگە قاچىدۇ ۋە خوتەندىمۇ تۇرالماي قاراڭغۇ تاغقا قاچىدۇ. كەينىدىن ئەسكەر قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قېچىرلارغا ئارتىپ ماڭغان قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا ئامالسىز قالغان

ئابابەكرى «ئاق قاش» (يورۇڭقاش دەرياسى) بويىدا كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. كۆيدۈرگىلى بولمىغان ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، گۆھەر ... لەرنى دەرياغا تۆكۈۋېتىدۇ ۋە مال ئارتقان قېچىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تىبەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا 48 يىل ئولتۇرۇپ خەلقنىڭ جېنىدىن باشقىسىنى شۈلۈپ ئالغانىدى. بۇنى شائىر پەقەت ئىككى مىسراغا مۇنداق جەملەيدۇ:

شۇنچە نېمەت بى سوردى نام قارا،
نامدا يوق ئورۇن يېزىشقا قارا.

شائىر يەنە ئابابەكرىنىڭ ئاچكۆز، بېخىل، دۆتلۈكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

قىلاتتى پۇتۇنلەي ئورۇش ئىشىنى،
ئۇقمايتتى تەدبىر كېتىش ئىشىنى.

سەئىد مۇھەممەد ئابابەكرىنى ئەسكەر بىلەن قوغلاپ تىبەتكە بارغاندا، ئۇ ئىلاجىسىز خوتۇن - بالا - چاقىلىرىنى تىبەتكە تاشلاپ ئۆزى سەئىد مۇھەممەد ئالدىغا كېلىدۇ. لېكىن سەئىد مۇھەممەد ئادەملىرى ئىچىدىكى بەزىبىر مەنسەپپەرەسلەر ئابابەكرىنى كېچىدە سەئىد مۇھەممەدتىن رۇخسەتسىز ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە خان ئالدىغا ئابابەكرىنىڭ بېشى كەلتۈرۈلىدۇ. شائىر ئابابەكرىنىڭ بۇ تراگېدىيىسىنى:

سەن ياشا ئۇنداق، قۇتۇلغايسەن ئۆلۈپ،
ياشىماي ئۆلسەڭ، قۇتۇلغاي باشقىلار.

دەپ ئۇلاسـلـسـەھ، كىشى ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتىگە پەيلاسوپ-لارچە مۇنداق باھا بېرىدۇ. «ئادىللىقتىكى ئۆلۈم باشقىلارغا ئۆلۈم، يامانلارغا ھاياتتۇر» ئۇنى شېئىردىي ئوتۇق بىلەن مۇنداق ئوبرازلاشتۇرىدۇ:

ئەدل كەتتى، ياخشى ئېتى قالدى يادىگار،
زالىم قالمادى، ئاد تېنى قالدى بەرقارار.

يېگىسار ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇچىنچى كۈنى قەشقەرگە خۇراسانلىق ئۇيغۇر سەركەردىسى خوجا ئېلى باتۇر ئەسكەر باش-لاپ بېسىپ كىرىدۇ. بۇ ھالنى شائىر:

مىدىرلاشقا كەلدى زېمىنۇ زەمان،
كى دەتتىگكى ئۇچماقچىدۇر ئاسمان.
سىپاھىنىڭ تۇزاڭى ۋە ئات ئۇنىدىن،
قۇياش بىرلە ئاي قالدى ئۆز نۇرىدىن.

دەپ كىشلەر ئالدىدا ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرىدۇ.
ھىجرىيە 920 - يىلى (1514) رەجەپ ئېيىدا سۇلتان سەئىدخان يەركەنگە كىرىپ تەختتە ئولتۇردى.
شائىر سەئىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ كېلەچىكىگە زور ئۈمىد بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا خەلق نامىدىن مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

ئەي، كى راست كەلگەن ساڭا دۇر پادىشاھلىق نەتونى،
جەۋھەرىڭدىن تاپتى شاھلىق تاجى رەۋشەندۇر نۇرى،
بۇ جەھان زۇلۇم سىتەمدىن تاپقۇسىدۇر قاپقارا —
بولماسا چاقماق تىغىڭ گەر چاچقۇچى ئۆز شولىنى!

ئابابەكرى مىرزا بىر قېتىم ئەھمەد ئالاچى خاننىڭ مەر-
كىزى ئاقسۇنى بېسىۋالغاندا، ئۇنىڭ تۆتىنچى قىزى خەدىچە
خانىمنى قولغا چۈشۈرگەن ۋە ئۇنى چوڭ بولغاندا، ئوغلى
جاھانگىر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. جاھانگىر مىرزىمۇ سەئىد-
خاننىڭ بوۋىسى يۇنۇس خان جەمەتلىرىگە ئانا ئۇرۇقى جەھەت-
تىن تۇغقان كېلەتتى. شۇڭا سەئىدخان قاراڭغۇ تاغدا دادىسى-
دىن ئايرىلىپ قالغان جاھانگىر مىرزىنى ئۇنىڭ تەلپىگە بىنا-
ئەن ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

سەئىدخان ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنى جاھانگىر مىرزىغا
ئارتماي، ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى. لېكىن ئۇ شۇ يىلى باھار مەز-
گىلىدە «يېڭىسار» دا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. قاتىل تېپىلمىدى.
ئەمدى ئابابەكرىنىڭ تېبەتتە قالغان خوتۇنى خانزادە بېگە ۋە
ئىككى ئوغلى تورتەڭگىز، بوستانگىرلارنى كىشى ئەۋەتىپ ئالدۇر-
دى. بوستانگىر كېلىشىنى خالىماي ھىندىستانغا بابۇر شاھنىڭ
ئالدىغا كەتتى. تورتەڭگىز بىلەن خانزادە بېگەنى قايتۇرۇپ
كەلدى ۋە خانزادىنى ئەمىركىبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا
نىكاھلاپ ئېلىپ بەردى. تورتەڭگىز ئوردىدا شاھزادە بولۇپ
قالدى...

بوستانگىرنى كابولدىكى تاغىسى قارشى ئالمىدى، ئۇ كا-
بولدىن بەدەخشان ھۆكۈمرانى مىرزىخان ئالدىغا كەلدى. ئا-
بابەكرىگە كەك - ئاداۋەت ساقلاپ ئۇمۇ قارشى ئالمىدى. ئۇ ئا-
خىرى ئۆزبېك خانى سۆيۈنچۈكدىن پاناھ تېپىپ پۈتۈن ئۆم-
رىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزدى.

سەئىدخان ئابابەكرى قالدۇقلىرىنى تامامەن تازىلاپ، ئۆز
ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ ئالغاندىن كېيىن بۇ جەڭدە قەھرىمانلىق
كۆرسەتكەن جەڭچىلەرنى مۇكاپاتلىدى. بۇ سەلتەنەتلىك سو-
رۇننى شائىر تەسۋىرلەپ:

قۇرال، ئات، ساۋۇت بەردى ھەم سوپەر،
كىيىم بەردى ئەتلەس ۋە ئالتۇن كەمەر.
قىلاتتى جەڭ ئەھلىگە ئىنئاملەر،
بۇ ئىنئام بىلەن مەملىكەت تۈزۈلەر
ئەگەر شاھ ئۆلەشتۇرسە لەشكەرگە زەر،
سوقۇش كۈنى لەشكەر باشنى بېرەر.

دەيدۇ ۋە شاھ بەرگەن ئىنئامنىڭ زور سىياسىي، تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. سەئىدخان ھاكىمىيتى خەلقنى ئابابەكرى زۇلمىدىن ئازاد قىلدى. بۇ ھال شائىر قەلبىدە مۇنداق تەسەۋۋۇرلىنىدۇ.

ئالەمگە شۇ خىل يايدى ئۇ، سايەدىن،
يوق ئەندىشە زال ۋە رۇستەملەردىن①
ئى شاھ ئەدالەت كۈنىنىڭ ئىشى،
زەماندىن شىكايەت قىلماس ھېچ كىشى
سەئىدخان شۇنداق تىنچلىق بەرپا قىلدىكى:
بىر كىشى بىر داس ئالتۇننى ئېلىپ غەربتىن شەرققە قورقماستىن ئۇ كېزەتتى جاھان ئەتراپىنى.
يۈرىدۇ ئەدىلىڭ بىلەن كۆك ئۈستىدە يالغۇز قۇياش،
يۈرگىنىڭدەك چاچىبان بىر توختىماستىن نۇرىنى.

سەئىدخان ھاكىمىيتىدىن خەلققە تەگكەن تىنچلىق، باياشات تۇرمۇشتىن مەيدانغا كەلگەن خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى شائىر پەقەت ئىككى مىسراغا جەملەپ مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

① زال ۋە رۇستەم — «شاھنامە» دىكى قەھرىمانلار.

بىزدە تېخىمۇ يۇغۇرۇلغان لالەنى شەراپ بىلەن،
جەمئىيىتىمىز قەدەھ ئىرۇر بادەئى خانىدەن.

شائىر ھاكىمىيەن بېشىدا تۇرغان سەئىدخاننىڭ شەخسىي ھاياتىنىمۇ كۆزدىتىپ باردۇ. چۈنكى فېئودالىزم جەمئىيىتىدە شاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ شەخسىيىتى بىر مەزگىل ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇ سەئىدخان ئادالەتلىك بىلەن ئىش كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنرەك ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى تەنقىد قىلىپ:

مەست بولۇپ كەلدىم كوچاڭغا كېتىمەن مەجنۇن بولۇپ،
بىخەرەز دۇرمەن نېچۇك كەلدىم، نېچۇك كەتتىم يۈرۈپ.

دەپ لىرىك قەھرىمان شەكلىدە سەئىدخاننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تىغ تەگكۈزىدۇ. شائىر سەئىدخانغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلغان بولسا كېرەك. «1521-يىلىدىن باشلاپ سۇلتان بۇ ئىشنى توسىدى» دەيدۇ. شائىر خاتىرجەم بولۇپ.

سەئىدخان ئالدىدا ئەمدى ئاقسۇدىن شىمالىي شىنجاڭ يەتتىسۇنى ئىگەلەپ تۇرغان ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن كېلىشىپ، بۇرۇنقى شەرقىي موغۇلىستانغا قارىغان تېررىتورىيە ئىچىدە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى تۇراتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى.

بۇ چاغدا سەئىدخان ۋەزىرلىرى «مەنسۇرخاندىن ئۆچ ئېلىپ يوقىتىش پەيتى كەلدى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئەمما سەئىدخان بىر تەرەپتىن، تۇغقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، كونكرېت ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ئالىيجانابلىق بىلەن بۇ-

رۇنقى ئاداۋەتلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ مەنسۇرخان بىلەن «تىنچلىق»، «سۇلھ» ئارقىلىق بىرلىشىش يولىنى ئىزدەيدۇ ھەم ۋەزىرلىرىنىڭ پىكرىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئەمدى مەنسۇرخان بولسا، سەئىدخاندىن قورقۇش ھېس قىلىپ ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇ سەئىدخان ھاكىمىيەتكە چىقمىغان چاغدا، سەئىدخان زورھەربىي كۈچ بىلەن «چارون چىلەك» تە- ۋە ئىنىسى خېلىل سۇلتانغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، خېلىل سۇلتاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغانىدى.

ئىككىنچىدىن، ئەينى چاغدا سەئىدخاننىڭ ھەربىي كۈچى ئۇنىڭدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىنىلىرى: ئىمىن خوجا، باباچاقلار بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى يوشۇرۇن تۈستە جىددىي داۋام قىلماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ سەئىدخان بىلەن «سۇلھ» قىلىشقا موھتاج ئىدى. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ مەنسۇر- خان ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغان، ئەمما يوشۇرۇنۇپ قالغان ئىنى- سى ئىمىن خوجىنى ياركە ئىسملىك ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن تېپىپ سەئىدخاننى «چېكىپ بېقىش» ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. سەئىدخانغا ياقىدىغان بۇ ۋەقە ئۇنى خۇشال قىلدى.

شائىر بۇ ئەھۋالنى «بۇ چاغدا خاننىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ بېيىتنى ئاڭلىدىم» دەپ تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ:

ئەگەر ئۇ جانى ئىككى شاھ قويسا بىر-بىرىگە،
ياغى ئەيزىسى تەگمەس ھېچقايسى بىرىگە.

بۇ سەئىدخان مەقستىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى ئىدى. ئىمىن خوجا سەئىدخان خىزمىتىگە بارغاندىن كېيىن ئارىدا ئالاقە قويۇقلىشىدۇ. ئاخىرى خېلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى باباچاق

ئارىغا چۈشىدۇ ۋە ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدىكى، «ئىربات» دېگەن جايدا شۇ چاغدىكى شاھلارچە، دەبدەبە بىلەن كۆرۈشۈش ئۇسۇلى بويىچە ھەيۋەتلىك تۈردە ئۇچرىشىدۇ.

سەئىدخان ئالىيجاناپ، پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ پەيتتە ھەققانىيەت ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئاكىسىدىن نەچچە باراۋەر ئۈستۈن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قىرىنداشلىق كۆرسەتمىدى. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن تەييارلانغان تەختىكە ئالدىدا ئاكىسى مەنسۇرخاننى ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى. قۇتبىدا نامازنى مەنسۇرخان نامىغا ئوقۇتتى...بۇ ھالەتنى شائىر پەقەت بىرلا بېيىت بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شەكلى سەنۇبەركى ① دىلى دەپ ئاتاپتۇرلەر،
سەلمان② سېنىڭ بويۇڭنى قۇچاقلاپتۇ كەل بۇيان.

شائىر ئىككى شاھنىڭ كېلىشىش تارىخىنى بولسا:

ئاچچىقكى قىراقى ئىچىدە تارتتىنىڭ،
يۈز زەھەرنى سەن ئۇندا تارتتىنىڭ.
ئاخىرى ئۇنىڭ ۋىسالى بولغاي،
ئۇ ئەمدى بىتامام ھالال بولغاي.

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ ئۇچرىشىش داغدۇغىلىق بولغان بولسا كېرەك. تارىخچى «يۈز تۆگىلىك سوۋغاتلار تارتۇق قىلىشىپ ئىتتىپاقلىققا ئاساس سېلىندى ۋە كېلىشتى» دەپ يازىدۇ.

① سەنۇبەر دەرىخى شەكلىنى يۈرەك شەكلىگە ئوخشىتىدۇ.
② سەلمان — بىر شائىرنىڭ ئىسمى.

تارىختىن بىرى خان - بەگ جەڭگى - جېدەللىرىنىڭ خورلۇقلىرىنى يېتىپ ئاشقۇچە تارتقان خەلقنى بۇ «سۇلھ» بەكمۇ خۇشال قىلدۇ. خان سۆڭ تاشتىن ئالتە كۈندە يەركەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى شائىر ئىككى مىسراغا جەملەپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ساقىيا كەلتۈر قەدەھ، پەيمانەنى ھەم مەينى بەر،
كەلدى دەۋلەت خانىگە سۇلتانىكى، قىلغانتى سەپەر.

سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئۇچرىشىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدۇ. مەنسۇرخان سەئىدخاننى پۈتۈن خانلىقنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلدۇ. مەنسۇرخاننى سەئىدخان بۇرۇنقى ئۆز تەۋەلىكىنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ تونۇيدۇ. سەئىدىيەخانلىقى ئەمەلىي بىرلىككە كېلىدۇ. ئەمدى سەئىدخاننىڭ ئالدىدا خانلىقنىڭ سىرتقى دۈشمەنلىرىگە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، دۆلەت ئىچىدە تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ماددىي-مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسى تۇراتتى.
سەئىدخان دۆلەت ئىچىدە بۇرۇن مەنسۇرخان بىلەن دۈشمەنلەشكەن تۇغقانلىرى باباچاقنىمۇ، ئىمىن خوجىنىمۇ ئۆزىگە تارتىپ ئىتتىپاقلىشىدۇ. ئۆزبېك خانى سۆيۈنچۈككە قارشى تۇرۇشتا باباچاقنى باش قوماندان قىلدۇ. سەئىدخان سۇبقۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چېدىر كۆلىگە ئەسكەر توپلىغاندا، بۇ يەرگە باباچاق يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى سەئىدخان قانداق قارشى ئالغانلىقىنى شائىر تەسۋىرلەپ:

سەن كېلىشكە بەخت مەرھابا قىلدى،
ئۇ يۈز مىڭ ئىشتىياقدىن گۈل كۆڭلىنى قۇت قىلدى.

دېسە، باباچاق بىلەن ئىمىن خوجا بۇ جايدا سۇلتان بىلەن ئۇچراشقانلىقنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ياسالدى مۇبارەك گۈزەل بىر سورۇن،
شەراپ بىرلە سازەندە تۇتتى ئورۇن،
يورۇتقۇچى تويىكىم، قۇياش بىرلە ئاي،
بولۇشتى ئۇ تويدا تاكى قارىغاي.

دېمەك، سەئىدخان دۆلەت ئىچىدىكى خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنى پاراسەت بىلەن ياخشى ھەل قىلىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەيدۇ.

بۇ چاغدا سەئىدخان گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى «دىنغا دەۋەت» قىلىشقىمۇ بارغانىدى. بولۇپمۇ بۇ چاغدا ئابابەكرىنى يېڭىشتە زور خىزمەت كۆرسەتكەن قىرغىزلارنىڭ سەردارى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا يەنە توپىلاڭ قىلىشقا باشلىدى. خان ئۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىمىن خوجا بىلەن بىرلىكتە باردى، مانا شۇ باستۇرۇش جېڭىدىكى سەئىدخان ئەسكەرلىرىنىڭ جاسارەت كارتىنىسىنى شائىر:

زېمىن چاك بولۇپ كۆتۈرۈلدى ئېگىز،
ئۇلاغ تۇۋاقى قوزغىغان توپىسى.
خۇرۇش قوزغىلىپ، كۆتۈرۈلدى پىغان،
ئۇرۇپ دولقۇن، ئولدى جاھان بىر دېڭىز.

بەلەند كومۇلدى قۇياش چەشمەسى،
بەلەند بولدى ھەر ياقتا شاۋقۇن ھامان.

دەپ تەسۋىرلىسە، تارىخچى سۆزلەپ ئېيتىدە: «ئاش ۋاقتىدا خو-

جا باتۇر مۇھەممەد قىرغىزنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى» دەپ با-
يان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار توپىلىڭى بېسىقىدۇ. مۇھەم-
مەد قىرغىزنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ نەزەربەنت قىلىدۇ. بۇ
چاغدا «بەدەخشان» نى سوراپ تۇرغان مىرزىخان ئۆزبېك
خانى سۆيۈنچۈك بىلەن بىرلىشىپ سەئىدخانغا قارشى چىقماقچى
بولىدۇ. بۇ سۇئىقەستنى سېزىۋالغان سەئىدخان ئەسكەر ئە-
ۋەتىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ. (ئابابەك-
رى زامانىدىلا بەدەخشان قەشقەرگە قارايتتى.)

ھىجرىيىنىڭ 928 - يىلىدا رەشىتخاننى ئارقا سەپنى مۇس-
تەھكەملەش ئۈچۈن مۇغۇلىستانغا ئەۋەتىدۇ. ئەمىر تاغاي ۋە
ئۇلۇس بېگى مۇھەممەد قىرغىزنى قاماقتىن چىقىرىپ، قىرغىز-
لارنىڭ ئەمىرى قىلىپ بەلگىلەيدۇ، رەشىتخانغا «تۇغ»، «ناغرا»
لار تەقدىم قىلىدۇ ۋە ئۇنى يولغا سېلىش ئالدىدا سەئىدخاننىڭ
رەشىدخانغا ھاكىمىيەت تۇتۇشنىڭ يولىنى قانداق كۆرسەتكەنلىك-
نى شائىر سەئىدخان ئاغزىدىن مۇنداق بېرىدۇ:

تەلەپ قىلماغىن ياخشى نامدىن بۆلەك،
كونىردىمايدۇ بۇ نام بىلمەك كېرەك.
نىمەكى قىلىشقا قىلىساڭ نىيەت،
پۇخرانىڭ ئىلاھىنى سەن كۆزەت.

بۇ سۆز مەندىن ئۇلسۇن ساڭا يادىكار،
دىلىڭ كۆچى دۆلەت بىلەن شاد بولار.

بۇ سەئىدخاننىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىك ئۆمرىدىكى بېسىپ
ئۆتكەن يولىنىڭ خۇلاسىسىدىن تۇغۇلغان «ھېكمەت» بولۇپ،
رەشىدخان ئۈچۈن بۇ بىر مایاك ئىدى. رەشىدخان ئاتىسىنىڭ

بۇ «ھېكمەت» نى پۈتۈن ئۆمۈر بويى ساقلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ-
غا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدە خانلىقنى گۈللەندۈ-
رۈپ تارىختا ئۆزىگە خاس ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

سەئىدخاننىڭ رەشىدخانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى خۇددى
بارتولد ئېيتقاندەك: «...ئۇ رەشىدخاننى ئۆزى بېسىپ ئۆت-
كەن يول بىلەن تەربىيىلىمەكچى بولغان» ئىدى.

خاننىڭ ئۇنى قەشقەرگىچە ئۇزىتىپ خوشلاشقانلىقى شا-
ئىر قەلىمىدە مۇنداق ئەكس ئېتىدۇ.

ۋىدات رەسمى بىرلە قۇچاقلا ئۇنى—
ئېلىپ سۆيدى كۆزى بىلەن باشىنى.
رەۋان بولدى شاھزادە كامگار،
ئۇنىڭ يولداشى يولدا پەرۋاردىگار.

بۇنىڭدا ئىنسانغا خاس ئاتا-باللىق مېھرى مۇھەببەت،
ھېس-تۇيغۇ شائىرانە سۈرەتلەنگەن.

«خېلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى باباچاق، بەگ باش ئادەم بول-
غانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ شۇنچە تەربىيىلىسىمۇ تەربىيە سىڭمە-
گەن ساۋاتسىز ئادەم ئىدى.» شائىر سەئىدخاننىڭ ئۇنىڭغا قىل-
غان غەمخورلۇقىنى شېئىر بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

پادىشاھ مەكتەپكە بەردى ئۆزىنىڭ بىر ئوغلىنى،
قولتۇغىغا قىستۇردى كۈمۈش بىرلە ھەلىنى.
باشىغا يېزىلغانىدى خەت ئالتۇن بىلەن،
ئاتا مېھرىدىن بەلەن بىل ئۇستازنىڭ مېھرىنى.

سەئىدخان ھەربىي قوماندان، سىياسىئون ۋە شائىر بو-
لۇپلا قالماي، مائارىپپەرۋەر ھەم ئۆز ئەۋلادىنىڭ مېھرىبان تەر-

بىيىچىسى ئىدى.
تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان جىيەنى مەنسۇرخانغا خائىنـ
لىق قىلىپ، ئاقسۇدىن قېچىپ، شايبانىخاننىڭ ئالدىغا بارغان،
شايبانىخان ئۇنى سىر دەرياسى بويىدىكى «خوجەند» دە بەش ئوغـ
لى بىلەن ئۆلتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلـ
تان نارىسىدە بالا بولغانلىقى ئۈچۈن شايبانىخان ئەمىرلىرى ئۇـ
نىڭغا ئىچى ئاغرىپ يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. 1513 - يىلى شايـ
بانىخاننى ئىسمايىل شاھ ئۆلتۈرۈپ، ماۋارەئۇننەھىردە قالايمىـ
قانچىلىق توغۇلغاندا، سەئىد مۇھەممەد مىرزا سەمەرقەنتتە ئىسـ
يان كۆتۈرۈپ، ئەنجان ئوبلاستىنى ئىگىلەپ، بابۇر شاھقا
خەۋەر قىلىدۇ. سەئىدخان، بابۇر شاھلار ئىككىنچى قېتىم ماۋاـ
رەئۇننەھىرگە بېسىپ كىرىپ ئۆزبېكلەردە ئەسىر بولۇپ تۇرغان
رەشىدخاننىمۇ، باباچاقىنىمۇ، مۇھەممەد سۇلتاننىمۇ ئەسىرلىكتىن
قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. سەئىدخان قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدىغان
بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەد سۇلتاننى بابۇرشاھ تەربىيىسىگە
تاپشۇرۇپ كابۇلغا يولغا سالىدۇ. سەئىدخان شىنجاڭدا ھاكىمىـ
يىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن مۇھەممەد سۇلتان سەئىدخان ئالـ
دىغا خىزمەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى سەئىدخاننىڭ مۇھەممەد سۇلـ
تانغا قىلغان غەمخورلۇقىنى شائىر لىرىك قەھرىمان سۆيپىتىدە
ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

ئاتا ئۆلگۈچى باشىغا سايىسال،
توپاسىنى قاققىن تىكەنىنى ئال.
كۆرەرسەن تۆۋەن بىر يېتىم باشىنى،
بالاڭنىڭ سۆيۈپ تۇرماغىل يۈزىنى.

سەئىدخان ئۇنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ،

ئۇنىڭغا ئابابەكرىنىڭ تىبەتتىن قايتۇرۇپ كەلگەن قىزى خەلچە سۇلتان خېنىمنى ئېلىپ بەردى. ئۇ يەنە شۇ سەئىدخان ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن يېتىم بالا ھەيدەر مىرزا بىلەن ئىناق ئىدى. شائىر بۇ ھالەتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مەن ئۆلدۇم، جانۇجان بولدۇمەن،
گويىبىر جانىكىم جايدۇر ئىككى بەدەن.

بۇنى شېئىردىي ئوبراز يارىتىشنىڭ بىر چوققىسى دېيىشكە بولىدۇ.

سەئىدخان پەزىلەتلىك، كەڭ قورساق، ئالىيجاناپ شاھ ئىدى. ئەنە شۇ مۇھەممەد سۇلتان ئاخىرى سەئىدخان بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىپ كۆپ جاڭجال تېرىيدۇ. سەئىدخان بۇنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى بەدەخشانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ جايدا ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتكۈزىدۇ.

سەئىدخان ئۆز ئەۋلادى ئارىسىدا تۇغۇلغان ماجرالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، خىلمۇخىل تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. مۇھەممەدخان ۋەقەسىدىن كېيىن تۇغقانلار ئارىسىدا كۆپ نىزالار تۇغۇلدى. بۇ نىزانى يوقىتىش ئۈچۈن شۇ يىلى رەشىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەرنى «بىلورىستان» غا غازاتقا ئەۋەتتى. بىلورىستان بۇ چاغدا «كاپىر» ئىدى. مىرزا ھەيدەر بىلورىستان جۇغراپىيە كارتىنىسىنى مۇنداق سىزىدۇ: «بىلورىستانىنىڭ شەرق چېگرىسى قەشقەر، يەركەن، شىمالىي چېگرىسى بەدەخشان، غەربىي كابۇل، جەنۇبىي كەشمىر بىلەن تۇتىشىدۇ. بىلورىستانىنىڭ ئەتراپى تۆت ئايلىق يول. ھەممىسى تاغ، جىلغىلاردىن ئىبارەت. خەلق كۆپ، بىر - بىرى بىلەن

چىقىشالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئىمارەت، زىرائەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كالا، قوي بىلورىستان چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسى، ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بار. بۇ يەردىن شىرىن ئانار مېۋىلىرى چىقىدۇ. ئۇلار ھىجرىيىنىڭ 349-يىلىدا مەغلۇپ قىلىندى...» دەيدۇ. دېمەك بىلورىستان مۇشۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ دۆلەت خەرىتىسىگە كىرگەنىكەن.

غەربىي تۈركىستاندا ئۆزبېك خانلىرىنىڭ ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش، مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىدىن تۇغۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار ئۇ يەردىكى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» خوجىلارنىڭ جەننىتىنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلار ئەمدى يوقالغان «جەننىتى»نى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭغا توپ-توپ بولۇپ ئېقىپ كىرىپ، سەئىدخان ئوردىسىدىن پاناھ تاپماقچى بولدى. بۇنى «تارىخىي رەشىدى» 2-كىتابىدا «ھەزرىتى خوۋەندىنىڭ ئەسلى ئىسمى شاۋدۇن مەھمۇد بولۇپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن خوجا خوۋەندى دەپ ئۇلۇغلانغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجدادى خوجاگاھ خوجا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا بولۇپ، شاۋدۇن ماھمۇد ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مىلادى 1502—1503-يىللىرى پەرغانىدە ۋاپات بولغان خوجا ئەھرار ① نەسرىدىن ئەبەيدۇللانىڭ ئەۋلادى ئىدى. بۇ كىتابتا ھەزرىتى ئىشان دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن مەقسەت ھەزرىتى خوجا ئەھرار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا قارىتىپ يېزىلغان بېيىت:

---

① خوجا ئەھرار ئەبەيدۇللا — ئۇلۇغ بەگنى ئۆز ئوغلى ئابدۇلتىپقا ئۆلتۈرگۈزۈپ، «پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە پادىشاھلىق مەنسۇپ بولمايدۇ» دېگەن پەتىۋانى چىقىرىپ، ئوردا ھاكىمىيىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان قاتىل.

ئەي، خوش كىشىكى مەيخانە ئارا جا قىلغان①،
بارلىقنى جام شىشىگە پىدا قىلغان.
ۋەھىي قۇددۇس فەيزى ماڭا ھەمنەفەس بولسا،
قىلغۇدۇم ئول ئىشىكى مەسىھا② قىلغان.
مەن ئەفۇغا لايىق ئەفۇ پىرىشتە نىگە بىنەۋا،
يوق گۇناھ لايىق ھىچ ئەمەس ئۇفۇ قىغا

ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ياڭلىدىم:
— بېپىشىنىڭ ئىشىكىنى قېقىشنى داۋام قىلدۇرۇڭلار، سىلەرگە ئېچىلىدۇ. مەن دېدىم:
— بېپىشىنىڭ ئىشىكىنى قانداق داۋاملىق قاقالايمىز؟ ئايتتى:

— ئاچلىق ۋە تەشنالىق بىلەن.
تارت مۇشەققەت ياكى راھەت كۆر،
رەنج، مېھنەت ئۆزى كەتكۈچىدۇر.
بۇ جەھان ئۇ مېھنەت تېرىلغۇ مەيدانى،
بەختىنىڭ ئۇرۇغى رەنج بىل ئۇنى.

سەئىدخان مۇھەممەد نۇرانىنىڭ مۇرىتى بولدى دەيدۇ». يۇقىرىقى مىسالدىن ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، فېئودال ئىستىبداتلىقنىڭ ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ئەكسىيەتچى روھىي تۆۋرۈكى سوفىزم سەئىدخان ئوردىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى. سەئىدخانىنى تىبەتكە تاجاۋۇزچىلىق غازاتىغا ئاتلاندۇرغان ئەنە شۇ سوفىزمنىڭ ئەك-

① جا قىلغان — ئورۇن ئالغان، ئورۇن تۇتقان.
② مەسىھا — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.

سىپەتچى روھى بولغان بولسا، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئىچ-
كىشلىك نىزا-ماجىرالىرى كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. بابۇرشاھ
يەتچى كۆچلىرىگە دەستەك بولغان سوفىزمنىڭ يىرىك ۋەكىلى
ئاپئاق خوجىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بولغان.

مىرزا ھەيدەر رىسالىسىنىڭ تارىخچى سۈپىتىدە بابۇرشاھ
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى يۇقىرىقىدەك
قەيت قىلغان بولسا، شائىر سۈپىتىدە بابۇر شاھقا تەۋەندىكى
مىسرالارنى بېغىشلايدۇ:

«بابۇر بىرنەچچە يۈزمىڭ لەشكەر بىلەن رەناسىنگە كې-
لىپ ھىندراجاسنى يەڭدى. ئۆزىنى بولسا غازى دەپ ئېلان
قىلدى.

زوھرىدىن مۇھەممەد شاھ بابۇر،
ئىسكەندەر دەۋلەتى بەھرەم سەۋلەت.
دەۋلەت بىرلە ئالدى ھىند يېرىنى،
ئاڭا تەئرىخ كەلدى پەتىخ دەۋلەت①.

بابۇر شاھ ھىجرىيىنىڭ 937 - يىلى ئېغىر كېسەلگە
مۇپتىلا بولدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا چوڭ ئوغلى ھومايۇن شاھ-
نى بەدەخشاندىن چاقىرىپ ئېلىپ كېلىپ، ئەمىر ۋە خەلق ئال-
دىدا ھاكىمىيەتنى - جاھاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ كەتتى. بابۇر
ۋاپاتىدىن كېيىن، كۆيئوغلى بەدىئۇز زامان مىرزا ۋە ئوغلى
مۇھەممەد زامان مىرزىلار دۆلەت ئىچىدە ئىسيان كۆتۈردى. ئەمما
پاراسەتلىك ھومايۇن يۇمشاقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى ھەم
ئاتىسى بويسۇندۇرالمىغان كوچراتنىمۇ بويسۇندۇردى.

---

① پەتىخ دۆلەت، دەپ يازسا تارىخى يىلى چىقمايدۇ. خاتا بولۇپ
قالغان دەيدۇ، تەرجىمان.

ئىككىنچى كىتابىنىڭ قالغان قىسمى سەئىدىخاننىڭ تىبەت-
كە «غازات» قىلىشى، تىبەتنىڭ جۇغراپىيەسى، تەبىئىي بايلى-
قى، تىبەت خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيەسى، خاننىڭ تىبەت تاغلىرى-
دا ئىس تېگىپ ۋاپات بولۇشى، رەشىدخان ھاكىمىيەتكە چىقىش
ئالدىدىكى ئەمىر ئېلى تاغايىنىڭ سۇيىقەستى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە
تۇغۇلغان قانلىق ۋەقەلەر، رەشىدخان ھاكىمىيەتكە چىقىش جەر-
يانىدىكى كۆرەشلەر، مىرزا ھەيدەرنىڭ تىبەتتىكى ھەربىي پائا-
لىيىتى، بەدەخشان ئارقىلىق كابۇلغا ھومايۇن ئالدىغا كېلىشى
ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كەشمىرنى بېسىۋالغانلىقى قاتارلىق
ۋەقەلەر ھەم تارىخىي ھەم بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا كەلسەك،
ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ كىتاب يېزىش
ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، كىتابىنىڭ كىرىش قىسمىدىلا
«ئاللا» نى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇلىدۇ. كېيىن كى-
تابتا تەسۋىرلىنىدىغان، بايان قىلىنىدىغان ۋەقەلەر ھەققىدە خۇددى
رومان ۋە داستانلاردىكىدەك مۇنداق تەسۋىر بېرىلىدۇ:

يەر بىلەن ئاسمانغىچە ھەم ئاي بىلەن كۈن ئارىسى،
پەزىلى تۈركىستانى ئىچرە ئۇ ئېرۇر ھىند يولچىسى.
قەسلىشىپ دۇنيا بويىنچە بارلىقى سۆيمەكنى يەر،
تاجدارلار ھەر تەرەپتە باغلىشىپتۇ بەل كەمەر.

شائىر ۋە تارىخچى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن بە-
ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان دەپ
قارايدۇ:

گىدەيگەن شاھەنشاھلارنىڭ باشى،
ئۇنىڭ دەرگاھىغا نىيازدۇر ئىشى.
ئۇ تۇتمايدۇ تېز بويۇن تولغاسە،
زۇلۇم بىرلە قىلمايدۇ ئۇ زور ئەيلەسە.
ئۇلۇغلۇق، مەردلىك ئۇنىڭغىلا خاس،
زاتى باي ۋە مۇلكى قەدىمدۇر خالاس.

شائىر ئاللانى ئۇلۇغلاپ پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇدانىڭ ئەل-چىسى ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختايدۇ. ئۇ يىراق تارىختىن مە-سال كەلتۈرۈپ سۇلايمان، يۇسۇپ، داۋۇدلارنى ئاللانىڭ مۆك-مى بىلەن تەختكە چىققان دەيدۇ. ئەيسانىڭ قانداق دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ ئۆتۈپ ئەيسانىڭ خۇدا بەرگەن خىسلىتىگە مۇنۇ بېيىتنى بېغىشلايدۇ:

ئەيسا بېرىپ كېلىشىگىدىن كۆڭلەرگە ئوخشاش خەبەر،
بەردى ئۇنىڭ شارافەتلىك نەپىسى ئۆلۈككە جان.

كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇيدۇ:

مۇھەممەد ئەقىل ئېلى كۆزگە نۇردۇر،
يارالتىش قەسرى گۈلىندارىدادۇر.
پۈتۈن باشلىققا باش بولدى كەلدى،
ئىككى ئالەمدە تاجدەك باشتا بولدى.

ئاندىن تۆت چاھارىيار: ئابابەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ، ئۇمەر ئىبنى ئەففان، ئىلى ئىبنى تالىپلارنىڭ چاريار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەربىرىگە بىردىن ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھەربىرىنىڭ سۈپىتىگە بىردىن غەزەل

بېغىشلاپ مەدھىيىلەيدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ئايىشەگە پۈتۈن مۆمىن مۇسۇلمانلار ئانىسى سۈپىتىدە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

بۇلاردىن كېيىن «قۇرئان كېرىم» ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە توختىلىپ: ««قۇرئان» ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ئاللانىڭ بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەتلەر، ئىككىنچى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرى، ئۈچىنچى، تارىختا ئۆتكەنلەر بايان قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، كىتاب يېزىشتىكى مەقسىتىنى سۆزلەيدۇ، ئاندىن تارىخنى بايان قىلىش سىستېمىسىنى باشلايدۇ.

ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بۇ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ئېپوپېيىسى — «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاخىرىدا خۇداغا مۇناجات قىلىپ مۇنداق تاماملىنىدۇ:

«خۇدايا، خۇدايا سەن بار، بولۇشۇڭ ۋاجىپ بولغان زاددۇرسەنكى، سېنىڭ بارلىقىڭ سېنىڭ سېخىلىقىڭغا لايىقتۇر. سېنىڭ سېخىلىقىڭ، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى لازىم تۇتقۇچىدۇر. سېنىڭ باشقا سۈپەتلىرىڭگە ھېچبىرى شېرىك بولالمىغاندەك بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ.

بېيىت:

كۆپۈر ئىسلام بولۇڭ ئارا يولۇڭدا،
بىر شېرىك يوق ئۇنىڭغا دەپ ئېيتار.»

شۇنداق قىلىپ، بىر باب، ئاللاغا مۇناجات قىلىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرى «ئى ئاللا، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ

ياخشىلىق بەرگەن، ئۇ دۇنيادىمۇ ئېھسان قىلغىن ۋە بىزنى ئوت ئازابىدىن ساقلىغىن. ياخشىلارغا سالام» دەپ تاماملىنىدۇ.

مانا بۇنى شەكىل جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرىنىڭ كىتاب يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ تىپىك ۋەكىللى دېگىلى بولىدۇ.

ئاپتورنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەرقانداق ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن مۇتەپەككۇرلىرىدەك خۇداغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان كامىل مۇسۇلمان، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ زور ئالىمى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا سوفىزم تەرىقىتى خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدا غەربىي تۈركىستاندىن ئېقىپ كەلگەن خوجا ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ «پەزىلەت» لىرى ئۈچۈن پۈتۈن باب ئاجرىتىپ تەسۋىرلىگەن ۋە مەدھىيىلىگەن.

مەسىلەن، ئالايلى:

شەيخ ئوبۇل سىجاب نەجمىدىن كوپرا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇرىت ئۆزى سادىق بولۇپ، ئىرادىسى ھەقىقىي بولسا، ئى شەرقتە بولۇپ، پىرى مەغرىپتە بولسىمۇ، خۇدا پىرىنى ئىككى ئاتلىق قىلىپ يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر تالىپ سادىق بولمىسا پىرى بىلەن بىر ئۆيدە بولسىمۇ، مۇلازىمىتىنىڭ دۆلىتى مۇيەسسەر بولمايدۇ. مەن ئۇققانلىرىمنى ئايىمايمەن. ئۆزەمچە سۆزلەشكە ھەققىم يوق. ئەمما ئاتام خوجا ئەبەيدۇللا ماڭا بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ بەرگەنىدى. شۇنى سىلەرگە بېرەي دەپ خەتنى خانغا بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «خۇداغا يېتىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مۇھىم ئىشى تائامنى ئاز يېيىش. ئاز سۆزلەش ۋە ئاز ئۇخلاشتىن ئىبارەتتۇر.» خان مۇشۇ يول بىلەن ماڭدى. كېيىن خوجا تورا كەلدى، تۇرپاندىن خوجا تاجىدىن كەلدى. خان تىلىكىگە، مەقسىتىگە يەتتى.» ئۇ شۇنداق دېيىش ئارقىلىق سوفىزمنىڭ تۈپكى يادروسىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

ياكى:

بۇ پەس جەھان كىشىلەرگە قىلمايدۇ ۋەفا،
يوقتۇر كىشى ئۇنىڭدىن كۆرگۈچى ۋەفا.
بار! خەلقى خۇداغا سەن قىل خوبلۇق،
كۆردىڭكى جەھان ھىچ كىشىگە قىلمادى ۋەفا.

ئەمما مىرزا ھەيدەر تارىخىي ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتا ئۆز دەۋرىنىڭ رىئالىستى ئىدى. ئۇنىڭ پرىنسىپى «تارىخچىلار ئادىتى بويىچە تەزكىرە زەنجىرىنى ئۈزمەستىن، قانچىلىك ئىبىتىشقا لايىق بولسا، شۇنچىلىك سۆزلەش ۋە قانداق بولسا شۇنداق شەرھلەپ ئۆتۈشتۇر». ئۇ بۇ پرىنسىپقا باشتىن-ئاخىر شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماي ئىزچىل ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىدىيالىستىك دۇنيا قارىشى سوفىزم ئۇپۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ I ئەسىرلىك تارىخىنى تەپسىلىي، رېئال بايان قىلىپ جاھان تارىخىغا زور ھەسسە قوشتى.

ئاپتور تىلىدىكى ئەدەبىي بوياق ئوبرازلىق بەدىئىي ئەسەردەك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ئەمىر تۆمۈرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ساھىبقىران قۇتۇپقا ئوخشاش مەركەزدە تۇرۇپ ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە قارىتىپ ‹ئىبغىر قولىنى يېنىك قىلىپ› ئوق ماكانىغا قول ئۇزاتتى. چەپ قولىنى ئەلىپ،① ئوڭ قولىنى دال② قىلدى...»

بۇ تەسۋىر بەدىئىي رومانلارنىڭ تىلىدىن ھىچقانداق

---

① «ئەلىپ» ئەرەبچىدىكى ئېلىپ «ا» ھەرپىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.
② «دال» ئەرەبچىدىكى «د» ھەرپىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

پەرقلەنمەيدۇ. ئۇ تۆمۈر لەشكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىقىنى
مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تاڭ لەيلى ئېرىق بويىغا تارتتى لەشكەرنى،
تەييارلىدى سوقۇشۇش ئۈچۈن ھەممە قورالنى.
كۆلدىن سۈپەر ياساپ، باشاق قىلدى غۇنچىنى،
سۆدىن زىرە، تىكەندىن ئوق بىرلە نەيزىنى.

جەڭ مەنزىرىسى:

زەمانە خۇلقى پۇر بولدى نەققارە① ساداسىدىن،
چىقاردىلەر ئەداۋەت شەمشىرىنى ئۆز غىلابىدىن.
سەن ئەتتىڭكى چاچتىلار ئۇلار ئالماس مارجاننى،
ئەمەس مارجانكى ھەممىسلا چاچتى دۈشمەنلىكتە ئۆز جاننى.

بۇلار ھەرقانداق گۈزەل داستاننىڭ بايانىدىن كەملىك
قىلمىسا كېرەك.
بۇ كىتابتا ئىنساننىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدىكى
تەسۋىرى ۋە لىرىك چېكىنىشلەرنى ئىپادىلەشتە خىلمۇخىل گۈزەل
ۋە باي ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان.
«تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىتىكى يۇقىرىقى خۇسۇ-
سىيەتلەر ئەسلى تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدە قارىلىۋاتقان بۇ ئە-
سەرگە بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنى-
مۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋە ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي
مۇنبىرىگە چىقىرىپ بۇ جەھەتتىنمۇ شەرەپلىك ئورۇنغا ۋە ئەدە-
بىي قىممەتكە ئىگە قىلدى.

① نەققارە — ناغرا، جەڭ ناغرىسى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا نىمىلەرنى بىلىسىلەر؟

2. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ مەزمۇنى نىمىلەردىن ئىبارەت؟

3. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى سۆز-لەپ بېرىڭلار؟

## VII باب. مىرزا مەھمۇد جوراس

### 1-§. مىرزا مەھمۇد جوراسنىڭ ھاياتى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن تارىخچى ۋە ئەدىب مىرزامەھمۇد جوراسنىڭ نامى «تارىخى رەشىدى — زەيلى① ناملىق ئەسىرى بىلەن جامائەتچىلىككە مەلۇم. ئەدىب مەھمۇدنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا «تارىخى رەشىدى — زەيلى» دىكى بەزى تەپسىلاتلاردىن قىسمەن چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

ئاپتور كىتابىدا: «تارىخ بايان قىلىشقا ۋە يېزىشقا مەندەك بىچارە كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ «تارىخى رەشىدىيە» دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ. ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ. گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئىلمىي ئەخلاق كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بۇ تارىخنى سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرلاشقان

① زەيلى — كېيىنكىسى، داۋامى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ «تارىخى رەشىدى» كىتابىدىن كېيىن شۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۇنىڭغا «زەيلى» دېگەن سۆزنى قوشقان. لېكىن ئۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

دەۋرگىچە داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم» دەيدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسلانغان-دا، مەھمۇد سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى XVII ئەسىردە يەركەن خانلىقىغا تەۋە مەلۇم جايدا ياشىغان دەپ، قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى تارىخچىنىڭ ئەسىردە بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپپاق خوجا) نىڭ قېيىن ئاكىسى بولۇپ، ئۇ 1678 - يىلى ئاپپاق خوجا باشلاپ كەلگەن جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشتا ھالاك بولغان.

ئاپتورنىڭ ئىسمى مەھمۇد بولۇپ، چوراس ئۇززى قاراشلىق قەبىلە نامىدۇر. «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دە، بۇ قەبىلە توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «جاھاننىڭ شاھى چىڭگىزخان خىتاي پادىشاھلىقىنى ئېلىپ، خىتاي مەملىكىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە بېقىندۇردى. چوراس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جامۇقەساخان چىڭگىزخانغا قارشىلىق كۆرستىپ، كۆپ قەبىلىلەرنى توپلاپ ئۇلۇغ خاقان چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇش قىلدى. چىڭگىزخان غەلىبىگە ئېرىشىپ، دەسلەپكى ئىككى نۆۋەتلىك ئۇرۇشتا جامۇقەساخاننى قولغا چۈشۈردى. ئەمما قويۇپ بەردى. ئۈچىنچى نۆۋەت يەنە قولغا چۈشتى. بۇ قېتىم جامۇقەساخاننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ خەلقى ناھايىتى كۆپ ئىدى. لېكىن چىڭگىزخان ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ، ئىككى ئىنىسى جۇجى قىسار بىلەن ئوتچىگىن نويانغا ۋە ئوغلى چاغاتايخانغا ئۇ خەلقنى تەقسىم قىلىپ بەردى.» ①

«تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دىكى پاكىتلاردىن قارىغاندا، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، مەھمۇدنىمۇ ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ تىل - ئەدەبىيات، پاساھەت (ئىستىلىستىكا)، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا ئىلىملىرىنى

① «تارىخىي رەشىدى — زەيلى»، 3 - بەت.

ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىگىلىگەن. دەسلەپ ئابدۇللاخانـ
نىڭ (1640 — 1670) ھىمايىچىلىرىدىن بىرى ئاللا يار بەگنىڭ
قولىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە بەگلىككە كۆتۈرۈلۈپ
ئابدۇللاخـانـنىڭ ئىشەنـچلىك يۇرت بەگـلىرـىنىڭ بىرى بولۇپ
قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەھـمۇدنىڭ قاچان، قەيەردە، قانـداق
سەۋەب بىلەن ۋاپات بولغانلىقى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

2 - §. مىرزا مەھمۇد جوراسنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

«تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاـ
سـىيانىڭ XII ئەسىردىن XVI ئەسىرگىـچە بولغان 400 يـىللىق
تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىر قىسىم زور سىياسىي، ئىجتىمائىي، تاـ
رىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر تەخمىنەن 1660 - يىللىرى
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بەگلىرىدىن بىرى ئاللا يار بەگـنىڭ ئىشـ
تىراك قىلىشى بىلەن يېزىلغان. مۇئەللىپ ئۆز كـتابى «تارىخىي
رەشىدى — زەيلى» دە بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى: «بى
پەقىر ـ ھەقىركەمتەرىنىڭ تارىخ يېزىشقا ئانچەن لاياقىتىم يوق ئىدى
ئەمما ئاللا يار بەگ ساتىم بىيك ئوغلى مېنىڭ يېزىشىمنى ئىلـ
تىماس قىلدى. ‹بۇرۇن ئۆتكەن قەدىرلىك ئالىي پادىشاھلارنىڭ
نامى ئۆچمىسۇن ۋە بىزنىڭ سەئىـيتىمىز خەلق ئارـىسىدا يادىـ
كار قالسۇن› ① دېدى. چارىسىز ئاللايار بەگ ۋەلىنىڭ بۇيرۇقى
بىلەن ئەقىل ـ تەپەككۇرىم يەتكۈچە يازدىم.» «بۇ تارىخنى يېزىشـ
شتىكى مەقسىتىم، ئۆتكەنلەرنىڭ ۋاپالىرى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى،
مېنىڭدەكلەرنىڭ دۇئا گۈيلۈغى، ئۇلۇس ئارا يادىكار قالسۇن، دېـ
مەكتۇر» ② دەپ كۆرسىتىدۇ.

① «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» 3 12 — 13 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب.

مەھمۇد مەزكۇر كىتابنى يېزىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىپ ۋە تارىخ بىلىدىغان پېشقەدەم كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئۆز ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلىغان، ئاخىرىدا بۇ ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ پاكىت ئاساسى ئىشەنچلىك ۋە بىرقەدەر كۈچلۈكرەكلىرىنى ئۆز كىتابىغا ئىشلەتكەن.

كىتابتا نۇقتىلىق بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشى، ئوغۇللىرىدىن جۇجى، چاغاتاي، ئوگداي، تولىلارنىڭ ئىشغالىيەت رايونلىرى، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان ھىلاكۇخاندىن تارتىپ تاكى يۇنۇسخان قاتارلىق 20 ئەۋلادقا يېقىن خانلارنىڭ يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان خانلىق سەلتەنەتلىرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجاللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور بۇلارنى تارىختا سادىقلىق بىلەن شەرھلەپ ئۆتكەن.

بۇ تارىخىي مەلۇماتلار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دە تارىخىي ۋەقەلەردىن يەنە سەئىدىيە خانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇلىدۇ. شىنجاڭ تارىخىدا 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى ھەققىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. ئاپتور بۇ ھەقتە توختالغاندا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇنىڭ نەسەبنامىسى، سەرگۈزەشتىسى قاتارلىقلارنى ئىزاھلاپ ئاندىن ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى گۈللەنگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت توغرىسىدا توختىلىدۇ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخاندىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇل-

تانى مۇھەممەد ئىمىن باھادىر خانغىچە بولغان بىرلەچچە خانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ.

«تارىخىي رەشىدى — زەيلى» تارىخىي ئىزچىللىقى جەھەتتىن تارىخىي كىتاب دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلغانلىقى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

تارىخنى مۇنداق بايان قىلىش قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بولۇپ، مەھمۇدمۇ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭا ئاپتور بۇ ئەسەردە تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىنى بايان قىلغاندا ئەدەبىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ خېلىلا مۇكەممەل ئوبراز ياراتقان. مەسىلەن، چىڭگىزخان قوشۇنىدىن يېڭىلىپ قېچىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مۇھەممەد خارەزىم شاھ بىلەن ئوغلى سۇلتان جالالىدىن ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «سۇلتان جالالىدىن ئاتىسىغا ئەرز - ئىلتىماس قىلىپ: «ئىي ئۇلۇغ ئاتا، سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز دۇنياغا تونۇلغان. 21 يىل دۇنيانىڭ يېرىمىغا پادىشاھ بولدىڭىز. بۇ دىنسىز كاپىردىن نېمە ئۈچۈن قېچىپ يۈرىسىز؟» — دېدى. سۇلتان مۇھەممەد خارەزىم شاھ: «ئوغلۇم جالالىدىن! مەن ئاڭلاۋاتقاننى سىلەر ئاڭلىمايسىلەر. ھەرقاچان ئۇرۇشقا ھازىرلانسام، (ئىي كاپىرلار! بۇزۇقلارنى ئۆلتۈرۈڭلار) دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايمەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشۈپ كېتىدۇ.» دېدى. سۇلتان جالالىدىن ئاتىسىغا: «ئىي ئاتا، ماۋارەئۇننەھىر قولدىن كەتتى. خۇراسان، ئىراق قولدىن چىقمىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق قوشۇننى

تۇپلاپ ئىراققا بېرىڭ. ھەربىي ئىختىيارلىق ماڭا بېرىڭ! مەن
چىڭگىزخان بىلەن جەڭ قىلاي.» دېدى. خارازىم شاھ جالالىدىننىڭ
تەكلىپىنى ياراتمىدى، قاچتى. لېكىن چېچىلغان ئەسكەرلىرى تۇپلاپ
سۇلتان جالالىدىن چىڭگىزخان بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش
قىلدى. ئۇرۇشلاردا چىڭگىزخان سۇلتان جالالىدىننىڭ مەردانە،
باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنى مەدھىيىلىدى. ئوغۇللىرى چاغاتاي،
ئۆگدايلارغا «ئوغۇل دېگەن شۇنداق تۇغۇلسا» دېدى...»①
يۇقىرىقى تەسۋىردىن خارازىم شاھىنىڭ قورقۇنچاق، جۇر-
ئەتسىزلىكىنى، ئۇنىڭ ئوغلى جالالىدىننىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە ھېچ-
نەرسىدىن قورقمايدىغان قەيسەر، جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالالايمىز.
ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا خەلق ئارىسىغا تارقالغان رىۋا-
يەتلەردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن، «چىڭگىزخان يار-
لىق قىلىپ ئېيدىكىم: «ھېچ كىمەرسە قوينى بىسمىل قىلماسۇن.
ھەركىم بىسمىل قىلسە گۇناھكار» دەپ.
بىر مۇسۇلمان بازارى قارا قۇرۇمدىن بىر قوي ئالدى ۋە
ئۆيگە ئالىپ كەلدى. دەرۋازەسىنى ئەتتى. قوينى بىسمىل قىل-
دى. بىر موغۇل ئۆگزەدىن تۇشۇپ، ئول مۇسۇلماننى باغلاپ،
(خان) قاشىغە ئالىپ باردى. تەمەئى ئۆلكى - مالنى ئالغاي. خان سو-
رىدى: «نىچۈك ئايتىڭ؟»
ئول نابىكار ئايتتىكىم: «بازاردىن قوي ئالدى، بىلدىم.
بۇ مۇسۇلمان ئەلۋەتتە بىسمىل قىلۇر دەپ، كەينىدىن ئەيرەشىپ
كەلدىم. ھويلىغا ئالىپ كىرىپ دەرۋازە، ئىشىكلەرنى تەمام ئەتتى.
قازناقىغە ئالىپ كىرىپ ئىشىكنى بېركىتىپ بىسمىل قىلدى. مەن
ئۆگزەدە ماراپ تۇرۇپ، قوينى بىسمىل قىلاچە تۇتۇپ باغلاپ
ئالىپ كەلدىم.» دېدى.

① «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» 6-، 7- بەتلەر.

ئوگتاي خان ئايتتىكىم: «ئەي بەدبەخت بۇ كىشى يارلىغىمنى خوپ ئىشىتىپ ئىكەن. ئۈچ ئىشىكنى ئېتىپ بىسمىل قىلىپدۇر. سەن يارلىغىمغا تەئزىم بېرىپسەن. كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرمەكلىك. ئۆگزەسىگە چىقماقلىق خىلافى يارلىغ.» دەپ شول مۇغۇلنى گۇناھكار قىلىپ تەمام مالىنى بۇ مۇسۇلمانغا بۇيرىدى. ئۆزىنى يۈز تاياق ئۇرۇپ تىۋەگە مىندۇرۇپ بازارنى ئايلاندۇرۇپ مۇنادى قىلدۇردى. ۋەدارغە ئاسىپ ئۆلتۈردى. «ئىبرەت بولسۇن» دەپ مۇنادى قىلدۇردى. «قوينى، ئۇينى (كالىنى) ھەركىشى ئۆز يۇسۇنى ۋە دىنى بىلە ئۆزى ئۆلتۈرۈپ يېسۇن» ① دەپ». بۇ رىۋايەت «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» بىلەن موللا مىرسالىھنىڭ ئەسىرىدە ئوخشاش قوللىنىلغان، ② ئەسەردە نەقىل قىلىنغان بۇنداق رىۋايەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن. بۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىشىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاما ئاپتور ئۆز كىتابىنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئاتىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا چەكسىز ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبىدىن شائىرە ئامانىسا بىلەن مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخاننى ئۆز كىتابىدا بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئالماستىن، مۇزىكا ۋە مۇقام ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ئابدۇرەشىدخان نامىغا ئاتاپ قويغان.

مەھمۇدنىڭ 200 بەتلىك كۆچۈرۈلگەن «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» ئەسىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ قول يازما نۇسخىسىنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس. مەھمۇدنىڭ بۇ ئەسىرى تارىخىي جەھەتتىكى ياكى ئەدەبىي جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن ئەينى دەۋر تارىخىي رېئاللىقىنى، ئەدەبىياتى ۋە تىلىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

① «چىڭگىزنامە»، 40 - بەت.

## ۶-§. مىرزا مەھمۇد چوراس شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

«تارىخىي رەشىدى — زەيلى» ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەھمۇد شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىدىن ئۇنىڭ شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەھمۇدنىڭ شېئىرلىرىنى ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، شائىر شېئىرلىرىدا دىداكتىك خۇسۇسىيەت بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئابدۇرەشىدخاندەك ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەپ، قانخور، ئادالەتسىز شاھلارنى ئادىل بولۇشقا، خەلققە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. شۇ ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۆز قارىشىنى شېئىردىي قورال ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، دۇنيانىڭ ھېچ بىر كىشىگە مەڭگۈ باقىۋەندە بولمايدىغانلىقىنى، ياخشىلىقتا نام قالدۇرغان شاھ-سۇلتانلار بولسۇن ياكى ئەلگە يامانلىق قىلىپ زۇلۇم-سىتەم ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرىغان پادىشاھلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز سەلتەنىتىنى تاشلاپ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەل رايىغا بېقىپ ئىش قىلىپ ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خەلققە زۇلۇم سالماسلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇنداق كۆز قارىشى ئالاھىدە ئىلغارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ چىن ماھىيىتى بىلەن خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ ئىدىيىسىنى «پىش ئەمەس» دېگەن غەزىلى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادە قىلىدۇ.

مەسلەن:

① دۇنياغا بەرمە كۆڭۈل نامېھرىبانى پىش ئەمەس②،
بىررە باتى③، كۈھمىندۇر④، بىزگە رەۋانى⑤، پىش ئەمەس.
تەڭرىلىك دەئۋاسى قىلدى نەمرۇد⑥، قەتل ئەتكۈچى⑦،
پېشەئى زارۇزەئىپ ناتەۋانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت ئەھلىگە لازىم خاسۇ ئام ⑧ پىكرىدىن يىمەك،
بىر ئىبغىل قويدۇر ئۇلۇس ⑨، شەھلار شۇبانى ⑩ پىش ئەمەس.

شائىرنىڭ «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» ناملىق ئەسىرىگە قىستۇرۇلغان شېئىردىي پارچىلىرىنىڭ بەزىسىدە كىشىلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىرەر نەمۇنە، بىرەر يادىكارلىق قالدۇرۇشقا ئۈندەيدىغان مىسرالار بار. مەسلەن،

ئەگەر سۆزۈم كىتابقا لايىق ئېرمەس،
جەھان ئىچرە فەراۋان گۈلۈ ھەم خەس.
دېمەدىم بولسۇن سۆزۈم يادىكارى،
دېدىم قالسۇن جەھاندا يادىكارى.

مەھمۇدنىڭ شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ئۇبيېكتىپ پانتېزمە-لىق ئىدىيىسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن دەۋر چەكلىمىسى تۈپەي-لىدىن بىر قىسىم شېئىرلىرىدا يەنە ئىلاھى تەقدىرچىلىك

① «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» ۋە — بەت. ② نامېھرىبانى پىش ئەمەس — دۇنيا-نىڭ ۋاپالىقى دائىم بولمۇۋەرمەيدۇ.
③ رەبات — كارۋان سارىيى، يول يۈركۈچىلەر قونۇپ ئۆتىدىغان دالا، قونالغۇ.
④ كۈھمىن — ۋاقىتلىق. ⑤ رەۋان — داۋاملىق بولۇش. ⑥ نەمرۇد — ئىبراھىم پەيغەمبەرنى ئوتقا تاشلىغان ئەپسانىۋىي پادىشاھ. ⑦ قەتل ئەتكۈچى — خەلقنى قىرغۇچى ئۆلتۈرگۈچى. ⑧ خاس، ئام — ئومۇم خەلق. ⑨ ئۇلۇس — خەلق. ⑩ شۇبان-قويچى، پادىچى.

ئىدىيىۋى خاھىشلار ئىپادىسىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

ھەق ئەزىز ئەتكەن كىشىنى خار ئېتەلمەس ھېچ كىشى،
كىمنى ئۇل خار ئەيلەسە، ھەر يەردە بولسا خار كىشى.

بۇ شېئىردا شائىر سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك تەقدىر-چىلىك ۋە تەڭرى مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ، بىر كىشىنىڭ خار ياكى ئەزىز بولۇشى شۇ كىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. ئەگەر خۇدا ئۇ كىشىنى خار قىلىپ ياراتقان بولسا، ئۇ ئەبەدى خار بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئەزىزلىك ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ، دەپ قارىغان. بۇ خىل ئەھۋاللارنى بىز مەھمۇد ياشىغان ئوبيېكتىپ تارىخىي شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈ-رۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇ ياشىغان شارائىتتا ئىسلام ئىدىيولوگىيىسىنىڭ دىنىي ئەقىدىچىلىك تەلىماتلىرى ھەربىر شەخسكە ئالاھىدە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شائىر جوراسمۇ بۇ خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا بولالمى-غان. ھەم بولالىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىز مەھمۇد شېئىرلىرىدىكى بۇنداق قىسمەن ئەھۋاللارغا تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە قاراپ، شاكىلى ئىچىدىن جەۋھىرىنى ئايرىۋېلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، مەسىلىلەرگە قارىتا دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ توپ پرىنسىپى بويىچە توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز لازىم.

### تەكرارلاش سوئاللىرى

1. «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دە قانداق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان؟

2. بۇ ئەسەردە قايسى ۋەقەلەر نۇقتىلىق بايان قىلىنغان؟

3. «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» نى تارىخىي ئەسەر دېيىشتىن باشقا، يەنە نېمە ئۈچۈن بەدىئىي ئەسەر دەيمىز؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار!

4. مەھمۇدنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىۋالغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

5. مەھمۇد شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

6. مەھمۇد شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكلىكى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


△ «يۈەن تارىخى» جۇڭخۇا نەشرىياتى نەشرى 1976.

△ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. يۈەن تارىخى»، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي. 1985.

△ سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 7 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ. 1983.

△ «يۈەن تارىخى ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1984.

△ «جۇڭگو تارىخى چوڭ لۇغىتى. لياۋ، شيا، جىن، يۈەن تارىخى»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1986 ـ يىل.

△ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1957.

△ «تۇكيانۇس» خەنزۇچە، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1980.

△ «يۈەن تارىخى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، 2- توپلام، 1983.

△ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «جۇڭگو ئەدەبىياتى». I، II توم. جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي. 1986.

△ «مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى. 1987.

△ «دىنىي لۇغەت»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1983.

△ «قىسقىچە ئەدەبىيات لۇغىتى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، خەنزۇچە. 1987.

△ فىڭ جياشىڭ، چېڭ سولۇ، مۇگۇاگۇېن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، I، II قىسىم.

مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981.

△ راشىدىددىن: «جامىئۇتتەۋارىخ»، شاڭخەي نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 1983.

△ جۇۋاينى: «تارىخىي جاھان گۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1981.

△ «خۇيزۇ تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» (يۈەن دەۋرى)، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1985.

△ ليۇجىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1985.

△ شى خۇخۇاڭ قاتارلىقلار: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى»، I قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983.

△ «خۇيزۇ تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1983.

△ «شىنجاڭدىكى تارىخىي شەخسلەر»، I، I قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1984 - 1985.

△ ليۇۋېيجۇن: «غەربىي رايون تارىخى ھەققىدە قىسسە»، I، I قىسىم، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1982 — 1985.

△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» I قىسىم، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1984.

△ ليۇشەنجاۋ، ۋېي شىمىڭ: «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1985.

△ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» I قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980.

△ خۇاڭ شجيەن: «يۇەن سۇلالىسى ھەققىدە قىسسەلەر»، بېيجىڭ نەشرىياتى، 1985.
△ ياڭ جىجيۇ: «يۇەن تارىخىغا دائىر ئۈچ مەسىلە»، خەلق نەشرىياتى، 1985.
△ چادۇڭفەن: «يۇەن تارىخى ھەققىدە قىسسە» شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1981.
△ «قىسقىچە دۇنيا تارىخى»، (قەدىمكى زامان قىسمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1982.
△ ب. ئۆگېل «سنو تۇركىگا»، ئەنقەرە، تۈركچە، 1964.
△ شېن فۇۋېي: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1985.
△ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» ئۇيغۇرچە نەشرى.
△ ياڭ ليەن: «گۇەن يۈنشى (سەۋىنچ قىيا) نىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983.
△ «گۇەن يۈنشى (سەۋىنچ قىيا) ئەسەرلىرىنىڭ شەرھى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1986.
△ يۇتيەنخېڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985.
△ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1981.
△ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986.

× ×

△ ليۇ جىشياۋ: «چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 -

يىلى، 2 ـ سان.
△ چىڭ سولۇ: «يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ تارىخ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى»، «تارىخ ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1964 ـ يىل، 3 ـ سان.
△ ئابلەت نۇردۇن: «كىيدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار توغرىسىدا»
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل، 3 ـ سان.
△ بارتولد: «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ موڭغۇللارغا تەسىرى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىل 1 ـ سان.
△ «تاتاتۇڭا ۋە موڭغۇل يېزىقى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، خەنزۇچە، 1982 ـ يىل، 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.
△ ۋاڭ شاۋجيەن: «موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىل، 1 ـ سان.
△ فەن باۋلياڭ: «چىڭگىزخان ۋە تاتاتۇڭا»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1984 ـ يىل، 2 ـ سان.
△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى تاتاتۇڭا»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىل، 12 ـ سان.
△ تاڭ شاۋفاڭ: «يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنى ھەققىدە»، «يېڭى جۇڭگو ماقالىلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىل، 12 ـ سان.
△ جاۋ يۇڭچۈن: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر سىياسىئونى ليەن شىشەن»، «يېڭى جۇڭگو ماقالىلىرىدىن

تاللانما» ژۇرنىلى، 1984 - يىلى 8 - سان.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باش ۋەزىر ليەن شىشەن»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1987 - يىل، 2 - سان.

△ كۇاڭ يۇچىي: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سىياسىئونى ليەن شىشەن»، «يۈەن تارىخى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، I توپلام، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1983 - يىل.

△ چيەن بوچۈەن: «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقار تېگىن»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 - يىل، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سان.

△ لى جىنفۇ: «ئۇيغۇر دېڭىزچى ئەل ئۇقمىش»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانى.

△ ۋاڭ شياۋجيەن: «ئۇيغۇر دېڭىزچىسى ئۇقمىش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1986 - يىل 9 - سان. «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىل 1 - سان.

△ قاھار بارات: «قەدىمكى ئۇيغۇر خرىستىئان يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 - يىل 3 - سان.

△ قاھار بارات: «خرىستىئان دىنى ۋە ئۇيغۇرلار»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1982 - يىل، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانى.

△ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ رەڭدار كۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىشى»، ياپونىيىدە نەشىر قىلىنغان «دۇنيا تارىخى — سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىسى» دېگەن كىتابقا قاراڭ، «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 - يىل 2 - سان.

△ «خەلق رەسساملىق ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 5 - سان.

△ «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى لۇمىڭ

شەن»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سان.

△ «لۇمىڭشەننىڭ ‹يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار› دېگەن ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1982 - يىل 6 - سان.

△ «لۇمىڭشەن ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1985 - يىل 3 - سان.

△ سۈن جېيەندى: «ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى ۋە يىپەك يولى»، «جۇڭخۇا تىبابەت تارىخ ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 1982 - يىل، 12 - جىلد 3 - سان.

△ لولۇلۇ: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەشتىكى يېڭى نەتىجە»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1 - سان.

△ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 3 - سان.

△ مۇھەممەد ئۆمەر مەنسۇر ھاجى: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە 1 - سان.

△ لى ياڭ: «ئۇيغۇر رەسسامى بيەنلۇ ۋە ‹بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل›، رەسىمى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى.

△ ئابلىز مۇھەممەد: «يۈەن دەۋرىدىكى كۆسەنلىك ئالىم چىڭ شىمىڭ»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1986 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سان.

△ ۋاڭ چىجۇڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇزۇقشۇناس قۇسقۇي»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سان.

△ روبېرت تامپول: «جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە 100 چوڭ كەشپىياتى»، 15 - ماددا. «شىنجاڭ گېزىتى» 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى.

△ جاۋخۋا: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. 1983 - يىل 2 - سان.

△ «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمان ئەنزاڭ» «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى.

△ ليۇيىنشىڭ: «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ بۇددا دىنى»، «يۈەن تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1982 - يىل ئومۇمىي 6 - سان.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سىياسەمونى ئارغۇن سارى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 6 - سان.

△ ئابلىمىت روزى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارىخىي قىسسە ‹ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى› ۋە فرانسۇز تىلىدىكى رومان ‹كۆك موڭغۇلدا كۆك بايراق›» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 1 - سان.

△ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ‹ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى›» (1980 — 1985)، 1985.

△ قاھار بارات، ليۇيىڭشىڭ «ئىدىقۇت قوچۇخانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات»

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1985 - يىل 1 - سان. «يۈەن تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1984 -

يىل 5 - سان. ئومۇمىي 8 - سان.

△ كىمك شىمىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر قوچۇخانلىقى توّھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات» «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 - يىل 3 - سان.

△ شىن شۇىن: «يۇەن دەۋرىدىكى غەربىي ئەل ئەدىبلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1986 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانى.

△ جيەن بوزەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل.

△ ئابلىز مۇھەممەد: «يۇەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارى گۇەنيۈنشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىلى 9 - سان.

△ شىگەن: «يۇەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىب سەۋىنچ قىيا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە 1983 - يىل 1 - سان.

△ ليۇ جىڭمىڭ: «غەربىي رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 1984 - يىل 1 - سان.

△ نەبىجان تۇرسۇن: «يۇەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىسى گۇەن يۈنشى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1984 - يىل 8 - سان.

△ «يۇەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىسى سەۋىنچ قىيا»، «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى خەنزۇچە، 1979 - يىل 4 - سان.

△ سەي جيەنخۇڭ: «ئۇيغۇر يازغۇچىسى سەۋىنچ قىيا ۋە ئۇنىڭ نەسرى غەزەللىرى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1982 - يىل 4 - سان.

△ «شىنجاڭدا سەۋىنچ قىيا ۋاپاتىنىڭ 660 يىللىقى خاتىرىلەندى»، «ئەدەبىي مىراس» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1984 - يىل 4 - سان ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى سانى.

△ گۇباۋ: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكانت سەۋىنچ قىيا»، «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە، 1963 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى سانى.

△ «جۇڭگو مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 1 - سان.

△ ۋاڭ يىتىڭ قاتارلىقلار: «سەيدۇللا شېئىرلىرىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1984 - يىل 4 - سان.

△ «سەيدۇللانىڭ مىللىتى توغرىسىدا»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1979 - يىل 4 - سان.

△ «سەيدۇللانىڭ مىللىتى توغرىسىدا»، «شەنشى داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىل 2 - سان.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا» «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1984 - يىل 10 - سان.

△ ئۆمەر ئوسمان: «سەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە»

«قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل.

△ «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىب شۆئاگۇ» «شىنجاڭ ياشلىرى» خەنزۇچە، 1984 - يىل 5 - سان.

△ دىڭ شياۋجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن غەزەلچىسى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1985 - يىل 6 - سان.

△ غەيرەتجان ئوسمان «يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر

ئۇيغۇر ئەدەب ــ شۇناسلىقى» «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 12 - سان.

△ خاۋ مىڭ: «يېقىن دەۋردىكى چوڭچەكلىك شائىر نەيشەنگە باھا» «تىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1984 - يىل 3 - سان خەنزۇچە.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «مەشھۇر شائىر نەيشەننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 3 - سان.

△ «تيەن ۋېيجاڭ: «يېقىن دەۋردىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شى فامىلىلىك ئۇرۇقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىل 1 - سان.

△ شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېرىكلار» 1 - قىسىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى. 1983.

△ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۆسەيىن:

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»

بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى. 1987.

△ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (تۆت توملۇق). قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان. مىخ مەتبەئە نۇسخا 1987.

△ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981.

△ ھېمىت مەخسۇت، غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» («ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986).

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى» (ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى—«تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرىدىن تېزىس» ش. ئۇ. ئا. ر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى. 1986).

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1987.

△ ليۇ جىشياۋ «چاغاتاي خانلىقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 1 - سان.

△ ر. جارى «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» «بۇلاق» ئومۇمىي 11 - سان.

△ «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» «بۇلاق» ئومۇمىي 20 - سان.

△ م. يۈسۈپ «تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسقىچە بايان» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىل 1 - سان.

△ ليۇيىڭشىڭ «چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۆلۈنۈشى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 1 - سان.

△ ئا. ئىسلام: «چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى ۋە بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 - يىل 2 - سان.

△ ي. ئېلى «شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىغا تۇنجى قېتىم ئېتىقاد قىلغان موغۇل خاقانى» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 - يىل 4 - يانۋار.

△ م. يۈسۈپ «تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 - يىل 2 - سان.

△ «مۇھەببەتنامە» «بۇلاق» ئومۇمىي 19 - سان.

△ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 - يىل 2 - سان.

△ غەيرەتجان ئوسمان «قەدىمكى شەھەر ھىرات ۋە ئۇيغۇرلار» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىلى 3 - سان.

△ «ئەلىشىر نەۋائى» «تارىم» 1986 - يىل 9 - سان.

△ ئەلىشىر نەۋائى: «غەزەللەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.

△ «داستان پادىشاھ ئىسكەندەر» «بۇلاق» ئومۇمىي 15 - 16 - 17 - سانلار.

△ نەۋائى: «مەسنەۋى ۋە رۇبائىلار» «بۇلاق» ئومۇمىي 11 - سان.

△ ئەلىشىر نەۋائى: «مەنتىقۇتتەير» «بۇلاق» 1982 - يىل 2 - سان ۋە ئومۇمىي 9 -، 11 -، 13 - سانلار.

△ «(مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين) دىن پارچىلار» «بۇلاق» 1980 - يىل 1 - سان.

△ ئە. ھۈسەيىن «ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى توغرىسىدا» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»

△ ۋ. غوپۇر «نەۋائى ۋە ئۇنىڭ مەھبۇبۇل قۇلۇپ ئەسىرى توغرىسىدا» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماقالىلەر توپلىمى»

△ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «(سەددى ئىسكەندەر) داستانى ھەققىدە» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 - يىل، 2 - نويابىر.

△ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئەلىشىر نەۋائى ۋە (سەددى ئىسكەندەر)»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 - يىل 4 - سان.

△ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «پەرھاد - شىرىن» تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»
«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1982 - يىل 1 - سان.
△ ئۆمەر باقى يەركەندى: «پەرھاد - شىرىن» نەۋائىنىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانىنىڭ نەسىرلەشتۈرۈلۈشى) «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985 - يىل 1 - سان.
△ پەيزۇللا ئىسھاق: «ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى توغرىسىدا»
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 1 - سان.
△ «رابغۇزى» «تارىم» 1986 - يىل 6 - سان.
△ رابغۇزى «يۈسۈپ - زىلەيخا» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى.
△ قادىر ئەكبەر: «رابغۇزى» ۋە «قىسسەسۇلئەنبىيا» شىنجاڭ گېزىتى، 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى.
△ لۇتفى «تارىم» 1986 - يىل 6 - سان.
△ «گۈل ۋە نەۋرۇز» «بۇلاق» 1981 - يىللىق 1 - سان.
△ «لۇتفى غەزەللىرىدىن» «بۇلاق» 1982 - يىل 1 - سان.
△ ئە. ھۆسەيىن «شائىر لۇتفى ۋە ئۇنىڭ ‹گۈل ۋەنەۋرۇز› داستانى توغرىسىدا» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»
△ ئاتايى «تارىم» 1986 - يىل 7 - سان.
△ «ئاتايى غەزەللىرى» دىن «بۇلاق» 1982 - يىل 1 - سان.
△ سەككاكى «تارىم» 1986 - يىل 7 - سان.
△ «سەككاكى غەزەللىرى» دىن «بۇلاق» 1981 - يىل 2 - سان.

△ ئابدۇ كېرىم راخمان: «يەركەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى».
«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىللىق 1 - سان.
△ «تارىخىي رەشىدى - زەيلى»
△ «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان» «تارىم» 1986 - يىل 10 - سان.
△ «قىدىرخان يەركەندى» «تارىم» 1986 - يىل 10 - سان.
△ «دىۋان قىدىرى» نىڭ مۇقەددىمىسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986.
△ «مەلىكە ئامانىساخان» «تارىم» 1986 - يىل 10 - سان.
△ ۋ. هوشۇر «دولان قىزى ئامانىسا» «شىنجاڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتى» 1986 - يىل 1 - سان.
△ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ۋە (تارىخىي رەشىدى)» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل، 3 - سان.
— ئېنگېلس: «گېرمانىيىدە دېھقانلار ئۇرۇشى»
— «خەن، ئۈچ پادىشاھلىق، سۈي نەزمىلىرى دىۋانى»
— «قۇتادغۇبىلىك»
— ئەلىشىر نەۋائى: «نەسمۇل مۇھەممەت» (ئەسەرلەر، 15 - توم)
— دۆلەتشاھ سەمەر قەندى: «تەزكىرە تۇششۇئۇرا» 1981 - يىل تاشكەنت نەشرى.
— سەييىد فەيياز مەھمۇد: «قىسقىچە ئىسلام تارىخى» 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
— ئۆزبېكىستان ئېنسىكلوپېدىيىسى «ن» قىسمى.
— جۇۋىزى قاتارلىقلار: «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، 1983- يىل خەنزۇچە نەشرى.
— بېرتېلس: «سوفىزم ۋە سوفىزم ئەدەبىياتى» رۇسچە

نەشرى.
— «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» (ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1 - توم).
∆. ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى: «تارىخى رەشىدى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1984 - يىل، 22 - ئىيۇل.
∆ «مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ مازىرى توغرىسىدا» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 - يىل 9 - ئاپرېل.
∆ ئاياز شىكەستە: «جاھاننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.
∆ «جاھاننامە» «بۇلاق» ئومۇمىي 9 - سان.
∆ ن. ھۆسەيىن «يولسىز ئەقىدە» «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1985 - يىل 6 - سان.

مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: دەنىما

مەسئۇل كوررېكتورى: رازىيە تېيىپوۋا رابىيە

خەتتات: ئادىلجان

维吾尔文学史(第二册)

(维吾尔文)

编者：新疆大学中文系《维吾尔文学史》编写小组

新疆教育出版社出版

责任编辑：阿不都沙拉木·托呼提

编辑：哈斯木·阿里少夫

•

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

I

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

•

فورماتى: 850×1168، 1/32؛ باسما تاۋاق: 21

1993 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1993 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرىزى: 3,000 —— 1

ISBN7-5370-1877-4

---

G·658 (维课) باھاسى: 4.98 يۈەن